ABDULCELİL TURAN
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL

ئابدۇۋەلى ئەلى

# بەدۆلەت —

# ئۆركەشلەپ ئاققان قايدۇ دەرياسى

(تارىخىي قىسسە)

(3 ـ كىتاب)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى
1998 ـ يىل ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمامھەسەن ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: تۇنسايىم ساۋۇت

بەدۆلەت — ئۆركەشلەپ ئاققان قايدۇ دەرياسى (3)
ئابدۇۋەلى ئەلى
※
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئۈرۈمچى باجىياخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 × 850 مم، فورماتى: 1/32 باسما تاۋىقى: 11.875
1998 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 10000
كىتاب نومۇرى: ISBN 7—5631—0840—8/Z • 151
باھاسى: 22.00 يۈەن

Abdulkerim TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب. «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» ........................ 1
ئىككىنچى باب. خۇڭمياۋزى ........................................ 34
ئۈچىنچى باب. بۇ ۋەقە ماناستا بولغان .............................. 56
تۆتىنچى باب. قاسىم پولگان ........................................ 81
بەشىنچى باب. سىڭگىم ئېغىزىدا ...................................... 111
ئالتىنچى باب. بەدۆلەتنىڭ ئۆلۈمى .................................. 136
يەتتىنچى باب. سوغۇندىكى ئوق ئاۋازى ............................... 163
سەككىزىنچى باب. چېكىتلىك ئوردا .................................. 182
توققۇزىنچى باب. ئۆركەشلەپ ئاققان قايدۇ دەرياسى ................. 195
ئونىنچى باب. غالىپلار ۋە مەغلۇپلار ................................ 236
ئون بىرىنچى باب. نىياز ھېكىمبەگ ................................. 252
ئون ئىككىنچى باب. «خان مۇپەتتىش زوزۇڭتاڭ ياق دېدى» ... 280
ئون ئۈچىنچى باب. قاشنىڭ قانلىق يېشى ............................. 307
ئون تۆتىنچى باب. قىزىق ياشلىق ئۈگۈتچى ئامبال .................. 352

## بىرىنچى باب

# «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ»

«قولىڭدىن كەلسە، ئوتنى بۇگۈن ئۆچۈر؛ ناۋادا ئوت
ئۇلغىيىپ كەتسە، جاھاننى كۆيدۈرىدۇ. دۈشمەننى بىر
ئوق بىلەن مىخلاپ قويۇش مۇمكىن ئىكەن، ئۇنىڭ
ئۆز ياسىنى كېرىشكە ئىمكان بەرمە.»

— بابۇر

مىلادى 1876 ـ يىلى باش كۈز.

ئەقرەپ ئايلىرىنىڭ باشلىرىدا، بۇغدايلار سارغايدى. چەكسىز كەتكەن ياپيېشىل زىرائەتلەرنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدا ساپسېرىق پارقىراق پارچىلار ھاسىل بولدى. بۇ بۇغدايلىقلار ئىدى. تاغ تەرەپتە سوزۇلۇپ ياتقان تۆپىلىكلەردىكى ياپيېشىل چۆپلەر ئۈستىدە ئۇششاق ۋە ساپسېرىق ئېچىلغان، دانە ـ دانە بولۇپ چاقناپ تۇرغان لەيلىقازاقلار كۆرۈنەتتى. يىراقتىكى بۇغدا چوققىسى خۇددى بۇلۇتقا ئوخشاش، كۆك ئاسماننىڭ بىر چېتىگە يېپىشىپ تۇراتتى. ئاسماننىڭ يۈزى زادىلا ئېچىلىپ باقمايتتى. قاچانلا قارىسىڭىز، بىر ـ ئىككى پارچە ئاق بۇلۇت ياكى قارا بۇلۇت لەيلەپلا يۈرەتتى. كۈندۈزلىرى قۇياشنىڭ ئوتتەك تەپتىدىن ئات ـ ئۇلاغلار ھاسىراپ كېتىشەتتى. ئىتلار تىللىرىنى ئۇزۇن ساڭگىلىتىپ يېتىشاتتى. ئاخشاملىرى بوران گۈركىرەيتتى.

بۇ ئەتراپلاردا ياز قۇرغاقچىلىقتا ئۆتەتتى. يېزىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتىدىغان دەريا ـ شاخاپچىلارنىڭ سۈيى بەك ئازلاپ كەتكەنىدى. ئىلگىرى سۇ شىددەت بىلەن ئاقىدىغان يەرلەردە تېيىز كىچىكلەر پەيدا بولغانىدى. نېرىقى قىرغاقتا ئات ـ ئۇلاغلار

دۇمبىسىنى ھۆل قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىۋېرىشەتتى. جۇڭغارىيە چۆللۈكىدىن سوقىدىغان ئىسسىق شامال يەر - زېمىننى دىمىقتا قىلىۋەتكەنىدى. شامال ھاۋانى قاغجىرىغان ئوت - چۆپلەرنىڭ قاڭسىق پۇرىقى بىلەن تولدۇراتتى. بىنەم يەرلەردە قۇرىغان شىۋاقلار ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان پايانسىز جۇڭغارىيە ئويمانلىقى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان پەردە بىلەن قاپلانغاندەك ئىدى. كېچىسى، تاغ تەرەپنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، گۈلدۈرمامىلار قاراس - قۇرۇس گۈلدۈرلەپ قوياتتى. ئەمما، قاغجىراپ، باغرى ئۆرتەنگەن بۇ زېمىنغا يامغۇر ياغمايتتى. ئاسماندا ئەگرى - بۈگرى كۆك ئىز پەيدا قىلىپ، قۇرۇق چاقماق چاقاتتى.

بۇ ياز پەسلىدە بۇرۇلۇش ھاسىل بولىدىغان مەزگىل بولۇپ، بىر يىللىق ھوسۇل ئاشۇ مەزگىلدە مەلۇم بولاتتى. ئادەتتىكى يىللاردا بولسا، كىشىلەر كېلەر يىللىق تېرىقچىلىق ئۈستىدە ئويلىشىپ، ئوت - چۆپ چېپىشقا دەرھال كىرىشىپ كېتەتتى. ئەمما، بۇ يىل ئوت - چۆپ چاپىدىغانلارنىڭ ۋە ئورمىچىلارنىڭ قارىسىنمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. پىشقان بۇغدايلارنى ئورۇۋالىدىغانغا ئادەم چىقمىغانىدى. قوناقلارنى ياۋا توڭگۇزلار چەيلەپ رەسۋا قىلىۋاتاتتى، بۇزۇلۇپ كەتكەن ئېرىقلارنى ياساپ تۈزەيدىغان ئادەم يوق ئىدى.

مۇشۇ يىللاردا بۇ ئەتراپتا يېغا ئوتى زادى ئۆچۈپ باقمىدى، بىردەم تۇڭگان يېغىلىقى[1]، بىردەم ئەنجان يېغىلىقى[2]دا ئاق تەلپەكلىكلەر[3]

---

① تۇڭگان يېغىلىقى — 1864 - يىلى ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭ، قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق جايلاردا سۇ خۇەنجاڭ، تۇ دىلىن (داۋۇت خەلىپە) باشچىلىقىدا پارتلىغان خۇيزۇ خەلق قوزغىلىڭى.

② ئەنجان يېغىلىقى — بەدۆلەت بۇ ئەتراپلاردا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلارنى كۆرسىتىدۇ.

③ ئاق تەلپەكلىكلەر — بەدۆلەتنىڭ لەشكەرلىرى يازدا بېشىغا ئاق شاپاق بۆك كىيىشىۋالىدىغانلىقى ئۈچۈن «ئاق تەلپەكلىكلەر» دەپ ئاتالغان.

نىڭ بېسىپ كىرىشى، بىردەم مانجۇ يىغلىقى[1]... ئاھ، ساناۋەرسە ئايىقى ئۈزۈلمەيدىغان يىغا – بالىلار بۇ ئەلنى قاڭغىر قاخشىتىپ، ھالىدىن كەتكۈزگەن. قەددىنى پۈكۈپ تاشلىغانىدى.

مۇشۇ يىغا – بالىلاردا، قول – پۇتلىرىدىن ئايرىلىپ يۇرت – ماكانىغا ئاران قايتىپ كېلەلىگەنلەرنىڭ ئىككىقات ئاياللىرىغا مېھرىبانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى، بالىلىرىنى ئەركىلىتىپ، ئېپ-كەلگەن گۈلە – قاقلىرىنى ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، باشقا تۇل ئاياللار ئۆزلىرىنى يەرگە ئېتىپ يۇمىلىنىپ يىغلىشاتتى، ئاتىسىز قالغان بالىلىرى بولسا ھۆركىگەن قوي پادىسىدەك، ئۇلارنىڭ قېشىغا توپلىشىۋېلىپ، ئۆكسۈپ يىغلاۋات-قان ئانىلىرىغا ئالاقزادە بولۇپ قارىشىپ، قىيا – چىيا كۆتۈرۈ-شەتتى.

بىچارە تۇل ئايال ئاخىرقى كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى يىرتىدۇ. كۆڭۈلسىز، جاپالىق ۋە ئېغىر تۇرمۇش ۋەجىدىن شالاڭلاشقان چاچلىرىنى يۇلىدۇ، چىشى پېتىپ قاناپ كەتكەن، گەز باغلاپ قۇرىغان لەۋلىرىنى يەنە چىشلەپ، ئېغىر مېھنەت بىلەن قاپارغان قوللىرىنى تاتىلاپ قانىتىدۇ. ئەرسىز، ئاتىسىز بوش قالغان ئۆينىڭ بوسۇغىسى ئالدىدا يېتىۋېلىپ تىپچەكلەيدۇ! چۈنكى، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆيگە تۈۋرۈك بولىدىغان غەمگۈزارى — ئېرى يوق، بالىلىرىنىڭ ئاتىسى يوق. ئۇنى مۇشەققەتلىك مېھنەتتىن، نامراتچىلىقتىن ئەمدى ھېچكىم قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ئەمدى ئۇنىڭغا ئەر چىقمايدۇ. چۈنكى ئېغىر مېھنەت، موھتاجلىق، بالىلىرىنىڭ غېمى ئۇنى قۇرۇتۇپ تۈگەشتۈرگەن. ئۇنىڭ يالىڭاچ، ۋەيرانە، ئورۇق، ئەبگا بالىلىرىغا ئاتا بولىدىغان كىشى چىقمايدۇ. بۇغداي-لىرىنى ئۆزى ئورۇيدۇ، ئەنجۈلەرنى ھارۋىغا ئۆزى ئىرغىتىپ

---

① بۇ يەردە مانجۇ خاقانلىقىنىڭ بەدۆلەت بىلەن ئېلىپ بارغان بىر قاتار ئۇرۇشلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تاشلايدۇ. . .

قاش قوۋۇقتىن چىققان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ تۇرشاۋۇل سانغۇنى، باش جۇڭغارغۇچىسى ئۆزىگە تەۋە خۇنەن قوشۇنلىرىنىڭ بارىگاھىنى گۇچۇڭغا قۇرغانىدى. گۇچۇڭدىن كۇنپېتىشقا قاراپ تۇقسان چاقىرىم يول يۈرگەندە، جىمسارغا بارغىلى بولاتتى. بۇ يەرنى سابىق بارىكۆل ئاغلاقچى ئامبىلى قاش قوۋۇقتىن چىققان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ تۇرشاۋۇل سانغۇنى جىن شۇننىڭ چېرىنغار قوشۇنى ساقلاپ ياتاتتى. بۇ يەردىن كۇنپېتىشقا قاراپ يەتمىش چاقىرىم يول يۈرگەندە، سەنتەي[1] دېگەن يەرگە بارغىلى بولاتتى. ئۇ يەردىن يەنە كۇنپېتىشقا قاراپ سەكسەن چاقىرىم يول يۈرگەندە، زىنچۈەن[2] دېگەن يەرگە بارغىلى بولاتتى. فۇكاڭ بازىرى بۇ يەردىن توقسان چاقىرىم بېرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردىن يەنە يەتمىش چاقىرىم يول يۈرگەندە، ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. جىمساردىن ئۈرۈمچىگە قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى بۇ ئۈچ يۈز چاقىرىم يەردە، مانجۇلارنىڭمۇ، بەدۆلەتنىڭمۇ لەشكەرلىرى يوق ئىدى. ئۈرۈمچىنىڭ دەرۋازىسى بولغان گۇمۇدى[3] قورغىنىنى بەدۆلەتنىڭ ئەمىر - لەشكەرلىرى ماملىڭ ساقلاپ ياتاتتى.

گۇمۇدى — مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توراپ ياتقان مۇھىم بىر توسالغۇ ھېسابلىناتتى. بۇ يەرگە بەدۆلەتنىڭ ياندىش ئەمرۇل ئۇمراسى بەييەنخۇ[4]نىڭ قوماندانلىقىدىكى ئۈرۈمچى — گۇمۇدى — ماناس ئۈچبۇرجەك رايونىنى مۇداپىئە قىلىپ ياتقان يىگىرمە مىڭ كىشىلىك ئالدىنقى سەپ قوشۇنىنىڭ ئەڭ خىللانغان قىسىملىرى ئورۇنلاشقانىدى. گۇمۇدى ھەربىي جەھەتتە ئەپلىك،

---

① سەنتەي — جىمسار ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

② زىنچۈەن — قەدىمكى ئۆتەڭ. جىمسار ناھىيىسى تەۋەسىدە.

③ گۇمۇدى — ھازىرقى مىچۈەن ناھىيىسى.

④ 1876 ـ يىلىدىكى كورلا تورىبىي كېڭەشىدىن كېيىن، بەدۆلەت بەييەنخۇنى ياندىش ئەمرۇل ئۇمرالىققا تەيىنلىگەنىدى.

مۇھىم ئورۇن ئىدى، شۇڭا ئۇ ئىككى تەرەپ جەزمەن تالىشىدىغان جاي بولۇپ قالغانىدى. گومۇدىغا ئەڭ يېقىن بولغان فۇكاڭ بازىرىنى تارتىۋالغاندىلا، ئاندىن بەدۆلەت قوشۇنلىرىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئىسكەنجىگە ئالغىلى، ئۇرۇمچىنى تارتىۋالغىلى بولاتتى.

سۇمبۇلە ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى[①]، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ تۇرشاۋۇل سانغۇنى، زۇڭتۇڭ دارېن ليۇ جىڭتاڭ چىرىنىغار قوشۇنلارنىڭ سانغۇنى جىن شۇنگە فۇكاڭغا يۈرۈش قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە خۇنەن قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىسى يۇخۇئېنىنى ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇشقا بۇيرۇدى. ئارقىدىنلا ئۆزىمۇ تۇرشاۋۇل قوشۇنىنىڭ بىرىنچى قىسىملىرىنى باشلاپ، قىل قۇيرۇق بولۇپ، فۇكاڭغا قاراپ يولغا چىقتى.

سۇمبۇلە ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى[②]، فۇكاڭ بازىرى كۆپ ئەجىرسىزلا تارتىۋېلىندى.

ليۇ جىڭتاڭ قارارگاھىنى دەرھال فۇكاڭغا يۆتكەپ كەلدى. ئۇ تەخىرسىزلا گومۇدىغا تېگىش قىلىشنى پىلانلاۋاتاتتى. بىردىنلا شىشۇر تۇزى[③]غا ئەۋەتىلگەن ئايغاقچىلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بولدى. ليۇ جىڭتاڭ ئۇلارنى دەرھال قارارگاھقا چاقىرتىپ، ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىلدى. ئايغاقچىلار:

— يەرلىك پۇقرالارنىڭ دېيىشىچە، گومۇدىغا بارغىلى بولىدىغان ئىككى يول بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىرى يېقىن يول، يەنى شىشۇر تۇزى دېگەن يەر بىلەن ماڭىدىغان قەدىمكى چوڭ يول ئىكەن، لېكىن بۇ يول بىلەن ماڭغاندا، ئەللىك چاقىرىم كېلىدىغان سۇسىز بىر چۆلنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن. بۇ يولدا قۇدۇق ياكى بۇلاق يوق ئىكەن؛ خۇاڭتىيەن دېگەن يەردىن ئۆتىدىغان يەنە بىر چىغىر يولمۇ بار ئىكەن. بۇ يول يىراقراق

---

① شەمسىيە 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى.
② شەمسىيە 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.
③ مىچۈەندىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

ئىكەنۇ، ئەمما، سۇيى مول، ئوت - چۆپلىرى ئەلۋەك ئىكەن.
ئەمما، بۇ يولنى لو پاشانىڭ قوشۇنى قاتتىق ساقلاپ يېتىپتۇدەك! — دەپ
مەلۇم قىلدى.

مەلۇماتنى ئاڭلاپ بولۇپ، ليۇ جىڭتاڭ ئۇلارنى قايتىڭلار،
دەپ ئىشارەت قىلدى - دە، چىرىنغار قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى،
تۇرشاۋۋل سانغۇن جىن شۇن ۋە خۇنەن قوشۇنلىرىنىڭ سەردارلى-
رى يۇ خۇئېن، دۇڭ فۇشياڭ، تاڭ رېنخېلارنى چاقىرتىپ،
ھەربىي كېڭەش ئۆتكۈزدى.

ھەربىي كېڭەشتە، ليۇ جىڭتاڭ بەدۆلەتنىڭ تەڭرى تاغلىرد-
ىنىڭ شىمالىدىكى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى بىرەر قۇر
تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— بۇ ئەتراپلار ئادالەتچى قوشۇنىمىزنىڭ تەسەررۇپىغا ئۆت-
كەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇرۇش ئەمدىلەتىن باشلاندى. تېخى نۇر-
غۇن مۇشكۇلاتلار ئالدىمىزدا بىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. شۇڭا،
كېيىنكى قەدەمنى ئېھتىيات بىلەن بېسىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.
زو دارېن بېكىتكەن «ئاستا ئىلگىرىلەش، تېز تېگىش قىلىش؛
شىمالدا ئىلگىرىلەش، جەنۇبتا تېگىش قىلىش» چارىسى بويىچە،
جانپىدالىق كۆرسىتىدىغان بولساقلا، ئوردىنىڭ مېھىر - شەپقى-
تىنى ئاقلىيالايمىز! . . .

ئۇ سەل ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— بەي يەنخۇ تۇڭگانىينىڭ مەقسىتى ھەممىگە ئايان، — دېدى، —.
ئۇنىڭ چوڭ يولنى بوشىتىپ قويۇپ، چىغىر يولنى چىڭ ساقلى-
شىدىكى مەقسەت — قوشۇنلىرىمىزنى تومۇز ئىسسىقتا سۇسىز،
ئوت - چۆپسىز دەشتكە مېڭىشقا مەجبۇر قىلىپ، لەشكەرلىرىمىز
ۋە ئات - ئۇلاغلىرىمىز ئىسسىقتا چاڭقىغان، چارچىغان پۇرسەت-
تىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز باسقىن قىلىش. ئۇ، باھادىرلىرىمىز-
نىڭ ئىرادىسىنى كاردىن چىقىرىشنى كۆزلىگەن. ماقۇل، بىزمۇ
ئۇنىڭ مۇددىئاسى بويىچە شىشۇر تۇزى ئارقىلىق ماڭايلۇق. چۇن-

كى، شىشۇر تۇزى بىزنىڭ بۇ قېتىم گومۇدىغا تېگىش قىلىشىمىزدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. نىھايەت، بەي يەنخۇ تۇڭگانىنىڭ مەقسىتىمۇ بىزنى شىشۇر تۇزىغا باشلاشقۇ؟ ياخشى، بىزمۇ «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» ھىيلىسىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ ياۋۇز نىيىتىنى بىتچىت قىلىپ تاشلايلۇق.

ليۇ جىڭتاڭ سەركەردە، — سەردارلىرىغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇنىڭ ئۈچۈن، بىر بۆلۈك لەشكەرنى شىشۇر تۇزى، گەنچۈەنباۋغا ئەۋەتىپ ئىستىھكام ياساپ، قۇدۇق قېزىپ پوپاڭ كۆتۈرۈپ، قارشى تەرەپتە: «مانجۇلار يېقىن يول بىلەن ماڭىدىكەن» دېگەن تۇيغۇ پەيدا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى ۋە:

— شىشۇر تۇزىغا قايسىڭلار بېرىشنى خالايسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

ليۇ جىڭتاڭنىڭ سۆزىنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا:

— مەن باراي! — دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى جىن شۇن.

— شىشۇر تۇزى ئۆزى كىچىك جاي بولغىنى بىلەن، — دېدى ليۇ جىڭتاڭ، — قوماندانلىقنىڭ گومۇدىغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىشىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. بىزنىڭ مەقسىتىمىز خۇاڭتيەنىنى تارتىۋېلىپ، گومۇدىغا تېگىش قىلغۇچى ئاساسىي قوشۇنىمىزنىڭ بىمالال يۈرۈش قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر. شۇڭا، سىز مۇنداق ئىككى ئىشتىن ھېزى بولسىڭىز، بارسىڭىز بولىدۇ.

— زۇڭتۇڭ دارېن، ھېلىغۇ ئىككى ئىشتىن ئىكەن، ئۈچ ئىش بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن قورقىدىغان نېمىسى بار؟ مۇبادا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسام، مەن ئۆزۈم جاۋابكار بولىمەن، — دېدى جىن شۇن كۆرەڭلەپ.

— لەشكىرىي ئىشلاردا ئويناشقىلى بولمايدۇ جۇمۇ! — دېدى ليۇ جىڭتاڭ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا، تىلىمدىن ھۆججەت بېرەي، — دېدى جىن
شۇن.

لىۇ جىڭتاڭ ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن، جىن شۇن خەت
پۈتۈپ بەردى.

— سىز تۆت يىڭ[1] لەشكەرنى ئېلىپ، دەرھال شىشۇر تۈزىغا
بېرىڭ - دە، لەشكەرگاھنى چوڭ يول ئۈستىگە قۇرۇڭ. ئەتراپقا
ئىھاتە ياساپ، قۇدۇق كولاپ پوپاڭ كۆتۈرۈڭ. ئېسىڭىزدە بول-
سۇنكى، بۇ ئىشلارنى چىن، ھەقىقىي ئىشلەڭ. بۇنىڭغا دۈشمەن
ئىشەنسۇن. دۈشمەننىڭ دىققىتىنى خۇاڭتىيەندىن شىشۇر تۈزىغا
ئاغدۇرالىسىڭىزلا، ۋەزىپىڭىزنىڭ يېرىمىنىڭ ھۆددىسىدىن چىق-
قان بولىسىز. مۇبادا خۇاڭتىيەندە تۇرۇشلۇق مۇسۇلمان قاراقچى-
لار راستىنلا ئۈستۈڭلەرگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ قالسا، ئۇلار
بىلەن گاھ ئۇرۇشۇپ، گاھ ئۇرۇشماي، ۋەھىمە كۆتۈرسەڭلار
بولىدۇ. شۇنىڭدىلا ۋەزىپىنىڭ قالغان يېرىمىنىڭ ھۆددىسىدىن
چىققان ھېسابلىنىسىز. ئېسىڭىزدە بولسۇن، لەشكەرگاھنى چو-
قۇم يول ئۈستىگە قۇرۇڭ! مەن سىزگە سەركەردىدىن يەنە بىرنى
قوشۇپ بېرەي.

جىن شۇن بۇيرۇق تەمتىكىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن،
قارارگاھتىن چىقىپ كەتتى.

لىۇ جىڭتاڭ يۇ خۇئېنغا مۇنداق تاپىلىدى:

— سەركەردە! تۇرشاۋۇل جىن شۇن جانابلىرىغا سىز ياند-
داش بولۇپ بېرىڭ. مەن سىزنىڭ سالماق، ئېھتىيات بىلەن ئىش
كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. شۇڭا، مۇشۇنداق ئېغىر يۈكنى
زىممىڭىزگە يۈكلەۋاتىمەن. بۇ قېتىمقى گۇمۇدى سوقۇشىدا غە-
لىبە قىلىشىمىز ياكى مەغلۇپ بولۇشىمىز سىلەرگە باغلىق.
مۇسۇلمان ئاسىي قاراقچىلارنى شۇبھىلەندۈرۈپ قويماسلىق ئۇ-

[1] يىڭ — قوشقا تەڭ. بىر يىڭدا بەش يۈز چېرىك بولاتتى.

چۈن، لەشكەرگاھنى جەزمەن يول ئۈستىگە — ئېگىز يەرنى تاللاپ قۇرۇڭلار. ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، شۇ يەرنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسىنى سىزدۇرۇپ، دەرھال ماڭا ئەۋەتىپ بېرىڭ. ھەرقانداق ئىشنى كېڭىشىپ پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئاندىن ئىشلەڭلار. ھەرگىز يېنىكلىك بىلەن ئىش قىلماڭلار. دۈشمەننىڭ دىققىتىنى ئۆزۈڭلەرگە تارتىپ تۇرالىساڭلارلا، قوماندانلىقنىڭ مۇددىئاسىغا ماسلاشقان بولىسىلەر - دە، بۇ سىلەرنىڭ ئاساسىي قوشۇنىمىزنىڭ گۇمۇدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن بىر ئەجرە - تۆھپەڭلەر بولىدۇ. قاتتىق پەخەس بولۇڭلار. ئاگاھ بولۇڭلار! . . .

سابىق بارىكۆل ئاغلاقچى ئامبىلى جىن شۈن تولىمۇ شۆھرەتپەرەس بىر ھەربى ئىدى. ئادەتتە مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىدە بولىدىغان ئاچكۆزلۈك، تەكەببۇرلۇق، ئۆزۈمچىلىك، رەھىمسىزلىك، باغرى تاشلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭدا تېپىلاتتى.

خان مۇپەتتىش، لەنجۇ ئۆلكىسىنىڭ زۇڭدۇسى زوزۇڭتاڭ خاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىشنى پىلانلاۋاتقاندا، جىن شۈن سۇجۇ① ئەتراپلىرىدا ما ۋېنلۇ باشچىلىقىدىكى ئىسيانچىلارنى باستۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانىدى. ئەسلىدە، مانجۇ خانى جىن شۈننىڭ باشقا مانجۇ سانغۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە، قاش قوۋۇقىدىن تېزرەك چىقىپ، شىنجاڭنى بالدۇرراق قايتۇرۇۋېلىشنى، بۇ ئارقىلىق مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ شىنجاڭنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلغانىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مانجۇ ئوردىسى جىن شۈن قىسىملىرىنىڭ قوۋۇقتىن چىقىشىنى سۈيلەپ، كۆپ قېتىم يارلىق چۈشۈردى، ئەمما، جىن شۈن سۇجۇنىڭ پات ئارىدا

---

① سۇجۇ — جۇچۈەن ئەتراپلىرى.

پەتھ قىلىنىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ يارلىقلارنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، مىدىرلىماي يېتىۋالغانىدى. ئاخىرى، زوزۇڭتاڭ جىن شۈننىڭ قاش قوۋۇقتىن چىقىشىغا ئۆزى ھەيدەكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، قاش قوۋۇقنىڭ سىرتىدىكى ۋەزىيەتنى ئوڭشاش جىن شۈندەك مۇنداق ئاقنانچىلارنىڭ قولىدىن ھەرگىز-مۇ كەلمەيتتى ھەم ئەسكەر باشلاپ چىققىنى بىلەنمۇ، ئۇ ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايتتى.

گۇاڭشۈينىڭ 2 ـ يىلى چاغان ئېيىنىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى① كېچىدە، تۇرشاۋۇل سانغۇن جىن شۈن قارارگاھقا مەلۇم قىلمايلا، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، جېجياڭ ئاتلىق چېرىكلەر قوشۇنىنىڭ قۇربېشى، لياڭجۇ قوشۇنلىرىنىڭ يانداش سانغۇنى ئېرچىڭئا بىلەن باش بۇغ فېڭ گۇيزىڭ قاتارلىقلارنى باشلاپ، ماناس قەلئەسىنىڭ ئۇستۇنكى قوۋۇقىغا باسقىن قىلدى.

مانجۇلار بۇ قېتىمقى شەبخۇن جېڭىنى تەييارلىقسىزلا قوز-غاتقانلىقتىن، قاتتىق دەككىسىنى يەپ، مەغلۇپ بولدى. ئېر-چىڭئا ياردار بولۇپ، جېنىنى ئاران ساقلاپ قالدى. فېڭ گۇي-زىڭ باشچىلىقىدىكى ئىككى يۈزدىن ئارتۇق قارا چېرىك بەدۆلەت-نىڭ ماناستا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىغا ئەسىر بولدى ۋە ئۆلتۈرۈل-دى. جىن شۈن قالغان قالدۇق ئەسكەرلەرنى باشلاپ قېچىپ، ئاران قۇتۇلدى.

زوزۇڭتاڭ بۇ قېتىمقى نەتىجىسىز جەڭ توغرىسىدا خانغا يوللىغان مەلۇماتىدا: «مۇستەھكەم سېپىلغا قۇرۇق قول تېگىش قىلىپ، بىرمۇنچە ئادىمىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق، كېچىدە سې-پىلغا ئاتلىق لەشكەر بىلەن تېگىش قىلغان ئىشنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئۇلار دۈشمەننى سەل چاغلاپ، تۆھپە ـ ئەجىر

① مىلادى 1876 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى.

يارىتىشقا ئالدىراپ كەتكەنلىكتىن، ئاخىر بېشىنى يېدى.»[1] دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

جىن شۈننىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى تۈپەيلىدىن، قاش قوۋۇقتىن چىققان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگىۋار ئىرادىسى خېلىلا بەرھەم يېگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ ئوردىدىكى ئارقا تېرىكى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، خان مۇپەتتىش زوزۇڭتاڭمۇ، زۇڭتۇڭ دارېن لىيۇ جىڭتاڭمۇ ئۇنى ھېچنېمە قىلىۋېتەلمىدى.

ئەمدى جىن شۈن بىلەن جاڭ ياۋغا كەلسەك، ئۇلار بۇيرۇققا بىنائەن، قوشۇننى باشلاپ شىشۇر تۈزىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، بۇ يەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىغا سەپسالدى.

چوڭ يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى قاقاس دالانىڭ چېتىگە كۆز يەتمەيتتى. تۆۋەن تەرەپتە ئاقباش قارلىق تاغلار يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۈنپېتىش تەرەپتە چۆل ئۇپۇققىچە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ نەدە توختايدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ پەرەز قىلالمايتتى.

— زۇڭتۇڭ دارېن ئىش كۆرمىگەن ـ دە، — دېدى جىن شۈن كۈلۈپ، — تۇخۇم قويسا كۆرۈنىدىغان مۇشۇنداق تۈز دالادا، مۇبادا لەشكەرگاھنى ئۇنىڭ دىگىنىدەك ئېگىز يەرگە قۇرىدىغان بولساق، دۈشمەن ئاسان سېزىپ قالامدۇ؟ ئۇ مۇسۇلمان قاراقچىلارنىڭ مۇشۇنداق تۈزلەڭدە مەيدان جېڭى قىلىشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان بولسا كېرەك. كونىلار: «ياش كىشىنىڭ ئەينەككە قاراپ كۆرگىنىنى ياشانغان كىشى پىششىق خىشقا قاراپمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىراق كۆرىدۇ!» دەپ بىكار ئېيتمىغان ـ دە!

— تۇرشاۋۇل جانابلىرى، — دېدى ئەنخۇي قوشۇنلىرىنىڭ

[1] «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. خانغا يوللىغان مەكتۇپلار» 48 ـ جىلد.

سەردارى جاڭ ياۋ، — بىزنىڭ ۋەزىپىمىزنىڭ پوپاڭ كۆتۈرۈپ
دۈشمەننى ئازغاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغايلا. جەڭنا-
مىلەردە: «گاھى ئون بىر ياخشى، گاھى توققۇز» دېيىلىدۇ.
لەشكەرلەرگە دەرەخ كەستۈرۈپ، چاقسا ياستىپ، لەشكەرگاھنى
مۇشۇ يولنىڭ ئۈستىدىكى ئېگىزگە قۇرايلى. مۇسۇلمان قاراقچى-
لار بىزنىڭ ئىستىھكام ياساپ، قۇدۇق قازغانلىقىمىزنى بىلسە،
چوقۇم خۇاڭتىيەن تەرەپكە بولغان ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرىدۇ -
دە، پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارىنى مۇشۇ يەرگە قارىتىدۇ.
— سەردار، سىلىنىڭ بۇ گەپلىرى تازا قاملاشمىدى. جەڭ-
نامىلەردە: «قارارگاھنى تۈزلەڭ يەرگە قۇرۇشتىن ھەزەر ئەي-
لەش كېرەك» دېيىلگەن. كەينىمىزدە يا تېرەك قىلغۇدەك تاغ
بولمىسا، يا ئالدىمىزدا دۈشمەننى توسقۇدەك دەريا بولمىسا؟ ناۋا-
دا، دۈشمەن قورشىۋالسا، بۇ يەردىن قانات ياساپمۇ ئۇچۇپ چى-
قىپ كېتەلمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، لەشكەرگاھنى تۆۋەن تەرەپتىكى
ئاۋۇ دۆڭنىڭ كەينىگە قۇرۇشىمىز لازىم. ئۇ يەردە دەل - دەرەخلەر-
مۇ كۆپ ئىكەن. ئۆزىمىزنى يوشۇرماقمۇ ئوڭاي.
— تۇرشاۋۇل، يېڭىلىشىۋاتىسىز. زۇڭتۇڭ دارېنىنىڭ
«لەشكەرگاھنى چوقۇم يول ئۈستىگە قۇرۇڭلار» دېگىنى: «ئۇ-
ياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتىن تېگىش قىلىش» دېگەنلىك
ئەمەسمۇ؟ بۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟
— ماڭا ئۆگەتمەڭ! مۇبادا، مۇسۇلمان قاراقچىلار راستىنلا
تۆت ئەتراپتىن تەڭلا شەبخۇن ئۇرسىچۇ؟ توپقا تۇتسىچۇ؟ ئۇ چاغدا
نەگە قاچالايمىز؟
— بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بۇ يەرنى ساقلاش ئەمەس، بەلكى
مۇسۇلمان قاراقچىلارنى گۇمۇدىغا مۇشۇ يەر ئارقىلىق ئۆتىدىغان-
لىقىمىزغا ئىشەندۈرۈش!
— سىز تازا خوتۇن كىشىدەك ئويلايدىكەنسىز، — دېدى
جىن شۇن، — جەڭنامىلەردە: «دۈشمەنگە يوشۇرۇنۇپ تېگىش

قىلغاندا، ئۇنى تېرىپېرەن قىلماق ئوڭايغا توختايدۇ» دېيىلگەن. بىز ئاشۇ دۆڭنىڭ كەينىدە تۇرۇپمۇ، دۈشمەننى قوشۇنىمىزنى گۇمۇدىغا مۇشۇ يول بىلەن ئۆتىدىغانلىقىمىزغا ئوخشاشلا ئىشەن-دۈرەلەيمىزغۇ؟

جاڭ ياۋ جىن شۇنىڭ گەپ يېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، قايتا پاراڭ قىلمىدى ۋە ئۆزىنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن پۇشايمان يەپ قالدى: «يامان ئىش قىلدىم، دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، ئۇنىڭدا ماڭا نىسبەتەن كۈچلۈك ئاداۋەت پەيدا قىلدىم. سەركەردىگە نەسى-ھەت قىلىشنى ماڭا كىم قويۇپتۇ؟ زۇڭتۇڭ دارىن جىن شۇنىڭ ئەيىپىنى ماڭا قارىغاندا ئوبدان بىلىدىكەن. لېكىن ئاقىۋىتىدىن ئەندىشە قىلىپ، ھېچنېمە دېمىگەنىكەن. مەنمۇ شۇنداق قىلسام بوپتىكەن. ‹جەڭ ۋاقتىدىن باشقا چاغدا شەمشەر ئويناش خاتا ئىش، تىل تىغىنى بىمەھەل ۋە زۆرۈرىيەتسىز ۋاقتىدا چەكسە، بويۇن كېسىلىپ، باش كېتىدۇ.› شۇڭا، ئۇلۇغلار: ‹ھەرقانداق كىشى ئۆزىدە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە شان ـ شاۋكەت كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، جەڭ ۋە ئاداۋەتنى ئىختىيار قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى، دورىغا ئىشىنىپ، ئوغا يېيىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس›، دېمىگەنمىدى! . . .»

جاڭ ياۋنىڭ تەخەللۇسى لاڭزەي بولۇپ، داشىڭ دېگەن يەردە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى جېجياڭلىق ئىدى. ئەينى يىللار-دا، ئۇ لۇ بىڭجاڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ۋە نيەنجۈن قوزغى-لاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا قاتناشقانىدى. كېيىن، شەنشى، گەن-سۇ، نىڭشىيا ئەترابلىرىدا تۇڭگان يېغىلىقى يۈز بەرگەندە، زو-زۇڭتاڭنىڭ قول ئاستىدا سەردار بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ قوشۇنىنى باشلاپ نىڭشيادىكى جىنجىباۋ قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى-غا قاتنىشىپ، ما خۇالۇڭ باشلىق بىرمىڭ سەككىز يۈزدىن ئارتۇق ئىسيانچىنىڭ بېشىنى ئالدى. بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن، ئۇ-نىڭ مەرتىۋىسى ئۆرلەپ، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ پەرمانبەردارى

بولدى. ئۇ قەلەمگىمۇ، ئەلەمگىمۇ ماھىر بولۇشتەك ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ، خان مۇپەتتىش، لەنجۇ ئۆلكىسىنىڭ زۇڭدۇسى زوزۇڭتاڭنىڭ ھىممىتىگە نائىل بولغانىدى.

زوزۇڭتاڭ ئۇنى بەك چۈشىنەتتى. ئۇمۇ زوزۇڭتاڭغا قايىل ئىدى، شۇڭا، بۇ ئىككىيلەننىڭ شەخسىي مۇناسىۋىتىمۇ ئوبدان ئىدى. خان شىنجاڭغا ئەسكەر چىقارغاندا، زوزۇڭتاڭ ئۇنى بۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. جاڭ ياۋمۇ ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل كۆردى ھەمدە مانجۇ خاندانلىقى ئۈچۈن، زەپەر قۇچۇپ، شان - شەرەپ قازىنىشقا ئىرادە باغلىدى. مانجۇ قوشۇنلىرى قاش قوۋۇقتىن چىققاندا، زوزۇڭتاڭ ئوردىغا ئۇنى تۇرشاۋۇل قوشۇنىدىكى ئەنخۇي قىسمىنىڭ سەردارلىقىغا تەيىنلەشنى تەۋسىيە قىلغانىدى.

قاش قوۋۇقتىن چىققاندىن كېيىن، مانجۇ قوشۇنلىرى ئالدى بىلەن بەدۆلەتنىڭ بەي يەنخۇ قوماندانلىقىدىكى تۇڭگان قىسىملىرىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. شۇڭا، مانجۇ قوشۇنلىرىمۇ ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانىنى بەي يەنخۇغا قاراتتى. زوزۇڭتاڭنىڭ نەزەرىدە، ئۇ ئىنتايىن ھىيلىگەر، جەڭ ۋاقتىدا باشقىلارنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزى ئارقىدا تۇرىدىغان، ۋەزىيەت پايدىسىز بولۇپ قالسا، غاچچىدە تىكىۋېتىدىغان بىر ئادەم ئىدى. ئىچكىرىدىكى بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردا بۇ نۇقتا ئىسپاتلانغانىدى. شۇڭا، زوزۇڭتاڭ جەڭ باشلانغان ھامان، ھەممىدىن ئاۋۋال بەي يەنخۇنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن قاتتىق پەخەس بولۇش كېرەك، ئۇنى قورشاپ، ئامال بار تىرىك تۇتۇش، بولمىغاندا ئۆلۈكىنى بولسىمۇ قولغا چۈشۈرۈش كېرەك، دەپ ئالاھىدە جېكىلىگەنىدى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا قېچىش ئېھتىمالى چوڭراق ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن بەدۆلەت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت بولغانلىقتىن، شىمالدا تاشقى موڭغۇلىيىگە، شەرقتە گەنسۇ، چىڭخەيلەرگە قېچىپ كېتىش

ئىمكانىيىتىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى.

شۇڭا دەسلەپكى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، جاڭ ياۋ زوزۇڭتاڭنىڭ مۇددىئاسى بويىچە، قۇمۇل تەرەپكە مەسئۇل بولغانىدى. بارىكۆل بىلەن گۇچۇڭنىڭ ئارىلىقىنى جىن شۇن بىلەن شۇي جيەنبياۋ ساقلاشقا مەسئۇل بولغانىدى. بەي يەنخۇ ئەگەر چۆچەك ئارقىلىق قۇبدۇ - ئۇلاستايغا ئۆتۈپ كەتسە، ئوڭشۇۋالغۇسىز يامان ئاقىۋەتنى پەيدا قىلاتتى.

× ×

يانداش ئەمرۇل ئۇمرا بەي يەنخۇ ئۆزىنىڭ قارارگاھىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتقانىدى. شۇ ئاندا، مۇشاۋىرلىرىدىن بىرسى كىرىپ، مانجۇلارنىڭ بىر ئايغاقچىسى تۇتۇپ كېلىنىدى، دەپ خەۋەر قىلدى. بەي يەنخۇ ئۇنى دەرھال ئېلىپ كىرىشنى ئەمر قىلدى. نۆكەرلەر ھېلىقى ئايغاقچىنى ئېلىپ كىرىپ بەي يەنخۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندۇردى.

— پېقىر ئايغاقچى ئەمەسمەن، — دەپ زارلىدى ھېلىقى ئادەم، — ئەمرۇل ئۇمرا جانابلىرىنى بىر مۇھىم لەشكىرىي مەخپىيەتلىكتىن ۋاقىپلاندۇرۇش ئۈچۈن كېلىۋاتقانىدىم. مېنى يولدا چارلاشقا چىققان لەشكەرلەر ئۇقۇشماسلىقتىن تۇتۇپ كېلىشتى. ئەتراپتا تۇرغانلارنى چىقىرىۋېتىشلىرىنى سورايمەن.

— بەي يەنخۇ ئەتراپتىكىلەرگە ئۇنىڭ قوللىرىنى يەشكۈزدى - دە، باشقىلارنىڭ بىر پەس سىرتقا چىقىپ تۇرۇشىنى بۇيرۇدى. ئاندىن ھېلىقى ئادەم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— پېقىر خان لەشكەرلىرىنىڭ تۇرشاۋۇلى، زوڭتۇڭ دارېن ليۇ جىنتاڭنىڭ ئىشەنچلىك مۇلازىملىرىدىن بىرى بولىمەن. زوڭتۇڭ دارېن كەمىنىنى مەخپىي مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتكەنىدى.

— مەخپىي مەكتۇپنى كىمگە ئېلىپ كېلىۋاتىسەن؟ قېنى

ئۇ مەكتۇپ؟ — دەپ سورىدى بەي يەنخۇ.
— سىلى قەلئە بېگى مامىك دېگەن سەردار بولامىلا؟ بۇ مەكتۇپ ما مىڭنىڭ نامىغا ئەۋەتىلگەن، — دېدى ھېلىقى ئادەم يېنىدىكى مەكتۇپنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ.
بەي يەنخۇ ئۇنىڭ قولىدىن ھېلىقى مەكتۇپنى تارتىپ دېگۈدەك ئالدى ـ دە، ئېچىپ ئوقۇدى. مەكتۇپتا مۇنداق يېزىلغانىدى: «. . . ئەسلىدە مېنىڭ گۇمۇدىنى تۇپتۇز قىلىۋېتىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. بىراق، قەلئە ئىچىدىكى يۇقىرايۇ ـ پەقىرلەرگە ئىچىم ئاغرىدى. جانابىڭىز ئاسىي بەي يەنخۇدەك گۇناھى كىبىرگە پېتىپ كەتكىنىڭىز يوق. زۇلمەتنى تاشلاپ، يورۇقلۇققا ئىنتىلىپ، خاننىڭ ئادالەتچى قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولسىڭىز، ھېلىھەم كېچىككەن بولمايسىز. سىزگە يۇقىرى مەنسەپ، ئۇلۇغ مەرتىۋە ئاتا قىلىشقا ۋەدە بېرىمەن. مۇبادا، تەسلىم بولماي، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدىكەنسىز قەلئەدىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممىسىنى قالدۇرماي قىرىپ تاشلايمەن. تاش ئۈستىدە تاش، مۇرە ئۈستىدە باش قالدۇرمايمەن. مەن جانابىڭىزنىڭ مەرد ۋە مېھرىبان ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ياخشى بىلىمەن. مۇبادا، ئۇرۇشمەن دېسىڭىزمۇ مەيلى. ئاسمىنى كەڭ، پايانى يوق شىشۇر تۈزىدا ھازىر قوشۇنلىرىم سەپ تۈزۈپ، سەپراس ـ چەپراس بولۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ. بىز شۇ يەردە ئۇچرىشايلۇق. نامە تامام، گەپ ۋەسسالام. خاننىڭ ئاۋالەتچى قوشۇنلىرىنىڭ تۇرشاۋۇلى، باش جۇڭغارغۇچىسى ليۇ جىڭتاڭ. سۇمبۇلە ئېيىنىڭ 20 ـ كۈنى.»①
گۇمۇدى قەلئەسىنىڭ قەلئە بېگى مامىڭ — ئۇرۇمچىنىڭ ھاكىمبېگى مارېندېنىڭ قول ئاستىدىكى يارامىلىق سەردارلاردىن بىرى ئىدى. شىشۇر تۈزىدىكى چوڭ يولنى داغدام ئېچىپ قويۇپ، خۇاڭتىيەننى قاتتىق مۇداپىئە قىلىش — مامىڭ ئوتتۇرىغا

① شەمسىيە 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.

قويغان چارە ئىدى. ئەمما، ئايغاقچىلار يەتكۈزگەن خەۋەرلەردە: «شىشۈر تۈزىغا مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ تۇرشاۋۇلى جىن شۈن باشچىلىقىدىكى بىر چوڭ قوشۇن ئەۋەتىلگەن. ئۇلار قەلئە ـ چاقسا ياساپ، شىشۈر تۈزى بىلەن گەنجۈەنباۋدىكى كونا قودۇقلارنى قېزىپ، مانجۇنىڭ ئاساسىي قوشۇنىنىڭ ئۆتۈشىگە تەييارلىق كۆرۈۋېتىپتۇ» دېيىلگەنىدى. ھالا بۈگۈن مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ باش جۇڭغارغۇچىسى ليۇ جىڭتاڭنىڭ مامىڭغا ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىدىمۇ مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ شىشۈر تۈزىغا ئورۇنلاشقانلىقى تىلغا ئېلىنغان. مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، بەي يەنخۇنىڭ كۆڭلىدىن: «بۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ھىيلىسى بولمىسۇن يەنە. . .» دېگەن ئويمۇ لىپ قىلىپ ئۆتتى، ئەمما: «مەيلى ھىيلە بولسۇن، ھىيلە بولمىسۇن، مامىڭنى دەرھال قەلئە بەگلىكتىن قالدۇرۇش لازىم. بولمىسا، ئۇ بېشىمىزغا بالا بولۇپ بەرمىسۇن يەنە» دېگەنىمۇ كۆڭلىگە پۈكتى. . .

— جىن شۈن بارگاھنى دۆڭنىڭ كەينىگە قۇردى، — دېدى بەي يەنخۇ سەردارلىرىغا، — ۋەللەھەمكى، تۈزلەڭدە مەيدان جېڭى قىلىش — بىزنىڭ قارا چېرىكلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر ئۈستۈنلىكىمىز ھېسابلىنىدۇ. بىز خۇاڭتىيەننى ساقلاپ تۇرغان ئاتلىق لەشكەرلىرىمىزنى ئەۋەتىپ، مانجۇلارنىڭ لەشكەرگاھىغا تۆت ئەتراپتىن شەبخۇن ئۇرىدىغان بولساق، دۈشمەن كوزىغا چۈشكەن پاقىغا، قۇدۇققا چۈشكەن قاپلانغا ئوخشاش، ھېچيەرگە قاچالمايدۇ.

— ئەمىر ئۇمرا جانابىرى، — دېدى مامىڭ، — مانجۇلارنىڭ شىشۈر تۈزىغا لەشكەر ئەۋەتىپ بارگاھ قۇرغانلىقى ئۇلارنىڭ قۇرۇق پوپاڭ كۆتۈرۈۋاتقانلىقىدىن باشقا ئىش ئەمەس. ئۇلارنىڭ مەقسىتى دەل بىزنى شىشۈر تۈزىغا باشلاپ قويۇپ، خۇاڭتىيەنگە تېگىش قىلىشتۇر. جىن شۈن بىزگە تاشلاپ بېرىل-

گەن يەمچۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس. مەن ليۇجىڭتاڭ-
نىڭ «ئۇياقتىن شەپە بېرىپ، بۇياقتىن تېگىش قىلىش» ھىيلە-
سىنى ئىشلىتىشىدىن ئەنسىرەيمەن!

— سەردار جانابلىرى! سىزگە مانجۇلار شۇنداق دېدىمۇ؟ —
دەپ تەئەددى قىلدى بەي يەنخۇ، — مەن مانجۇلارنىڭ شۇنداق
قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرەيمەن!

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا، نۆكەرلىرىگە مامىڭنى تۇتۇپ باغلاش-
نى بۇيرۇدى.

— مېنىڭ گۇناھىم نېمە، ئەمرۇل ئۇمرا؟ مەن گۇناھسىز-
غۇ؟ . . .

— سەن مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ئۆزۈڭنىڭ مانجۇ-
لار بىلەن ئاستىرتتىن مۇناسىۋەت قىلىۋاتقانلىقىڭنى مېنى سەز-
مىدى دەمسەن؟

— ماڭا ئۇۋال بولدى!

— گېپىڭنى ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا
بارغاندا دەرسەن. مەن سېنى بەدۆلەتنىڭ پەرمانىغا بىنائەن تۇت-
تۇم، — دېدى بەي يەنخۇ ۋە نۆكەرلىرىگە ئۇنى ئېلىپ چىقىپ
كېتىڭلار! دەپ ئىشارەت قىلدى. ئاندىن بەدۆلەتنىڭ پەرمانىغا
ئاساسەن، ئەزىمقۇل پەنسادنى گۇمۇدى قەلئەسىنىڭ قەلئە بەگ-
لىكىگە تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

جەڭ ئالدىدا گۇمۇدى قەلئەسىنىڭ قوماندانى ماماڭنى ئال-
ماشتۇرغانلىق — بەدۆلەت بىلەن بەي يەنخۇ سادىر قىلغان ناھايى-
تى زور ھەربىي سەۋەنلىك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن قەلئەدىكى
سەرۋاز - يىگىتلەرنىڭ روھىي تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى.

سۇمبۇلە ئېيىنىڭ 21 - كۈنى كېچىسى، [1] شىشۇر تۇزى
چۆلىدە قوملارنى ھەتتا شېغىل تاشلارنى ئۇچۇرۇپ كەتكۇدەك

---

[1] شەمسىيە 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.

دەرىجىدە قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. بوران ھەتتا يۈز يىللىق قىرى قارىياغاچلارنىمۇ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلىدى. بەدۆ-لەتنىڭ باسۇرۇقچى قوشۇنى شىشۇر تۈزىغا كەلگەندە، تاڭ گىرىمە-سىيەن يورىغانىدى. ئۇلار مانجۇلارنىڭ لەشكەرگاھى جايلاشقان تۆ-پىلىككە تۆت ئەتراپتىن تەڭلا ئات سېلىشتى. مانجۇلار قورالىرى-دىن ئوت ئېچىپ، ئۇلارنى زادىلا يېقىن كەلتۈرمەي قويۇشتى. باسۇرۇقچى قوشۇن تۆپىلىكنى توپقا تۇتۇپ، كۆيدۈرگۈچ ئوقلار-نى ئاتقىلى تۇرۇۋىدى، مانجۇلارنىڭ لەشكەرگاھى ئىچىدە ئوت يالقۇنى پەلەككە كۆتۈرۈلدى. قارا چېرىكلەر ئاللا - توۋا سېلىش-تى. ئۇلارنىڭ يىغا - زارلىرى چۆلنى چاڭ كەلتۈردى.

ئۇلار مانجۇلارنىڭ لەشكەرگاھىغا راسا تېگىش قىلىۋاتاتتى، خۇاڭتىيەن تەرەپتىن قويۇق ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلدى. مانجۇلار خۇاڭتىيەنگە باسقىن قىلغانىدى! بەي يەنخۇنىڭ لەشكەرلىرى پارا-كەندىچىلىك ئىچىدە پاتىپاراق بولۇپ، قالايمىقان چېكىنىشكە باشلىدى. . .

سۇمبۇلە ئېيىنىڭ 23 - كۈنى،[1] ليۇ جىڭتاڭنىڭ تۇرشا-ۋۇل قوشۇنلىرى گۇمۇدى قەلئەسىگە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ قەلئەنى قورشىۋالدى.

ليۇ جىڭتاڭ سېپىلنىڭ ئەتراپىنى ئاتلىق ئىككى كۈن ئايلى-نىپ، سېپىلنى، قورغان تۆپىلىرىنى، سۇ تولدۇرۇلغان چوڭقۇر - يارلارنى كۆردى. مۇداپىئەنىڭ ئاجىز جايلىرىنى ئىزدىدى ۋە قەلئەگە قانداق ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە كۆپ باش قاتۇردى. قەلئە سېپىلىنىڭ قېلىنلىقى ئىككى غۇلاچ بولۇپ، سېپىل ئۈستىدە ھەر ئەللىك چامدامدا بىردىن خوختا، ھەر يۈز قەدەمدە بىردىن پوتەي بار ئىدى. سېپىل ياقىنىسدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى چۇ-ۋۇپ تاشلانغان بولۇپ، بۇ ئۆيلەرنىڭ پىششىق خىشلىرى سېپىل

[1] شەمسىيە 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى.

ئۆگەكلىرىنى مۇستەھكەملەشكە ئىشلىتىلگەندى.

ليۇ جىڭتاڭ گومۇدى قەلئەسىنى ئەتراپلىق، تەپسىلىي كۆ-زىتىپ چىققاندىن كېيىن، قارارگاھقا قايتىپ كەلدى. سەركەردە — سەردارلار بۇيرۇقنى ئاڭلاشقا ھازىرلىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇشتى.

— بۇ شەھەرنىڭ خەندەكلىرى چوڭقۇر، سېپىلى پۇختا ئىكەن، — دېدى ليۇ جىڭتاڭ، — قەلئەگە قاتتىق ھۇجۇم قىلىش بىلەن ئۇنى ئالماق قىيىنغا چۇشكۇدەك. مۇبادا، ئۇرۇمچى تەرەپتىن لو پاشانىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىپ قالسا، گومۇدىنى تارتىۋالمىقىمىز تېخىمۇ قىيىنغا چۇشىدۇ. شۇڭا، قەلئەنى قورغان سوقۇپ مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئېلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۇچۇن، لەشكەرلەر ھازىردىن باشلاپ شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىدە تۆت يەردە ئۇچتىن ئون ئىككى قورغان سوقۇپ چىقسۇن! شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە — كۈنچىقىش، كۈنچىقىش يۇقىرى تەرەپ ۋە كۈنچىقىش تۆۋەن تەرەپكە ئۇچ قورغان سوقۇپ، ئوردىگاھقا قاراشلىق ئۇچ تارام قوشۇن ئورۇنلاشسۇن، شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە — كۈنپېتىش، كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپ ۋە كۈنپېتىش تۆۋەن تەرەپكە ئۇچ قورغان سوقۇپ، تۇرشاۋۇل جىن شۇن دارېن باشچىلىقىدىكى ئۇچ تارام قوشۇن ئورۇنلاشسۇن؛ شەھەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە — يۇقىرى تەرەپ، كۈنچىقىش يۇقىرى تەرەپ ۋە كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپكە ئۇچ قورغان سوقۇپ، جاڭ ياۋ باشچىلىقىدىكى ئۇچ تارام قوشۇن ئورۇنلاشسۇن؛ چىنداۋۇل يۇ خۇئېن باشچىلىقىدىكى ئۇچ تارام قوشۇن شەھەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە — تۆۋەنكى تەرەپ، كۈنچىقىش تۆۋەن تەرەپ ۋە كۈنپېتىش تۆۋەن تەرەپلىرىگە ئۇچ قورغان سوقۇپ ئورۇنلاشسۇن! . . .

ھەرقايسى تارامالارنىڭ سەركەردىلىرى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ئۆزلىرىنىڭ قوشۇنلىرىغا يۇرۇپ كې-

ـتىشتى. قارا چېرىكلەر گومۇدى قەلئەسىنىڭ ئەتراپىغا ئۇدا بەش كېچە ـ كۈندۈز سېپىل سوقۇپ، ئۇن ئىككى قورغاننى پۈتتۈر- دى. ئاندىن مۇشۇ قورغانلاردا تۇرۇپ، گۇمۇدى سېپىلىنى شىد- دەت بىلەن توپقا تۇتۇشقا باشلىدى.

گۇمۇدى قەلئەسىدىكىلەر دەسلەپتە قەيسەرلىك بىلەن قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بارا ـ بارا بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشتى. ئەزىمقۇل پانساد ئەل بولۇش ئۈچۈن شەھەردىن ئادەم چىقارتتى. ليۇ جىڭتاڭ تەسلىمنى قوبۇل قىلمىدى. ليۇ جىڭتاڭ- نىڭ مۇشاۋىر جۇ خۇەن ھەزرەت:

— بۇرۇنقى چاغلاردا، خان مۇپەتتىش زوزۇڭتاڭ جانابلىرى ئىچكىرىدىكى پاراكەندە تۇڭگانىيلارنى تىنجىتىش ئۈچۈن، ئەل بولغانلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلغانىدى. زوڭتۇڭ دارېن نېمە ۋەجىدىن مۇسۇلمان قاراقچىلارنىڭ سەردارى ئەزىمقۇلنىڭ تەسلى- مىنى قوبۇل قىلمايدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ بىر زامان، بۇ بىر زامان! — دەپ جاۋاب بەردى ليۇ جىڭتاڭ، — ئۇ چاغلاردا ئىچكىرىدە ئىسيانچى نيەنجۈن، تەيپىنەمنىڭ چاڭموزىلىرى، پاراكەندە تۇڭگانىيلار ئارقا ـ ئارقى- دىن غەليان كۆتۈرۈپ، زادىلا بېسىقماي كەتتى. جاھان تازا مالىمان بولۇپ، پۇقرالار ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە پۇچۇلاندى. شۇ- ڭا، دۈشمەننى ئۆزىمىز تەرەپكە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئەل بولغان- لارنىڭ تەسلىمى قوبۇل قىلىناتتى ۋە ئۇلار تارتۇقلىناتتى. ھازىر بولسا، ئىچكىرى تىنجىدى. قاش قوۋۇق سىرتىدىكى بۇ يۇرتلاردا ئەنجانلىقلار باغىي ـ تاغىي بولۇشقان مۇسۇلمان چەنتۇلارنى ئىس- يان كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى. مۇبادا، بىز ئۇلارنىڭ تەسلىمىنى قو- بۇل قىلىدىغان بولساق، بۇ مۇسۇلمان ئاسىي قاراقچىلارنى ئەدەپ- كە باشلاشقا ئىلاجىسىز قالىمىز. ئۇلارنى قولاي پۇرسەت تاپقاندا ئىسيان كۆتۈرىدىغان، قولايسىز ھالغا چۈشۈپ قالغاندا ئەل بولى- دىغان قىلىپ يامان ئۆگىتىپ قويىمىز. بۇ ئاقىلانە چارە ئەمەس.

هازىرنىڭ ئۆزىدە بىزگە ئۇلارنىڭ تەسلىمى ئەمەس، بەلكى ئۇلار-
نىڭ بېشى كېرەك!
— مۇسۇلمان ئاسىي قاراقچىلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلى-
مىغانلىقلىرى توغرا، — دېدى مۇشاۋىر جۆ خۇەن ھەزرەت، —
ئەمما بۇ قاراقچىلار تۆت تەرەپلەپ چەمبەرچەس مۇھاسىرىگە ئې-
لىنسا، ئەل بولۇشقا ئىمكانىيەت تاپالمىغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە
جان تىكىپ جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مۇبادا، مۇسۇلمان
ئاسىي قاراقچىلار قەلئەنىڭ مۇستەھكەملىكىگە تايىنىپ، يەكدىل-
لىك بىلەن جەڭ قىلسا، جېنىدىن تويغان بۇ قاراقچىلارنى يەڭ-
مەك قىيىن بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. ئۇنىڭدىن
كۆرە، قەلئەگە كۇنچىقىش، كۇنپېتىش ۋە يۇقىرى تەرەپتىن
بولۇپ ئۈچ تەرەپتىن تېگىش قىلىپ، تۆۋەن تەرەپنى بوش قالدۇ-
رۇپ قويساقلا، قاراقچىلار داۋاملىق ئۇرۇشۇۋېرىشتىن ۋاز كېچى-
دۇ ـ دە، شەھەرنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلارنى
قەلئەدىن چىققاندا، ئاندىن يوقاتساق ئاز ئەجىر بىلەن كۆپ تۆھ-
پىگە ئېرىشكەن بولمامدۇق؟
— دانا، ھەقىقەتەن دانا ئىكەنلا، ھەزرىتىم! بوپتۇ، سىلى-
نىڭ دېگەنلىرىدەك بولسۇن! — دېدى ليۇ جىڭتاڭ خوش بولۇپ،
—بۇيرۇقۇم يەتكۇزۇلسۇن! چىنداۋۇل يۇ خۇئېن باشچىلىقىدىن
ئۈچ تارام قوشۇن تۆۋەنكى ئۈچ قورغاندىن چېكىنىپ چىقىپ،
مەخسۇس ئۇرۇمچى يولىنى ساقلاپ ياتسۇن! . . .
ليۇ جىڭتاڭ مۇشاۋىر جۆ خۇەن ھەزرەتنىڭ دېگىنى بويىچە
شەھەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى لەشكەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، شە-
ھەرگە كۇنچىقىش، كۇنپېتىش ۋە يۇقىرى ئۈچ تەرەپتىنلا تېگىش
قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.
جۆ خۇەن ھەزرەت ئەسلىدە زوزۇڭتاڭنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇزۇن
يىل مۇشاۋىر بولۇپ ئىشلەپ كەلگەنىدى. ليۇ جىڭتاڭ خان
قوشۇنلىرىنى باشلاپ قاش قوۋۇقتىن چىققاندا، جۆ خۇەن ھەزرەت-

مۇ ئۇنىڭغا مۇشاۋىر بولۇپ بىللە چىققانىدى. ئۇ ھەربىي دەستۇر-
لارنى پىششىق ئوقۇغان بولۇپ، بىلىدىغىنى كۆپ، تەجرىبىلىك
ھەربىي ئىختىساس ئىگىسى ئىدى.

سۇمبۇلە ئېيىنىڭ 27 - كۈنى كەچقۇرۇن[①]، مانجۇلارنىڭ
شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇشى ئارقىسىدا، ئاخىرى گۇمۇدى قەلئە-
سىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بىر بۆلىكى بۇزۇپ تاشلاندى.

زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ پارتلىغاندا كۆتۈرۈلگەن يالقۇنلىرى
كۆزنى چاقنىتاتتى. ئاسمان قالايمىقان ئۇچۇپ يۈرگەن تۆمۈر
پارچىلىرىنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن تولغانىدى. ئادەملەرنىڭ بېشى
ئۈستىدىكى بوشلۇقتا غايەت زور تۆمۈر پارچىلىرى يېرىلىپ ئارقا -
ئارقىدىن يەرگە چۈشۈۋاتاتتى. ئاسمان خۇددى قارا يامغۇر يېغىشتىن
ئىلگىرىكىدەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. زەمبىرەك ئوقلىرى پارتلىغان-
دا، كۆكۈچ نۇرلار ھەر تەرەپكە چېچىلاتتى. زېمىن لەرزىگە
كېلىپ، سىلكىنىپ تىترىمەكتە ئىدى. چەكسىز كەڭ ئاسمان
خۇددى دېڭىزدەك چايقالماقتا ئىدى. كۈنچىقىش تەرەپتە كۈچلۈك
پارتلاش ساداسى ياڭرىماقتا ئىدى. كۈنپېتىش تەرەپتە ئوقلار
ۋىژىلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. كۆتۈرۈلگەن ئىس - تۈتەكلەر پارتلاش
سادالىرى ئىچىدە يەر يۈزىگە يېيىلىۋاتاتتى.

توپ ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدە پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان ئۆيلەر-
نىڭ خىش - كېسەكلىرى چۆل - چۆل بولۇپ دۆۋىلىنىپ كەتكە-
نىدى. كۆل رەڭ چاڭ - توزان بۇ ۋەيرانچىلىقنى قاپلىۋالغانىدى.
پاچاقلىنىپ كەتكەن ۋەيرانچىلىقنىڭ ئاستىدىن بىرسى — پۇقرا
بولسا كېرەك — ئاران ئۆمىلەپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ
ھەممە يېرى تىتما - تالاڭ بولۇپ كەتكەن، ئۇ ھەدەپ داد - پەرياد
كۆتۈرەتتى. قۇيۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن مەڭزىگە قان ئاقاتتى.
ئۇ بويىنىنى قىسىۋېلىپ، ئۆلۈكتەك قارىيىپ كەتكەن لەۋلىرىنى

---

① شەمسىيە 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى.

كېرىپ ۋارقىرايتتى:
— ۋاي! - ۋاي - يەي! ۋاي! - ۋاي - يەي! . . .
ئۇنىڭ يوتىسىدىن ئۈزۈلۈپ، بىر پارچە سىڭىرغا ئىلىنىپ
قالغان بىر پۇتى كۆيگەن ئىشتىنىنىڭ پاچاق تەرىپى ئۈستىدە
توغرىسىغا سوزۇلۇپ قالغانىدى. يەنە بىر پۇتى تامامەن يوق
ئىدى. ئۇ قوللىرىنى ناھايىتى تەسلىكتە مىدىرلىتىپ ئۈمىلەيت-
-تى، بالىدەك بوغۇلۇپ چىرقىرايتتى. توساتتىن ئۇنىڭ ئۈنى
ئۆچتى ۋە ئاتىنىڭ قىغى بىلەن خىش - كېسەك پارچىلىرى چېچى-
-لىپ ياتقان قاتتىق يەرگە يۈزىنى ياققان پېتى يېتىپ قالدى. . .
پارتلاش ساداسى سەل بېسىقتى، تامنىڭ بۇلۇڭىغا تىقىلىۋې-
-لىپ، جېنىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ياتقان بىرسى بېشىنى سەل
كۆتۈرۈپ ئۇياق - بۇياققا قارىدى.
— چۇۋ - چۇۋ - گۇم - باڭ! . . .
بايىقىدىنمۇ دەھشەتلىك پارتلاش يۈز بېرىپ، ئۇنى تامنىڭ
تۈۋىدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈپ يىراققا ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىۋەتتى.
خىش پارچىلىرى ئۇنىڭ بېشىغا گۆمۈرۈلۈپ چۈشتى. ئۇنىڭ
قورسىقىدىن چۇۋۇلۇپ چىققان ئۈچەي - باغرى ئالا - يېشىل
رەڭدە پارقىراپ تۇراتتى. چىرمىشىپ كەتكەن ئۈچەينىڭ بىر
ئۇچى توپا بىلەن تېزەك ئارىسىدا يىلاندەك سوزۇلۇپ كەتكەنىدى.
ھېلىقى بىچارە جان ئۈزۈش ئالدىدا، قولىنى يېنىغا قويۇپ، گويا
ئۈچەي - باغرىنى يىغىشتۇرۇۋالماقچى بولغاندەك بولاتتى. ئۇ
توساتتىن ئاسمانغا قارىماقچى بولۇپ بېشىنى ئېگىز كۆتۈردى -
يۇ، ئەمما ئارقىدىنلا گەدىنى شىلىلىققىدە ئىككى تاغىقى ئوتتۇرى-
-سىغا ئۆرۈلدى. ئۇ جان تالىشىپ ھەدەپ خىرقىرايتتى! . . .
سېپىلنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن ئۈچ غۇلاچ كەڭلىكتە يو-
-غان بىر يوچۇق ئېچىلدى. ليۇ جىڭتاڭ تەن باسۇيگە دەرھال ئۈچ
بۆلۈك چېرىكنى باشلاپ قەلئە ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشكە بۇيرۇدى،
يەنە بىر سەركەردە — تەن شاڭليەن بىلەن باش بۇغ سۇ يۈەنخىڭ

قاتارلىقلارغا ئۈچ بۆلۈك چېرىكنى باشلاپ، يەنە بىر يوچۇقتىن
قەلئە ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشكە بۇيرۇدى. ئۆزى قەلئەنىڭ تۆۋەن
تەرىپىدىكى بىر ئېگىزلىكتە تۇرۇپ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلـ
ـدى.

سۇمبۇلە ئېيىنىڭ 28 ـ كۈنى[①]تاڭ سەھەردە، سېپىلنىڭ
تۆۋەن تەرىپىدىن يەنە ئالتە غۇلاچ كەڭلىكتە بىر يوچۇق ئېچىلـ
ـدى. قارا چېرىكلەردىن تەن شىندىيەن، تەن خېيى قاتارلىقلار
پىداكارلار سېپىنى باشلاپ، پارتلاتقۇچ دورا بولاقلىرىنى كۆتۈـ
رۈشكەن پېتى، قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان مۇـ
داپىئەچىلەرنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كىردى. دەھشەتلىك پارتلاش
سادالىرى جاھاننى قاپلىدى.

ئۈچ بۆلۈك مانجۇ قوشۇنىدىن ھاسىل بولغان مۇھاسىرە
چەمبىرىكى قەلئەدىكىلەرنى خۇددى كالىنىڭ بەدىنىنى چىرمىۋالـ
غان زەھەرلىك يىلاندەك بارغانسېرى چىڭ قىسماقتا ئىدى. قوـ
راللار قىرغىن قىلىشقا، قىلىچلار ۋالىلداشقا، نەيزىلەر سانجىـ
لىشقا، پالتىلار چېپىلىشقا باشلىدى. قەلئەدىكىلەر خۇددى ئورـ
ماندا دەرەخلەر كېسىلگەندەك، بىر ـ بىرلەپ ئۇرۇپ يىقىتىلدى.
ئۆلار ئۈندىمەي، جىمجىتلا، ھەيۋەتلىك ۋە باتۇرانە ھالدا ئۆلمەكتە
ئىدى. ئوقلار پاراسلاپ ئېتىلاتتى. بەزى ئوقلار ۋىڭىلدىغىنىچە
ئۆتۈپ كېتەتتى. بەزى ئوقلار نەرسىلەرگە تاراسلاپ تېگەتتى. قارا
چېرىكلەر سەردارلىرىنىڭ ئارقىسىدىن سېپىلنىڭ يوچۇقلىرىدىن
توختاۋسىز سەلدەك تەۋرەپ كىرىشمەكتە ئىدى. مىلتىقلاردىن
چىققان قويۇق ئىس ـ تۈتەكلەر ئىچىدە سەرۋازلارنىڭ بەزىلىرى
قوراللىرىنى تاشلاپ، ئىستىھكاملارنىڭ ئارقىسىدىن قولىنى كۆـ
تۈرۈشۈپ چىقىشتى. يەنە بەزىلىرى قاياققىدۇر يۈگۈرۈشۈپ قېـ
چىشتى. ئاتلىق بىر پەنساد كوچىدا چىلان تورۇق يۇلتۇز ئارغىـ

---

① شەمسىيە 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى.

ـمقىنى ئۇچقانداك چاپتۇرۇپ يۈرەتتى. ئۇ گۇمۇدى قەلئەسىنىڭ قەلئە بېگى ئەزىمقۇل ئىدى. لېكىن ئۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتمىغاچقا، ناھايىتى تېز ۋە غەلىتە ھالدا قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىـنىچە، بىردەمنىڭ ئىچىدە ئىگەرنىڭ بىر تەرىپىگە سۇرۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئېتى تاڭ نۇرىدا تۇتەپ ئىس چىقىرىپ تۇرغان بىر توغرى ياغاچنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىردىنلا توختاپ قېلىۋىدى، ئۇ يەرگە ناھايىتى قاتتىق يىقىلىپ چۈشتى. مانجۇلار ئۇنىڭ قول - پۇتلىرىنىڭ قاتتىق تارتىشىپ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىراق، ئۇنىڭ بېشى زادىلا قىمىرلىمايتتى. بىر تال ئوق ئۇنىڭ بېشىنىڭ سۆڭىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. مانجۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ئادىتى بويىچە، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى سەرۋاز - يىگىتلەرنى، مەيلى قورالسىز، مەيلى تەسلىم بولغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىنى چۆپنى ئورۇغانداك قىرىپ ماڭماقتا ئىدى. . .

بىر كېچە - كۈندۈز قانات يايغان دەھشەتلىك كوچا ئۇرۇشىـدا، مانجۇلار بەي يەنخۇنىڭ گۇمۇدىنى ساقلاپ ياتقان ئالتە مىڭـدەك سەرۋاز - يىگىتلىرىنى پاك - پاكىز يوقىتىپ، ئىككى يۈزدەك جەڭ ئېتىنى، زور مىقداردىكى قورال - ياراق، ئوق - دورا قاتارلىق ھەربىي لازىمەتلىكلىرىنى غەنىيمەت ئالدى. شۇنداق قىلىپ، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم توسالغۇ — گۇمۇدى قەلئەسى ئاخىرى مانجۇلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

گۇمۇدى قەلئەسى ئىشغال قىلىنغاندا، ئۈرۈمچىنىڭ ھاكىمـبېگى ما رېندېنىڭ ئەمىر لەشكەر، گۇمۇدى قەلئەسىنىڭ قەلئە بېگى ئەزىمقۇل پەنسادقا يازغان بىر پارچە خېتى مانجۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.

«. . . ئۈرۈمچىدىكى كارغا يارايدىغان سەرۋاز - يىگىتلەرـنىڭ ھەممىسى ئەۋەتىلدى، — دېيىلگەنىدى بۇ خەتتە، — ھازىر

ئۈچ قورغاندا[1] ھېچقانچىلىك لەشكەر قالمىدى. ماناس تەرەپتىن كېلىدىغان ھىماتچى لەشكەرلەر تېخىچىلا يېتىپ كېلەلمەيۋاتىدۇ. ئەمىر ئىسلام كورلىدىن ماڭغۇزماقچى بولغان لەشكەرلەرنى نېمىشقىدۇر ماڭغۇزماپتۇ. گۇمۇدىنى ساقلىيالىساڭلار ساقلارسىلەر، مۇبادا ساقلىيالمايدىغاندەك بولساڭلار، دەرھال ئۈرۈمچىگە چېكىنىڭلار. ھازىرقى ئەھۋالدا، پۈتۈن كۈچنى ئۈرۈمچىگە توپلاپ، بۇ يەرنى ساقلاش ھەممىدىن مۇھىم ئىش بولۇپ قالدى...»

ليۇ جىڭتاڭ ما رېندېنىڭ خېتىدىن ئۈرۈمچىنىڭ بوش قالغانلىقىنى بىلدى ـ دە، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقماقچى بولۇپ، بىر بۆلۈك لەشكەرنى گۇمۇدىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى قالغان لەشكەرلىرى بىلەن دەرھال ئۈرۈمچىگە تېگىش قىلماقچى بولدى. سۇمبۇلە ئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى[2] ئېغىر ياتقۇدا، ئۇ مانجۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىپ، تاڭ سەھەردە لومەنچىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولدى.

بەدۆلەتنىڭ قوشۇنلىرى گۇمۇدىدا ئەجەللىك زەربە يېگەندىن كېيىن «ئوقيادىن ئۈركىگەن قۇش»قا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۈرۈمچىدىكىلەر مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ مۇنچىۋالا تېز يېتىپ كېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بولغاچقا، زەمبىرەك ئاۋازلىرىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا، قورغاننى تاشلاپ، توقسۇن تەرەپكە قاراپ چېكىنىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۈرۈمچىمۇ ئازلا ئەجرە ھېسابىغا مانجۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

ليۇ جىڭتاڭ ئوردىگاھىنى ئۈرۈمچىدىكى خۇڭمياۋزى دېگەن قورغانغا قۇرغاندىن كېيىن، ھەرقايسى قوشۇنلاردىكى چېرىكلەرنىڭ تالاپەت ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، قوشۇنلارنى تەرتىپكە

---

[1] ئۈچ قورغان — ئۈرۈمچىدىكى لومەنچىڭ، خۇڭمياۋزى ۋە خاڭچىڭ قورغانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.
[2] سەمشىيە 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى.

سالدى ۋە جاڭ ياۋدىن شىشۇر تۇزى جېڭىنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇقۇشتى.
— زۇڭتۇڭ دارېنغا مەلۇم بولغايكى، — دېدى جاڭ ياۋ
جەڭنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، —
تۇرشاۋۇل سانغۇن جىن دارېن لەشكەرگاھنى زادى گەپ يېمەي
چوڭ يولدىن يىراق بىر تۆپىلىكنىڭ كەينىگە قۇردى. ھېلىمۇ
قوشۇنلىرىمىز خۇاڭتىيەنگە ۋاقتىدا تېگىش قىلدى. بولمىغان بول-
سا، بىز لوپاشانىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ قىلىچى ئاستىدا قى-
رىلىپ تۈگىگەن بولاتتۇق.
— زودارېن «جىن شۇن قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان نان
قېپى، قوۋۇقتىن چىققىنى بىلەنمۇ كارغا يارىمايدۇ، ئىش بۇزىدۇ،
سۇپۇرگە زىيانكەش» دېسە، مەن تازا ئىشەنمەپتىكەنمەن، — دېدى
ليۇ جىڭتاڭ كۈلۈپ، — ئەسلىدىغۇ ئۇرۇشقا يېشىل تۇغلۇق
قوشۇندىكىلەردىن باشقىسى يارىمايدۇ. سېرىق تۇغلۇق قوشۇندى-
كى مانجۇ يىگى، شىبە يىگى، سۇلۇن يىگى ۋە چاخار، قالماق
يىگىلىرىدىكى چېرىكلەر سەلتەنەتىمىزنىڭ يىلىكىنى شوراپ قۇرۇ-
تىدىغان ئاق نانچى بىر نېمىلەر. ئۇلارنى ساقچىلىققىلا قويۇش
كېرەك. ئۇرۇشقا سالسا كارغا كەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، بۇ
ئىشقا دىققەت قىلسام بولغۇدەك!
— زۇڭتۇڭ دارېنىنىڭ سۆزى ئاقىلانە گەپ بولدى، — دەپ
لوقما تاشلىدى باياتىن بۇ مۇھاكىمىلەرگە قاتناشماي جىم ئولتۇر-
غان جۇ خۇەن ھەزرەت، — بىراق...
— خوش، جانابىي مۇشاۋىر ھەزرەتنىڭ قانداق ئاقىلانە مەس-
لىھەتى باركىن؟ بۇ ھەقتە ئۆزلىرىنىڭ دانا پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ
باققۇم بار.
— چوڭ دۈشمەن ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. مېنىڭچە، ئىناقلىق-
نى، ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەش ھەممىدىن مۇھىم. ئەمدى ئەجىر - تۆھپە
مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنى كېيىنچە مۇھاكىمە قىلغىنىمىز تۈزۈك.

— ھەزرەتلىرى، سىلە كۆپنى كۆرگەن، بىلىدىغانلىرىمۇ كۆپ. سەۋەنلىكلىرىمىزنى ئايىماي كۆرسىتىپ، ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغايلا!

— يوقسۇ، يوقسۇ، — دەپ تۇزۇت قىلدى جۇ خۇەن ھەزرەت ئورنىدىن تۇرۇپ، — سىلى دانا، سىلى ئاقىل، باشقىچە ئويلاپ قالمىسىلا زۇڭتۇڭ دارىن.

— ھەرگىز تۇزۇت قىلمىسىلا، مۇشاۋىرىم، — دېدى ليۇ جىڭتاڭ، — لوپاشانىڭ قوشۇنلىرى گومۇدى ئۇرۇشىدا ھالىدىن كەتتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋېلىشقا يەنە خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، لەشكەرلىرىمىزنى تەرتىپكە سېلىپ، تولۇقلىۋالساقمىكىن دېگەن ئويغا كېلىۋاتىمەن.

— بۇ ئويلىرى زو دارىن بىكىتىپ بەرگەن «ئاستا ئىلگىرىلەش، تېز تېگىش قىلىش» دېگەن قائىدىگە ئۇيغۇن.

— مەن ئەسلىدە گومۇدىنىڭ قەلئە بېگى ما مىڭدىن بەك ئەندىشە قىلاتتىم. چۈنكى، لوپاشانىڭ سەركەردىلىرى ئىچىدە ئاشۇلا ھەربىي ئىلىمگە توشقان، ئەلەمگىمۇ، قەلەمگىمۇ ماھىر سەركەردە ھېسابلىناتتى. كىچىككىنە بىر ھىيلە ئىشلىتىپلا، ئۇنى لوپاشانىڭ قولى ئارقىلىق ئارىدىن كۆتۈرۈپ تاشلاشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

— ھەببەللى، ئۇرۇشتا ھەممىشەم لەشكەرلا ئىشلىتىمەن دېگىلى بولمايدۇ. بەزىدە ھىيلە - پەنت ئىشلىتىپمۇ ئاز ئەجىر ھېسابىغا كۆپ تۆھپە يارىتقىلى بولىدۇ. مېنىڭچە، لوپاشا بىلەن بەي يەنخۇ توڭگانىينىڭ ئارىسى ئۇيۇلتاشتەك مۇستەھكەم بولۇشى ناتايىن. دۈشمەنلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپ - نىزالارمۇ بىزگە ئىنتىپاقداش بولالايدۇ. مەن بۇددا نوملىرىدىن مۇنداق بىر ئىبرەتلىك ھېكايەتنى ئوقۇغانىدىم.

— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟

«. . . ئاجانتا شەھىرىدە[1] دەپ ھېكايە قىلدى مۇشاۋىر جۆ خۆەن ھەزرەت، — بىر براخمان بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى پاك تەبىئەتلىك كىشى ئىكەن. ئۇ دۇنيانىڭ بارلىق تەئەللۇقاتلىرىنىڭ غۇبارىدىن ئېتەك قېقىپ، پۈتۈن نىيەت - ئىقبالىنى بۇددائا ئىبادەت قىلىشقا بېغىشلىغانىكەن. چۈنكى ئۇ مەئىشەت بىلەن مال - دۇنيانىڭ رەنج - مېھنەت ۋە بالا - قازا ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن.

بىر كۈنى بىر ئىخلاسمەن ئۇنىڭغا بىر سۈتلۈك ئۆچكە ئېلىپ كەپتۇ. بىر ئوغرى ئۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆچكىنى كۆزلەپ، كېچىسى براخماننىڭ ئىبادەتخانىسىغا مېڭىپتۇ. يولدا كېتىۋاتسا، ئالۋاستى ئادەم سىياقىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بوپتۇ.

— سەن كىم؟ نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغرى ئۇنىڭدىن.

— مەن ئالۋاستى، براخماننى ئۆلتۈرگىلى بارىمەن، — دەپتۇ ئالۋاستى.

— ئۇنى نېمىشقا ئۆلتۈرىسەن؟

— بۇ براخماننىڭ تائەت - ئىبادىتى بىلەن ھەممە كىشى توۋا قىلىپ، بۇددائا تېۋىنىپ، دىيانەت - ساخاۋەت يولىنى تۇتىدىغان بولۇپ كەتتى. مېنىڭ ئىزىتقۇلۇقۇمنىڭ بازىرى كاسات بولۇپ قالدى. مەنمۇ ئۆز ھالىمنى ساڭا سۆزلەپ بەردىم. سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى ۋە نېمە ۋەجىدىن ئۆيدىن چىققانلىقىڭنى سۆزلەپ بەرمەمسەن؟

— مەن ئوغرى - قاراقچىلىقنى كەسىپ قىلغان ئادەممەن. خالايىقنىڭ مېلىنى گاھى پىنھاندا، گاھى ئاشكارا ئېلىۋېلىپ، كۆڭلىگە ھەسرەت ئوتىدىن داغ سالىمەن. براخماننىڭ سېمىز ۋە

---

[1] ئاجانتا — قەدىمكى ھىندىستاندىكى مەشھۇر بۇددا ئىستىقامەتگاھلىرىدىن بىرى. ساكيامۇنى شۇ يەردە نوم سۆزلىگەن ئىمىش.

سۈتلۈك بىر ئۆچكىسى بار ئىكەن دەپ ئاڭلىدىم. بۈگۈن شۇنى ئېلىپ، مەئىشىتىمگە سەرپ قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن.

— سەن مېنىڭ جېنىم ئىكەنسەن، — دەپتۇ ئالۋاستى، — تەڭرىمگە شۈكرى، ئارىمىزدا ئوخشاشلىق بار ئىكەن. ئىككىمىز بىر كىشىنى قەستلەپ كېتىۋېتىپتىمىز. ئۇنداق بولسا، ئىككىمىز بىرلىكتە براخماننىڭ ئىستىقامەتگاھىغا بارايلۇق.

ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ، ئۇ يەرگە بارغاندا، براخمان ئىبادىتىنى تۈگىتىپ، ئۇخلاپ قالغانىكەن. ئوغرى كۆڭلىدە: «ئەگەر مەندىن بۇرۇن ئالۋاستى ئۇنى ئۆلتۈرگىلى كىرسە، براخمان تۇيۇپ قېلىپ داد - پەرياد كۆتۈرۈشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا مەن ئۆچكىنى ئالالماي قالىمەن» دەپ ئويلاپتۇ. ئالۋاستى بولسا: «ئەگەر ئوغرى بۇرۇنراق ئۆچكىنى ئالىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئىشىكنى ئاچىدۇ. ئۇ چاغدا براخمان ئويغىنىپ قالسا، مەن ئۇنى ئۆلتۈرەلمەي قالىمەن» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئوغرىغا:

— ھەي بۇرادەر، ئازراق تەخىر قىل، مەن براخماننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ساڭا ئۆچكىنى ئېلىش ئاسان بولىدۇ، — دەپتۇ.

— ياق، ئاۋۋال مەن ئۆچكىنى ئېلىۋالاي، ئاندىن كېيىن سەن ئىشىڭغا قەدەم قويغىن، — دەپتۇ ئوغرى.

ئۇلار شۇنداق تالاش - تارتىش قىلىشۋەرگەندىن كېيىن، ئوغرى:

— ھەي براخمان، بۇ يەردە بىر ئالۋاستى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپ توۋلاپتۇ.

— ئاگاھ بول، ئۆچكەڭگە ئوغرى كەلدى، — ئالۋاستىمۇ ۋارقىراپتۇ.

براخمان بۇلارنىڭ غەۋغاسىدىن ئويغىنىپ داد - پەرياد كۆتۈرگەنىكەن، ھەممە قوشنىلىرى پەيدا بوپتۇ. بايىقى ئىككىسى قېچىپ كېتىپتۇ. براخماننىڭ جېنى ۋە مېلى دۈشمەنلىرىنىڭ

ئىختىلاپى تۇپەيلىدىن ئامان قاپتۇ. . .»
— بۇ مەسىلىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ھېكايەت قىلدىمكى، — دەپ
سۆزىنى داۋاملاشتۇردى جۇ خۇەن ھەزرەت، — سىلى زۇڭتۇڭ
دارىن، خاقانلىقىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىسىنى زىممىلىرىگە ئال-
غان ئادەم. شۇڭا، ھەرقانداق بىر ئىشتا ئېھتىيات قىلماقلىرى
مۇھىمدۇر. چۈنكى، جاھاندىكى ھەممە ئىشلار تەقدىرگە مۇۋاپىق
بولىدۇ. ئۇنى ياكى ئىلگىرى - كېيىن، ياكى ئاز - كۆپ
قىلغىلى بولمايدۇ. بىر كىمنىڭ نام - ئەمالىغا سائادەتمەنلىك
سۈپىتى پۈتۈلگەنلىكى ياكى شۇملۇق سەھىپىسى يېزىلغانلىقىنى
بىر تەڭرىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. لېكىن، ئېھتىيات شەر-
تىنى بىجا كەلتۈرۈپ، ئازماسلىق ھەممە كىشى ئۈچۈن زۆرۈر-
دۇر. ھەرقانداق بىر كىشى ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى ھەق-
قىدە ئۆزىدىن كەم دېگەندە ئۈچ قېتىم سوراپ بېقىشى لازىم.
ئالدى بىلەن، بۇ ئىشىم توغرىمۇ - يوق؟ دەپ قولىنى يۈرىكىگە
سېلىپ سوراپ باقسۇن. ئۇنىڭدىن بىر قەرنە ئۆتكەندىن كېيىن،
مۇشۇ ئىشىم ئۈچۈن كىشىلەر مېنى كەينىمدىن تىللامدۇ - يوق؟
دەپ ئېيتالايدىغان بولسۇن. جان ئامانىتىنى تاپشۇرىدىغان ۋاقىتتا
مەشھەرگاھقا بارغاندا، تەڭرىم ئالدىدا تىلىم كۆيەمدۇ - يوق؟
دېيەلەيدىغان بولسۇن! شۇنداق قىلالىغانلارلا ئۇلۇغلۇق تەختىدە
ئولتۇرالايدۇ. تارىخ ئالدىدا مەغرۇر بولۇپ، تەنە قىلغۇچىلارنىڭ
تەنىسىدىن يىراق بولالايدۇ. شۇڭا، ئۇلۇغلار مۇشۇنداق دېگەنى-
كەن: «نەپ ئالغىلى بولمايدىغان مال ماللارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى-
دۇر. يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا غاپىل ھۆكۈمران ئەڭ ئوسال
ھۆكۈمراندۇر. زۆرۈرىيەت ۋە قىيىنچىلىق چاغلىرىدا دوستىدىن
يۈز ئۆرىگۈچىلەر دوستلار ئىچىدە ئەڭ پەس ۋە ئەڭ يامىنىدۇر.
ئۆز ئېرىگە قارا سانايدىغان خوتۇن، خوتۇن خەقنىڭ ئەڭ ئەسكى-
سىدۇر. ئاتا - ئانىسىغا يانغان پەرزەنت پەرزەنتلەرنىڭ يامانراقى-

دۇر. ئەمىنلىك بولمىغان يۇرت يۇرتلارنىڭ ئەڭ ۋەيرانىسى-
دۇر. سۆھبەتلەشكۈچىلەرنىڭ كۆڭلى ساپ بولمىغان ئولتۇرۇشى
سۆھبەتلەرنىڭ ئەڭ ناخۇشراقىدۇر! . . . .»

نەزمە:

خورازلار سوقۇشتا بولسىمۇ چاققان،
مىس تىرناق لاچىنغا قاچان جەڭ ئاچقان؟
مۇشۇك شىر بولىدۇ چاشقان تۇتۇشتا،
لېكىن ئۇ يولۋاسنىڭ ئالدىدا چاشقان.

— شەيخ سەئىدى

# ئىككىنچى باب

## خۇگمياۋزى

«غەزەپ بىلەن قولىنى دەرھال قىلىچقا ئۇزاتقانلار قو-
لىنىڭ كەينىنى پۇشايمان بىلەن چىشلەيدۇ.»
— بابۇر

مىلادى 1876 - يىلى كەچكۈز پەسلى.

كەچكۈز كۈنلىرى ئىدى. ئۈرۈمچىدىكى خۇگمياۋزى بۇتخا-نىسىنىڭ[①] ئارقا سەيناسىدىكى قارىياغاچنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈ-لۈپ، ھويلىنىڭ ئىچى قاقاسلىشىپ كەتكەن، كۈزنىڭ ئىزغىرىن شاماللىرى ھۇۋۇلداپ ئۇچۇپ تۇراتتى. بۇ ھالەت ئادەمگە بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك ھېس قىلدۇراتتى.

بۇتخانىنىڭ ئالدى سەيناسىدا ئۆسكەن شىۋاقلار قۇرۇپ كەت-كەن. تامنىڭ ئارقىسىدىكى قىلىن ئۆسكەن ئوت - چۆپلەرمۇ سارغىيىپ قاخشال بولۇپ قالغان ۋە ئاق قىراۋ بىلەن قاپلانغان-دى.

خۇگمياۋزى بۇتخانىسى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. بۇ يەر ئىلگىرى ئۈزۈلمەي كۆجە - ئىسرىق سېلىنىپ تۇرۇلىدىغان

---

① ئۈرۈمچىدىكى بۇتخانىلارنىڭ بىرىنىڭ نامى. ئورنى ھازىرقى «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ. تارىختا ئۈرۈمچىمۇ شۇ بۇتخانىنىڭ نامى بىلەن «خۇگم-ياۋزى» دەپ ئاتالغان.

ئاۋات بىر جاي بولسىمۇ، لېكىن بەدۆلەت ئۈرۈمچىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى مەركىزي جەبخانىسى قىلىۋالغان بولغاچقا، تولىمۇ چۆللىشىپ كەتكەنىدى. بۇتخانىنىڭ ئىچىدە غۇرقىراپ شامال ئۇچۇپ تۇراتتى. ئاسمان مالائىكلىرىنىڭ نەسەپ تاختىلىرى يالىڭاچ هالدا ئىلاھ تەكچىسىدە چۇقچىيىشىپ تۇراتتى. ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەن پەردىنىڭ بىر بۇرجىكىلا ئېسىلىپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. تامدا: «ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەپكە قايت»، «دۇئا تىلاۋىتىڭلار ئىجاۋەت بولغاي» دېگەنگە ئوخشاش هۆسنخەتلەر يېزىلغان رامكىلار قىڭغىر - سىڭغىر ئېسىقلىق تۇراتتى. بىر پۇتى يوق شىرەنىڭ ئۈستىدىكى تاش ئىسرىقداندا، بىر تال كۇجە بىقسىپ يېنىپ ئىس چىقىرىپ تۇراتتى. شامدان يوق بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى پارچە تۇرۇپ چامغۇر دۈم قويۇلغان هەمدە ئۇنىڭغا كۆيۈپ بولغان ئىككى دانە شامنىڭ قالدۇقى سانجىپ قويۇلغانىدى. ئىچكە بىرتال سىرىق جۇخۇار گۇلى چىلانغان پاكار هەم قورساقلىق بىر پۇچۇق لوڭقا شىرەنىڭ قاپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

گۇمۇدى ئۇرۇشىدىن كېيىن، بەدۆلەتنىڭ ئۈرۈمچىنى ساقلاۋاتقان قوشۇنلىرى ئانچە بەك قارشىلىق كۆرسەتمەيلا تەسلىم بولدى. ليۇ جىڭتاڭ ئۆزىنىڭ ئوردۇگاهىنى بەدۆلەتنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كاتتا قورغانلىرىدىن بىرى بولغان بۇ خۇڭمياۋزىغا قۇرغانىدى. ئۇ لەشكىرىي ئىشلارنى دىتلەپ بولغۇچە، ئۈرۈمچىدە قىشنىڭ دەسلەپكى قارلىرى يېغىپ، يەر - جاهاننى ئاپئاق لىباس بىلەن پۈركىدى. بەدۆلەتنىڭ بۇ ئەتراپلاردىكى ئاخىرقى كۈچلۈك قورغانلىرىدىن بىرى بولغان ماناس قەلئەسىنىڭ جىن شۇنىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغانلىقىنى هېسابقا ئالمىغاندا، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئۇرۇش ئاساسىي جەهەتتىن ئاياقلىشىپ قالدى. ماناس قەلئەسىنىڭ ئېلىنىشىمۇ بىرنەچچە كۈن-

لۇكلا ئىش بولۇپ قالدى. شۇڭا، ليۇ جىڭتاڭ ئۇرۇشنىڭ ئارد-
سال ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىپ،
دەم ئالدۇرۇپ تولۇقلاش قارارىغا كەلگەنىدى. لەشكىرىي قائىدە
بويىچە قىش - قۇرۇمدا ھەربىي ئىشلار ئاساسەن توختايتتى.
شۇڭا، ئۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئىرادىسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، سەر-
كەردە - سەردارلىرىنى باشلاپ، بۇ كونا بۇتخانىغا كەلدى ۋە ئاتا -
بوۋىلىرىنىڭ ھەققىگە، ئۇرۇشتا ئۆلگەن سەردار - چېرىكلەرنىڭ
روھىغا ئاتاپ كۈجە كۆيدۈرۈپ، ئىسرىق سېلىپ، كاتتا دۇئا -
تىلاۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

بۇتخانىنىڭ شەيخى يوق ئىدى. شۇڭا، بۇتقا تەزىم قىلىپ
باش ئۇرۇش مۇراسىمىغا مۇشاۋىر چۆ خۇەن ھەزرەت رىياسەتچى-
لىك قىلدى...

× ×

بىر كۈنى، ليۇ جىڭتاڭ ئۆزىنىڭ خۇڭمياۋزىدىكى ئوردۇگا-
ھىدا سەردارلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى. بۇ سۆھبەتتە
تۇرشاۋۇل سانغۇن، ئىلى جياڭجۇنى جىن شۇنمۇ بار ئىدى. سۆز
ئارىسىدا، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ بىرىنغارى جاڭ ياۋ:

— مۇشاۋىر ئەزەم، ئاڭلىشىمچە، ئۆزلىرىنى ماھىر مۇئەب-
بىر[1] دەپ ئاڭلايمىز. ئەمما، ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ مۇئەببىرلىك-
تىن سۆز ئاچقانلىرىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىدۇق. بۇ نېمە ۋەجى-
دىندۇر؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ماھىر مۇئەببىرلەر ئادەتتە مۇئەببىرلىكتىن ئوڭاي ئې-
غىز ئاچمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى جۆ خۇەن ھەزرەت كۈلۈپ

[1] مۇئەببىر — چۈشكە تەبىر ئېيتقۇچى، چۈش ئۆرىگۈچى.

تۇرۇپ.

لىۇ جىڭتاڭ كۈلۈپ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللىدى ۋە:

— مۇشاۋىر، سۆزىڭىز ناھايىتى مەنالىق ھەم قىسقا بولدى، — دېدى ۋە يەنە، — ماڭا بىر رەم ئېچىپ باقسىڭىز، چۈشۈمدە ھەمىشەم ئېشەككە مىنىپ چۈشەيمەن. بىرنەچچە رو چېۋىنلارنىڭ ئېشەكنىڭ بۇرنىغا كىرىۋېلىپ، خاپا قىلىۋاتقانلىقىنىلا كۆرىمەن. بۇ نېمىنىڭ سۇرى؟

— زۇڭتۇڭ دارىن، سىلە خان مۇپەتتىش، جۇڭتاڭ[1] دارېنغا ھەمدەملەشكەندە، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي - تېنىمەي تۇرۇپ، — ئىنتايىن كەمتەر، ئىنائەتمەن، باھادىر بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، كۆپ مەرىپەتتىن بەھرىمەن بولغانىدىلە. ئەلھال، مەنسەپلىرى ئۆسۈپ، ئۈچىنچى روتبىرىكى مەرتىۋە ئورۇنغا مۇشەررەپ بولدىلا. ھالا بۇگۈن كۈچ - قۇۋۋەتلىرى زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرمەكتە، سۈر - ھەيۋەتلىرىدىن ئاسمي قاراقچىلار قورقۇپ دىر - دىر تىترەشمەكتە! ۋەللەھەمكى، ئېشەك — بەخت - تەلەيگە بىشارەتتۇر! ئېشەكنىڭ ئىككى قۇلىقى ئېگىز تاغقا دالالەتتۇر! تاغ ئېگىز ئەمما خەتەرلىك ئەمەس. بىراق، ئېگىز تاغقا يالغۇز چىقىش ئانچە بىخەتەر ئىشمۇ ئەمەس.

لىۇ جىڭتاڭ ئۆزىنى ئۇزاقتىن بېرى چىرماپ كېلىۋاتقان بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۈستىدە مۇشاۋىرنىڭ قارىشىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى - دە:

---

① جۇڭتاڭ ( 中堂 ) — «باش ۋەزىر»، «يارغۇچى»، «بۇيرۇق» دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە زوزۇڭتاڭنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مانجۇ ئوردىسىنىڭ دارىلئۇلۇم ئۆلىماسى ئىدى. دارىلئۇلۇم ئۆلىماسىنىڭ ئىشخانىسى قارا دىۋاننىڭ ئوڭ قول ۋە سول قول دىۋانبېگىنىڭ ئىشخانىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، «جۇڭتاڭ» (ئوتتۇرا زال) دەپ ئاتالغان.

— ھەزرىتىم، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئاسىي مۇ-
سۇلمان قاراقچىلار ئاساسەن تىنجىتىلىپ بولۇندى. ماناس قەلئە-
سىنى تارتىۋېلىش ئىشىغا كەلسەك، — دېدى ئۇ جىن شۇنگە
مەنسىتمىگەن نەزەردە قاراپ قويۇپ، — خۇپۇ دارېن①: «ماناس
قەلئەسى قانچىلىك قەلئە ئىدى. ئۆزۈم تەنھا تارتىۋالالايمەن» دەپ
مەيدىسىگە مۇشتلاۋاتىدۇ. شۇنداقمۇ بولسۇن، دەيلۇق. ماناس
قەلئەسى بەربىر ئوچۇممىزدىكى تېرىق، تورىمىزدىكى بېلىق
بولۇپ قالدى. تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز مۇسۇل-
مان شەھىرىنى تارتىۋېلىش — خانىنىڭ ئادالەتپەرۋەر ئۇلۇغ قو-
شۇنىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مۇشەققەتلىك ۋەزىپە بولۇپ سانىلى-
دۇ. ھەزرىتىم، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى دانا قاراشلىرى قاندىق-
كىن؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، كەمىنىلىرى بىرنەنچىدىن جەڭنامىلەر-
نى كۆپ ئوقۇمىغان، مۇھارىبىيە ئىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار
ئەمەسمەن. ئىككىنەنچىدىن، جەنۇبتىكى مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ
ئىشىغا كەلسەك. . .

— قۇرۇپ كەتسۇن بۇ ئاسىيلار يۇرتى، — دەپ ئۇنىڭ
سۆزىنى بولدى جىن شۇن قوپاللىق بىلەن، — بۇ يەردە بىرەر
ئادەممۇ سېنىڭ سۆزۈڭنى چۈشەنمەيدۇ. سەنمۇ ئۇلارنىڭ سۆزىنى
چۈشەنمەيسەن. خۇددى دوزاخنىڭ ئۆزى!

— ئۇنداق دېمەڭ، خۇپۇ دارېن، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى
جۇ خۇەن ھەزرەت ئۇنىڭ سۆزىگە، — چەنتۇلار يۇرتى گۈزەل
ئۆلكە، بۇ ئۆلكىدە ياشايدىغان چەنتۇ خەلقى ئۇلۇغ خەلق. تارىختا
ئۇلارنىڭ باتۇر ئاتا - بوۋىلىرى بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا كۆپ
قېتىم ياردەم قولىنى سۇنۇپ، بىزنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇ-
رۇپ قويغان. مەسىلەن، تيەنباۋ يىللىرى يۈز بەرگەن «ئەن -

---

① خۇپۇ — جىن شۇننىڭ يەنە بىر نامى.

شى» توپىلىڭىدا، ئۇيغۇر خاقانلىرى بىزگە ياردەم قىلغان.[1]
مۇبادا بۇ گۈزەل ئۆلكە بولمىغان بولسا، مۇبادا بۇ ئۇلۇغ خەلق
بولمىغان بولسا، سىز بىلەن بىز بۇ يەردە ئولتۇرمىغان بولاتتۇق.
ئاۋاق جىن شۈن ئۇنىڭغا ئىنچىكە چىرقىراق ئاۋازى بىلەن
قارشى ئىنكاس بىلدۈردى...
جىن شۈن ئەسلىدە باركۆلنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى ئىدى.
مانجۇ ئىستىبداتىنىڭ ئىلىدىكى ھۆكۈمرانلىقى خەلق ئىسيانلىرىدا

---

[1] بۇ يەردە تاڭ ئىمپېراتورلىقىنىڭ تيەنباۋ 14 - يىلى (مىلادى
755 - يىلى) يۈز بەرگەن ئەنلۇشەن (ئۆگلۈك) شى سىمىن
(سۈيگىن) توپىلىڭى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
مىلادى 755 - يىلى، تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 14 - يىلى.
تاڭ سۇلالىسىدا، «ئۆگلۈك - سۈيگىن توپىلىڭى» يۈز بېرىپ،
توپىلاڭچى قوشۇن لۇياڭنى بېسىۋالدى ھەمدە تاڭ ئىمپېراتورلىقى-
نىڭ پايتەختى چاڭئەنگە ھۇجۇم قىلدى. دۆلەت قالايمىقانلىشىپ،
ھاكىمىيەت خەۋپ ئىچىدە قالدى. خان تاڭ شۈەنزۇڭ پايتەختنى
تاشلاپ، سىچۇەنگە قېچىپ كەتتى. مىلادى 757 - يىلى، تاڭ
شۈەنزۇڭ توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن، تولىمۇ ئېغىر شەرتلەر
ھېسابىغا، ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن خوتەن بۇددىست ئۇيغۇر
دۆلىتىدىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى. ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلە-
تىنىڭ خاقانى مويۇنچۇر ئۆزىنىڭ ئوغلى يانخۇ تېكىن ۋە سانغۇن
تۇتۇق شادنى بەش مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ياردەمگە ئەۋەتتى.
ئۇيغۇر قوشۇنلىرى چاڭئەندىكى شياڭجى بۇتخانىسىنىڭ يېنىدا توپە-
لاڭچى قوشۇن بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلى-
دى. شۇ يىلى 9 - ئايدا چاڭئەن، 10 - ئايدا لوياڭ قايتۇرۇۋېلىن-
دى. شۇنىڭ بىلەن، دۆلەت زېمىنىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى،
ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى قولدىن كەتكەن، دۆلىتى
مۇنقەرز بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالغان تاڭ دۆلىتى ھالاك بولۇش-
تىن ساقلىنىپ قالدى. بۇ ھەقتە «تاڭنامە» بىلەن «جۇڭگو ئومۇ-
مىي تارىخى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى. 3 - تومغا قارالسۇن.

ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئۇ باركۆلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
قۇمۇل ھۇدۇتلىقىدا مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالغاز-
لىق تۆھپىسىگە، مانجۇ خاقانلىقى ئۇنى دەسلەپتە قاش قوۋۇقتىن
چىققان مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ تۇرشاۋۇل سانغۇنلىقى مەنسىپى
بىلەن، يېقىندا بولسا، ئىلى جياڭجۇنلىك[1] مەنسىپى بىلەن تار-
تۇقلىدى. ئۇ بۇ مەنسەپلەرگە ئېرىشىش يولىدا ئۆزىگە ئۇچرىغاز-
لىكى جىمى توسقۇنلۇقلارنى گاھىدا ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن،
گاھىدا ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە يالغان ۋەدىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن،
بەزىدە بولسا باشقا چارىلەر بىلەن يوقىتىپ، ئاخىرى خاننىڭ
ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈردى.
ئۇ ئىلى جياڭجۇنى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى
ئەڭ يارىماس خۇسۇسىيەتلىرى — مەنسەپپەرەسلىكى، جاللاتلى-
قى، ئەخمەقلىقى، جاھىل - قوپاللىقى ۋە ئىككى يۈزلىمىلىكلى-
كى، يالاقچىلىقى تېخىمۇ كۆپرەك زاھىر بولۇشقا باشلىدى. بۇ
ئاۋاق مانجۇ ھوقۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن، ھېچكىمنى كۆزىگە
ئىلماي، ئۆزىنى بۈيۈك، دانىشمەن ئەرباپ، غالىپ قوماندان دەپ
ھېسابلىدى. ئۇ ئادەتتە «كۈچ كىمنىڭ قولىدا بولسا، ھەقىقەتمۇ
شۇنىڭ قولىدا بولىدۇ.» دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇ-
نىڭ ۋۇجۇدىغا ئاچكۆزلۈك، تەبىئىتىگە زالىملىق شۇنداق ئورۇن-
لىشىپ كەتكەنىدىكى، زۇلۇم باياۋانىدا ئۇنىڭ ئالدىدا ھەججاجمۇ
خىجىل، زەھھاكمۇ تۆۋەن تۇراتتى. پىتنە - پاساتتا ئۇنىڭغا
شەيتان بىلەن دەججالمۇ يېتىشەلمەيتتى.
ليۇ جىڭتاڭمۇ بۇ پۇرسەتپەرەس، ئاۋاق مانجۇنى ياخشى
كۆرۈپ كەتمەيتتى. شۇڭا، ئۇ جىن شۇننىڭ بايامقى سۆزلىرىگە

---

[1] مانجۇ ئوردىسى گۇاڭشۇيىنىڭ ئىككىنچى يىلى (1876) قەمەرىيە
9 - ئايدا، جىن شۇننىڭ مەنسىپىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى ئىلى
جياڭجۇنلىكىگە تەيىنلىگەنىدى.

قىزىقمىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز مۇسۇلمان شەھىرىنى قانداق تارتىۋېلىش ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى.

«ئوردىنىڭ تايغىنى، — دەپ تىللايتتى ئۇ جىن شۈننى ئىچىدە، — كۈش - كۈشلەپ قويسىلا، ئىگىسىنى چىشلەشتىن يانمايدىغان ئەبگار ئىت! سەن بۇ يەردە مەنسەپكە تايىنىپ بايلىق يىغىشتىن باشقا يەنە نېمىگە كارغا كېلىسەن؟! . . .»

ليۇ جىڭتاڭ ئوردىنىڭ جىن شۈننى يەنە بىر بالداق ئۈستۈرۈپ، ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغانلىقىغا نارازى ئىدى. شۇڭا، ئۇ زوزۇڭتاڭغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ قورساق كۆپۈكىنى بىلدۈرگەنىدى:

«. . . جۇڭتاڭ دارېن، — دېگەنىدى ئۇ خېتىدە، — سىلەر ‹مانجۇ سەلتەنەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى قاش قوۋۇقىنىڭ ئىچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك› دېگەن ئۇلۇغۋار ئىرادىنى تىكلىدىلە. شۇڭا، ئادالەت تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قاش قوۋۇقتىن ئەسكەر باشلاپ چىقىپ، ئاسىي مۇسۇلمان قاراقچىلارغا قارشى جازا يۈرۈش قىلىشتەك يۈكسەك ۋەزىپىنى كەمىنىلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىگەنىدىلە. . .

پېقىر سەلتەنەتىمىزنىڭ شۆھرەت - ئابرۇيىغا مۇناسىپ بۇ بۈيۈك ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن تارتىپ، ئارامىدىق ئۇخلاپ باقمىدىم، ئاغزىمغا غىزا تېتىمىدى. ھەرقانداق خەۋپ — خەتەرگە قارىماي ئىلگىرىلىدىم. لېكىن، لەنتى ناكەسلەر بۇنى لايىق كۆرۈشمىدى. كۈنچىقىشقا بۇيرۇسام، كۈنپېتىشقا ماڭدى. جەڭ پۇرسىتىگە دەخلى قىلىپ، پۈتۈن قوشۇننى ھالاك قىلغىلى تاس قالدى. شۇنداق بولۇپ تۇرۇغلۇق، ئۇلارنىڭ گۇناھى سۈرۈشتە قىلىنمىدى. بۇ كەمىنىلىرى زادىلا چۈشەنمەيۋاتقان بىر مەسىلە. . .

جۇڭتاڭ دارېنىنىڭ دانالىقى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئىقتىدارىنى

ئۆلچەپ كۆرسەم، ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ ئىستىبداتسىز ئىكەنلىكىمنى كۆرمەكتىمەن. . . »

زوزۇڭتاڭ لىۇ جىڭتاڭنىڭ ئىستىبداتىنى تولىمۇ قەدىرلەيدى. ئۇ، مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىنى كۆزگە ئىلمايتتى. شۇڭا، ئۇ لىۇ جىڭتاڭنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جىن شۇن قوشۇنلىرىنىڭ ماناس قەلئەسىنى قورشاۋغا ئېلىۋالغانلىقىغا خېلى كۈنلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما، تا ھازىرغا قەدەر ئۇنى پەتھ قىلالمايۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ناھايىتى خاپا بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى بولغان، شەنشى، گەنسۇ مۇھارىبىيە ئىشلىرىنىڭ ياردەمچى ئامبىلى، ئۇچىنچى جەركە - ئوتىغاتلىق ۋەزىر لىۇ دىيەنگە خەت يېزىپ، بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى: «. . . تۆۋەنكى قەلئە[1]گە تېگىش قىلىۋاتقان ئاتلىق ۋە پىيادە چېرىكلەرنىڭ سانى بىرقانچە مىڭغا يەتكەن بولسىمۇ، قەلئە تېخىچىلا قولغا چۈشكىنى يوق. جىن خۇيۇ (جىن شۇن) سانجىدىن زەمبىرەكچىلەرنى يار-دەمگە يۆتكەپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولغىنىنى بىلمىدىم. ئۇ يەردىكى سەردارلار بىر - بىرىدىن تۆھپە - خىزمەت تالىشىپ، بىر - بىرىنى غاجاشقىنى غاجاشقان ياكى تۆھپە - ئەجىر سېلىشتۇرۇپ، قوشۇننى ھالاكەتكە ئۇچراتماقتا، ئىشنى بۇزۇپ، پالاكەتكە يولۇقماقتا. غەربىي يۇرتتىكى ئىشتا خېلى ئۈمىد بار دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، كارغا كېلىدىغانلار بەك ئاز ئىكەن ئەمەسمۇ؟ . . . »[2]

خان ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزۈلگەن ساراي كېڭىشىدە، زوزۇڭتاڭ رەقىبلىرىنى يېڭىپ، غەربىي زېمىنغا ئەسكەر چىقىرىش مۇددىئا-سىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، ئوردىغا ئۆزىنىڭ ياشى-

---

① ماناس قەلئەسىنى دېمەكچى.

② مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. نامە-لەر» 17 - جىلد.

نىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، كىسەلچان[1] بولۇپ قالغانـ
لىقتىن، قاش قوۋۇقتىن بىۋاستە قوشۇن باشلاپ چىقالمايدىغانـ
لىقىنى مەلۇم قىلدى ۋە شىنىڭ ھەربىي تەييارلىق جوجۇقىنىڭ
ۋالىيسى، ئوتتۇز ئۇچ ياشلىق ليۇ جىڭتاڭنى ئۇچىنچى جەركە ـ ئوتتىـ
غاتلىق ۋەزىر دەرىجىسىدە خانىنىڭ قوۋۇقتىن چىققۇچى قوشۇنلىـ
رىنىڭ تۇرشاۋۇل سانغۇنلىقىغا ۋە باش جوڭغارچىلىقىغا تەيىنـ
لەشنى تەۋسىيە قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ يىنىدا ئىشلەيدىغان خاس
مۇشاۋىرى جو خۇەن ھەزرەتنى ئۇنىڭغا باش مۇشاۋىر قىلىپ
يۆتكەپ بەردى. . .

قارىماققا، ئىش مۇشۇنداق بولسىلا يۇرۇشۇپ كىتىدىغاندەك قىلاتتى. ئەمما، نەدە ئۇنداق ئوڭاي ئىش بار دەيسىز؟ سەلتەنەتتە ئەمەلىي ھوقۇق تۇتۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى مانجۇ بولغاچقا، بەزى ئىشلاردا زوزۇڭتاڭمۇ ئامالسىز ئىدى.[2]

× ×

جىن شۇن قوشۇنلىرى ماناس قەلئەسىگە تىگىش قىلىپ ھىچ ئالالمىغانلىقتىن، ئاخىرى ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ، زوزۇڭتاڭغا ئالاقە ئەۋەتتى. زوزۇڭتاڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كىيىن، ليۇ جىڭتاڭغا: «ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ماناسقا تىزدىن ياردەمگە قوشۇن ماڭغۇزۇپ، ماناس قەلئەسىنىڭ قارشىلىقىنى تىز سۇندۇرۇش» ھەققىدە كۆرسەتمە بىرىپ ئالاقە يوللىدى:

«. . . ماناس قەلئەسىنى تارتىۋالىمەن دىسە، تارتىۋىلىش

---

[1] شۇ چاغدا زوزۇڭتاڭ ئۆتكۈر ئۆت ياللۇغى بولۇپ قالغانىدى.

[2] مانجۇ سەلتەنەتى ئادەتتە ھەربىر پىرقىگە مانجۇلاردىن بىردىن باش مۇئەككەل، خەنزۇلاردىن يانداش مۇئەككەل تەيىنلەيتتى.

تامامەن مۇمكىن ئىدى، — دېيىلگەنىدى ئالاقىدە، — لېكىن، كۆك سەي[1] ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن، شۇ شۆگۈك ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرمىدى. بۇ قوشۇنلار قەلئەنى ئېلىشتا تۆھپە تالىشىپ، يەڭ شىمايلىشىپ يۇرۇشكەچكە، قەلئە زادىلا يېمىرىلمىدى. ئاخىر جىن خۇيۇ توپ - زەمبىرەكلەرنى ئېلىپ، «سېپىلنى زادى ئۆزۈم ئالمىسام ھېساب ئەمەس» دەپ خام تەمەلەرنى ئوت ياقمىغان قازانغا سېلىپ تەييارلاپ پىشۇرۇپ، چىشى يوق قۇرۇق ئاغزىدا چايناپ لەززەتلىنىپ، خۇش بولۇپ ماڭغانىدى، بىراق، كارغا كەلمەي قالدى. بىر ئادەمنى يېڭەلمىگەن قوماندان پۈتۈنسۇرۇك سېپىلنى قانداق ئالالىسۇن؟ مادامىكى، بىر شەھەردە جانپىدالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتەلەيدىغان ئادەمدىن قانچىسى چىقار؟ ناھايىتى كەلسە، قېرى - ئاجىز، مەزلۇم كىشىلەر قىرىلىپ تۈگەر! سىز تەن (باسۇي)، لو (چاڭگۇ)لارنى ئېلىپ دەرھال ماناسقا ئاتلىنىپ، قاراقچىلارنى تازىلىغايسىز! بۇ ئالاقە يېتىپ بارغىچىلىك، ئىشلارمۇ ئاللىقاچان بىر ياقلىق بولۇپ بولار. مۇبادا شەھەردە ئوزۇق - تۈلۈك ئۆكسۈپ قالسا، جىن خۇيۇنىڭ گەپ تاپماسلىقى ئۈچۈن، ئوزۇق - تۈلۈك ماڭغۇزۇشنى لازىم تاپتۇق.»[2]

ئەمدى ليۇ جىڭتاڭنىڭ خان مۇپەتتىش زوزۇڭتاڭنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن، تەن باسۇي، لو چاڭگۇلارنىڭ قوماندانلىقىدا ئالتە قوش پىيادە چېرىك بىلەن بەش قوش ئاتلىق چېرىك بولۇپ جەمئىي تۆت مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك چېرىكنى ماناس تامان يولغا سالغانلىقىغا كەلسەك، بۇ كېيىنكى گەپ ئىدى.

---

① كۆك سەي — يەرلىك خەنزۇ قوشۇنىنىڭ ئاتامانى ئىدى.

② «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. نامەلەر» 17 - جىلد.»

× ×

بىر كۈنى، لىيۇ جىڭتاڭ ئۆزىنىڭ خاس خانىسىدا مۇشاۋىر جۆ خۇەن ھەزرەت بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغانىدى. سىيە قىزىل سۇرۇقلۇق بىر لېپاپىنى ئېلىپ كىرىپ، لىيۇ جىڭتاڭغا بەردى. بۇ زوزۇڭتاڭدىن كەلگەن ئالاقە ئىدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«... سەلتەنەتىمىز جۇڭغارىيە بىلەن مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى يېغا - غەلىيانلارنى[1] بېسىقتۇرغاندىن بېرى، — دېيىلگەنىدى ئۇنىڭدا، — يەرلىك چەنتۇلارنىڭ قەلبىدىكى بىزگە بولغان مايىللىق كۈنسايىن چوڭقۇرلاشقانىدى. چەنتۇلار شۇنىڭدىن بېرى ئۆزاققىچە ئاسايىشلىق ئىچىدە ياشاپ كېلىشتى. تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز مۇسۇلمان شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق مۇسۇلمان چەنتۇلار ھېلىھەم ئەنجانلىقلارنى ياراتمايدۇ. ئۇلار ئەنجانلىقلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى يەتكۈچە تارتقانلىقتىن، يەنىلا سەلتەنەتىمىزنىڭ شاپائىتىنى ئەسلەشمەكتە. شۇڭا، بۇ يەردىكى پۇقرالارنى مانجۇ خاقانلىقىنىڭ پۇقرالىرى، بۇ زېمىننى مانجۇ خاقانلىقىنىڭ تەۋەلىكى دەپ بىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز شەھەرنى ئوڭاي تەسەررۇپ قىلغىلى ۋە مەڭگۈ ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىلگىرى چۈشۈرگەن پەرمانلارنى ھەممەيلەن ئورتاق ئىجرا قىلىشلىرى لازىم...»[2].

لىيۇ جىڭتاڭ ئالاقىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، مۇشاۋىرغا

---

① بۇ يەردە 1755 - يىلىدىكى جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ئىسيانى بىلەن 1757 - يىلىدىكى چوڭ غوجا، كىچىك غوجىلارنىڭ ئىسيانى ۋە 1764 - يىلىدىكى جىگدە يېغىلىقى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. نامىلەر» 17 - جىلد

كۆرۈپ بېقىشىغا سۈندى ۋە:

— مەن خاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن، مۇسۇلمان ئاسىي قاراق-چىلارنى جازالاشقا قوشۇن باشلاپ چىقتىم، — دېدى، — ئۆزلىرى دانا پىكىرلىك، كۆپنى كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق زات بولىدىلا. كېيىنكى قەدەمدىكى ھەربىي ۋە يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا بولغان قاراشلىرىنى ئاڭلىغۇم بار. ئەقىل كۆرسىتىپ، مەسلىھەت بەر-گەيلا.

مۇشاۋىر جۇ خۇەن ھەزرەت خان مۇپەتتىشتىن كەلگەن ئالا-قىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن:

— مېنىڭ بۇ ھەقتە كىچىككىنە كونا پەمىم، چولاق مەسلى-ھەتىم بار. مۇۋاپىق دەپ قارىسىلا، زۇڭتۇڭ دارىن، دەپ باق-سام، — دېدى ئۇ.

— مەرھەمەت، مەرھەمەت. زادى تۇزۇت قىلمىغايلا!

— غەلىيان قاپلىغان ئەل - يورتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، قاتتىق قوللۇق قىلماي بولمايدۇ. چۈنكى، يۇمشاق قوللۇق قى-لىش ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ ئىرادىسىنى تەلتۆ-كۈس سۇندۇرغىلى، بېلىنى پۈتۈنلەي ئۈشتۈپ تاشلىغىلى بولماي-دۇ. قاتتىق قوللۇق قىلىش نەتىجىسىدە، ئۇلارنى قايتا باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. مۇسۇلمان ئاسىي قاراقچىلار ئۆز زېمىنىنىڭ چەت - ياقا، چۆل - قاقاسلىق ئىكەنلىكىگە تايىنىپ، سەلتەنەتىمىزگە مۇشت ئېتىپ، ئەمر - ئىتائەتتىن چىقىۋالغىلى نۇرغۇن زامان بولدى. ئۇلار خاننىڭ تەسەررۇپىدى-كى چاغلاردىمۇ بوگۇن بويسۇنسا، ئەتىسى يەنە يۈز ئۆرۈپ، پاراكەندىچىلىك چىقىرىپلا كەلگەن. بۇ ئىش — ئۇلارنىڭ ئەخما-لىقنىڭ تولىمۇ بىقارار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. زۇڭتۇڭ دارىن قاش قوۋۇقتىن باشلاپ چىققان ئادالەتچى قوشۇن بىلەن بۇ قېتىم ئۇلارنى چوقۇم بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ.

— لېكىن، — دېدى ئۇ سەل تىنىۋېلىپ، — يۇرتدارچىلىق
ئىشى ئەسكىرىي ئىشلارغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. داۋاملىق لەشكەر
ئىشلىتىۋېرىمەن دېگىلى، ئۇزاققىچە قاتتىق قوللۇق قىلىمەن
دېگىلى بولمايدۇ. بولمىسا، مۇسۇلمان ئاسىيلارنى يېڭىۋاشتىن
قارشىلىق كۆرسىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ قويىمىز - دە، چاتاق-
نىڭ تېخىمۇ چوڭى تېرىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، قانداق قىلغۇ-
لۇق؟ مېنىڭچە، بۇنىڭدىن غەم قىلىپ كەتمىسىلىمۇ بولىدۇ.
ئەسكىرىي ئىشلار بىلەن يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا، ئاتا - بوۋىلى-
رىمىز يەكۈنلەپ چىققان «گاھ چىڭىتىش، گاھ بوشىتىش —
ۋۇ ۋاڭ بىلەن ۋېن ۋاڭنىڭ ئىشى»① دېگەن ھەقىقەتنىڭ مىزانى
بويىچە ئىش كۆرمەكلىك ئەقىللىق بولۇر. چۈنكى، بۇ قېتىمقى
يۇرۇشتىن كېيىن، مۇسۇلمانلار يۇرتىدا مەڭگۈ ئاسايىشلىق ئور-
نىتىمەن دەيدىكەنلا، يۇرتدارچىلىق قائىدە - مىزانلىرى ھەققىدە
ئەتراپلىق ئويلانسىلا بولىدۇ. ۋەللەھەمكى، جەنۇبتىكى مۇسۇلمان
شەھەرلىرىنى ئۆز تەسەررۇپلىرىغا ئالماقچى بولىدىكەنلا، قەلبىگە
تېگىش قىلىشنى يۇقىرى ئورۇنغا، سېپىلگە تېگىش قىلىشنى
تۆۋەنكى ئورۇنغا قويماقلىق زۆرۈر؛ قەلب جېڭى قىلىشنى بىرىن-
چى ئورۇنغا، لەشكەر جېڭى قىلىشنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويماق-
لىق لازىم؛ بېشىنى سىيلاشنى ئاساس، قولىغا ئۇرۇشنى قوشۇم-
چە قىلىش ھەممىدىن مۇھىمدۇر. مۇسۇلمان قاراقچىلار قورال-
سىزلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئەتراپلارنى بويسۇندۇرۇش ئە-
شىنىڭ يېرىمىلا ئورۇندالغان بولىدۇ. قالغان يېرىمىنى ئورۇن-
داش ئالدىنقىسىغا قارىغاندا كۆپ مۇشكۈلگە توختايدۇ. شۇڭا،

---

① «گاھ چىڭىتىش، گاھ بوشىتىش — ۋۇۋاڭ بىلەن ۋېن ۋاڭنىڭ
ئىشى». بۇ — كۇڭزىنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان» دېگەن كىتابىدىكى
بىر ئېغىز مەشھۇر سۆز. ۋۇ ۋاڭ، ۋېن ۋاڭلار قۇللۇق تۈزۈم
جەمئىيىتىدىكى غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر پادىشاھلىرى.

مۇسۇلمان پۇقرالارنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنى ھەر ۋاقىت ئەسلىرىدىن چىقارمىغايلا. بولمىسا، بۇ يەردىكى باش ئاغرىقى ھەرگىز ساقايمايدۇ.

— تولىمۇ ئاقىلانە مەسلىھەت بولدى، — دېدى ليۇ جىڭتاڭ غاڭزىسىنى قاتتىق بىر شورىۋەتكەندىن كېيىن، — پېقىرمۇ شۇنداق ئويلىغان، ئەمما، بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقانىدىم...

— مەن: «ئەلنى ئەدلۇ ئىنساپ بىلەن ئىدارە قىلغۇچىلار كىشىلەرنىڭ ئۇرۇق - ئايماقلىرىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ؛ ئەلنى رەھىمدىللىك بىلەن سورىغۇچىلار ئادەملەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىنى قۇرۇتۇۋەتمەيدۇ» دېگەننى ئاڭلىغان. قەھر - غەزەپ بىلەن مېھىر - شەپقەت بىر - بىرىگە ئۇرۇق - تۇغقان. گەپ بۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىشتە.

— سىلىنىڭ بۇ ھەقتە قانداق دانا قاراشلىرى بار؟

— جانابلىرى دانا، پەزىلەت بابىدا جۇگۇڭغا جۆرەدۇرلا[1]؛ پاراسەت بابىدا جۇ گېلياڭغا[2] ھەمرۇتبەدۇرلاركىم! جانابلىرى مۇسۇلمان ئاسىي قاراقچىلارنى تىنجىتىپ، مالىمانچىلىقنى بېسىقتۇرۇشتەك ئۇلۇغ ئىشنى زىممىلىرىگە ئېلىپ، بۇ ئەلدە ئەدلۇ - ئادالەتنى ئورنىتىپ، ئاسايىشلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك بۈيۈك ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولۇۋاتىدىلا. قەدىمكىلەرنىڭ: «تۇرقۇڭنى تۈزەي دېسەڭ، ئەينەككە قارا، ساۋاق ئالاي دېسەڭ،

---

① جۇگۇڭ — غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ياشىغان قۇلدارلار سىياسىئونى. جۇ سۇلالىسىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، سىياسىي ۋە ئىدىيە جەھەتتە قۇلدارلارنىڭ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەن.

② جۇ گېلياڭ — ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە شۇ پادىشاھلىقىدا ئۆتكەن سىياسىئون، ھەربىي ئالىم. ليۇ بېينىڭ شۇ پادىشاھلىقىنى قۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن. «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دە پاراسەتلىك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

تارىخقا قارا، پۈتلاشماي دېسەڭ نادانغا قارا»[1] دېگەن سۆزىنى ئەسلىرىدە مەھكەم ساقلىغايلا.

— مەن ئەمدىلەتىن قىرانلىق يېشىغا ئۇلاشتىم. ئەسكىرىي ئىشلاردا ئەتىدىن - كەچكىچە تەرلەپ - تەپچىرەپ يۈرۈپ، ھاردۇق يەتتى! . . .

— جانابلىرى شۇنى سەزدىلەمىكىن، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى دائىم ئۆزلىرى قول تىقىپ ئىشلەيدىكەنلا. مېنىڭچە، بۇنىڭ ھاجىتى يوق. ئەسكىرىي ئىشلار ۋە يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا ھەركىم ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلسۇن. بۇمۇ خۇددى بىر ئائىلىنى باشقۇرغانغا ئوخشاش بىر ئىش. ئۆي ئىگىسى بولغان كىشى چاكار - مالايلىرىنى ئىشقا سېلىپ، دېدەك - چۆرىلىرىنى قازان بېشىغا قويۇپ، ئۆزىنى چوڭ ئىشلارنىلا تۇتۇپ بەھۇزۇر يۈرسىمۇ، تىرىكچىلىك يەنىلا ئېقىۋېرىدۇ. ناۋادا، ھەممە ئىشقا چېپىلىۋالسا، ھېرىپ - ئېچىپ كەتكەندەك قىلسىمۇ، ھامان ئىشى يۈرۈشۈپ بەرمەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسەتتە مالايلارغا يەتمىگەنلىكىدىنمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بۇ ئۇنىڭ دۇرۇس ئىش بىلەن شۇغۇللانمىغانلىقتىن بولغان. دۇرۇس ئىش دېگەن نېمە؟ قەدىمكىلەر: «بارگاھتا تۇرۇپ پىلان تۈزۈدىغانلار ئەمرۇل - ئۇمرا دەپ ئاتىلىدۇ؛ بۇ پىلاننى ئىجرا قىلغۇچىلار سانغۇن دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەنىدى. زۇڭتۇڭ دارىن، چوڭ ئىشلارنى تۇتسىلا. بۇ مېنىڭ سىلىگە دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ بىرىنچىسى. . .

— خوش، قالغانلىرىچۇ؟

---

[1] ئەسلىسى: «مىس كۆرگۈگە قارىسا، لىباسنى تۈزىگىلى بولىدۇ؛ قەدىمكىلەردىن ساۋاق ئالغاندا، ئەل زاۋال تاپمايدۇ؛ باشقىلارنى ئۆرنەك قىلغاندا، پۈتلاشمايدۇ» . «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر. جېنگۇەننىڭ 17 - يىلى»غا قارالسۇن.

— يەنە بىرسى، ئادەم ئىشلىتىش. بۇنىڭ ئۈچۈن پازىل ۋەلىيلەرنىلا ئىشقا سېلىش، نادان - جاھىللارنى ئىشنىڭ بېشىدىن چەتلىتىش لازىم. بۇ ھەقتە مىساللار ناھايىتى كۆپ. قەدىمكى زاماندا، جۇ گېلىياڭ نادانىنى مۇھىم ئىشقا قويغانلىقتىن، چوڭ ئىشقا دەخلى يېتىپ «يىغلاپ تۇرۇپ ما سۇنىڭ بېشىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولغان»[①] ئىدى. نادان دوستنىڭ ئەقىللىق دۈشمەنگە يەتمەيدىغانلىقى ھەققىدە بىر ھېكايىمۇ بار. مۇبادا خالىسىلا، سۆزلەپ بېرىشىم مۇمكىن...

— قېنى، قېنى، قۇلىقىم سىلىدە.

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن بىر پادىشاھنىڭ بىر مايمۇنى بار ئىكەن. پادىشاھ ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا ئىشىنىدىكەن. ئۇنى دائىم نازۇنېمەتلەر بىلەن بېقىپ، تەربىيەت قىلىپ، ئۆزىگە مەھرەم قىلىۋالغانىكەن. پادىشاھ ئۇخلىسا، مايمۇن تاڭ ئاتقۇچە قولىدا شەمشەر تۇتۇپ ئۇنىڭ بېشىدا پاسىبانلىق قىلىپ بىدار تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى، بىر زېرەك ئوغرى يىراق بىر شەھەردىن بۇ يۇرتقا كەپتۇ ۋە بىر كېچىسى پۇل ۋە مال جايلاش كويىدا يۈرۈپ يەنە بىر نادان ئوغرى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار ھەمسۆھبەت بولۇشۇپتۇ. مۇساپىر ئوغرى يەرلىك ئوغرىدىن سوراپتۇ:

— بىز قەيەرگە بارايلى، بۇرادەر كىمنىڭ تېمىنى تېشەيلى؟

— مۇشۇ شەھەرنىڭ ئامبىلىنىڭ ئاتخانىسىدا ناھايىتى سېمىز ۋە بەكمۇ ئىلدام ماڭىدىغان بىر خېچىر بار. ئامبال بۇ خېچىرنى ناھايىتى ئوبدان كۆرىدۇ. شۇڭا، خېچىرنى مۇھاپىزەت

---

① ما سۇ -- ئۈچ پادىشاھلىق مەزگىلىدىكى شۇ پادىشاھلىقنىڭ سەركەردىسى. ئۇ دەستۇرلارنى كۆپ ئوقۇغان بولسىمۇ، ئەمما، ئەمەلىي جەڭدە ناقابىل بولغاچقا، جېتىڭ دېگەن مۇھىم قورۇلنى دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويغانلىقتىن، كاللىسى ئېلىنغانىدى.

قىلىشقا ئۇن نەپەر چاكارنى مۇئەككەل قىلىپ قويغان. ئۇلار خېچىرنى پۇتىدىن زەنجىرلەپ ساقلايدۇ. ياخشىسى شۇكى، بىز ئاۋۋال بېرىپ ھېلىقى خېچىرنى ئوغرىلايلۇق ـ تە، ئاندىن چارسۇ بېشىدىكى شىشىگەرنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ تېمىنى تېشەيلى ۋە قىممەت باھا شىشىلىرىنى ئېلىپ، خېچىرغا يۈكلەپ، يولىمىزغا راۋان بولايلى، — دەپتۇ نادان ئوغرى.

زېرەك ئوغرى ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ئەجەبلىنىپ تۇرسا، ساقچى كېلىپ قاپتۇ ـ دە، زېرەك ئوغرى ئۆزىنى دەرھال دالدىغا ئاپتۇ. نادان ئوغرى قاچالماي تۇتۇلۇپ قاپتۇ.

— سەن نېمە ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ ساقچى.

— مەن ئوغرى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نادان ئوغرى، — ئامبالنىڭ خېچىرىنى ئوغرىلاپ، شىشىگەرنىڭ دۇكىنىنى تېشىپ، شىشىلەرنى خېچىرغا يۈكلەپ، ئۆيۈمگە ئاپىرىشنى قەست قىلغانىدىم.

ساقچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپتۇ ـ دە:

— سېنىڭدەكمۇ ئەخمەق ئوغرى بولامدۇ؟ بىر ئېشەكنى بىرمۇنچە ئادەم ساقلاپ ياتسا، ئۆز جېنىنى بالانىڭ ئوتتۇرىسىغا باشلاپ، بىر تەڭگىگە ئالمايدىغان بىر مۇنچە شىشە ئۈچۈن ئۆزىنى خەتەرگە تاشلايدىغان؟ ساڭا بىكارغا كەلگەن جان بولغاچقا، قەدرىنى بىلمەيدىكەنسەن ـ دە! ئەگەر پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە چۈشۈش ئۈچۈن بۇنداق خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغان بولساڭ، ئۇ چاغدا تازا كاتتا ئىش قىلغان بولاتتىڭ! — دەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ قولىنى باغلاپ، زىندانغا تاشلاپتۇ.

زېرەك ئوغرى ئۇلارنىڭ ماجرالىرىنى ئاڭلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ، نادان ئوغرىنىڭ ھېلىقى بۇزۇق خىيالىدىن ۋە ساقچىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدىن تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئوغرى ماڭا دوست بولسىمۇ، نادان ئىدى. ساقچى بولسا دانا دۈشمەن. ئەگەر ئۇ دانا دۈشمەن پەيدا بولمىغان بولسا، بۇ نادان

دوست مېنى هالاكەتكە باشلىغان بولاتتىكەن. هېلى بولسىمۇ، ساقچى ئېيتقاندەك، پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە چۈشسەم، مەقسىتىم ئۇنىڭدىن هاسىل بولسا ئەجەپ ئەمەس» دەپتۇ ـ دە، ئاستاغىنە پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ ۋە سارايىنىڭ تاش تېمىنى تېشىپ، پادىشاھنىڭ تەختى يېنىدىن باش چىقىرىپتۇ. قارىسا، پادىشاھ تەخت ئۈستىدە ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن. ئوغرى يەنە قولىغا شەمشەر ئېلىپ، پادىشاھنىڭ ياستۇقى ئۈستىدە ئوڭ ـ سولغا ئېھتىيات نەزەرىنى سېلىپ تۇرغان بىر مايمۇننىمۇ كۆرۈپتۇ. ئوغرى ئۇنىڭغا هەيران بولۇپ: «بۇ هايۋان قانداقسىگە پادىشاھنىڭ بىساتى ئۈستىگە چىقىۋالغاندۇر ۋە نېمىشقا شۇنداق ئىتتىك تىغنى تۇتۇۋالغاندۇر؟» دەپ هەيران بولۇپ تۇرسا، تۇيۇقسىز بىر چىۋىن ئۇتتۇرلا پادىشاھنىڭ بۇرنىنىڭ ئۈستىگە قونۇپتۇ. مايمۇن ئۇنى كۆرۈپ غەزەپ ئوتى ئۆرلەپ پەيمانى تېشىپتۇ ـ دە: «مەندەك بىر پاسىبان قاراپ تۇرغان يەردە، ئىگەمنىڭ بۇرنىغا چىۋىننىڭ قونىدىغان نېمە هەددى بار ئىكەن؟» دەپ بىر ۋارقىراپتۇ ـ دە، يەردىن يوغان بىر تاشنى ئالغان پېتى هېلىقى چىۋىننى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، پادىشاھنىڭ بۇرنىغا تاشنى ئۇرۇشقا تەمشىلىشىگە، ئوغرى: «هەي نادان ئەبلەخ، قولۇڭنى تارت! ئۇ ئۆلسە جاهان ۋەيران بولىدۇ!» دەپ ۋارقىراپ، مايمۇننىڭ تاش كۆتۈرگەن قولىنى تۇتۇۋاپتۇ. پادىشاھ ئوغرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپتۇ ۋە بۇ هالەتنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— نېمە ئادەمسەن؟

— دانا دۈشمىنىڭمەن، مېلىڭنى قەستلەپ كەلگەنىدىم. ئەگەر بىر پەس غاپىل بولۇپ قالغان بولسام، بۇ نادان مېھرىبانىڭ سېنى يوقلۇق دەرياسىغا غەرق قىلغان بولاتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغرى.

پادىشاھ بۇ هالنى كۆرۈپ، تەڭرىگە شۈكرى قىلىپ سەجدە قىپتۇ ۋە:

— ئەگەر تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى كىشىگە يار بولسا، ئوغرى پاسىبان ۋە دۈشمەن مېھرىبان بولىدىغانلىقى راست ئىكەن، — دەپتۇ - دە، ئوغرىغا ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مەھرەملىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپتۇ. مايمۇننى بولسا زەنجىرلەپ، ئۆزىدىن خالاس قىپتۇ.

ئوغرى ۋەج ئۈمىدىدە خەزىنە تېمىنى تېشىدىغان بولسىمۇ، دانىشمەنلىك لىباسىنى كىيگەنلىكىدىن بېشىغا دۆلەت تاجى قويۇلۇپتۇ. مايمۇن بولسا پادىشاھقا يېقىنلىق مەقامىدا تۇرۇپ، بارلىق سىرلارغا مەھرەم بولغان بولسىمۇ، نادانلىق تىكىنى ئۇنىڭ ئېتىكىنى ئىلغاچقا، ھۆرمەت لىباسى ئۇنىڭ تېنىدىن سالدۇرۇلۇپتۇ.

— بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، — دېدى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا جۆ خۇەن ھەزرەت، — ئاقىل ھۆكۈمران دانا ئەئىيانلار بىلەن دوست بولۇشى، نادانلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇشى كېرەك. چۈنكى، «ۋەلىيلەر پازىل بولسا، ئەركانلار ئادىل بولىدۇ.» دوستلۇق دەۋاسىنى قىلىدىغانلارنى، جاھانسازلارنى مۇنداق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن: بەزىلىرىنى خۇددى ئاش - تاماققا ئوخشىتىش مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلارسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ جامالىنىڭ نۇرى چۈشمەي تۇرۇپ، سۆھبەت شامى شولا چاچمايدۇ؛ بەزىلىرىنى خۇددى ئاقمايدىغان دەۋاغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئۇلاردىن زەرەردىن باشقا ھېچنېمە كەلمەيدۇ. ئۇلار ئىككى يۈزلىمچى، كاززاپ ۋە خوجاكۆرسىلەردۇر. ئۇنداقلارنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى، يۈزىنىڭ تېگىدە يۈزى بولىدۇ.

ئۇلار مۇشۇنداق سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، تۈن نىسپى بولغانلىقىنىمۇ تۇيمايلا قېلىشتى.

قەمەرىيە 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى[1]، ماناس قەلئەسىنىڭ

---

[1] شەمسىيە 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى.

پەتهى قىلىنغانلىقى ھەققىدە خەۋەر يېتىپ كەلدى.

ئەسلىدە، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ ماناس قەلئەسىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقىنىغا ئۈچ ئايدەك بولۇپ قالغانىدى. قەلئەدىكىلەرمۇ ئۈچ ئايغىچىلىك قاتتىق تىركىشىپ، قارشىلىق كۆرسىتىپ، جىن شۇنىڭ قوشۇنلىرىنى زور تالاپەتكە ئۇچراتقانىدى، ئەمما ياردەمسىز قالغانلىقتىن، ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگىگەن، ئوق - دورىسى ئۆكسىگەنىدى. شۇڭا، ئۇلار ئاخىر تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. قەلئە قوماندانى خېيەن باشچىلىقىدىكى بەدۆلەت قوشۇنلىرى مانجۇلارنىڭ باش قوماندانى، ئىلى جياڭجۈنى جىن شۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ قورال تاشلىدى. ئەمما، جىن شۇن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىدى. ئۇ قوشۇنلىرىغا شەھەردە قەتلىئام (ئومۇمىي قىرغىن) يۈرگۈزۈشنى بۇيرۇدى. بەدۆلەتنىڭ تەسلىم بولغان قوشۇنلىرى ۋە بىگۇناھ پۇقرالاردىن بولۇپ نەچچە مىڭ كىشى دەھشەتلىك تۈردە پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاندى.

ماناستا قەتلىئام يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ليۇ جىڭتاڭ جۈ خۇەن ھەزرەت بىلەن بىللە سەردارلارنىڭ ھەمراھلىقىدا دەرھال كېچىلەپ ماناسقا قاراپ ئاتلىق يولغا چىقتى.

ليۇ جىڭتاڭنىڭ مىنىۋالغىنى گۇمۇدى ئۆرۈشىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئەزىمقۇل پەنساد مىنگەن چىلان تورۇق يۇلتۇز ئارغىمىقى ئىدى. چىلان تورۇق ئادەتتە يورغىلاپ ماڭمىغىنى بىلەن، جەڭدە قانات ياساپ ئۇچاتتى.

چىلان تورۇق ئات ليۇ جىڭتاڭنى شۇنداق سوكۇلداتتىكى، ھەتتا ئۇنىڭ چىشلىرىغا تېگىپ كاسىلدايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالدىغا ئېسىۋالغان قوش كۆزلۈك دۇربۇنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە دۈپۈلدەپ تېگىۋېرىپ، ئىچىنى بەكمۇ پۇشۇرۇۋەتتى. ئۇ دۇربۇنىنىڭ تاسمىسىنى بەكمۇ قىسقا قىلىپ قويغانىكەن. سوكۇلداپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان ليۇ جىڭتاڭ تىلىنى چىشلەپ سالماسلىق ئۈچۈن، ئېھتىياتلىنىپ، ئاتنىڭ چېپىشىغا

قاراپ ئۆزىنى ئوڭشۇالماقچى بولدى - يۇ، لېكىن بۇنى ئەپلەشتۈرەلمىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۇزەڭگىدە ئەركىن پۇلاڭلايتتى. ئۇنىڭ گەۋدىسى بولسا، ئىگەرنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ ھەدەپ سوكۇلدايتتى. خۇددى «مانا ھازىرلا ئولاڭ ئۇزۇلىدۇ ۋە مەن توڭلاپ تاشتەك قېتىپ كەتكەن يەرگە يىقىلىمەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ. لېكىن، ھەممىدىن كۆپرەك، ئاستىدىكى چىلان تورۇققا ئۇۋال بولغانىدى. چۈنكى، ئولاڭ چىڭ تارتىلمىغاچقا، ئىگەر مۇنداق تولا مىدىرلاۋەرسە، ئاتنىڭ دۇمبىسىنى يېغىر قىلىپ قوياتتى.

لىۋ جىڭتاڭ ئاخىر ئۇزەڭگىگە پۇتىنى كىرگۈزۈپ، ئىگەردە كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇرۇۋىدى، ياخشى بولدى. چىلان تورۇق ئوڭ ئالدى پۇتىنى چامدىغاندا، ئۇنىڭ مېڭىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشكە تىرىشىپ، ئۇمۇ ئۇزەڭگىدە سەل يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئات بارا - بارا ئۇنى سوكۇلداتمايدىغان بولدى. ئۇ ئەمدى خېلى تەكشى كۆتۈرۈلىدىغان بولدى ۋە بۇ ئاتتا قانداق ئولتۇرسا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى ھەقىقىي چەۋەندازدەك ھېس قىلىپ، رۇسلىنىپ ئولتۇردى. . .

نەزمە:

ئەزگۈچى زالىم بولمىسۇن سۇلتان،
بۆرىدىن چىقماس ھەرگىزمۇ چوپان.
پادىشاھ سالسا زۇلۇمغا ئاساس،
دۆلەتنىڭ ئۇلىنى كولىغان ئوخشاش.

— شەيخ سەئىدى

ئۈچىنچى باب

## بۇ ۋەقە ماناستا بولغان...

«مۈشۈكنى هارۋىغا قاتساڭ، كاتىنىڭ ئاستىغا سۆرەيدۇ.»

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

مىلادى 1876 - يىلى باش قىش پەسلى.

قەمەرىيە 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى (شەمسىيە 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى)، سابىق ئىلى جياڭجۈنى رۇڭ چۇەن باشچىلىقىدىكى مانجۇ قوشۇنلىرى بىلەن كۆك سەي، شۇ سۆگۈڭ باشچىلىقىدىكى قارا چېرىكلەر ماناسنىڭ شىمالىي قەلئەسىنى بېي يەنخۇ قوشۇنلىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. قەمەرىيە 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى (شەمسىيە 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى)، تۇرشاۋۋل سانغۇن جىن شۇن باشچىلىقىدىكى مانجۇ توپچى قىسىملىرى ئۈرۈمچىدىن ماناسقا يېتىپ كەلدى.

ماناس — بۇرۇندىن تارتىپلا ئۇرۇشتا ئىككى تەرەپ جەزمەن تالىشىدىغان مۇهىم ئورۇن بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇ شىمالىي قەلئە ۋە جەنۇبىي قەلئە دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. ماناس شىمالىي قەلئەسىنىڭ بىنا قىلىنغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما، ماناس جەنۇبىي قەلئەسى بەك ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمكى قەلئە ئىدى.

ماناس جەنۇبىي قەلئەسى — ماناس قەلئەسى دەپمۇ ئاتىلاتـ

تى. بۇ يەر قەدىمكى قوس خانلىقى[1] دىن مىڭلاق ئېلى[2] گە ئۆتىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، مىلادى VIII ئەسىردە ئەرەبلەر شەرققە قاراپ كېڭەيگەندە، سوغدىلار[3] ماناس قەلئەسىنى تايانچ قىلىپ، ئەرەبلەرنىڭ باش قوماندانى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم[4] گە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئەرەب تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقانىدى. ئۇنىڭدىن مىڭ يىل مۇقەددەم،

---

① قوس خانلىقى — غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ بىرى. مىلادىدىن ئىلگىرى 74 — 49 - يىللىرى قوس خانلىقى ئالدىنقى قوس ۋە كېيىنكى قوس دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئالدىنقى قوس خانلىقى يارغول (تۇرپان) نى پايتەخت قىلدى؛ كېيىنكى قوس خانلىقى قاغانبۇت شەھىرى (هازىرقى جىمسارنىڭ غەربىي شىمالىغا ئالتە كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە) نى پايتەخت قىلدى. ماناس كېيىنكى قوس خانلىقى (كېيىنكى چاغلاردا «بېشبالىق» دەپ ئاتالدى) نىڭ زېمىنى — غەربىي كۆك يايىق دالالىرىغا جايلاشقان مۇھىم ستراتېگىيىلىك قورغانغا ئايلاندى.

② مىڭلاق — قەدىمكى دۆلەت نامى. هازىرقى ئىلى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

③ سوغدىلار — غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللەت، هازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئېتنىك تەركىبلىرىنىڭ بىرى بولغان.

④ قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم (670 — 715) — ئەرەب ئىستىلاچىسى. مىلادى 704 - يىلى، خەلىپە ۋەلىد I نىڭ پەرمانىغا ئاساسەن خوراسانغا ئەمىر بولغان. 705 - يىلى، 50 مىڭ كىشىلىك ئەرەب قوشۇنىنى باشلاپ، تۇخارىستان، سوغدىستان ۋە بۇخارالارنى بېسىۋالغان. 713 — 715 - يىللىرى، پەرغانىگە باستۇرۇپ كىرگەن. مىڭلاق، سۇياب، پەرغانە، سەمەرقەند قاتارلىق جايلاردا، دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، بەش يۈز مىڭ بۇددىستنى قىرىپ تاشلىغان. يۈز مىڭ سوغدىنى قۇل قىلىۋالغان. خەلىپە سۇلايمان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، 715 - يىلى ئۇ ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنغاندا، قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

بۈيۈك ئىستىلاچى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن[1]نىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنىمۇ ماناس ئەتراپلىرىدا توخار[2]لارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلگەنىدى.

تەڭرى تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىپ، كۆك يايىق ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىدىكى ماناس كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ماناس دەرياسى بۇ قەدىمكى قەلئەنىڭ ئايىقىدىن ئايلىنىپ ئېقىپ ئۆتەتتى. بۇ قەلئە تۆت ئەتراپتىكى سېپىل ۋە خەندەكلەر بىلەن قوشۇلۇپ، دەريانى تېرەك قىلغان ھالدا، ھەم مۇداپىئە قىلغىلى بولىدىغان، ھەم ھۇجۇم قىلغىلى بولىدىغان مۇستەقىل كۈچلۈك ھەربىي قۇرۇلۇشقا ئايلانغانىدى. سېپىلنىڭ تۆت بۇرجىكىدە بىردىن ئېگىز مۇنار بار ئىدى. مۇناردا تۇرۇپ قارىسا، ئەتراپ بەش قولدەك ئېنىق كۆرۈنەتتى.

مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان توپ ئوقلىرىنىڭ دەھشەتلىك پارتلاش سادالىرى ئەتراپنى قاپلىغانىدى. گۇ - ۇ - ۇ - . . . گۇ - ۇ - ۇ - . . . گۇم! باڭ! بۇ - ۇ - ۇ - ۇ - بۇم! ئاندا - ساندا ئايرىم توپ - زەمبىرەكلەردىن ياپىسىغا ئېتىلغان ئوقلار چىرقىرىغىنىچە كۆكنى يىرىپ ئۆتەتتى - دە، يىراققا بېرىپ چۈشۈپلا

---

① ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونىسكى) مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 323 — 356 - يىللار ئىمپېراتور، مىلادىيىدىن 328 يىل ئىلگىرى، قوشۇن باشلاپ تەڭرى تاغلىرى ئەتراپىغا باستۇرۇپ كەلگەندە، توخارلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ قايتىپ كەتكەن. مىلادىيىدىن 326 يىل ئىلگىرى، ئۇ ئىستىلاچى قوشۇننى باشلاپ ھىندىقۇش تاغلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ بەش ئەنەتكەك ئېلىنى ئىستىلا قىلغان. ئۇ شەرقتە جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھىندى دەرياسىدىن تارتىپ، ئافرىقىدىكى نىل دەرياسى بىلەن ياۋروپادىكى بالقان يېرىم ئارىلىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ئىمپېرىيە قۇرۇپ چىققان.

② توخار — غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللەت. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئېتنىك تەركىبلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى.

پارتلايتتى.
گۇ ـ گۇم ـ باڭ! بۇ ـ ۋ ـ ۋ ـ بۇم!
قەلئەنىڭ ئىچىدە ۋە قەلئەنىڭ كەينى تەرىپىدە توپ ئوقلىرى-
نىڭ پارتلىشىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىس ـ تۈتەك ئاسمانغا خۇددى
تۈۋرۈكتەك تۈرۈلۈپ كۆتۈرۈلەتتى. پۈتۈن ئەتراپنى پۇرۇقنىڭ
دىماغنى ياردىغان ئاچچىق ھىدى قاپلاپ كەتكەنىدى.
قەمەرىيە 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى (شەمسىيە 10 ـ ئاينىڭ
4 ـ كۈنى) ليۇ جىڭتاڭ جىن شۈننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، خۇنەن
قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى لو چاڭخۇ باشچىلىقىدا، ئالتە قوش
پىيادە چېرىك، بەش تۇغلۇق ئاتلىق چېرىك بولۇپ جەمئىي بەش
مىڭدەك قارا چېرىكنى ماناسقا — ئالدىنقى سەپكە ياردەمگە ئەۋەت-
كەنىدى.
جەنۇبىي قەلئەنى ئېلىش مانجۇلار ئۈچۈن شىمالىي قەلئەنى
ئالغاندەك ئاسان توختىمىدى. بۇ ئۇرۇشۇۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپ-
كە ئېغىر تالاپەت يەتكۈزدى. مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان توپ ئوقلى-
رىنىڭ دەھشەتلىك پارتلاش سادالىرى ئىچىدە، ماناس قەلئەسى
يەنىلا مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.
ماناس دەرياسىنىڭ ئۈستى مۇز بىلەن قاپلانغانىدى. دەرياغا
چۈشۈپ پارتلاۋاتقان توپ ئوقلىرى دەريادىكى مۇزلارنى يېرىپ
چۇل ـ چۇل قىلىپ تاشلايتتى. پارتلاشتىن دەريادا ئېگىز ـ
ئېگىز سۇ تۈۋرۈكلىرى ھاسىل بولۇپ، قۇم ـ شېغىل ئارىلاش
سۇ بۇژغۇنلىرىنى ئەتراپقا چاچرىتاتتى.
بەي يەنخۇنىڭ لەشكەرلىرى ماناس قەلئەسىنى پۈتۈن كۈچى
بىلەن مۇداپىئە قىلىۋاتاتتى. قەلئەدىكىلەر ئۆز ئامانلىقى ئۈچۈن
جان تىكىپ ئۇرۇش قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرى ۋە بالا ـ
چاقىلىرىنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن، جان تىكىپ ئۇرۇش قى-
لىش لازىملىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. گومۇدى قەلئەسى مانجۇلار-
نىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن قورقۇنچلۇق

ئومۇمىي قىرغىن ساۋاقلىرى ماناس قەلئەسىنى قەيسەرلىك بىلەن
قەتئىي قوغداۋاتقان بۇ ياردەمچىسىز، تەنها قوشۇننىڭ ئىرادىسىنى
تېخىمۇ چىڭىتقانىدى.

گۇمۇدىنىڭ ئېلىنىشى، ئۈرۈمچىنىڭ تەسلىم بولغانلىقى
مانجۇلار ئۈچۈن زور بىر غەلىبە ھېسابلانسىمۇ، ئەمما تەڭرى
تېغىنىڭ شىمالىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ ئۇرۇشتا، غەلىبە قىـ
لىش ياكى مەغلۇپ بولۇش — ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا مۇشۇ
ماناس قەلئەسى ئالدىدا بەلگىلىنەتتى.

مانجۇلارنىڭ سېپىلغا ئارقا ـ ئارقىدىن قىلغان ھۇجۇملىرى
قەلئەدىكىلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، قايتا ـ قايتا
چېكىندۈرۈلدى.

شۇنداق قىلىپ، قەلئەگە ئېتىلىۋاتقان توپ ئوقلىرى ئالاھـ
زەل ئىككى ئايغىچىلىك بىر كۈچىيىپ، بىر پەسلەپ، توختاۋسىز
چۈشۈپ تۇردى. ئەمما، قەلئە سېپىلى قېلىن، پۇختا بولغانلىقـ
تىن، توپ ئوقلىرى سېپىلنى ئانچە ۋەيران قىلالمىدى. قەلئەدىـ
كىلەر قورال ـ ياراق ۋە ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنـ
لۈكتە تۇرۇۋاتقان مانجۇلار بىلەن قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى.
مانجۇلار قەلئەنى سەككىز ھەپتىگىچە قاتتىق قورشاۋغا ئېلىۋالغان
بولسىمۇ، قەلئەدىكىلەرنىڭ قارشىلىقى ئازراقمۇ پەسەيمىدى.

قەمەرىيە 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى (شەمسىيە 11 ـ ئاينىڭ
5 ـ كۈنى) ماناس قەلئەسىنىڭ قارشىلىقىنى تەلتۆكۈس بىتچىت
قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن، ئەللىك دانە گائۇبىتسا[①]نى قاتار قىلىپ
تىزىپ، سېپىلغا بىردىنلا زالىپ ئېتىشقا[②] بۇيرۇق بېرىلدى.

توپلاردىن زالىپ ئېتىلغان دەسلەپكى ۋاقىت تولىمۇ دەھشەتـ
لىك ئىدى. توپ ئوقلىرى ئاسماننى خۇددى چېكەتكىدەك قاپلاپ

---

① گائۇبىتسا — قىسقا ستوۋوللۇق چېقىن توپ.
② زالىپ ئېتىش — بىرنەچچە قورالدىن تەڭلا ئېتىش دېگەن مەنىدە.

ئۇچۇپ كەلگەن پېتى يەرگە چۈشۈپ پارتلاپ، زېمىننى سىلكىپ لەرزىگە كەلتۈرەتتى. توپ ئوقلىرىنىڭ پارتلاش سادالىرى ئىچىدە كىشىلەر ۋارقىراپ يۇگۇرۇشەتتى. نۇرغۇن توپ ئوقلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، قورقۇپ، ئەس - ھوشىنى يوقىتىشقان بەزى كىشىلەر ئۆيىنىڭ ئىچىدىن تالاغا يۇگۇرۇشۇپ چىقىشاتتى، يەنە يۇگۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كېتىشەتتى ۋە نېمە قىلارىنى بىلىشمەي، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە بېشى قايغان تەرەپكە ئۆزلىرىنى ئېتىشاتتى. كىشىلەر مەڭدەپ قېلىشقانىدى. ۋىڭىلداپ ئۇچۇۋاتقان توپ ئوقلىرى كۆكنى يېرىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ھەربىر بۆلۈك - پۇچقاقلاردىن ئوقلار تارىسلداپ ئېتىلماقتا ئىدى. كىشىلەر ياردار بولغانلارنى دەسسەپ يۇگۇرۇشۇپ يۈرۈشەتتى. ھەممىلا يەردىن يارىلانغانلارنىڭ ئىنجىقلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سەردارلار ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئىزدىشەتتى. ئەسكەرلەر ئۆز باشلىقلىرىنى تاپالماي تۇرۇشاتتى. بىراق، شۇنچىۋالا ئېتىشلار بولۇۋاتسا، يەنە ئۆزىنى يوقاتمىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار بۇ قالايمىقانچىلىقلارغا سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. بىر ئايال قۇچىقىدىكى بالىسىنى بەھۇزۇر ئېمىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا، ئېرى ئۇزۇلۇپ كەتكەن پۇتىدىن قان ئېقىۋاتسىمۇ، پەرۋا قىلماي، مىلتىقىنى بەتلەپ، ئۇدۇلىغا قارىتىپ ھەدەپ ئوق ئۈزمەكتە ئىدى.

قەلئە قوماندانى خەيبەن بۇ قالايمىقانچىلىقلاردا ئۆزىنى تەمكىنلىك بىلەن تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە قىسقا - قىسقا بۇيرۇقلارنى بېرىپ، قەلئەگە كەلكۈندەك بېسىپ كىرىۋاتقان قارا چېرىكلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىشنى تەشكىللەۋاتاتتى...

ئاخىرى، ماناس قەلئەسىدىكىلەرنىڭ ئوق - دورىلىرى پۈتۈنلەي تۈگىدى. قەلئە قوماندانى خەيبەن مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە كېلىپ باش ئېگىپ، شەرەپلىك ھالدا تەسلىم بولۇشقا رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. قەلئەگە ھۇجۇم

قىلىۋاتقان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى، ئىلى جياڭجۈنى جىن شۈن چىرايىنى تۈرمەستىنلا، ئۇنىڭ شەرتلىرىنى تېزلا قوبۇل قىلدى.

قەمەرىيە 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى (شەمسىيە 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى)، ماناس قەلئەسىنىڭ قوماندانى خەييەن قوشۇننى شىمالىي گازارمىدىكى مەشق مەيدانىغا باشلاپ كېلىپ، چاسا سەپ بويىچە قاتار تىزدى. تۆت ئەتراپتىكى ئېگىزلىكلەردە، مانجۇلار بەتلەكلىك مىلتىقلىرىنى ئۇلارغا تەڭلەپ تۇرۇشاتتى. توپلار ئۇ-لارغا قارىتىپ تىكلەپ قويۇلغانىدى. ئەھۋالنىڭ چاتاق ئىكەنلى-كىنى سەزگەن خەييەن ئۆز قىسىملىرىغا قورالنى تېز يەرگە قويۇشقا بۇيرۇق بېرىشى بىلەن تەڭلا، تۆت ئەتراپتىن توپ ـ زەمبىرەك، مىلتىقلاردىن ئۇلارغا قارىتىپ بىراقلا ئوت ئېچىل-دى. قورال تاشلىغانلار بىردەمنىڭ ئىچىدە تىرىپىرەن قىلىپ تاشلاندى. بۇ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئۆلمەي ساق قالغانلار مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى جىن شۈننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ ھەتتا بۇ ئەسىرلەرنىڭ نام ـ ئەمەلىنى سوراپمۇ باقماستىن، ئۇلارنى چېپىپ تاشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئاندىن شەھەر بويىـ-چە ئومۇمىي قىرغىن يۈرگۈزۈشكە پەرمان بەردى. مانجۇلار شە-ھەر ئىچىدە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈش ھەققىدە ئىجراسى قاتتىق بۇي-رۇقلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن تاپشۇرۇۋېلىشتى.

ماناسنىڭ شەرقىي كوچىسىدا بىر توپ ئادەم يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتقانىدى. بىر ئاتلىق قارا چېرىك قولىدىكى قىلىچىنى شىلتىۋىدى، ئۇلار قىقاس ـ چوقان كۆتۈرۈشكىنىچە، تەرەپ ـ تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. ھېلىقى قارا چېرىك ئېتىنى دىۋىتكىنىچە قوغلاپ كېلىپ، قولىدىكى قىلىچىنى ياپسالاپ تۇ-رۇپلا، بىرسىنىڭ قولىنى مۈرىسىدىنلا چېپىپ تاشلىدى. چېپىل-غان ھېلىقى ئادەم يىقىلدى، ئۇنىڭ قانغا بويالغان گەۋدىسىنىڭ

ئىچىدىن لىك ـ لىك قىلىپ تۇرغان يۈرىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ جىگەر ـ باغىرى بىردەمدىلا كۆكىرىپ كەتتى...

جىن شۇنىڭ قىلىچى باشقا مانجۇ سەردارلىرىنىڭكىدىن ئالاھىدە ئىدى. ئۇ قىلىچنىڭ قولى[①]غا سىماب قۇيدۇرغانىدى. بۇ قىلىچنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق ئادەم ئۇزۇپ كۆتۈرەلمەيتتى. ئۇ مۇشۇ قىلىچ بىلەن ھەرقانداق ئادەمنى بىر چېپىشىدىلا ئىككى پارچە قىلىپ تاشلىيالايتتى. ئۇ قىلىچ چاپسا، مۇدھىش بىر كۇچ بىلەن چاپاتتى. ئادەمنىڭ قەيىرىنى نىشانلىسا، شۇ يېرىنى قىيپاش چېپىپ، چورتلا كېسىپ تاشلىيالايتتى.

— ئادەمنى يۈرەكلىك چېپىۋەر! ئادەم دېگەن ھۆل نېمە، قىلىچ ھۆل نەرسىگە ئاسان ئۆتىدۇ. ئادەم دېگەن خېمىرغا ئوخشاش يۇمشاق نەرسە، — دەيتتى ئۇ قىيسىق كۆزلىرى بىلەن كۈلۈپ، — سەن رەھىم قىلىپ، نېمىشقا، قانداق؟ دەپ ئويلاپ ئولتۇرما. سەن خاننىڭ سەردارىسەن! سېنىڭ ۋەزىپەڭ — سوراپ ئولتۇرماستىنلا چېپىۋېرىش. ئۇرۇشتا ئاسىي قاراقچىلارنى ئۆلتۈرۈشتىن مۇقەددەس ئىش بولمايدۇ. سەن ئۆلتۈرگەن ھەربىر ئادەم بەدىلىگە تەڭرى سېنىڭ بىر گۇناھىڭنى كەچۈرىدۇ ساقىت قىلىدۇ. بۇ خۇددى يىلاننى ئۆلتۈرسە ساۋاب تاپقاندەكلا بىر ئىش. ئەمما، بىر نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، ھايۋانلارنى، مەسىلەن، ئىت، مۈشۈكنى ياكى باشقا جاندارلارنى بىكاردىن ـ بىكارغا ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئەمما بۇ لەنىتى ئىسيانچىلارنى قىر! يوقات! ئۇلار يارىماس، ئىپلاس نەرسىلەردۇر. ئۇلارنىڭ

---

① قىلىچ قولى — قىلىچ بېسىنىڭ كەينىدىكى ئىككى تال ياكى بىر تال نوكەش سىزىق. مەخمۇت قەشقىرى: «قىلىچنىڭ قولى — قىلىچ بېسى ئۈستىگە چىقىرىلغان سىزىق. قىلىچنى پارقىراق قىلىش ئۈچۈن ئالتۇن سۈيى يۈگۈرتىدىغان نوكەش سىزىق» دەپ تەبىر بەرگەنىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە 3 ـ توم 183 ـ بەتكە قارالسۇن.

ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى قۇرۇتۇۋېتىش كېرەك. بولمىسا، يەر ـ
يۈزىنى بۇلغاپ، بەد ـ بۇي قىلىدۇ. ئۇلارنى سېسىق يەر مەدىكى
دەپ ھېسابلاۋەر! . . .

سېپىل ياقىسىدا، بىر ئۆلۈك قىپ ـ قىزىل قانغا مىلەنگەن
ھالدا ياتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرەپكە دارديىپ سوزۇلغان پۇتلى-
رى تىزىغىچە خەندەكنىڭ ئىچىگە ساڭگىلاپ قالغان، ئۆزى ئوڭدا
ياتاتتى. بىر قولى قايرىلىپ پۈكۈلگەن پېتى دۈمبىسىنىڭ ئاستى-
دا قالغان، يەنە بىر قولىدا بىر پالتىنى چىڭ تۇتۇۋالغان. ئۇنىڭ
دەھشەتلىك ھالىتىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ تېنى مۇزلاپ
شۈركىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ تۇرقى شۇنداق ئىدىكى — گويا
پۇتلىرىنى سۇزۇك تاغ سۈيى ئېقىپ تۇرغان ئېرىققا ساڭگىلى-
تىپ، بىر ئاز دەم ئالماقچى بولۇپ ئولتۇرۇپ، كېيىن ئوڭدىسى-
غا يېتىۋالغان ئادەمدەك، ئۇنىڭ يېنىدا قانلىق لايدا بۇلغانغان
بىر ئاپئاق شاپاق بۆك تۇراتتى. بۆكنىڭ ئەستىرى خۇددى قاچا
سۈرتىدىغان دەسمالدەك غىجىملىنىپ قالغان. ئۇنىڭ قانسىرىغان
سېرىق پېشانىسىدە ۋە شىشىدەك قېتىپ قالغان يېرىم يۇمۇق
خىرە كۆزلىرىدە قاننىڭ داغلىرى قالغانىدى. چاپىنىنىڭ ئوڭ
تەرىپىدە بىر كامار قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئوق ئۇنىڭ ئوڭ بېقىنى-
غا تېگىپ تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. سول تەرىپىدىن قان ئېقى-
ۋېرىپ بىرمۇنچە يەرنى كولاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى
چاپىنى قان بىلەن بويالغان، ئەسلى رەڭگىنى پەرق قىلىپ بول-
مايتتى.

نەدىندۇر بىر يەردىن بىر خوتۇننىڭ ئاچچىق چىرقىرىغىنى
ئاڭلاندى ـ دە، كېيىن بىردىنلا يوقالدى.

كوچىلاردا چېپىپ تاشلانغان پۇقرالارنىڭ ئۆلۈكلىرى ياتات-
تى. بۇ ئۆلۈكلەرنىڭ ئۈستىگە چاڭ ـ توپا قونغانىدى. بىرسى
تىغ زەربىسىنىڭ يۇرەككە سانجىلغان ئازابىغا چىدىمىغان بولسا

كېرەك، تىلىنى گاچچىدە چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ. ئىششىپ بىلەك-
تەك بولۇپ كەتكەن كۆرتمەك تىلى ئۇنىڭ ئاغزىغا پاتماي قالغانى-
دى؛ بىر ئايالنىڭ لەۋلىرىگە قان ئۇيۇپ قالغان. چىرايلىرى
كۆكۈش ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئىشتىنى تىزىغىچە سىيرىپ
قويۇلغان، ئۇياتلىق يېرىگە قىلىچ تىقىلغان، تېقىملىرى قارىيىپ
كەتكەنىدى. . .

دەھشەتلىك ئومۇمىي قىرغىن توپتوغرا ئۈچ كۈن داۋاملاش-
تى. مانجۇلار ھارغان بولسا كېرەك، ئاخىرى بۇ قەتلىئام توختى-
تىلدى. كۆيۈۋاتقان ئوتلارمۇ كۆيدۈرگىلى ھېچنەرسە تاپالمىغان
بولسا كېرەك، ئاخىرى ئۆزى ئۆچۈپ يوق بولدى. . .

قارا چېرىكلەر ئاتلىرىنىڭ ئاستىنى قۇرۇقداش ۋە دۈمبىسى-
نى قاشلاش ئۈچۈن ئەتىگەن تۇرۇپ كېتىشەتتى. ئۇلارغا ئاتلار
ئوقۇردىكى يەم ـ بوغۇزلىرىنى يەپ بولغىچىلىك، بىر غاڭزا
تاماكا چەككۈدەك ۋاقىت چىقاتتى.

— تازا قاملاشمىغان ئىش قىلدۇق جۇمۇ بۇرادەر!

— شۇنى دېمەمسىلەر، مېنىڭ زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمى-
دى. ئۇخلىساملا قارا بېسىپ، تەرگە چۆمۈلۈپ كېتىپ بارىمەن.
بۇ ئادەمنى كۆپ قىرىۋەتكەنلىكتىن بولغان دەپ ئويلايمەن. . .

— بىز ئىچكىرىدىمۇ مۇنداق ئىشنى قىلمىغانىدۇق، —
دېدى بىر ئاۋاق چېرىك.

— ھەي، سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر؟ سېپىل ئېلىنمىغانسې-
رى خۇپۇ دارېنىنىڭ[①] پىغانى تېشىپ، تاقىتى چېكىدىن ئېشىپ
كەتتى ئەمەسمۇ؟ — دېدى جىن شۇنىنىڭ بىر مۇلازىمى.

— نېمىلا بولسۇن، قەلئە ئېلىندى. بىز ساق قالدۇق.
پاراكەندە بولغان كۆڭلىمىزنى خۇش قىلمىساق، قاچان خۇش

---

① خۇپۇ دارېن — چىن شۇن.

قىلىمىز؟

— بۇ گېپىڭغۇ بولىدۇ. ئەمما، چاۋۇشنى[1] دېمەمسەن؟ مۇنداق گىرى، دەيۇز سەردارنى زادىلا كۆرمىگەنىدىم! ئاتنى كۈنىگە ئىككى نۆۋەت قاشلاپ چىقسامۇ، يەنە رازى بولماي، كۈنىگە ئۈچ قېتىم قاشلاپ، سوۋۇتۇپ چىقىسەن! دەيدۇ.

— سەنمىزە، «لويىنىڭ ئېتىنى سۇغار، پۇلىنى ئال» دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ خوجا كۆردى قىلىپ ئىشنى تۈگەتسەڭ بولمىدىمۇ؟

— قويۇڭلار! شۇ گەپنى! ئۇنىڭدىن باشقا گېپىڭلار يوقتەك؟

— ھازىر ئۆيدىكىلەر گوكەي[2] پىشۇرۇۋاتقاندۇر؟ . . .

— شۇ تاپتا بىر خوتۇن بولسا، دۈمبىسىنى كۈنىگە يۈز قېتىم قاشلاپ چىقساڭمۇ، كۆپلۈك قىلمايتتى. ئېھ!

— ھە راست، مەن بۈگۈن كېچە بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. لايىقىم بىلەن بىر يەردە ياتقۇدەكمەن. ئەتراپىمىزدا ئىتلار قاۋىشىپ يۈرگۈدەكمىش، — دېدى بىر پاناق پوخۇر چېرىك، — پاھ، نېمىدېگەن ھۇزۇر ئىش - ھە! . . .

— شۇ تاپتا خوتۇنۇم: «بىچارە بايقۇشۇم، نەلەردە قاڭقىپ يۈرگەندۇر؟» دەپ ئويلاۋاتقاندۇر؟ — دېدى بىرسى.

— قىھ - قىھ! بۇرادەر، خوتۇنۇڭ ئاشنىسى بىلەن مۈكۈشۈپ ئويناۋاتقاندۇر؟ — دېدى ھېلىقى پوخۇر چېرىك.

— ھەي، تۇڭگۇز، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە - ھە! بولمىسا ھېلى. . .

— ئويىنىشىپ قويدۇم، شۇنىڭغىمۇ تېرىكىپ كېتەمسەن؟ ھەممىمىزنىڭ خوتۇنى بارغۇ؟

---

① چاۋۇش — قىسىمدا تەرتىپكە مەسئۇل نۆۋەتچى ئوفىتسىر.
② گوكەي — قازان قوتۇرمىچى.

— ئۇغۇ راست، ئەمما، خوتۇن كىشى دېگەننى پات - پات ئەدەپلەپ تۇرۇش كېرەك. ئېرى يېنىدا بولمىسىلا، دىغراپ بېشى قايغان يەردە يۈرىدۇ.

— نېمە دەيسەنوي؟ خوتۇن كىشى دېگەنمىچۇ؟ بەئەينى ئە- نەكىنىڭ ئۆزى. قايتىپ بارغاندا، ئاغزى - بۇرنىڭغىچە تويۇپ كېكىرىپ كېتىسەن!

— ها! ها! . . .

— ئىش قىلىپ خاتىرجەم بول. سەن بارغىچىلىك، داداڭ خوتۇنىڭغا ھېزى بولۇپ تۇرىدۇ. يۇرتىمىزدا مۇنداق بىر قىزىق ئىش بولغان. ئېيتىپ بەرسەم، ئاڭلاپ باقامسىلەر؟

— ھەي بەغەرەز، سوراپ يۈرگىچە، دەۋەرمەمسەن؟ بولمى- سا، ھېلىقى دەيۈز چاۋۇش كېلىپ قالسا، قۇرۇق پاراڭ قىلىش- قۇچە، ئاتنىڭ دۇمبىسىنى قاشلاشمامسەن؟ دەپ چالۋاقاپ كېتى- دۇ.

— يۇرتىمىزدا لى مەنتاڭ ئىسىملىك بىر چال بار ئىدى. ئۇ كېلىنىگە پوخورلۇق قىلىپ، زادىلا ئارام بەرمەپتۇ. داۋاملىق ئوغلىنى يىراق يەرلەرگە ئەۋەتىۋېتىپ، كېلىنىنى سوقىدىكەن. بۇ ئىشنى ئوغلى تۇيۇپ قاپتۇ. ئەمدى ھېلىقى چال قانداق ھىيلە ئىشلىتىپتۇ دېمەمسىلەر؟ ئوغلىنى ئىشقا بۇيرۇپ زادىلا چىقىرال- مىغان چال بىر كۈنى كېچىسى ھويلىغا چىقىپ، ماللىرىنى ھويلىغا قويۇپ بېرىپ، ئاستا كىرىپ يېتىۋاپتۇ. تالادىن ماللار- نىڭ مەرەشكەن ئاۋازى، دۈپۈرلەشكەن تىۋشى ئاڭلىنىپتۇ. «ھەي خۇمپەر، — دەپ چالۋاقاپتۇ چال ئوغلىغا، — نېمىشقا قوتاننىڭ ئىشكىنى چىڭ ئېتىپ قويمىدىڭ؟ مالنىڭ ھەممىسى چىقىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ ماڭ، چىقىپ مالنى سولاپ قوي!» ئەس- لىدە، ئوغلى مالنى سولىغىلى چىقىپ كەتسە، چال كېلىنىنىڭ قوينىغا كىرمەكچى بولغانىكەن. ئوغلى ئېرىنىپ ئاستا خوتۇنىنى بۇيرۇپتۇ. خوتۇنى گەپ قىلماستىن چىقىپ كېتىپتۇ. بىر كەم-

ـدە، چال ئۆزى ياتقان كاڭنىڭ ئۈستىدىن ئاستا چۈشۈپ، ئوغلى بىلەن كېلىنى ياتقان چىمىلدىقنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ. ئۇنىڭغىچىلىك ئوغلىمۇ قولىغا بىر تاياقنى ئېلىپ جىم يېتىۋاپتۇ. چال چىمىلدىقنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىشى بىلەن تەڭلا، ئوغلى: «ئوش لەنتى! چىمىلدىقنى چايناشنى ئادەت قىلىۋالدىغۇ!» دەپ غۇدۇرىغىنىچە، دادىسىنىڭ ياغاق بېشىغا تاياق بىلەن بىرنى قويۇپتۇ. شۇ كۈنلەردە، ئۇلارنىڭ ئۆچكىسى تۇغقانىكەن. ئۇلار ئوغلاقنى كېچىسى ئۆيدە ساقلايدىكەن. ئوغلاق داۋاملىق چىمىلدىقنى چايناپ قويىدىكەن. شۇڭا، ئوغلى ئوغلاقنى ئۇرغان كىشى بولۇپ، دادىسىنى ئۇرۇپ جىم يېتىۋاپتۇ... بېشىغا تاياق يېگەن چال كاڭنىڭ ئۈستىگە ئاران چىقىپتۇ ۋە تاياق يېگەن بېشىنى سىيلاشقا باشلاپتۇ. بېشى ھۆررەك ئىششىپ چىقىپتۇ. بىر كەملەردىن كېيىن چال:

— ھەي شۇم! — دەپ ئوغلىنى توۋلاپتۇ.

— ھە، نېمە بولدى، دادا؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغلى.

— سەن بايان نېمىنى ئۇردۇڭ؟

— ئوغلاقنى ئۇردۇم، چىمىلدىقنىڭ يوغانلا بىر يېرىنى چايناپ تاشلاپتۇ ئەمەسمۇ لەنتى؟

— ئوغلىقىنى مۇنداق قاتتىق ئۇرساڭ، — دەپتۇ چال يىغلامسىراپ، — كېيىنچە ئۆچكىگە قانداقسىگە ئىگىدارچىلىق قىلالايسەن؟...

— ھا! ھا! ھا!...

قارارگاھتا كېڭەش بولۇۋاتقانىدى. ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى. خۇنەن قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى لو چاڭخۇ تەرەتكە چىققانىدى.

ھويلىدا بىر توپ توخۇلار دانلاپ، قىغ دۆۋىسىنى تاتىلاپ يۈرۈشەتتى. بىر قىزىل خوراز قاناتلىرىنى قېقىۋەتكەندىن كېيىن، «قى - قى - قىق!» دەپ چىللىدى - دە، قىغ دۆۋىسىنى

تاتىلاپ يۇرگەن بىر چار توخۇنى پوكىنىغا باسماقچى بولۇپ يۇگۇردى. ھېلىقى قېرى مىكىيان خورازنى تېخى چۇجىكەن دەپ مەڭسىتمىدى بولغاي ، بىر چوقۇپلا، ئۇنى پاخشە قىلىپ بىر چەتكە قاچۇردى. چۆجە خوراز شۇئان قاناتلىرىنى سالپايتقىنىچە، نېرىدىكى قىغ دۆۋىسىنىڭ ئۇستىدە توپلىشىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان مىكىيانلارنىڭ ئارىسىغا بېرىۋالدى ۋە بىردىنلا نوچى بولۇۋېلىپ: «ئۇنى قانداق باسقىنىمنى كۆردۇڭلارمۇ؟ كۆردۇڭلارمۇ؟» دېگەندەك تىنماي قاقاقلىدى. قاراپ تۇرۇشقان مىكىيانلار قاقاقلىشىپ، چوقان - سۇرەن سېلىشىپ، خورازغا ئالقىش ياڭراتتى.

شۇ ئەسنادا، ئارقا ھويلىدىكى ئېغىل تەرەپتىن دۇپۇرلىگەن ئاياغ تىۋىشى ۋە بىرسىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. لو چاڭخۇ دەرھال ئېغىل تەرەپكە قارىدى. توساتتىن ئېغىلنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى - دە، بىرسى قاتتىق پىچىرلىدى:

— تېزرەك بولۇڭلار، بۇرادەرلەر!

ئېغىل تەرەپتىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلىغان لو چاڭخۇ ئېغىلدا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىغا قىزىقتى - دە، شارتلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تام ياقىلاپ ئېغىل تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا تۇرشاۋۇل سانغۇن، ئىلى جياڭجۇنى جىن شۇننىڭ بىر نۆۋكىرى ئۇچرىدى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ . . . بۇ يەردە نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟ . . .

— تىنچ! . . . دەپ پىچىرلىدى ھېلىقى نۆكەر سېسىق ئاغزىنى لو چاڭخۇغا يېقىن ئەپكېلىپ، — ئۇ يەردە. . . ئۇ يەردە ئاجايىپ بەلەن ئىش بولۇۋاتىدۇ. بۇرادەرلەر بىر تۇڭگان قىزنى سۆرەپ ئەپكىرىشىپتىكەن. . . ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن ئىچ پۇشىقىنى چىقىرىشىپ، كۆڭۈل ئېچىشىۋاتىدۇ. باشقا ئىش بولغىنى يوق. . . ،

نۆكەر قاقاقلاپ كۇلدى. لېكىن، لو چاڭخۇ ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. نۆكەر ئارقىسى بىلەن ئوقۇرنىڭ قىرىغا بېرىپ قاتتىق ئۇرۇلدى - دە، كۇلكىسى توختاپ، دېمى ئىچىگە چۇشۇپ كەتتى. لو چاڭخۇ ئاۋاز

كېلىۋاتقان بۆلۈك تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ يوغان ئېچىلـ-
غان كۆزلىرى دەھشەتتىن چاقناپ كەتتى.

ئاتنىڭ ئىگەر - جابدۇقلىرى تۈرىدىغان بۆلۈكدا، سېرىق تۇغلۇق[1]قوشۇندىكى بىر توپ نۆكەرلەر زىچچىدە توپلىشىۋالغانـ-دى. لو چاڭخۇ مانجۇ چېرىكلىرىنى ئىككى تەرەپكە ئىتتىرىپ ئالدىغا ئۆتتى. بۆلۈكدا ئىككى پۇتى كېرىلگەن بىر قىز قورقۇنچـ-لۇق ھالەتتە ئوڭدا ياتقانىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى ئاق لېچىكى يۇلۇۋېلىنغان، ئۈچىسىدىكى ئىمچىسى بىلەن خەنتىيى[2]يىرتىپ تاشلانغان. ئاپئاق كۆكسى ئېچىلىپ قالغانىدى. مانجۇلارنىڭ بىرسى ئىشتىنى تۈگىتىپ قىزنىڭ ئۈستىدىن تۇردى - دە، شىـ-رىكلىرىگە قارىماستىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، گېزەتتىكىسىگە ئورۇن بوشىتىپ، تام تەرەپكە ئۆتتى.

يىگىرمە توققۇز ياشلىق سەردار لو چاڭخۇ بۇ پاجىئەلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ زادىلا چىداپ تۇرالمىدى - دە، ئىشىك تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

— چاۋۇش! . . .

ئەمما مانجۇلار ئىشكنىڭ تۈۋىدە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى - دە، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاشتى. بىرسى ئۇنىڭ ئاغزىنى ئالقىنى بىلەن مەھكەم ئېتىۋالدى. لو چاڭخۇ جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما مانجۇلارنىڭ ھەمـ-مىسى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى بېسىپ يىقىتتى - دە، بېشىنى چاپان بىلەن پۈركەپ، قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ باغلاشتى. ئاندىن ئۇنى بۆلۈكدىكى بىر سولۇ تاغىرىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويدى. ئۇ يۇلقۇنۇپ باقتى، ۋارقىراپ باقتى، ئەمما ئەجرى

---

[1] سېرىق تۇغلۇق قوشۇن — مانجۇلارنىڭ ژاندارما قوشۇنى. پۈتۈنلەي مانجۇلاردىن تەشكىل قىلىناتتى.

[2] خەنتەي — ئىچ كۆڭلەك.

بىكارغا كەتتى. ئاخىرى جىمىپ قالدى...

بىر هازادىن كېيىن، كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ قولىنى يېشىپ، ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، بېشىدىكى يۆگەكلىك چاپاننى ئېلىۋەتتى. ئىشىكنىڭ ئالدىدا، يېشىل تۇغلۇق قوشۇننىڭ ئىككى چېرىكى بىلەن بىر چاۋۇش تۇراتتى.

لو چاڭخۇ بۇلۇڭ تەرەپكە قارىدى ۋە ئىككى چېرىكنىڭ بىر تۈگۈنچەكنى يەردىن ئېلىپ كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ هېلىقى تۇڭگان قىز ئىدى.

ئۇنىڭ ئىككى پۇتى گىلدىڭلاپ ساڭگىلاپ قالغانىدى. چېرىكلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، تامنىڭ تۈۋىدە ياتقۇزۇپ قويدى.

قىز ئوڭدا ياتاتتى. ئۇ ئىككى پۇتىنى مىڭبىر مۇشەققەتتە قايچىدەك بىر يىغىپ، بىر ئاچاتتى ۋە قوللىرى بىلەن يەردىكى توڭلاپ قالغان توپىنى تاتىلايتتى.

قىز خېلى ئۇزاق ياتتى. ئاخىرى تۆت پۇتلىنىپ، ئۆمىلەپ تۇرۇپ بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. ئۇنىڭ تىترەۋاتقان ئىنچىكە قوللىرى ئېگىلىپ كېتىۋاتاتتى. لو چاڭخۇ بۇنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى. قىز خۇددى يېڭى تۇغۇلغان موزايدەك سەنتىرەكلەپ — سەنتىرەكلەپ ئاخىر ئاياقتا تۇردى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، لېچىكى نەلەرگىدۇر يوقالغان، چىرايى يات، كۆزلىرى خۇنسىز، ئادەم تونىمايدىغان قىياپەتكە كىرىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان قارا چېرىكلەرگە قاراپ ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى...

ئاخىرى، ئۇ بىر قولىنى تامغا تىرەپ تۇرۇپ، مىڭبىر جاپادا تەمتىلەپ قۇدۇق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قارا چېرىكلەر ئۇنى توسىماقچى بولۇۋىدى. لو چاڭخۇ:

— بولدى، توسىماڭلار! ئۆلۈملا ئۇنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى ئاقلىيالايدۇ! — دېدى ۋە ئىنتىك بېشىنى بۇراپ تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالدى.

بىر كەمدە قۇدۇق سۇيىنىڭ شالاقشىپ چاچرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. . .

× ×

زوزۇڭتاڭ جىن شۇننىڭ ماناس قەلئەسىنى ئۆزاققىچە پەتھ قىلالماي، كۆپ چىقىم تارتىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىدى. بۇنداق بولۇۋەرسە، قاش قوۋۇقتىن چىققان قوشۇنلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا تەسىر يېتەتتى. شۇڭا، جىن شۇن ياردەم تەلەپ قىلغاندا، ئۇ ليۇ جىڭتاڭغا دەرھال يېشىل تۇغلۇق قوشۇنلاردىن خۇنەن قىسىملىرىنىڭ سەردارى لو چاڭخۇنى بەش مىڭ پىيادە ۋە ئاتلىق چېرىك بىلەن ماناس ئالدىنقى سېپىگە ياردەمگە ئەۋەتىشنى بۇيرۇغانىدى.

مانجۇ خانىنىڭ تۇرشاۋۇل قوشۇنلىرى قاش قوۋۇقتىن چىققاندىن كېيىن، زوزۇڭتاڭ ئۆزىنىڭ ليۇ جىڭتاڭغا يازغان خېتىدە: «مۇسۇلمان چەنتۇلار ئەنجانلىقلاردىن جاق تويدى، يېغىلىقتىن بەزدى! ئادالەتچى قوشۇنلىرىمىز ئاشۇ جايلارغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بىگۇناھ ئادەم ئۆلتۈرمىسە، خوتۇن - قىزلارغا چېقىلمىسا، يەرلىك چەنتۇلار خاقانىمىزنىڭ ئادالەتچى قوشۇنىنى نىجاتكارىمىز دەپ تونۇيدۇ»[①]، «ئادالەتچى قوشۇن يېتىپ بارغان جايدا ئىنتىزامنى قاتتىق تەكىتلەش كېرەك، قەتلىئام ۋە بۇلاڭچىلىق قەتئىي مەنئىي قىلىنىشى كېرەك. بۇ زېمىننى خاندانلىقىمىزنىڭ زېمىنى، مۇسۇلمان چەنتۇلارنى خاندانلىقىمىزنىڭ پۇقرالىرى دەپ قارىغاندىلا، ئاندىن جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنى

---

① «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ئەسەرلىرى. نامىلەر» 17 - جىلد.

ئالماق ئاسانغا توختايدۇ»[1]دەپ يازغاندى.

لىۋ جىڭتاڭمۇ جىن شۇن قوشۇنلىرىنىڭ ماناستا قەتلىئام يۈرگۈزۈپ، قورال تاشلىغان ئەسىرلەر بىلەن تىنچ پۇقرالارنى تۇتاش قىرغانلىقىنى بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشىمىزگە داغ كەل-تۈردى دەپ قارايتتى. ئۇ جىن شۇننىڭ بۇ قېتىمقى ۋەھشىيلىك-لىرىنى ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى باش بارگاھقا — خان مۇپەتتىش زوزۇڭتاڭغا تەپسىلىي مەلۇم قىلدى.[2]

زوزۇڭتاڭ ئۆزىنىڭ لىۋ جىڭتاڭغا يازغان ئىككىنچى قېتىم-لىق خېتىدە[3]بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن قىياس قىلغاندى.

«. . . جەنۇبتىكى سەككىز مۇسۇلمان شەھىرىنى قايتۇرۇ-ۋېلىشقا ئاتلانغاندا، — دەپ يازغاندى ئۇ، — ئالدى بىلەن تازىلاي-دىغىنىڭىز شەنشى، گەنسۇدىن بارغان پاراكەندە تۇڭگانىيلار ۋە كۆپ يىللاردىن بۇيان غەلىيان كۆتۈرۈپ، تىنجىمىغان ئەنجانلىق-لار ئىكەنلىكىنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ. چەنتۇلارغا ھەممە ئىل-گىرى ئىسيانچى قاراقچىلارغا بولۇشقان، ئەمما ھازىر قورال

---

① «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ئەسەرلىرى. نامىلەر» 17 - جىلد.

② 1876 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ماناستا يۈز بەرگەن قەتلىئامدا جەمئىي تۆت مىڭدىن ئارتۇق ئەسىر ۋە تىنچ پۇقرا قىرىپ تاشلاندى. داۋۇت خەلىپە (تۇدېلىن)، خېي جۇن، خەن شىڭتۇڭ قاتارلىق قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ گۆرى قېزىلىپ، جەسەتلىرىنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلدى. بۇ ھەقتە: «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى، نامىلەر» 17 - جىلدقا قارالسۇن.

③ زوزۇڭتاڭنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق خېتى 1877 - يىلىنىڭ بېشى-دا يېزىلغان.

تاشلاپ ئەل بولغانلارغا كەلسەك، كەڭچىلىك قىلىش لازىم. مۇنـ
ـداق قىلغانلىق — تەڭرىنىڭ ئەمرىگىمۇ، خاقانىمىزنىڭ ئەن ـ
قائىدىلىرىگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. قارمىقىڭىزدىكى ھەرقايىسى
قوشتىكىلەر بۇ ئەن ـ قائىدىنى چۈشىنىدىغان ۋە بىلىدىغان
بولسۇن. چەنتۇلارغا خۇددى ئۆز يۇرتلىقىڭىزدەك مۇئامىلە قىلىـ
غايسىز. قوشۇنىڭىزدىكىلەرگە بەش ئىش[1]نى قىلماسلىق ھەققىدە
قاتتىق جېكىلەڭ. مۇشۇنداق قىلسىڭىزلا، سەككىز شەھەردىكى
چەنتۇلار ئۆزلىرىنى يولۋاس ئاغزىدىن قۇتۇلغاندەك، مېھرىبان
ئانىنىڭ قوينىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىشىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا،
بۇ قېتىمقى ھەققانىي ئىشىمىز غەلىبە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى
بۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاققىچە ئاسايىشلىق ئىچىدە تىنچ ئۆتۈشىمىزـ
گە ئاساس سالغىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە، مۇشاۋىر ھەزرەت بىلەن
شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان چەنتۇلارنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە پاراڭلاشـ
قاندۇق...»[2]

تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى بۇ بىر قاتار ئۇرۇشلاردا غەلىبە
قىلغاندىن كېيىن، قوۋۇقتىن چىققان قوشۇنلارنىڭ تۇرشاۋۇل
سانغۇنى، زوڭتۇڭ دارىن لىيۇ جىڭتاڭ غەلىبىدىن ئېسەنگىرەپ
كېرىلىپ كەلگەنىدى. زوزۇڭتاڭ ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىدە:

---

[1] بەش ئىشنى قىلماسلىق — شۇ چاغدا زوزۇڭتاڭ قاش قوۋۇقتىن
چىققان مانجۇ قوشۇنلىرىغا بېكىتىپ بەرگەن: «ئەسىرلەرنى ئۆلـ
ـتۈرمەسلىك، شەھەرلەردە قەتلىئام يۈرگۈزمەسلىك، خوتۇن ـ
قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلماسلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭ يۈرگۈزمەسلىك،
تىنچ پۇقرالارغا چېقىلماسلىق» تەك بەش ئىشنى قىلماسلىقنى كۆرـ
ستەتتى. بۇ ھەقتە: «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتـ
ـلىرى ئەسەرلىرى. نامىلەر» 17 ـ جىلدقا قاراڭ.

[2] «مەدەتكار، مەرىپەتلىك زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. نامەـ
لەر» 17 جىلدقا قارالسۇن.

«سىزنىڭ ئاچچىقىڭىز بەك يامان، بوينىڭىز قاتتىق»، «چاش-
قون، تەمكىنلىكىڭىز يوق»[1] دەپ ئۇنى جىملىگەنىدى. ئىلى جياڭ-
جۈنى جىن شۈنىنىڭ دەردىنى تارتىپ بولالماي تۇرغىنىدا، خان
مۇپەتتىشنىڭ بۇ گەپلىرى ئۇنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.
شۇڭا، ئۇ زوزۇڭتاڭغا يازغان خېتىدە: «يۇرتۇمغا كېتىپ، ئى-
شىمنى قىلسام» دەپ قېيداپ بەرگەنىدى.
ئەمدى ئۆز سۆزىمىزگە كېلەيلۇق. خېلى ۋاقىتتىن بۇيان
جىن شۈنىنىڭ مەنمەنچىلىكىگە ليۇ جىڭتاڭنىڭ قورسىقى كۆپۈپ
يۈرەتتى. «شىنجاڭدىكى ھەربىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا
ياردەملىشىدىغان جىن شۈن ئىلى جياڭجۈنلىكىگە ئۆستۈرۈلگەند-
دىن كېيىن، ليۇ جىڭتاڭنى تېخىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋال-
دى. ئۇ ئۆزىنى خان مۇپەتتىش، لەنجۇ ئۆلكىسىنىڭ زۇڭدۇسى
زوزۇڭتاڭ بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ گېدىيىۋالغانىدى. ئۇ «يا
ئىستېدات دېسە، ئىسداتى يوق، يا ئىشنى يا مەسلىھەت قىلمايدى-
غان»[2] بىر ئادەم ئىدى. گۇچۇڭ، جىمسارلارنىڭ غەربىدىكى يول
مۇداپىئەسىز قېلىپ، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سېپى خەۋپكە
ئۇچرىغاندا، زوزۇڭتاڭ جىن شۈنگە: «لەشكەر ئەۋەتىپ، بۇ
ئورۇنلارنى قوغداپ ئارقا سەپنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش» نى جېكى-
لىگەن بولسىمۇ، ئەمما «جىن شۈن زادىلا گەپ ئاڭلىمىدى.»[3]
ليۇ جىڭتاڭ زوزۇڭتاڭنىڭ جىن شۈنگە گەپ ئاڭلىتالمىغان-

---

① زىڭ يۇيۇ: «كۇنچىقىش تەرەپلەرنى تىنجىتىشقا دائىر خاتىرىلەردىن قىسقارتىلمىلار» 3 - جىلد «خۇيزۇلار قوزغىلىڭىغا دائىر ماتېرىياللار» نىڭ 3 - قىسمى.
② «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. خەت - چەكلەر» 17 - جىلد.
③ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. خەت - چەكلەر» 17 - جىلد.

لىقىغا نارازى بولۇپ تۇراتتى. ماناس ئالدىنقى سېپىنى كۆرگىنلى كەتكەن مۇشاۋىر جۇ خۇەن ھەزرەت قايتىپ كېلىپ، جىن شۇن قوشۇنلىرىنىڭ ماناستىكى چەكسىز زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— بىز قوۋۇقتىن ئادالەت تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىققاندا، تىنچ پۇقرالارنى قەتلىئام قىلىمىز دەپ چىققانمۇ؟ قارىمامدىلا، بۇ خۇپۇ دارىيېنىڭ نېمە قىلغىنى؟ — دەپ قايناپ كەتتى لىۋ جىڭتاڭ تىرىكىپ تۇرۇپ، — بىر ئوبدان ئىشنى بۇزدى ئەمەسمۇ ئۇ؟ كېيىنكىلەر ئەمدى بۇ ئىشقا نېمە دەپ باھا بېرەر؟ بىزنى قاتىل، ئىككى قولى بىگۇناھ مەزلۇملارنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان جاللاتلار دەپ تىللىماسمۇ؟ تارىختا قانخور دېگەن ئاتاققا قالدىدىغان بولدۇق! . . .

— ئۇرۇشقۇ ئازاب - ئوقۇبەتلىك، دەھشەتلىك بولىدۇ، — دېدى مۇشاۋىر جۇ خۇەن ھەزرەت، — بۇ ئىشتا قان ۋە ياشنىڭ ئارىلىشىپ تۇرۇشى مۇقەررەر. ئۇرۇش ھەرگىزمۇ مېھمان چاقىرىش، زىياپەت بېرىش ئەمەس، ئۇرۇشتا بۇزغۇنچىلىق بولىدۇ، ئادەم قىرىلىدۇ، ئىشنى بۇ جەھەتتىن ئويلىغاندا، كېيىنكىلەر بىزنىڭ قىلغانلىرىمىزنى توغرا چۈشىنەر دەيمەن. ئەمدى خۇپۇ دارىيېنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە كەلسەك. . .

ئۇ سەل شۇكلەپ قالدى. بىر پەس ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— مەن بۇ مەككار پەلەكنىڭ رەڭۋازلىقىنى تولا كۆرگەنمەن، — دېدى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — شۇڭا، كونىلار: «بىر كۈن داڭ ئۇرساڭ، ئۈچ كۈن راھىب بول» دەپ بىكارغا ئېيتمىغان. زۇڭتۇڭ دارىيېن، سىلە ياش، بىزگە قارىغاندا، تېخى كۆپ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىلا، قارىنى - كۆكسىلىرىنى كەڭ تۇتقايلا. . .

— ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە، شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدىغاندەك

تۇرىدۇ، — دېدى ليۇ جىڭتاڭ نائىلاج، — سىلە كۆپ ئوقۇغان
ئوقۇمۇشلۇق ئادەم. قېنى ئېيتىپ باقسىلاچۇ، بۇنىڭدىن كېيىنـ-
ـكى ئىشلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغان تۈزۈك؟

— پېقىرنىڭ قارىشىچە، — دېدى جۇ خۇەن ھەزرەت ساقىلىـ-
ـنى سىيلاپ تۇرۇپ، — جياڭجۇن جانابلىرى[1] تەڭرى تاغلىرىنىڭ
شىمالىدا قېلىپ ئىشغال قىلىنىغان يەرلەردە تەرتىپ ساقلاشقا
مەسئۇل قىلىنسا، سىلىمۇ ئۇنىڭ دىشۋارچىلىقىدىن قۇتۇلغان
بولاتتىلە. ئەمدى جەنۇبنىڭ ئىشىغا كەلسەك، جاڭ ياۋ بىلەن
شۇي جيەنبياۋ[2] قاتارلىق ئىككى سەردارنى چىقتىم قورۇلى[3]
ئارقىلىق تۇرپانغا تېگىش قىلىشقا بۇيرۇسىلا. سىلى دۇڭ فۇ
شياڭ، تاڭ رىنخې قاتارلىق سەردارلارنى باشلاپ داۋانچىڭ قەلئە-
سىگە تېگىش قىلسىلا. داۋانچىڭ قەلئەسىنى تارتىۋالساقلا، تۇر-
پاندىكى ئاسىي قاراقچىلارغا شىمال بىلەن جەنۇب ئىككى تەرەپتىن
قىسىپ زەربە بەرگىلى بولىدۇ، ئۇلار يەنە نەگە قاچالايدۇ؟ بە-
ـراق، بۇنىڭغا زۇڭدۇ دارىن ماقۇل دەمدىكىن؟

— بىزنىڭ بۇ پىلانىمىزنى خان مۇپەتتىش جانابلىرى چوقۇم
ماقۇل كۆرىدۇ، — دېدى ليۇ جىڭتاڭ قايتىدىن روھلىنىپ.

— بىز تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى مۇسۇلمان
شەھەرلىرىنى پەتھ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەرلەردە ئۆزد-
ـمىزنىڭ تەرتىپىنى ئورنىتىشىمىز كېرەك. ھەرقايسى شەھەرلەر-
دىكى چەنتۇلار ئۆزلىرىدىن قويۇلغان ھاكىمبەگلەر، ئىشىكئاغا

---

① جياڭجۇن — بۇ يەردە جىن شۈن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② شۇي جيەنبياۋ — سىچۇەن قوشۇنلىرىنىڭ تۇڭلىڭى. ئۇ تۇرپان
سوقۇشىدا بۇيرۇقنى ئاڭلىماي ئەسكەرلىرىگە قەتلىئام ۋە بۇلاڭچىـ-
ـلىق قىلىشقا يول قويغانلىقتىن، ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلانغان.
ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئالدىنقى سەپتىن چېكىندۈرۈلگەندى.

③ چىقتىم قورۇلى — پىچاننىڭ شەرقىدىكى قەدىمكى بىر يۇرت. شۇ
چاغدا مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ تايانچى بازىلىرىدىن بىرى ئىدى.

بەگلەرگە خۇددى ئىچكىرىدىكى تۈڭگانىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئاخۇنلى-
رىغا ئىشەنگەندەكلا ئىشىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى هازىرچە ئالدىراپ
بىكار قىلىۋەتمەسلىك كېرەك، — دېدى مۇشاۋىر جۆ خۇەن
هەزرەت، — جەنۇبتا قوشۇنىمىز ئۇچۇن ئات - ئۇلاغ تېپىش،
ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك غەملەش، ئوتۇن - سامان
تەييارلاشتا ئۇلارسىز ئىش قىلمىقىمىز قىيىن، زۇڭتۇڭ دارېن.
شۇڭا، بۇ ئىشلارنى هازىردىن باشلاپ ئويلاپ قويماقلىق لازى-
دۇر.

— بارىكالللا، مۇشاۋىرىم، سىلىنىڭ بۇ گەپلىرى مېنىڭ
ئويلىغىنىمدەك چىقتى،— دېدى ليۇ جىڭتاڭ ئېچىلىپ،— شۇنداق،
تاغنىڭ بۇ تەرىپىدە[1] ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىمىزنى تاغنىڭ ئۇ تەرد-
پىدە ئەمدى قايتا سادىر قىلىشقا بولمايدۇ. جىن شۇندەك دىتسىز
ئەهلىلەر خاندانلىقىمىزنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپىدۇ. بۇنداقلارنى
ئەسلىدە يۇرتدارچىلىق ئىشلىرى بىلەن هەربىي ئىشلارغا يېقىن
يولاتماسلىق لازىم ئىدى. ئەمما، بىزدە ئەكسىچە مۇشۇنداق ئا-
دەملەر ئەتىۋارلىنىپ، ئۇلارنىڭ مەنسەپلىرى ئۆرلەۋاتىدۇ، بۇ-
نىڭغا مەن زادىلا قايىل ئەمەسمەن.

— زۇڭتۇڭ دارېن، سىلىمۇ هېس قىپتىلا،— دېدى جۆ
خۇەن هەزرەت ئىستىهزاھ بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ،— بىلەمدىلا،
خۇددى قەدىمكى هىندى مەسەلى «براخمان بىلەن تۆگە» هېكايە-
سىدە دېيىلگەندەك، پەزىلەت ئىگىلىرى ئەزەلدىن مەھرۇملىقتا
بولۇپ كەلگەن.

— بۇ هىندى مەسەلىدە نېمە دېيىلگەنىكەن؟

— «براخمان بىلەن تۆگە» دېگەن بۇ مەسەلدە دېيىلىشىچە،— دەپ
سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مۇشاۋىر: بىر براخمان كېسەل بولۇپ
يېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا هېچقانداق دورا شىپا بولماپتۇ. براخمان

---

[1] تاغنىڭ بۇ تەرىپى — ماناس كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۆزىنىڭ كۆڭلىرىنىڭ ساناقلىقلا قالغانلىقىنى بىلىپ، رازىلىق
ئېلىشقا باشلاپتۇ. ھەممىسىدىن رازىلىق سوراپ بولغاندىن كې-
يىن، توساتتىنلا قېرى تۆگىسىدىن رازىلىق ئالمىغانلىقى يادىغا
چۈشۈپتۇ ـ دە، بىرسىگە: «ماڭ، بېرىپ تۆگىنى يېتىلەپ كەل!»
دەپ بۇيرۇپتۇ. ھېلىقى ئادەم تۆگىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكەلگەندىن
كېيىن، كېسەل براخمان: «ئەي تۆگەم، سەن ئۇزاقتىن بېرى
ماڭا ئىشلەپ كەلدىڭ، سوغۇق دېمىدىڭ، ئىسسىق دېمىدىڭ، ئاچ ـ
توقلۇققا چىداپ كەلدىڭ. سۇسىز چۆللەردە چاڭقاپ كەتتىڭ.
بەزىدە ھەتتا چارچاپ قالسام، ئۈستۈڭگە مىنىۋالدىم. ئۈستۈڭگە
چوم توقۇپ، قورسىقىڭدىن قىل ئارغامچا بىلەن چىڭ باغلاپ،
ئېغىر يۈكنى ئارتتىم، كەينىڭگە قوشقۇن تارتىپ، بۇرنىڭنى
تىشىپ چۆلۈك ئۆتكۈزدۈم. مانا ئەمدى، يەيدىغان رىزقىم تۈ-
گەپ، كۆڭلىرىم پۈتەيلا دەپ قالدى. ئېيتقىنا، ئەي تۆگەم، سەن
مېنى كەچۈرەرسەنمۇ؟» دەپتۇ. ھېلىقى قېرى تۆگە ئاچچىق
ئىستىھزاھ بىلەن كۈلۈپ تاشلاپتۇ ـ دە: «سېنىڭ مۇشۇ دېگەن-
لىرىڭ ھەممىسى راست، ھەممىسىنى كەچۈرىمەن. ئۆزۈڭ ئېيت-
قاندەك، مېنى بەزىدە ئاچمۇ قويدۇڭ، سۇغارمىدىڭ، ئۈستۈمگە
ئېغىر يۈكلەرنى ئارتتىڭ. ئۇچامغا يىرتىق چوم توقۇپ، دۈمبەم-
نى زېدە قىلىۋەتتىڭ. بۇرنۇمنى تېشىپ چۆلۈك ئۆتكۈزدۈڭ.
قوشقۇن بېكىتىپ، كەينىمدىن تارتتىڭ. ھەتتا ئاچچىقىڭ كەل-
سە، تاياق بىلەن ئۇردۇڭ. خەير، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ
ماڭا ئۇزۇن يىللىق خوجايىن بولغانلىق يۈزۈڭدىن كەچۈرۈۋەت-
سەممۇ، ئەمما، بىر ئىشىڭنى زادىلا كەچۈرەلمەيمەن!...»
دەپتۇ. «جېنىم تۆگەم، سېنىڭ زادىلا كەچۈرمەيدىغىنىڭ نېمە-
دۇر ئەمدى؟» دەپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ براخمان. «ئېسىڭدى-
مۇ، — دەپتۇ تۆگە، — قاچاندۇر بىر چاغلاردا، ۋادىدىن غولغا
قاراپ ئۆرلەپ كېتىۋاتقان چېغىمىزدا، سەن بۇرنۇمدىكى چۆلۈككە
باغلانغان چۇلۇۋۇرنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ قويغانىدىڭ،

بۇنى ئۇنتۇپ قالىغانسەن؟ مانا شۇ ئىشىڭنى قىيامەتكە بارغاندىمۇ زادىلا كەچۈرەلمەيمەن! . . . »

نەزمە:

مۇددەئىي ئۆزىدىن باشقىنى كۆرمەس،
مەنمەنلىك پەردىسى توسقان كۆزىنى.
بەخش ئەتسە، خۇدايىم ھەقنى كۆرەر كۆز،
كۆرەتتى ھەممىدىن ئاجىز ئۆزىنى.

— شەيىخ سەئىدى

## تۆتىنچى باب

# قاسىم پولگان

جەڭچىنىڭ ھاياتى قىممەتلىك، بولۇپمۇ جەڭچى
كۆپ بولمىغان جايدا تېخىمۇ شۇنداق.
— ئاپتور

مىلادى 1877 - يىلى 4 - ئاي.

داۋانچىڭ جىلغىسىدا، تاغنىڭ تىك يان باغرىنى بويلاپ يىلان باغرى ئاقىدىغان بايتوقاي ئېقىنىنىڭ بويىدىكى تار، ئەگرى - بۈگرى چىغىر يولنى ھېسابقا ئالمىغاندا، توقسۇن، تۇرپانغا ۋە جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرگە ئۆتىدىغان باشقا يول يوق ئىدى. ئېقىنىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تىك تاغلار تاكى توقسۇننىڭ ئۇس- تىدىكى پاچساغالغا قەدەر سوزۇلغانىدى. جىلغىنى بويلاپ ئاقىدى- غان بايتوقاي ئېقىنىنىڭ كەڭلىكى ئەللىك غۇلاچتىن ئاشمايتتى. ئېقىنىنىڭ ئۈستىدىكى چىغىر يولدا ماڭغاندا سەللا دىققەت قىلمى- سا، ئادەمنى پەستە ئۆلۈم كۈتەتتى.

جىلغىنىڭ ئىچى كۆپكۆك ئوت - چۆپلۈك بىلەن قاپلانغانى- دى. تاشلاردىن تاشلارغا ئوخچۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرى، يان باغىرلاردا بۆككىدە ئۆسكەن مەجنۇنتاللار، توغراقلار، تاغ تېرەك- لىرى پۈتۈن جىلغىغا باشقىچە ھۆسن بېغىشلىغانىدى.

گۇاڭشۈينىڭ ئۈچىنچى يىلى①، مانجۇ خاندانلىقى قاش قو- ۋۇقتىن چىققان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ تۇرشاۋۇل سانغۇنى، ئىلى

---

① مىلادى 1877 - يىلى

جياڭجۇن جىن شۈي قوماندانلىقىدىكى قىسىملارنى تەرتىپكە سې-
لىپ، ئۆزگەرتىپ تۈزىگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۇرۇمچى ئالدىن-
قى سېپىدىن ماناس ئەتراپلىرىغا يۆتكەپ، ئىلىنى بېسىپ ياتقان
چارروسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىشقا قويدى؛
قەمەرىيە ئىككىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى[1]، جىن يۈڭچاڭنىڭ
«غالىپ قوشۇنى» بۇيرۇق بويىچە، گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى تيەنشۈي
دېگەن يەردىن ئۇرۇمچى ئالدىنقى سېپىگە يۆتكەلدى؛ جاڭ ياۋ
قىسمى فۇكاڭ، گۇمۇدى ئەتراپلىرىدىن موزى تەرەپكە يۆتكەپ
كېلىنىپ، بارىكۆل تەرەپتىن تۇرپان تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەۋات-
قان شۈي جيەنباۋنىڭ ئەنخۇي قوشۇنى بىلەن بىرلەشكەندىن كې-
يىن، داۋاملىق تۇردە غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەش ھەققىدە بويرۇق
تاپشۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، مانجۇلار ئاتلىق، پىيادە چېرىك-
لەردىن ئەللىك يىڭ، تەخمىنەن ئىككى تۇمەندىن ئارتۇقراق لەش-
كەر بىلەن داۋانچىڭ، تۇرپان، توقسۇن ئۇچبۇرجەك رايونىنى
شىمال ۋە شەرق تەرەپتىن تەڭلا ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى.

بەدۆلەت تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە مانجۇلارنىڭ
قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ساراسىمىگە چۈشۈپ
قالدى. ئۇ تەبىئىي توساق — تەڭرى تېغىغا تايىنىپ، مانجۇلارغا
تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، دەرھال كورلا، كۇچا تەرەپلەردىن يې-
گىرمە يەتتە مىڭدەك يىگىت - سەرۋازنى توقسۇن تەرەپكە يۆتكى-
دى.

داۋانچىڭ تەڭرى تېغىدىن جەنۇبقا ئۆتۈشتىكى مۇھىم تاغ
ئېغىزى ئىدى. بەدۆلەتنىڭ بۇ يەردە ئەمىرلەشكەر ھەيدەرقۇل
دادخاھ، مۇھەممەت نىياز توقسابە باشچىلىقىدا تۆت مىڭدەك ئەس-
كىرىي كۈچى بار ئىدى. ئۇلارغا ئالتە دانە توپ سەپلەپ بېرىلگە-
نىدى.

---

[1] شەمسىيە 1877 - يىلى 1 - ئاينىڭ باشلىرى.

تۇرپان قەلئەسىنى ھېكىمخان تۆرە باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار ساقلاپ ياتاتتى. سىڭگىم ئېغىزىدا ئۇرۇمچى ھاكىمبېگى ما رېنىدىنىڭ تۇڭگانىيلىرى تۇراتتى.

قەمەرىيە ئۇچىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى[1] ، زۇڭتۇڭ دارېن ليۇ جىڭتاڭ قوماندانلىقىدىكى ئون ئالتە مىڭ قارا چېرىك ئۇرۇمچىدىن جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇلار ئۇچىنچى كۈنى داۋانچىڭغا ئون ئىككى پوتەي كېلىدىغان سەييۇپۇ دېگەن يەرگە چۈشكۈن قىلدى.

شۇ كۈنى كېچىسى، ئەنخۇي قوشۇنىنىڭ باش بۇغى يۇ خۇئېن توققۇز يىڭ ئاتلىق چېرىكنى باشلاپ، خەنجۇڭ قوشۇنىنىڭ باش بۇغى تەن شاڭلىيەن تۆت يىڭ پىيادە چېرىكنى باشلاپ داۋانچىڭغا كېچىلەپ يۈرۈش قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. ئۇلار لەشكەرلىرىگە ياغاچ چىشلەتكۈزۈپ، كېچىلەپ تېز يۈرۈش قىلىپ، تاڭ سۈزۈلگەندە داۋانچىڭ ئەتراپىغا يېتىپ كېلىشتى.

قورغاندىكىلەر قارا چېرىكلەرنىڭ سەييۇپۇ دېگەن مەنزىلگە چۈشكۈن قىلغانلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولغانىدى. ئۇلار مانجۇلارنىڭ شەبخۇن ئۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قورغان ئەتراپىغا سۇ قويۇپ بەرگەنىدى. پاتقاق ئاتنى چۆكتۈرەتتى. ئاتلىق قارا چېرىكلەر ئاقسۇ[2] تەرەپ بىلەن قورغاننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئېگىزلىكنى ئىگىلىۋالدى؛ پىيادە چېرىكلەر بولسا قورغاننىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى ئېگىزلىككە ئىستىھكام قۇردى. ئۇلار بىرنەچچە كۈن ھەممە تەييارلىقلىرىنى تەق قىلىشىۋالغاندىن كېيىن، داۋانچىڭ قورغىنىغا جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىزلىكتىن تەڭلا ھۇجۇم باشلىدى.

قورغاندا ئەمىر لەشكەر ھەيدەر قۇل دادخاھ، مۇھەممەت نى-

---

① شەمسىيە 1877 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى.

② ئاقسۇ — داۋانچىڭنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بىر جاي ئىسمى.

ياز توقسابە باشلىق ئەمرائىي لەشكەرلەر ۋە توقسۇن يىلانلىقلىق قاسىم پولگان باشچىلىقىدا كەينىدىن ئوقلىنىدىغان تۆركىلەنكى مىلتىق، دومىلە مىلتىق ۋە كالتۇس مىلتىقلار[1] بىلەن قوراللانغان تۆت مىڭدەك سەرۋاز - يىگىت بار ئىدى. ئۇلار ئىستىھكام ئىچىدە، يىراقتىكى تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغان مانجۇ چېرىكلىرىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇشاتتى.

قەمەرىيە ئۈچىنچى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى[2]، نىڭشا قوشۇنىنىڭ باش غۇنى تەن باسۇينىڭ توپچى چېرىكلىرى كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئېگىزلىكتە پوتەي ياساشقا باشلىدى.

مانجۇلار چېقىن توپلىرىنى دۆڭگە سۆرەپ چىقىشىۋاتاتتى. بۇ ئېغىر زەمبىرەكلەر كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان قۇياش نۇرىدا ئەينەكتەك پارقىرايتتى. پەستە تاشلىق چىغىر يولدىن ئۆمىلەپ كېلىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ گەۋدىلىرى غىلپال كۆرۈنۈپ قالاتتى. بۇلار مانجۇ پىيادىلىرى ئىدى. دۆڭدە بىر مانجۇ سەردارى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قورغان تەرەپنى دۇربۇن بىلەن كۆزىتىۋاتاتتى.

قاسىم پولگان دەل ئاشۇ چىغىر يول ئاغزىنى قامال قىلىپ تۇرۇۋالغانىدى. ئۇ قولىدىكى بەشئاتارنى مېھىر بىلەن سىيلاپ قويدى، يېنىدىكى ئىككى خالتا ئوقنى تەكشۈردى. ئۇ ئىلگىرى توقسۇن تاغلىرىدا ئوۋچىلىق قىلىدىغان، تاغ يوللىرىغا پۇختا، مەرگەن بىر ئادەم ئىدى.

ئۇ دۆڭدە ئات ئۈستىدە دۇربۇن تارتىۋاتقان ھېلىقى مانجۇ سەردارىنى قارىغا ئالدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ بېشىنى چەنلەپ، ئاستا - ئاستا مىلتىقىنىڭ ئۇچىنى تۆۋەنلىتىپ ھېلىقى مانجۇ سەردارىنىڭ ئېتىنىڭ بېشىنى چېنەپ تەپكىنى باستى. «پاڭ!» قىلغان

---

① تۆركىلەنكى — بەشئاتار؛ دومىلە مىلتىق — قوش ستېرېئولۇق مىلتىق؛ كالتۇس مىلتىق — بىر خىل تاپانچا.

② شەمسىيە 1877 - يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى.

ئاۋاز بىلەن تەڭ، ھېلىقى مانجۇ سەردارنىڭ ئېتى پۇلاڭلاپ يەرگە يىقىلدى. ئات ئۈستىدىكى مانجۇ سەردارىمۇ ئاتنىڭ ئۈستىدىن يەرگە تىك موللاق ئېتىپ چۈشتى. . .

تاغقا يامىشىپ چىقىۋاتقان قارا چېرىكلەر يېقىنلىشىپ، بارغانسېرى يوغانلىدى، قاسىم پولگان يان تەرەپتىن سوقۇۋاتقان تاغ سەلكىنىنىڭ كۈچىنى ۋە ئۆزى بىلەن بىرىنچى قارا چېرىكنىڭ ئارىلىقىنى مۆلچەرلەپ باقتى. شۇنىڭدەك ئوقنى ئېگىزدىن پەسكە قارىتىپ ئاتقاندا، نىشانغا تېگمىشتە ئۇچرايدىغان قىيىشلارنىمۇ تولۇق ھېسابقا ئېلىپ قويدى. ئۇ ئوق ئۈزۈشكە بەك ئالدىراپ كەتمەيۋاتاتتى. قارا چېرىكلەر تاكى قىرلىق تاش ئۈستىدە تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئاران چىقىدىغان يولنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەنگە قەدەر، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن قاراپ تۇردى. ئاندىن ئۇلارنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇپ، ئارقىسىغا — كەلگەن يولىغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

× ×

ئەسلىدە قارا چېرىكلەرنىڭ داۋانچىڭ تەرەپكە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان قاسىم پولگان بۇ خەۋەرنى كورلىدىكى بەدۆلەتكە يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما بەدۆلەتتىن كەلگەن: «قارا چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا چىققۇچى بولماڭلار! قورغاننى بوشاتقۇچىمۇ بولماڭلار؛ قارا چېرىكلەر تاكى ئۇستۇڭلەرگە باستۇرۇپ كەلمىگۈچە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇرۇشمىغۇچى بولماڭلار!» دېگەن پەرماننى تاپشۇرۇۋېلىپ تەئەججۇپ ئىلكىدە بارمىقىنى چىشلەپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالغانىدى. بەدۆلەتنىڭ بۇ پەرمانى قايسى تەدبىرگە ئاساسەن ۋە قانداق غەرەز بىلەن چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى.

مانجۇلار داۋانچىڭ قورغىنىنى ئەتراپىغا يېتىپ كېلىپ دەرھال

ھۇجۇم باشلىماستىن، ئالدىرىماي ـ تېنىمەي تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى. قورغاندىكىلەر بولسا، مانجۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بېرىلمىگەنلىكىدىن تىتىلداپ كېتىشىۋاتاتتى. ئاخىرى، قاسىم پولگان ئەمىرلەشكەر ھەيدەرقۇل دادخاھنىڭ توسقىنىغا قارىماي، بىر ئۆزى يالغۇز قارا چېرىكلەر بىلەن ئېتىشماقچى بولدى. ئۇ:

— قارا، كانتۇلارنىڭ قولىدىكى مىلتىق بولسا، بىزنىڭ قولىمىزدىكى كۆسەيمۇ؟ نېمىلىكى بولسا، ئۇرۇشۇپ كۆرمەمدۇق؟ ئۇلارغىمۇ بىر ئەلەم قىلايلۇق ـ تە! ئانىمىز بىزنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقاندىكىن، تىللاردا داستان بولغۇدەك بىر ئىش قىلمامدۇق؟ ياكى ھەممىمىز شېھىت بولۇپ ئۇدۇل جەننەتكە كېتۇرمىز! — دېدى ـ دە، ئىككى خالتا ئوقنى ئەنەيتۇل ئىزچىغا كۆتۈرگۈزۈپ، ئۆزى ئىككى تال بەشئاتار مىلتىقنى ئالدى، ئاندىن ھېلىقى چىغىر يول ئېغىزىغا كېلىپ، قورام تاش كەينىگە يوشۇرۇندى...

شېغىل تاشلارنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. چىغىر يولدا قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئىككى ئادەم كېلىۋاتاتتى.

— ھەي، سىلەر نېمە ئادەم؟ — دەپ ۋارقىرىدى قاسىم پولگان قورام تاشنىڭ كەينىدە تۇرۇپ.

— بىز ئەلچى، — دەپ ئېتتىك جاۋاب بەردى كېلىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە بىرى ساپ ئويغۇر تىلىدا، — بىز زۇڭتۇڭ دارېننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن سىلەرنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ كەلدۇق.

ھېلىقىلار جاۋاب بەرگەچ ئۇدۇل كېلىۋەردى.

— توختا! قايت ئارقىڭغا! بولمىسا، ئېتىپ تاشلايمەن! — دەپ ۋارقىرىدى قاسىم پولگان تاشنىڭ ئارقىسىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنى تونىدى. ئۇ بەدۆلەتنىڭ ھوشۇر مەھرەم دېگەن ئاسراندىسى ئىدى. «ۋاي كانتۇ. يوقاپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىغان... دەپ ئويلىدى قاسىم

پولگان، — ئەسلىدە مانجۇلارغا قىچىپتىكەن - دە! ۋاي ئىتىنىڭ بالىسى - يەي. . . »

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى هوشۇر مەھرەمنىڭ يېنىدىكى ئادەم. ئۇ مانجۇلارنىڭ ئوفىتسېرلىرىدىن بىرى ئىدى.

— مەن قاسىم پولگان بولىمەن، ھە قانداق، گېپىڭ بارمۇ؟

هوشۇر مەھرەم كالدىرلاپ بىر هازاغىچە قاسىم پولگاننى ھېلىقى مانجۇ ئوفىتسېرىغا تونۇشتۇردى.

— ھە، ھېلىقى توقسۇنلۇق قاسىم پولگان دېگەن چەنتۇ سەن ئىكەنسەن - دە! سېنى كارامەت ئۇستا مەرگەن دەيدىغۇ؟ قارا، بىز سېنى بىلەمدىكەنمىز؟ قورغاندىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئوبدان بىلىمىز. قورغاندىكى چەنتۇلارغا بېرىپ دە، ئەنجانلىقلارغا بولۇشمىسۇن، يولنى بىكار قىلىشسۇن. ھېچبىر پايدىسىز قانغا بويالمىسۇن. بولمىسا، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ساق قويمايمىز!

تاشنىڭ كەينىدە تۇرغان قاسىم پولگان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— قورالنى تاشلا! — دەپ تەكرارلىدى ھېلىقى مانجۇ ئوفىتسېرى.

لېكىن تاشنىڭ كەينىدىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى. ئەتراپنى بىر پەس جىمجىتلىق قاپلاپ كەتتى.

— قاسىم پولگان! ئاڭلاۋاتامسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى هوشۇر مەھرەم، — دارىن سېنىڭ بىلەن سۆزلەشمەي دەيدۇ. يۈزتۇرانە تۇرۇپ سۆزلەشسەڭ قانداق دەيسەن؟

— بولىدۇ. خوجاڭغا ئېيت! مېنىڭ بىلەن سۆزلىشىشتىن ئاگال، ئاسماندىكى قۇياشقا، ئەتراپتىكى تاغۇ - تاشلارغا ئوبدان قارىۋالغاي، بولمىسا، ئۇلارنى قايتا كۆرەلمەي قالىدۇ!

— ياق، ياق! ئۇنداق قىلما، ھەرگىز ئۇق چىقارغۇچى بولما! — دەپ ۋايساپ كەتتى مانجۇ ئوفىتسېرى قاسىم پولگاننىڭ

سۆزىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، — سېنىڭ مەرگەنلىكىڭنى بىلىمەن، بىراق، ماڭا ئوق ئاتساڭ بولمايدۇ. چۈنكى مەن ئەلچى. قەدىمدىن «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن ئۇدۇم داۋام قىلىپ كەلگەن. مەن مانجۇ خاقانلىقى نامىدىن سېنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن. ئاڭلىدىڭمۇ؟

قاسىم پولگان نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇڭشۇپ قويدى.

— شۇنداق ئەمەسمۇ! — دەپ تەكرارلىدى ھېلىقى مانجۇ ئوفىتسېرى، — ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئاداۋەت يوق. سىلەر چەنتۇلار ئەزەلدىن مانجۇ سەلتەنەتىگە يۇقرادارچىلىق قىلىپ كەلگەن خەقسىلەر. مانجۇ سەلتەنەتى بىلەن سىلەر چەنتۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن ئاداۋەت بولغان ئەمەس. بىز پەقەت ئەنجانلىقلارنىلا قوغلاپ چىقارغىلى كەلدۇق. سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردا ھىدايەت، ئادالەت، تەرتىپ ئورناتقىلى كەلدۇق. سۆزۈمنى چۈشىنىۋاتقانسەن؟

— سەنلەر بىزلەرنى دەپسەندە قىلىشىپ، يەنە تېخى ئاداۋىتىمىز يوق دەيسىنا؟ بۇ ئاداۋەت ئەمەسمىكەن؟ سەنلەر زادى قانچىلىك ئادەملەر ئىدىڭ؟ بىز سەن كانتۇلارنى ياخشى بىلىمىز، — دېگەن ئاۋاز كەلدى تاشنىڭ كەينىدىن، — ئەگەر ساڭا جان تاتلىق بولسا، ئورنىڭدىن قىمىرلىما، مانجۇلار ھەققىدە بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن كۆپ ئاڭلىغان. ئۆزىمىزمۇ مانجۇلارنىڭ زۇلۇم - ستەملىرىنى يەتكۈدەك تارتتۇق! سەنلەر يېڭى كېلىشكەندە، خۇددى ھازىرقىنىڭ ئۆزىدەكلا ياۋاش ئىدىڭ. شېرىن سۆخەن، يۇمشاق سۆزلەرنى قىلىشقانىدىڭ. ھالا بۈگۈنكى كۈندە، سەنلەر ھەممە نەرسىنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋېلىشتىڭ، باغلار، تاغلار، ھەممە يەرلەر، بارلىق دەپنە - دۇنيالار، مال - چارۋىلار، كارىز - كۆللەر سەنلەرنىڭ بولدى. سەنلەر بىزگە جاڭگۇيدى بولۇشتۇڭ. بىز سەنلەرگە چاڭگۇڭ بولدۇق. بىزنى بەكمۇ ئانىي تېپىپ كېتىشتىڭ. سەنلەر پادىشاھلاردەك ياشاپ كېلىشتىڭ. بىز يۇرت -

ماكانىمىز تۇرۇپ، ماكانسىز بولۇپ قالدۇق. خورلاندۇق. ئا-
خىر، سەنلەر خوجايىن، بىز چاكار بولدۇق. . .

ھوشۇر مەھرەم قاسىم پولگاننىڭ باياتىنقى سۆزلىرىنى ئې-
رىنمەستىن ھېلىقى مانجۇ ئوفىتسېرىغا ئۆرۈپ بەردى. مانجۇ
ئوفىتسېرىمۇ چۈشەنگەندەك قىلىپ ھەدەپ بېشىنى لىڭشىتاتتى.

— بۇ گەپلىرىڭ بەكمۇ ئورۇنلۇق، — دېدى ھېلىقى مانجۇ
ئوفىتسېرى قاسىم پولگاننىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، —
بۇرۇنقىلار شۇنداق قىلىشقان. ئەمما، بىز ئۇنداق قىلمايمىز.
بۇنداق قىلماسلىق توغرىسىدا بىز ئۇلۇغىمىزدىن كۆرسەتمە ئال-
غانمىز. بىز سەن چەنتۇلارنىڭ دۈشمىنىڭ ئەمەس. سەنمۇ تاش-
نىڭ ئارقىسىدىن چىق. مەنمۇ ئالدىڭغا باراي، يۈزتۇرانە تۇرۇپ
سۆزلىشەيلى. قانداق دەيسەن؟

— . . .

— ئۇنداق بولسا، مەن ئالدىڭغا باراي!

— يېنىمغا كەلمەي تۇرۇپ، جېنىڭدىن ئايرىلىپ قالارسەن-
مىكىن؟

قارىغاندا ھېلىقى مانجۇ ئوفىتسېرى ئانچە قورقۇنچاقلاردىن
ئەمەستەك قىلاتتى. بىراق، قاسىم پولگاننىڭ باياتىنقى گەپلىرى-
نى ئاڭلاپ ئۆز ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. ئۇ پەسكە، يارلىققا
قارىدى. پىچاقنىڭ بىسىدەك ئۆتكۈر، قىرلىق تاشلار كۆز ئالدىدا
نامايان بولدى. ئۇ قەتئىي قارارغا كەلدى.

— قاسىم پوگان! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

جىلغا ئىچىدە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ھېلىقى
مانجۇ ئوفىتسېرى ئارقىسىغا قايرىلىپ چېرىكلىرىگە ئالدىرقانداق
بۇيرۇقلارنى بەردى ـ دە، ئالدىدىكى خەتەرلىك يولغا قەدەم باس-
تى.

ئۇ شىپاپ ئاستا مېڭىپ كېلىۋەردى. ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشى
خۇددى دارۋازلارنىڭ دار ئارغامچىسى ئۈستىدىكى مېڭىشىغا ئوخ-

شايىتتى. ئۇنىڭ ھاۋادىن بۆلەك تۇتۇۋالىدىغان ھېچنەرسىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ پۇتى ئاستىدىن قوزغالغان تاشلار يارلىققا ئۇچۇپ چۈشۈپ كېتىۋەردى. قۇياش پۇتۇن تاشلىقنى ئوتتەك قىزىتىۋەتكەنىدى. ھېلىقى مانجۇ ئوفىتسېرىنىڭ يۈزىدىن تەر چىپىلداپ قۇيۇلۇپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ ھامان ئالغا قاراپ كېلەتتى. نىھايەت، ئۇ يولنىڭ يېرىمىغا يەتتى.

— توختا! — دەپ ۋارقىرىدى قاسىم پولگان، — يەنە بىر قەدەم باسساڭ ئاتىمەن!

مانجۇ ئوفىتسېرى خۇددى پىلسىرات كۆۋرۈكى ئۇستىدە تۇرغاندەك، ئىككى قولىنى كۆتۈرگەن ھالدا يىقىلاي - يىقىلاي دەپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ رەڭگى ئۆچكەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ قارىشىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ قورىغان لەۋلىرىنى يالاپ تۇرۇپ:

— قاسىم پولگان، مېنى ئۆلتۈرمەيسەن - ھە؟ بىلىمەن، ئۆلتۈرمەيسەن! — دېدى ۋە ئالغا قاراپ يەنە بىر قەدەم تاشلىدى. شۇ ھامان «ۋاڭڭىدە» قىلىپ ئېتىلغان ئوق ئۇنى موكچىيىشكە مەجبۇر قىلدى. پەسكە دومىلاپ چۈشۈۋاتقاندا، ئۇنىڭ چىرايىدا ئاچچىقلىنىش ۋە ھەيرانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈندى. «ئەگەر يار تەرەپكە يىقىلمىسام، قۇتۇلالايمەن» دەپ ئويلىدىيۇ، شۇ ھامان ئۆلۈم قۇچىقىغا يىقىلدى. بىردەمدىن كېيىن بولسا، تاش ئۇستى بوشاپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بەش چېرىك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قىرلىق چىغىر يولدىن يۈگۈرۈپ كېلىشتى - دە، دەرەخلىككە قارىتىپ ئوت ئاچتى. بۇ ئەقىلسىزلىق ئىدى. قاسىم پولگان مىلتىق تەپكىسىنى شۇ قەدەر تېز باساتتىكى، ئارقىمۇ ئارقا ئېتىلغان بەش پاي ئوق بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ قاراس - قۇرۇس قىلغان بىرلا ئاۋاز چىقاردى.

قاسىم پولگان تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ۋىژىلداپ كېلىۋاتقان ئوقلاردىن بېشىنى قاچۇرۇپ دەرەخزارلىقتىن مارىلىدى. مانجۇ چە-

ـرىكلىرىدىن تۆت نەپىرى خۇددى ئۆز باشلىقىغا ئوخشاش، بىر-
دەمنىڭ ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولغانىدى، بەشىنچىسى بولسا،
تېخى تىرىك پېتى چىغىر يول ئۈستىدە ئوڭدىسىغا ياتاتتى. چىغىر
يولنىڭ نېرىقى بېشىدا قالغان مانجۇ چېرىكلىرى ئوت ئېتىشنى
توختىتىپ، بىر يەرگە توپلىنىشتى. مۇشۇ يالىڭاچ قىيا تاشلار
ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىدى. قاسىم پولگاننىڭ ئۇلار-
نىڭ ھەممىسىنى پەسكە چۈشۈۋېلىشقا قويماي، بىر - بىرلەپ
يارلىققا ئاغدۇرۇۋېتىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن، ئۇ ئەمدى ئوق
ئۈزمىدى. قىسقا كېڭەشتىن كېيىن، مانجۇ چېرىكلىرىدىن
بىرى ئاق يەكتىكىنى سېلىپ ئېگىز كۆتۈردى - دە، بايراق
ئورنىدا لەپىلدەتتى. كېيىن ئۇلار ئىككى كىشى بولۇپ چىغىر
يولغا قەدەم بېسىشتى - دە، ياردار شېرىكلىرىنىڭ يېنىغا كې-
لىشكە باشلىدى. قاسىم پولگان قىمىرلىماستىن ئۇلارنىڭ ھەرد-
كىتىنى تەقىپ قىلىپ ياتاتتى. ئۇلار ئاستا - ئاستا ئارقىغا
چېكىنىپ، پەسكە، ۋادىغا چۈشۈپ كېتىشتى ۋە بارغانسېرى كىد-
چىكلەپ قارا نۇقتىلارغا ئايلاندى.

ئالاھەزەل ئىككى ئاش پىشىمىدىن كېيىن، قاسىم پولگان
باشقا بىر پاناھ جايدىن تىمىسقىلاپ چىقىپ كېلىۋاتقان بىر توپ
مانجۇ چېرىكلىرىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار قارشى تەرەپتىكى ۋادد-
دىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى. ياۋا ئۆچكىلەر ئۇلارنى
كۆرۈپ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قېچىشتى. قاسىم پولگان تازا
ئىشەنچ قىلالماي، يېنىدا مىلتىققا ئوق بېسىپ بېرىۋاتقان گەنەي-
تۇل ئىمزىچىغا تەئەججۇپ نەزەرى بىلەن قارىدى.

— ياق، ئۇلار بۇ تەرەپتىن ئۆتەلمەيدۇ، — دېدى گەنەيتۇل
ئىمزىچى قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان مانجۇ چېرىكلىرىنى كۆزىتىپ
تۇرۇپ.

— ئۆچكىلەرچۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن قاسىم پول-
گان.

— ئۆچكىلەر قوشنا جىلغىدىن كەلگەن. مانجۇلار بولسا بۇ يەرگە چىقالمايدۇ، يول يوق. ئۇلار ئۆچكىلەردىن ئەقىللىق ئە-مەس، ئۇلار يارلىققا يىقىلىپ پارچە - پارچە بولۇپ كېتىدۇ. بۇنى ھېلى كۆرىمىز.

— ئۇلار يامان نېمىلەر، — دېدى قاسىم پولگان، — مەيلى قېنى كۆرىمىزغۇ!

ئۇلار گىلەمگە ئوخشاش رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن بېزەلگەن ئوت - چۆپلەر ئۈستىدە يانمۇيان يېتىپ، يۇقىرىغا خۇددى تېزەك-چى قوڭغۇزدەك ئۆمىلەپ چىقىۋاتقان مانجۇ چېرىكلىرىنى كۆزد-تىپ تۇرۇشتى. ئالدىن مۆلچەرلەنگەندەك ئىش يۈز بەردى: مانجۇ چېرىكلىرىدىن ئۈچى تېيىلىپ كېتىپ، تاغنىڭ قىياسىغىچە دو-مىلاپ باردى - دە، ئارقىدىنلا تىك يار ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئۇلار ئەمدى بىزنى ئاۋارە قىلىشمايدۇ، — دېدى ئەنەي-تۇل ئىنچى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇلارنىڭ زەمبىرەكلىرى بار، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى قاسىم پولگان، — ئۇلارنىڭ توپچىلىرى تېخى ئىشقا چۈشۈشكىنى يوق!

ئىسسىقتىن ھالسىرىغان ئەنەيتۇل ئىنچى چاتقال ئىچىگە كىرىپ بىردەم ھاردۇقىنى ئالدى. قاسىم پولگانمۇ بەتلەكلىك تۇركىلەنكىسىنى تىزىغا قويۇپ، ئۆز ئورنىدا ئولتۇراتتى. . .

بۇگۇن ئاخىرى كەچ بولۇپ، قاراڭغۇ چۈشتى. ئاسماندا يېرىم چاققا ئوخشاش ئېسىلىپ تۇرغان ئاي خۇددى ماغدۇرسىز-لىقتىن ماڭالماي قالغان كېسەل كىشىنىڭ يۈزىدەك پۇتۇنلەي تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ قورغانغا، قورغان ئەتراپىدىكى ساسلىققا ۋە تاغلارغا جانسىز، ئاجىز نۇرىنى چاچماقتا ئىدى. مانجۇلار قورغان ئەتراپىدىكى قېرى قارىياغاچلارنىڭ ئەتراپىغا قۇرۇق شاخ دۆۋىلەپ، ئوت يېقىۋەتتى. «ئوت شولىسى ئەتراپنى خۇددى كۈن-

دۆزدىكىدەك يورۇتىۋەتكەنىدى»[1].

قەمەرىيە ئۈچىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى[2] ئەتىگەندە، كۈن قىزارغان مەھەلدە، ليۇ جىڭتاڭ توپچى قىسىمغا قورغاننى توپقا تۇتۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. مۇشاۋىر سانغۇن خۇ مىڭگۈي بىلەن ياساۋۇل سەردار جۇاڭ ۋېي دۆڭدە قۇرۇقلۇق تۇرغان چېقىن توپىنىڭ كەينىگە ئۆتۈشتى...

قىرغاق تەرەپتىن پارتلاش ساداسى كەلدى ـ دە، خۇددى ھاۋا پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى. قاسىم پولگان ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بۇ دەھشەتلىك سادا قاسىم پولگاننى خېلىلا مەڭدىتىپ قويغانىدى. ئەتراپ بىر خىل ۋەھىمىلىك سادالار بىلەن تولغانىدى. دەھشەتلىك پارتلاش سادالىرى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىشكە باشلىدى. قاسىم پولگان ئەندىشە ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. مانا زەمبىرەك ئوقى تاغ ئۈستىدىمۇ پارتلاشقا باشلىدى. جىلغا ئىچى قويۇق قارا ئىس ـ تۈتەك بىلەن تولۇشقا باشلىدى. تاشلار تارس ـ تارس قىلىپ يېرىلىپ، پارچىلىرى پەسكە دومىلاپ چۈشكىلى تۇردى.

قاسىم پولگان قولى بىلەن تەر باسقان پېشانىسىنى سىيلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ۋەھىمە چۇلغىۋالدى. چۈنكى، ئۇ مۇنداق زالىپ ئېتىلغان[3] زەمبىرەك ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ كۆرمىگەنىدى.

— بىر، ئىككى، — دەپ ئاۋازىنى چىقىرىپ سانىدى توختى قاۋان دېگەن بىر يىگىت. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ ئېتىلغان زەمبى-

---

① «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرىنىڭ ئەسەرلىرى. خانغا يوللانغان نامىلەر» 50 ـ جىلد، 34 ـ بەت.

② شەمسىيە 1877 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى.

③ زالىپ ئېتىلىش — زەمبىرەكلەرنىڭ تەڭلا ئېتىلىشى.

ـرەك ئوقلىرىنىڭ سانىنى ھېسابلىغۇسى كەلگەنىدى.

ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئوقلار جىلغا ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ، يېقىن يەردىكى تاغ چوققىسىنىڭ ئارقىسىدا پارتىلىدى. توختى قاۋان ساناۋەردى، بۇ چاغدا قورغان ئىچىدە دەم ئېلىۋاتقان يىگىتلەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىشتى. باشتا زەمبىرەك ئوقىنىڭ پارتلاشلىرى ئۇلارنى خېلىلا قورقۇتقانىدى. كېيىن ئۇلار تىنچلىنىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن يېڭىلىق بولغان بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلىشقا كىرىشتى. ئۇلار كېچىچە تەشۋىش ئىچىدە تۈزۈككىنە ئۇخلىيالمىغانىدى. قاسىم پولگانمۇ خېلى تىنچلىنىپ قالدى. زەمبىرەك ئوقى ئۇنىڭغا ۋە قورغانغا ھازىرچە ئانچە زىيان يەتكۈزەلمىگەنىدى. ئېھتىمال، ئۇزاق جايدىن مۇنداق توپلار بىلەن نىشاننى مۆلچەرلەپ، دەل تەگكۈزمەك دەماللىققا قىيىن بولسا كېرەك.

بىراق، ئەھۋال بىردىنلا ئۆزگەردى. مانجۇلار ئەمدى ھەرخىل كالىبىرلىق مىنامىيوتلارنى قۇرۇپ نىشانلاپ ئېتىشقا باشلىغانىدى. ئازراق ھەربىي ئىلمىدىن خەۋىرى بولغانلىكى ئادەمگە مىنامىيوتنىڭ ئوقىنىڭ ئەگرى سىزىق بويىچە نىشانغا ئۈستىدىن چۈشۈپ تېگىدىغانلىقى تولىمۇ تونۇشلۇق ئىدى. مانجۇلار بايامقىدەك ئاتكاچىسىز زەمبىرەكلەر[1]نى زالىپ ئېتىش تاكتىكىسىنى ئەمدى ئۆزگەرتكەنىدى. ئۇلار چارروسىيىدە ئىشلەنگەن ھەرخىل كالىبىرلىق مىنامىيوتلار بىلەن قورغاننى ئوققا تۇتۇشماقتا ئىدى. تراكتورىيىسىنى[2]ئوبدان بېكىتىۋالسىلا، مىنامىيوتنىڭ ئوقى شۇۋۇلداپ ئۇچقان پېتى نىشاننىڭ دەل ئۈستىگە بېرىپ چۈشەتتى.

شۇنداق ئېتىلغان بىر ئوق دەرەخزارلىق ئالدىدىكى قىرلىق تاشلار ئۈستىدە پارتلىدى. قاسىم پولگان شۇ يەردە قاراۋۇللۇق

---

[1] ئاتكاچىسىز زەمبىرەك — تۈز ئېتىلغان زەمبىرەك.

[2] تراكتورىيە — ئوقىنىڭ ھاۋادا ئۇچۇش ئەگرى سىزىقى.

قىلىۋاتقان ئەنەيتۇل ئىزچىنى ئەسلەپ، شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ دەرەخزارلىق ئىچىگە ئۆملەپ كىرگەندە، ئۇ يەردىكى تۈتەك تېخى تولۇق تارقاپ كەتمىگەنىدى. قاسىم پولگان تۇرغان ئورنىدا داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا سۇنغان، كۆيۈپ چۇچۇلە بولۇپ كەتكەن دەرەخ شاخلىرى ۋە بايا ئەنەيتۇل ئىزچى ئولتۇرغان يەردە خېلى چوڭ بىر ئازگال تۇراتتى. مانجۇلارنىڭ توپچىلىرى ئاتقان مىناميوت ئوقى توپتوغرا ئەنەيتۇل ئىزچىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ تېنى پۈتۈنلەي تىتىپ تاشلانغان، بىر قولىنىڭ پەنجىسى بىلەن ئۈچەيلىرىنىڭ بىر بۆلەكى دەرەخكە ئىلىنىپ قالغانىدى.

قاسىم پولگان دەرەخلەر ئارىسىدىن ماراپ قارىدى - دە، چىغىر يولدا چېرىكلەرنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، يۈگۈرگىنىچە ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن مانجۇلار ئاتقان مىناميوتلارنىڭ ئوقى شۇۋۇلداپ، چىرىلداپ، ھۇشتەك چېلىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. قورغان ئەتراپىنى، جىلغا ئىچىنى پارتلاش ساداسى قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، تاغ - زېمىن، يەر - جاھان لەرزىگە كېلەتتى. يىگىتلەردىن بىرقانچىسى قورقۇپ كېتىشكەنمۇ ياكى باشقا ئىشتىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىشاتتى. بىردىنلا يېقىن بىر يەردە قاپقارا تۈتۈن كۆتۈرۈلدى. پارتلاش زەربىسى ھېلىقى يىگىتلەرنى ئىككى تەرەپكە ئۇلاقتۇرۇپ ئېتىۋەتتى. ئۇلاردىن ئىككىسى ياتقان يېتى قىمىرلىماي يېتىپ قالدى. يەنە ئىككىسى بولسا يەردە ئۆملەپ قورغانغا قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى يەردە سۆرىلەتتى ۋە يارىلىرىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا، توختى قاۋاندىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى قورغانغا كىرىۋېلىشقانىدى.

— يىگىرمە، يىگىرمە بىر، — دەپ ساناشنى داۋام قىلاتتى ئۇ، — يىگىرمە ئىككى.

بۇ قېتىم بىر ئوق دەل قورغاندىكى جەبخانە[1] ئۈستىگە چۈشۈپ پارتلىدى. قورغاندىكىلەردىن بىر بۆلىكى يەر - جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگەن دەھشەتلىك پارتلاش ساداسى ئىچىدە مۆكۈۋېلىشقان جايلىرىدىن ئۆزلىرىنى سىرتقا ئېتىشقان بولسىمۇ، جەبخانە تەرەپتىن ھېچكىم سىرتقا چىقالمىدى. سېسىق تۈتۈندىن نەپسى بوغۇلغان قاسىم پولكان ئۆمىلەپ قورغان ئىچىگە كىردى. مىناميوت ئوقى پارتلىغان يەردە يىگىرمە - ئوتتۇز يىگىتنىڭ ئۆلۈكى سوزۇلۇشۇپ يېتىشاتتى.

ئەمدى ئادەملەر ئارىسىدا ۋەھىمە باشلاندى. ئۇلار جىلغىدىن يۇقىرىغا — تاغ چوققىلىرىغا ۋە تۆپىلىككە قاراپ قېچىشاتتى. يارىدار بولغان ھېلىقى ئىككى يىگىت ئاستا ئېغىرىشىپ، باشقىلاردىن كېيىن قالماسلىق ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە سۆرىلىپ باراتتى. ئەمما، چوققىغا يامىشىشتىن ئىلگىرى ئۇلار تامامەن ھالىدىن كەتتى - دە، بىرلا مىدىرلاپ كېيىن جىم بولۇشتى.

— ئۇلارنى ئېتىۋېتىش لازىم، — دېدى قاسىم پولكان توختى قاۋانغا، — بولمىسا جېنى چىقماي بەك قىينىلىپ كېتىدۇ...

توختى قاۋان بولسا بۇرۇنقى ئورنىدا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى.

— يىگىرمە بەش، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — ھە! ياخشىسى ئۇلارنى ئېتىۋېتىش كېرەك. يىگىرمە ئالتە... يىگىرمە يەتتە...

مىلتىقنىڭ ئۆزلىرىگە قارىتىلغانلىقىنى كۆرگەن ھېلىقى يارىدارلار ئېچىنىشلىق ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتتى. قاسىم پولكان ئىككىلىنىپ قالدى ۋە مىلتىقنى پەسكە چۈشۈردى - دە:

— بۇ ئاسان ئىش ئەمەس، — دېدى گويا ئۆز - ئۆزىگە

---

① جەبخانە — ئوق - دورا ئىسكىلاتى.

سۆزلىگەندەك قىلىپ.

بىر تال توپ ئوقى ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كەلگەن پېتى دەل يارىدارلار بار يەرگە چۈشۈپ پارتلىدى. . .

قورغاندا قاسىم پولگان يالغۇز ئۆزىلا قالدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى يىگىت ئېتىلىشىپ تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولغانغا قەدەر، ئۇلاردىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى، كېيىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ، بايامقى ئەنەيتۇل ئىنچى ئۆلگەن دەرەخلىككە قاراپ ماڭدى. مانجۇلار ئاتقان توپ ئوقى ھەدەپ پارتلاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كەتمىدى. چۈنكى ئۇ پەستىن يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىپ كېلىۋاتقان مانجۇ چېرىكلىرىنى كۆرۈپ قالغانىدى. بىر تال توپ ئوقى ئۇنىڭدىن يىگىرمە قەدەملەرچە نېرىدا پارتلىدى. ئۇ دەرھال يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ چاپلىشىپ يېتىۋالدى. ئوق پارچىلىرى ئۇنىڭ بېشى ئۇستىدىن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ چىغىر يولغا قارىدى ۋە ئېغىر تىنىپ قويدى. ئۇنى ۋەھىمە ۋە غېرىبلىق چۇلغىۋالغانىدى. ئۇ قوماچ قورۇغانددەك پارسىلداپ ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئوقىغا ئەسلا پەرۋا قىلمايتتى. بىراق، زەمبىرەك ئوقى ئۇنى قورقىتىۋەتكەنىدى. ھەر قېتىم زەمبىرەك ئېتىلغاندا، ئۇ تىترەپ ئۆزىنى يەرگە تاشلايتتى - يۇ، بىراق، شۇ زامان بېشىنى كۆتۈرۈپ، دەرھال چىغىر يولغا نەزەر سالاتتى.

ئېتىش توختىدى. قاسىم پولگان: «مانجۇلار يېقىنلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. ھەقىقەتەنمۇ چىغىر يولدا مانجۇ چېرىكلىرى بەئەينى قاقىرلاردەك تىزىلىپ قىل قۇيرۇق بولۇپ كېلىشمەكتە ئىدى. قاسىم پولگان ساناشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن تېزلا ھېسابتىن ئادىشىپ قالدى. مانجۇ چېرىكلىرى يۇزدىن ئاشاتتى. ئۇلار قورغانغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان قوشۇننىڭ ناھايىتى ئازلا بىر قىسمى ئىدى. مانجۇلار مىلتىق، زەمبىرەك بىلەن قورغاندىكىلەرنىڭ پېيىگە چۈشكەنىدى. ھالا بۇگۈن قورغاندىكى

نەچچە مىڭ يىگىتتىن ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، قاچىدىغىنى قېچىپ
تەنها بىر ئۆزى قالدى. توقسۇندىن كېلىدىغان ياردەم نېمىشقىدۇر
تا هازىرغا قەدەر يېتىپ كېلەلمەيۋاتاتتى. ئەنجانلىقتا ۋاپا يوق،
دەپ راست دەپتىكەن كونىلار، — دەپ ئويلىدى قاسىم پولگان
ئىچىدە، — تۇنۇگۇنلا مەيدىسىگە مۇشتلىغان بۇ ئەنجانلىقلار بۈگۈن
ھەممىنىڭ ئالدىدا تاغنىڭ كەينىگە ئۆزلىرىنى ئېلىشتى...»
بۇلارنى ئويلاپ قاسىم پولگاندا بىردىنلا غەيۇرلۇق تۇيغۇسى
قوزغالدى: مانجۇلار ئۇنى ياق، ئۇنىڭ كاللىسىنى بىرمۇنچە تەڭ-
گىگە سېتىۋالماقچى، ئۆزىغۇ ئۆمرىدە مۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى كۆ-
رۇپ باقمىغان. بۇ بىر ئاچچىق ھەقىقەت ئىدى. قاسىم پولگان
ئۆمرىدە ھېچكىمگە يامانلىق قىلمىغان. مانجۇلار لاڭقا[1] لاردىن
تارتىۋالغان يەرلىرىنى خۇرجا لارغا[2] ئەرزانلا سېتىپ بېرىپ،
لاڭقالارنى گاڭسا - جىسا قىلىپ قويۇشتى. ئۇنى ئاز دېگەندەك،
خوتۇنىنى ئېرىدىن، بالىنى ئاتىسىدىن ئايرىپ تاشلاپ، نۇرغۇن
ئائىلىلەرنى خانىۋەيران قىلىۋېتىشتى. توشقان چېغىدا ئالدىراپ
قالسا ئادەم دېمەي چىشلەيدۇ - يۇ، نىهايەت، بىز ئادەم - دە!
هالا بۈگۈنكى كۈندە مانجۇلار ئۇنىڭ بېشىنى بىرمۇنچە ئاق تەڭگى-
گە سېتىۋالماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇلار بۇ پۇلنى ھېچقا-
چان ئېلىشالمايدۇ. بۇ پۇل نۇرغۇن قارا چېرىكنىڭ بېشى ھېسا-
بىغا تۆلىنىشى مۇمكىن!
مانجۇلار ئۆمىلىشىپ، تىرمىشىپ يۇرۇپ ئاران دېگەندە
ئۇچلۇق تاش قىرىغا يېتىپ كېلىشتى. قاسىم پولگان ئۇلارنى
ئاگاھلاندۇرماقچى بولۇپ تەمشەلدى - يۇ، لېكىن كۆزى سەپدىشى
ئەنەيتۇل ئىزچىنىڭ تىتما - تالاڭ بولۇپ كەتكەن تېنىگە چۈش-

[1] لاڭقا — ئېگىز دېگەن مەنىدە. قاسىم پولگاننىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان لەقىمى. ئۇلار توقسۇن يىلانلىقتا ئولتۇراقلاشقان قەدىمكى جەمەتلەرنىڭ بىرى.
[2] خۇرجا — تېرىقچى، دېهقان، پومېشچىك دېگەن مەنىدە.

كەندە، بۇ رايىدىن تېزلا قايتتى. چىغىر يولنىڭ بېشىغا ئالتىنـ
چى چېرىك قەدەم قويغاندا، قاسىم پولگان ئەڭ كەينىدە كېلىۋاتـ
قان چېرىكتىن باشلاپ ئوت ئېچىپ، تاكى يول ئۈستى تازىلانغىچە
ئوق ئېتىۋەردى. ئۇ بىر ئوبۇيما[1] ئوقنى ئېتىپ بولۇپلا، مىلتىققا
بىر ئوبۇيما ئوق باساتتى ـ دە، ئۇنى يېنىغا قويۇپ، سوۋۇپ
ئۈلگۈرگەن يەنە بىر مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ ئوقنى ھەيدىگەندىن
كېيىن يەنە ئېتىشقا كىرىشىپ كېتەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېسىگە
ھەممە كونا دەرد ـ ئەلەملىرى چۇشۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى غەزەپ
ۋە قىساس ئوتى قاپلىۋالغانىدى. مانجۇ چېرىكلىرىمۇ چىغىر يولدا
يېتىۋېلىشىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ئۇلار چىغىر يولنىڭ پەسـ
ـرەك يەرلىرىگە ئۆزلىرىنى پاناھلىماقچى بولۇشسىمۇ، قاسىم پولـ
گان ئۇچۇن بەرىبىر ئىدى. ئۇلارنى نىشانغا ئالماق تەس ئەمەس
ئىدى. قارا چېرىكلەر ئاتقان ئوقلار ۋىژىلداپ كېلىپ قاسىم
پولگاننىڭ ئەتراپىدىكى تاشلارغا تېگەتتى ۋە چاراسلاپ ئارقىغا
قايتاتتى. بىر پاي ئوق ئۇنىڭ يانپېشىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى.
ھېلىمۇ ياخشى، ئۇستىخان زەخمە يېمىگەنىدى.

بۇ ھەقىقي قىرغىن ئىدى. مانجۇ چېرىكلىرىگە ئەجەل
ھەلقۇمىنى سېلىپ، ئۇلارنى قىرغىن قىلىۋاتقان پەقەت بىرلا
كىشى — قاسىم پولگان يالغۇز بىر ئۆزىلا ئىدى. مانجۇلار
ياريدارلىرىنى ئېلىپ چېكىنىشكە باشلىدى. قاسىم پولگان ئوق
ئېتىپ مانجۇ چېرىكلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يارغا دومىلىتىۋاتقان
چاغدا، بىردىنلا ئۇنىڭ بۇرنىغا كۆيگەن گۆشنىڭ ھىدى ئۇرۇلـ
ـدى. باياتىن ئېتىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، قولىنىڭ كۆيگىنىنى
سەزمىگەن قاسىم پولگان ئۆز ئەتراپىغا دىققەت بىلەن قاراپ،
قىزىپ كەتكەن مىلتىق تىغىنىڭ بارماقلىرىنى كۆيدۈرۈۋاتقانـ
ـلىقىنى ئاندىن بىلدى.

---

① بىر ئوبۇيما — بەشتال ئوق بېسىلغان ئوق دەستىسى.

قاسىم پولگان دەرەخلىك ئىچىدە يېتىپ قانائەت بىلەن كۈلۈپ قويدى ۋە بىردىنلا زەمبىرەكلەر ئېسىگە چۈشتى. قارىغاندا، مانجۇلار ئۇزاققىچە جىم يېتىشۋەرمەيتتى. ئۇلار چوقۇم قاسىم پولگان يوشۇرۇنۇپ ئوق ئۈزۈۋاتقان يەرنى توپقا تۇتماي قالمايدۇ. دېگەندەك، ئۇ باياتىن توپ ئوقى زادىلا چۈشمىگەن بىر قىيانىڭ كەينىگە ئەمدىلا يوشۇرۇنۇشىغا، مانجۇلارنىڭ مىنامىيوتلىرى شۇۋۇلداپ قالدى. قاسىم پولگان ساناپ تۇردى: مانجۇلار باياتىن ئۆزى تۇرغان يەرگە ساقمۇ ساق ئاتمىش پاي مىنامىيوت ئوقىنى تاشلىغاندىن كېيىن، ئاندىن جىممىدى. كىچىكرەك بىر مەيدان شۇ قەدەر تېز ئويۇپ تاشلاندىكى، ئۇ يەردە بىرەر جانلىق نەرسىنىڭ ساق قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلماق قىيىن ئىدى. مانجۇ پىيادىلىرىمۇ خۇددى شۇنداق ئويلاشقان بولسا كېرەك، چۈشتىن كېيىن ئۇلار چىغىر يولنى بويلاپ يەنە يۇقىرىغا قاراپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار يەنىلا ئۇچلۇق تاش قىرىدىن ئۆتەلمەي، جىلغا تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇشتى.

مانجۇلار چىغىر يولنى ئۈزلۈكسىز ئوققا تۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قاسىم پولگان قورغانغا ئۆتىدىغان چىغىر يولنى يەنە ئىككى كۈن قەيسەرلىك بىلەن ساقلاپ تۇردى. ئۈچىنچى كۈنى، يەنى قەمەرىيە 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، جىلغا ئىچىدىكى تاشنىڭ كەينىدە ئەسمىتۇل پەيدا بولدى.

قاسىم پولگان ئەسمىتۇلنى يېنىغا چاقىرىۋېلىپ، قولىغا بەتلەكلىك مىلتىقتىن بىرسىنى تۇتقۇزدى ـ دە، ئۇنىڭغا چىغىر يولغا ھېزى بولۇپ تۇرۇشنى تاپشۇرۇپ، ئۆزى سەل دەم ئېلىۋالماقچى بولۇپ تاشقا يۆلەندى.

سوقۇشتىكى ھارغىنلىق ئۇنى پۈتۈنلەي كاردىن چىقارغاندى. ئۇنىڭ ھەممىدىن ۋاز كەچكۈسى، ئاداۋەت ـ ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان ۋە چۈشىنىپ بولمايدىغان بۇ دۇنيادىن بىراقلا باش ئېلىپ چىقىپ كەتكۈسى كېلىۋاتاتتى. بۇ يەردە، جىلغا ئىچىدە

بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى چىگىش، بىر - بىرىگە قارىمۇ-
قارشى ئىدى. ئادەتتىكىغۇ توغرا يولنى بايقىۋېلىش ئاساندەك قىلغان
بىلەن، ھازىر بىر نېمە دېمەك تەس ئىدى. ئاياغ ئاستىدىكى توپا
پاتقاقلىقتا ئوخشاش لۆمشۈپ تۇراتتى. يەر - زېمىن تىلغاپ
تاشلانغان، يولمۇ توپ ئوقلىرى چۇشۇۋېرىپ تارامىلىنىپ كەت-
كەن. قايسى يول، قايسى ساي؟ كېتىۋاتقان يول مېڭىشقا تېگىش-
لىكمۇ - ئەمەسمۇ؟ ئىشەنچ يوق. قوزغىلاڭنىڭ دەسلىپىدە، ئۇ
ئىسھاق خوجىغا مايىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى. باشقى-
لارنىمۇ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتۇردى. مانا ئەمدىچۇ؟ قا-
سىم پولگان تاشقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئويلايتتى. ئۇ، ئەتىياز
كىرگەندە، يىلانلىقتىكى لاڭقالارنىڭ ئېتىزغا سالىدىغان سۆرەم-
نى قانداق تەييارلايدىغانلىقىنى، زەمبىل، سېۋەتلەرنى قىزىل تال
چىۋىقتىن توقۇيدىغانلىقىنى، يەر شامالداپ قۇرۇشقا باشلىغاندا
دالىغا چىقىدىغانلىقىنى، «ھوش، ھوش» دەپ ئورۇق قوش كا-
لىلىرىنى تېز - تېز ھەيدەپ، ئەمگەك سىڭىنىپ قالغان قوللىرى
بىلەن ساپانلارنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭ تېز - تېز ئۆرۈلۇپ
سىلكىنىشىنى ھېس قىلغان ھالدا، ئارقىسىدىن ماڭىدىغانلىقلى-
رىنى ئويلىدى. شۇنىڭدەك، مايسىلارنىڭ يېقىملىق ھىدى بىلەن
يول - يول ھەيدەلگەن چىلان تۇپراق يەرنىڭ خۇشپۇرىقىنىڭ
دىماغقا ئۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلى
ئىللىپ قالدى. چۈنكى، بۇ يەرلەر ئۇنىڭ ئىدى؛ بۇ يەرلەر
لاڭقالارنىڭ ئىدى. ئۇ مۇشۇ يەرلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن،
مانجۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېتىشقانىدى. ئۇنىڭ ھازىرلا تاغدىن
چۈشۈپ يىلانلىققا بارغۇسى، ئۆزىنىڭ مال - قورۇسىنى يىغىش-
تۇرغۇسى، ئوت - چۆپلەرنى تۆمۈر ئارا بىلەن ئىرغۇتقۇسى،
سېرىق چېچەك، ئاپىخانلارنىڭ پۇرىقىنى، ئېچىغان مال قىغىنىڭ
ھىدىنى پۇرىغۇسى كېلەتتى. ئۇ، تىنچلىق، ئەركىنلىك، جىم-
جىتلىقنى خالاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كۈرەك جۇۋۇغا

ئورالغان ئاتىسى جانباقى لاڭقانىڭ قامەتلىك گەۋدىسى كەلدى. كۆرەك جۇۋىنىڭ پۆرۇقىمۇ، تازىلانمىغان ئات ئېغىلىمۇ، يول ئۈستىدىكى قورۇنىڭ تېمىغا چىقىۋېلىپ قىچقىرىۋاتقان كۆرەك خورازمۇ پەيدا بولۇپ، ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان بۇرۇنقى ھاياتىنى — ئەركىنلىك ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۆڭۈللۈك كۈنلىرىنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالماقتا ئىدى. شۇ تاپتا، ئاشۇ خىلۋەت جايدا كەچكەن ھاياتى ئۇنىڭغا خۇددى قويۇق قايماق چايدەك لەززەتلىك تۇيۇلماقتا.

«پاڭ، پۇڭ» قىلىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئۇنى ئېسىگە كېلىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ تاشنىڭ كەينىدىن چىغىر يولغا قارىۋىدى، بىردىنلا بەش ـ ئالتە پاي ئوق ئاۋازى بىراقلا ئاڭلاندى. بىر تال ئوق ئۇنىڭ يەلكىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. يەنە بىر پاي ئوق تاشقا تېگىپ قاڭقىپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىغا تاشلاندى ـ دە، يەنە دەرھال ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى. جىرانىڭ ئىچى قارا چېرىكلەر بىلەن تولغانىدى. قاسىم پولگان بىرنەچچە قەدەم ئارقىغا چېكىندى ـ دە، بېلىدىن ئېغىر ئوق خالتىسىنى ئالدى. ئۇ تاشلار ئارىسىغا جايلىشىپ، يار ئۈستىدىن بىرىنچى مانجۇ چېرىكىنىڭ بېشى بىلەن يەلكىسى كۆرۈنۈشى بىلەن تەڭلا مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى باستى. ئۇ بۇ ئىشنى ئۈچ ـ تۆت قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، يار ئۈستىدە ئادەم بېشى ئورنىدا ئەمدى ئاق بايراق كۆرۈندى.

ساڭا نېمە كېرەك؟ — دەپ سورىدى قاسىم پولگان.

— ئەگەر سەن قاسىم پولگان بولساڭ، بىزگە دەل سەن كېرەك، — دېگەن جاۋاب ئاڭلاندى تاشنىڭ كەينىدىن.

قاسىم پولگان خەۋپ ـ خەتەرنى ئۇنتۇدى — ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇدى. ئۇ ھېچنەرسىگە قارىماي، ئۆز نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان بۇ مانجۇلارنىڭ چىدامچانلىقىغا ھەيران بولۇپ، ئۆز ئورنىدا يېتىۋەردى. ئۇ ئەمدى ئۈمىد قالمىغىنىنى

چۇشەندى. مانجۇلارنىڭ كۆرەڭ ئىرادىسىگە قارىغاندا قارشى تۇرۇپ بولغىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ سان ـ ساناقسىز قوشۇنى خۇددى يەر ـ زېمىننى قاپلىغان چېكەتكىدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ سانى كۆپ، ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىمۇ ئەنە شۇ سانىنىڭ كۆپلىكىدە، قانچە قىرىپ تاشلىساڭمۇ يەنە ئۈزۈلمەي كېلىۋېرىدۇ. مانجۇلارنىڭ ئەل ـ يۇرتىمىزنى تالان ـ تاراج قىلىشتىن نېمە ئۈچۈن ۋاز كەچمەي كېلىۋاتقانلىقىنى مانا مۇشۇنىڭدىن چۈشەنسە بولىدۇ...

— خوش، قېنى مەن بىلەن ماڭامسەن؟ — دەپ سورىدى قولىدا ئاق بايراق تۇتقان نامەلۇم كىشى، — ماقۇل، دە! — دېدى ئۇ.

— كەل، بولمىسا، قېنى بىر سۆزلىشىپ كۆرەيلى! — دېدى قاسىم پولگان.

يار ئۈستىدە بىر ئادەمنىڭ بېشى، يەلكىسى، ئاندىن كېيىن پۈتۈن گەۋدىسى پەيدا بولدى. ئۇ مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ سەردارلىرىدىن بىرى بولۇپ، چىرايىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ئۆزىنى توختاتقان بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئالغا قاراپ كېلىۋەردى ـ دە، قاسىم پولگاننىڭ ئىشارىتى بىلەن ئۇنىڭدىن بەش قەدەم نېرىدا توختىدى. قاسىم پولگان قولىدىكى مىلتىقىنى ئۇنىڭغا تەڭلىگىنىچە قاراپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. يۈرەكلىرى قارتتىدە قىلىپ قالدى ـ دە، تەڭلا ئاغدى!

— ئىجاتچىم! بۇ سىزمۇ؟ — دەپ سورىدى مانجۇ سەردارى.

قاسىم پولگان ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ سىنچىلاپ قارىدى. بۇ ئادەم دەل بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ئىچكىرىنىڭ چۆلىدە ئۆزى قۇتقۇلدۇرۇپ قالغان ھېلىقى قىزنىڭ ئاتىسى ئىدى. قاسىم پولگان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا بېشىنى سەل ئېگىپ قىمىرلىتىپ قويدى ـ يۇ، ئۈندىمىدى.

— ھەقىقەتەن چەكچى ئىكەنسىز. چەكچى دېسە سىزنى دېيىش كېرەك! — دېدى ھېلىقى سەردار قايىل بولغان ھالدا، — نەچچە كۈندىن بۇيان ئون ئالتە مىڭ لەشكەرنى بىر ئۆزىڭىز يالغۇز توسۇپ تۇردىڭىز.

— سەنمۇ مەرد ئىكەنسەن، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي يالغۇز چىققىنىڭنى قارا! — دېدى قاسىم پولگان خىيالچانلىق بىلەن، — سېنى پاشىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرۈپ تاشلىشىم مۇمكىن ئىدى.

— ياق، ئۆلتۈرەلمەيتتىڭىز، — دېدى ھېلىقى مانجۇ سەردارى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى سىز ئىنسان قاسىم پولگان! بىز بىزگە ئوق چىقىرىپ قارشى تۇرغان بولسىڭىزمۇ، ھەرھالدا ئادەمسىز. سىزنى بىلىمىز، سىز ئۇستا مەرگەن، بىر تال ئوقتا بىر ئادەمنى يىقىتالايسىز.

قاسىم پولگان ئاللىنېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىغان بولسىمۇ، لېكىن دۈشمىنىنىڭ راست گەپ قىلغىنىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە خۇرسەن بولدى.

— قورغاندىكىلەرنى نېمە قىلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — قېنى ئۇلار؟

— كۆپ قىسمى يوقىتىلدى. بىر قىسمى ئەسىر ئېلىندى. سىز ئەگەر قورال تاشلىسىڭىز، مەن چوڭىمىزغا دەپ، سىزنى تىلەپ قالاي.

قاسىم پولگان ئىستىھزا بىلەن كۈلۈپ قويدى ــ دە:

— مەن ئەركىن ئادەممەن، — دەپ جاۋاب بەردى، — مەن سىلەرگە چېقىلمىدىم، سىلەر ماڭا چېقىلدىڭلار. سېنىڭدىن پەقەت بىرلا نەرسىنى سورايمەن: مېنى تىنچ قويۇڭلار. مەن ئەركىن ياشىدىم. ئەركىنلىك ئىچىدە ئۆلىمەن. ھېچقاچان تەسلىم بولمايمەن.

— دېمەك، باشقىلار سىزنى ئەقىللىقراق ئىكەن، — دېدى ھېلىقى مانجۇ سەردارى، — قاراڭ، ئۇلار كېلىشىۋاتىدۇ.

قاسىم پولگان پەسكە قارىۋىدى: ھەيدەرقۇل، مەھەممەت نىياز توقسابە قاتارلىق يەتتە ئەمىر لەشكەر ۋە پەنسادلار باشلىق داۋانچىڭ قەلئەسىنى ساقلاۋاتقان سەرۋاز - يىگىتلەردىن بىرمىڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئەسىر ئاھ - ۋايلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئەسىرلەرنى قوراللىق مانجۇلار ئورىۋېلىشقانىدى.[1] ئەسىرلەر بارا - بارا كۆزدىن يۈتتى.

— ئەمدى كېتىۋەرسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى قاسىم پولگان ھېلىقى مانجۇ سەردارىغا، — مەن ھەرگىز تەسلىم بولمايمەن، گەپ شۇ، خەير.

ھېلىقى مانجۇ سەردارى بىر خورسىنىپ قويدى - دە، سىيرىلىپ پەسكە چېرىكلىرىنىڭ يېنىغا چۈشۈپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن بېشىدىكى دىڭ قالپىقىنى قولىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتۈردى. قاسىم پولگان ئاتقان ئوق ئۇنىڭ دىڭ قالپىقىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. مانجۇلار قىرغاقتا تۇرۇپ تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە قاسىم پولگاننى ئوققا تۇتۇشتى. قاسىم پولگان يۇقىرىغا — تەڭرى تېغىنىڭ غايەت زور ئېگىز چوققىلىرىغا يامىشىپ چىقىپ كەتكەنىدىن كېيىنمۇ، ئالتە ھەپتىگىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ تەمتىرەپ يۈرۈشتى. ئۇ جىرالاردىكى كۆكىرىپ بۈككىدە بولۇپ كەتكەن مەجنۇنتاللارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان چاغلىرىدا، مانجۇلار دەرەخزارلىقنى قورشىۋېلىپ، ئۇنى خۇددى توشقان قوغلىغاندەك ئىزدىشەتتى. لېكىن، ھەر قېتىم ئۇ مانجۇ چېرىكلىرىنى ئېزىقتۇرۇۋېتىپ، قۇتۇلۇپ كېتەتتى. مانجۇلار قاسىم پولگاننى

---

[1] داۋانچىڭ ئۇرۇشىدا بەدۆلەتنىڭ ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى يوقىتىلدى. بىر مىڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇقراقى ئەسىر ئېلىندى؛ مانجۇلار ئىككى يۈزدەك ئەسكىرىدىن ئايرىلدى.

قولغا چۇشۇرۇشنىڭ ھېچقانداق ئامالىنى تېپىشالمىدى. چېرىكلەر يېقىنلاشقاندا، قاسىم پولگان مىلتىقنى ئىشقا سالاتتى ـ دە، قارا چېرىكلەر ياربدار شېرىكلىرىنى ئېلىپ چىغىر يوللاردىن ۋادىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولاتتى. مانجۇلار دەرەخزارلىق ئارىسىدا ئۇنىڭ قارامتۇل گەۋدىسىنى كۆرۈپ قېلىپ ئوق ئاتقان چاغلارمۇ بولدى. بىر نۆۋەت بەش مانجۇ ئۇنى چىغىر يولنىڭ ئوچۇق جايىغا سۈرۈپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ھەممە ئوقلىرىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يار ياقىلاپ ياربدار پۇتىنى سۆرىگىنىچە ئاقساقلاپ قېچىپ قۇتۇلۇپ كەتتى. كېيىن، ئۇلار يول ئۇستىدە قانلىق ئىزلارنى كۆرۈپ، قاسىم پولگاننىڭ ياربدار بولغانلىقىنى بىلىشتى. ئالتە ھەپتىدىن كېيىن، مانجۇلار ئۇنى تەقىپ قىلىشتىن ۋاز كەچتى. داۋانچىڭ جىلغىسىنى ئۇنىڭ تەنھا ھۆكۈمرانلىقىغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزلىرى توقسۇن ئارقىلىق قارا قىزىلغا، ئاندىن ئۇ يەردىن ئۇششاقتالغا ئۆتۈپ كەتتى. شۇنداق- تىمۇ بەزى ئادەم ئوۋچىلىرى ئۇنىڭ بېشىغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتقا قىزىقىپ، ئۇنى قولغا چۇشۇرۇشكە ئۇرۇنۇپ بېقىشتى. ئەمما بۇ ھەرىكەتلىرى كۆپىنچە ئۆلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھالاكەت ئېلىپ كې- لەتتى.

قازارا ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى ھېجرىيە 1296 ـ يىلى[1]سۇمبۇلە ئايلىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، قاسىم پولگان ئاخىرقى قېتىم دەرەخزارلىق ئىچىگە ئۆمىلەپ كىرىپ، سۇ بويىدىكى چە- مەنزارلىق ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتتى. كېيىن سەل كۆتۈرۈلۈپ، سۇ بويىدىكى دەرەخنىڭ غولىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى.

قاسىم پولگان سۇغا تىكىلگىنىچە خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. سۇدا ناتونۇش بىرسىنىڭ شولىسى ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى.

— نېمە قارايسەن؟ — دەپ سورىغاندەك قىلاتتى سۇدىكى

---

① مىلادى 1879 ـ يىلى.

شولا.

— قارا چاچ، قارا ساقاللىرىڭ ئۇچتەك ئاقىرىپ كېتىپتۇ... ھىم... تاغنىڭ بېشىغا قىراۋ قونۇپتۇ...

— ئاقارماي نېمە قىلسۇن! — دەيتتى سۇدىكى ھېلىقى ناتونۇش شولا ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — مۇنداق چاغلاردا ئاقارماي نېمە قىلسۇن؟... باغلاقتىكى بۆرىنىڭمۇ تۈكى ئاقىرىدىغۇ؟ مەن بىر ئادەم تۇرسام؟...

— توغرا، سەن ئۆز ئەركىنلىكىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئادەم. سېنىڭ چېچىڭ ئاقىرىشى كېرەك. چۈنكى بۇ ئىش تولىمۇ مۈشكۈل بىر ئىش. ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ.

— مەن ئەركىنلىك ئىچىدە ياشىدىم، ئەركىنلىكىم ئۈچۈن كۈرەش قىلدىم، — دەيتتى سۇدىكى شولا، — مانا ئەمدى بولسا، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆلۈشكە تەييارلانماقتىمەن...

يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. قاسىم پولگان قېتىپ كەتكەن پۇتلىرىنى يىرتىق پالاز بىلەن ئورىدى. ئۈستىگە ياۋا ئۆچكە تېرىسىنى يېپىپ قويدى. قولىدىكى مىلتىقىنىڭ ستىۋولىغا چۈشكەن يامغۇر تامچىسىنى مېھرى بىلەن سۈرتتى-دە، مىلتىقىنى كۆكرىكىگە قويدى. جەڭچىنىڭ كەمىرىدىكى شەمشەر غىلاپىدا تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا كۈچ بېغىشلايدۇ.

ئۇ كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇ پۈتۈن ئەزايىنىڭ پۈتۈنلەي زەئىپلەشكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ خۇددى قېرىپ مادارىدىن كەتكەن كۆك بۆرە ئۆز ئۆلۈمىگە تەييارلانغىنىدەك، دەرەخزارلىق ئىچىگە ئۆمىلەپ كىردى.

ئۇ بارغانسېرى ئاجىزلاۋاتقان ۋە تۇمانلىشىۋاتقان ھوشىنى بەزىدە يىغىپ ۋە بەزىدە ئادىشىپ دېگەندەك، باللىق، ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلەشكە باشلىدى. ئۆلۈم قىستاپ كەلگەندە، كەچمىش ئىشلار ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالىدىغان ئوخشايدۇ. ئادەممۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى دەل مۇشۇنداق دەقىقىلەردىلا ئاندىن

تولۇق چۈشىنىپ يەتسە كېرەك. ئەلۋىدا، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم — يىلانلىق! ئەلۋىدا، قەيسەر، قاتتىق سۆڭەكلىك لاچىنلار!...

يازنىڭ يامغۇرى دەرەخ شاخلىرىنى شىلدىرلاتماقتا. تاغ باغرىدا قىيغىتىپ چىپىپ كېتىۋاتقان ياۋا ئۆچكىنىڭ ئوغلاقلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خىرە - شىرە نامايان بولماقتا. ئۇ مىلتىقنىڭ شىرغىسىنى تاش ئۈستىگە قاداپ، ئوغلاقلىرىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئۆچكىنى قارىغا ئالدى، لېكىن نېمىشقىدۇر تەپكىنى باسمىدى. ياۋا ئۆچكە ئوغلاقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كۆزدىن بارا - بارا كىچىكلەپ، ئاخىرىدا يوقالدى...

ئۆلۈم ئالدىدىكى ئاخىرقى قاتتىق ئاغرىق ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزگىچە، ئۇنىڭ ساغلام ۋە ئەركىن ئۆتكەن ياشلىقى خىيالىدىن زادى كەتمىدى. ئۇ ئوق تەگكەن ۋە تاش پارچىلىرى سىجاپ، شىلىپ كەتكەن قولىغا ئەجەبلىنىپ قاراپ كەتتى: بۇ نېمە ئۇچۇن؟ ئۇ قانداق بولۇپ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالدى - ھە؟ ئۇنىڭ ھازىرقىدەك نىمجان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا نېمە سەۋەبچى بولدى؟ بىر چاغلاردا ياش، بەرنا ۋە كۈچتۈڭگۈر، ئەركىن بولغان قاسىم قانداق قىلىپ ھازىرقىدەك ئاجىز ۋە بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدى؟ بۇ سوئاللار ئۇنى رېئاللىق ئىچىگە قايتۇرۇپ كەلدى، ئۇنىڭ قاپىقى شۇ زامان سىلىنىپ، كىرپىكلىرى بىر - بىرىگە يېپىشتى. يامغۇرنىڭ شىلدىرلاشلىرى تىندى. ئۇنىڭ بەدىنى خېلىغىچە پارقىراپ، تىترەپ تۇردى. كېيىن بۇ ھالمۇ تۈگىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەندى، يىراق بېشى شىللىقىدە قىلىپ يېشىل كۆكاتلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېچىلدى - يۇ، ئەمما يېپىلمىدى، شۇ ھالىتى بويىچە قالدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پىكرى مىلتىقىنى ئەسلەش بولغانىدى، شۇڭا ئۇ يارىدار قوللىرى بىلەن مىلتىقىنى قۇچاقلاپ، ئۇنى كۆكرىكىگە مەھكەم بېسىپ ياتاتتى.

كەلكۈن سۈيى خېلى پەسىيىپ قالدى. ئېقىننىڭ قىرغىقىدا كۆل رەڭ توپىلار ئېچىلىپ قالغان، تاشقىن دولقۇنى بىلەن

ئېقىپ كەلگەن قومۇش، شاخ - شۇمبىلار بۇلتۇرقى ياپراقلار ئۈزۈنىسىغا جىبەك تارتقانىدى. بايتوقاي جىلغىسىدىكى ئورمانىنىڭ سۇ بېسىپ كەتكەن تال سۆگەتلىرى خېلىلا كۆكىرىپ، باراقسانلىشىپ قالغان، ئۇلارنىڭ كۆپكۆك پوتلىلىرى شاخلادىن ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. ئېقىن ئىچىدىكى تېرەكلەر چاشقانقۇلاق بولۇشقا باشلىغان، مەجنۇنتاللارنىڭ ئەۋرىشىم شاخلىرى تاشقىندىن كېيىن قېپقالغان سۇغا ئېگىلىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ قانات چىقارمىغان ئۆردەك چۆجىسىدەك يۇمران تۇكلۇك سارغۇچ پوتلىلىرى شامال تەۋرەتكەن دولقۇنلارغا شۇڭغۇپ تۇراتتى.

ياۋاز غازلار، تۇرنىلار توپ - توپ ياۋا ئۆردەكلەر كەڭ ئېقىننىڭ قېشىدا يەم ئىزلىشىپ يۈرۈشەتتى. چاتقال قاپلىغان سايازلىقتا تاڭ يورۇشى بىلەنلا قاقىرلار جار - جار ۋارقىرىشاتتى. شامالدا مەۋجلىنىپ تۇرغان بايتوقاي سۈيىنىڭ بېتىدە ئۇچۇشۇپ يۈرگەن كۆكلەم قارلىغاچلىرىنى دولقۇنلار ئەركىلىتىۋاتاتتى.

قاسىم پولگاننىڭ قەبرىسى (ئۇنىڭ قەبرىسىنى كېيىنكى چاغلاردا مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولغان لاڭقالار ياساپ قويغانىدى) نى ئوت - چۆپ باسقانىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كۆپ ئىشلار ئۇنتۇلدى، شامال ۋە بورانلار ئۇ جەڭلەردە كەتكەنلەرنىڭ تۇپراق ئىزلىرىنىمۇ ئۆچۈرۈپ تاشلىدى، ئەمما، قاسىم پولگاننىڭ قەبرىسى تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە بايتوقاي بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇردى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، توقسۇنلۇقلار ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئالىپ ئاتا[1] مازىرىغا كۆچۈرۈپ قويۇشتى.

---

① ئالىپ ئاتا — X ئەسىردە ئۆتكەن ئەلپەتتاھ بىننى ئەبۇناسىر سامانى. بۇزات قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى سۇتۇق بۇغرا قاراخاننىڭ ئۇستازى ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ ئوغلى بولۇپ، تۇرپان غازىتىدا شېھىت بولغان ۋە تۇرپان ئاستانىگە قويۇلغان.

سۆيۈملۈك كىشىلىرىدىن ئايرىلغانلارنىڭ يۈرىكىدىكى جارا-
ھەتنى پەقەت ۋاقىتلا داۋالاپ ساقايتىشقا قادىر بولالايدۇ. ئۇ
كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئاشۇ يۈرەكنى ئېزىدىغان خاتىرىلەرنى
ئۇنتۇلدۇرالايدۇ؛ چۈنكى، ئۆلگەنلەر قايتا تىرىلمەيدۇ. ئىنسان-
نىڭ ئۆمرى بەكمۇ قىسقا بولىدۇ، ئۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئې-
چىپ، بۇ ئالەمنىڭ راھىتى ۋە خاپىچىلىقلىرىنى تولۇق كۆرۈپ
بولماي تۇرۇپلا، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدۇ. بۇ قىسمەت ھەربىر
ئادەمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن.

تېغى ئەسەد ئېيىدا، يالغۇز قەبرىنىڭ يېنىدا، بىر - بىرىنى
قوغلىشىپ، بۇكىدە ئۆسكەن يۇلغۇنلۇق ئارىسىنى ئۆزلىرىگە
ئۇۋا قىلىۋېلىشقان بىر توپ ياۋا توشقان، قويۇق، ئۆسكەن ئوت -
چۆپ ئىچىدە تەرەپ - تەرەپكە چېپىشىپ يول سېلىشتى. ئۇلار
ياشاش ئۈچۈن، نەسىل قالدۇرۇپ ئاۋۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلماق-
تا ئىدى. مانا بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈۋىدى، ئاشۇ يۇلغۇن قىزارغان
جىلغىدىكى يالغۇز قەبرىنىڭ قېشىدا، بۆجەنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ
ئانا توشقانلار پەيدا بولۇشتى.

بۆجەنلەر چوڭ توشقانلار چۆپلۈكتە سالغان يوللارنى بويلاپ
قوغلىشىپ، تەرەپ - تەرەپكە چېپىشىپ يۈرۈشەتتى...

نەزمە:

ۋاھ، ھەر چاغ بوستاندا كۆكەرسە چىمەن،
خۇش بولاتتى كۆڭلۈم كۆرۈپ پەيزىنى.
باھاردا يوقلىغىن مېنى سەن دوستۇم،
كۆرىسەن توپامدىن ئۈنگەن مايسىنى

— شەيخ سەئدى.

بەشىنچى باب

# سىڭگىم ئېغىزىدا

«قورسىقى ئاچ غالجىر ئىت تاپقاندا گۆش سورىمايدۇ ھېچ؛
بۇ سالىھنىڭ تۆگىسىمۇ يا دەججالنىڭ ئېشىكى؟»[1]
— شەيخ سەئىدى

مىلادى 1877 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى.[2]
— تۇرپاندا لوپاشانىڭ لەشكىرى ئاز، — دېدى مانجۇ قوشۇن-لىرىنىڭ تۇرشاۋۇل سانغۇنى، زوڭتۇڭ دارېن ليۇ جىڭتاڭ پاچا-ساغالدىكى مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ بارگاھىدا چاقىرىلغان ھەربىي كېڭەشتە، — بىلىشىمىزچە، ئۇنىڭ ئاساسلىق كۈچى ۋە ئوق - دورا، ئوزۇق - تۈلۈك زاپىسى توقسۇندىكى شاۋ باشانىڭ بارگا-ھىدا ئىكەن. شۇڭا، بىز ئاساسلىق كۈچىمىز بىلەن توقسۇنغا تېگىش قىلىدىغان بولساقلا، توقسۇندىكى دۈشمەننىڭ تۇرپانغا ياردەم بېرىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغان بولىمىز - دە، تۇرپان قەلئەسىنى ئاز ئەجىر ھېسابىغا تەسلىم قىلالايمىز. شۇڭا، مەن سەردار سىلىڭگە، — دەپ لۇ چاڭخۇغا قارىدى ۋە سۆزىنى داۋاملاش-تۇردى، — ئالتە يىلڭ پىيادە - ئاتلىق چېرىك ئايرىپ بېرەي ھەمدە سەركەردە تەن باسۇيىنىمۇ سىلىڭگە قوشۇپ بېرەي. سىلەر

---

[1] سالىھ — پەيغەمبىرلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ تۆگىسى مۇقەددەس سانىلار ئىمىش؛ دەججال — يالغان پەيغەمبەر. قىيامەت كۈنى ئۇ ئېشەككە مىنىپ پەيدا بولارئىمىش.

[2] شەمسىيە 1877 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى.

ئىككىنچىلار قوشۇننى باشلاپ كېچىلەپ يۈرۈش قىلىپ، ئۆكتەبىر ئۆگۈنلۈكـ
ـكە — 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى[1]چوقۇم تۇرپان قەلئەسىنىڭ
يۇقىرى تەرىپىگە يېتىپ بېرىڭلار. شۇنداق بولغاندا، سەردار جاڭ
ياۋ، شۈي جيەنباۋلارنىڭ ئەنخۇي قوشۇنى بىلەن بىللە تۇرپاننى
كۈنچىقىش تەرەپ، ئۇستۇن تەرەپ ۋە تۆۋەن تەرەپتىن قورشاپ
تېگىش قىلىش، ئۇلارنى يا ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان، يا قوشۇنغا
ياردەم بېرەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغىلى بولىدۇ...

ئۇ سەركەردە ـ سەردارلارنىڭ ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان
چىرايىغا بىر قۇر سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن، يەنە مۇنداق دەپ
قوشۇپ قويدى:

— ئەسلىدىغۇ داۋانچىڭ قورغىنىنى پەتھ قىلىنغاندىن كېيىن،
قوشۇننى دەم ئالدۇرۇپ، چېرىكلەرنىڭ روھىي ۋە كۈچىنى ئەسـ
ـلىگە كەلتۈرۈۋالغان بولساق بەك ئوبدان بولغان بولاتتى. بىراق،
خان مۇپەتتىش زوزۇڭتاڭ جانابلىرىدىن كەلگەن خەتتە: يەرلىك
پۇقرالار «ئادالەتچى قوشۇنىمىزنىڭ تېز يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى
ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى، ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ
قۇدرەت ـ ئىنايىتىنى نامايان قىلىپ، مۇسۇلمان چەنتۇلارنى
ئەمىن تاپقۇزۇشىنى كۈتۈپ، كۆزلىرى تېشىلگۈدەك بولۇشۇپ
كېتىشىۋاتىدۇ.[2]» دېيىلىپتۇ. ھازىرقى ئەھۋال بىزنىڭ قوشۇنـ
ـلارنى دەم ئالدۇرۇشىمىزغا يار بەرمەيدۇ. بىز لو پاشانىڭ ئاساسـ
ـلىق كۈچىنى مۇشۇ يەردە تەلتۆكۈس، پاك ـ پاكىزە يوقىتالىـ
ـساقلا، جەنۇبتىكى ھەرقايسى مۇسۇلمان شەھەرلىرىنى ئىشغال
قىلمىغىمىز ئوڭايغا توختايدۇ. شۇڭا، ھەرقايسىڭلارنىڭ چۈشىـ
ـنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!

---

① شەمسىيە 1877 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى.
② «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. خانغا
يوللانغان مەلۇماتلار» 50 ـ جىلد، 34 ـ بەت.

داۋانچىڭ قەلئەسى يېمىرىلگەندىن كېيىن، ليۇ جىڭتاڭ
خۇنەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېچىلەپ يۈرۈش قىلىپ، توقسۇن
غولىنىڭ ئېغىزىدىكى پاچاساغال دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدى ۋە
شۇ يەردە بارگاھ قۇرۇش ئۈچۈن قوش تىكتى - دە، دەرھال
ھەربىي كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، كېيىنكى قەدەمدىكى ھەربىي ئىشلار-
نى بىرقۇر ئىدىتلەپ چىقتى ۋە لو چاڭخۇ، تەن باسۈي قاتارلىق
سەركەردىلەرنى ئۈچ مىڭدەك پىيادە - ئاتلىق چېرىك بىلەن
مانجۇلارنىڭ چېرىنغار قىسىملىرى بولغان جاڭ ياۋ، سۈي جيەنب-
ياۋلارنىڭ ئەنخۈي قوشۇنىغا ھەمدەم بولۇشقا تۇرپانغا مەڭدۈردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مانجۇلارنىڭ چېرىنغار قىسمى — جاڭ
ياۋ، سۈي جيەنبياۋلارنىڭ ئەنخۈي قىسمى قۇمۇل، بارىكۆل
لىنىيىسى ئارقىلىق مېڭىپ، تاز بۇلاققا يېتىپ كەلگەندىن كې-
يىن، قەمەرىيە 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى[1] مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ
چىقتىم ئالدىنقى سېپىدىكى قوشۇنلىرىغا كېلىپ قوشۇلدى. ئە-
تىسى پىچاننى ئۇرۇشمايلا ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قەمەرىيە
3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى[2] كېچىدە تۇرپاننىڭ شەرقىدىكى سىڭگىم
ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا مۇرتۇق غولىدىن قىيان كېلى-
ۋاتقانىدى.

سىڭگىم — تۇرپانغا كىرىشتە چوقۇم بېسىپ ئۆتۈشكە تې-
گىشلىك مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ئۇرۇشتا ئىك-
كى تەرەپ چوقۇم تالىشىدىغان قورۇل ئىدى.

قەدىمكى زاماندا، بۇ جايدا سىڭگىم شەھىرى جايلاشقان بو-
لۇپ، ھازىر بۇ شەھەردىن بىر دۆۋە خارابىلىقلا قالغانىدى.
سىڭگىم ئېغىزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قەدىمكى ئىدىقۇت شەھىرى-
نىڭ خارابىسى بار ئىدى. سىڭگىم ئېغىزىغا سۇ كېلىدىغان

---

① شەمسىيە 1877 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى.
② شەمسىيە 1877 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى.

مۇرتۇق جىلغىسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدا، قەدىمكى ئىدىقۇت ئۇي-
غۇر دۆلىتىدىكى[1] مەشھۇر بۇددا ئىستىقامەتگاھى — بېزەكلىك
تاش كېمىرلىرى قاتار جايلاشقانىدى.

بېرەكلىك — قەدىمدىن تارتىپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتى-
دىكى ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلار ئۈچۈن پىنھان ماكان بولۇپ
كەلگەنىدى. . .

× ×

ۋۇدېنىڭ يەتتىنچى يىلى[2] تومۇز ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلى-
رى. كۈنچىقىشتىكى تاۋغاچ ئېلى — تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى —
چاڭئەندىكى پادىشاھ تاڭ گاۋزۇنىڭ ئوردىسىدا بۇددا تەرىقىتىنىڭ
پايدا - زىيىنى ھەققىدە قىزغىن بەس - مۇنازىرە داۋاملىشىۋاتات-
تى. پادىشاھ ۋە دۆلەت ئەئيانلىرىنىڭ ئالدىدىكى شىرەلەردە
كۈنپېتىشتىكى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتىدىن يېڭىلا كەلتۈ-
رۈلگەن ئۈزۈملەر لېگەن - تەخسىلەرگە شىڭگىل - شىڭگىللىرى
بىلەن تىزىۋېتىلگەن. بۇ ئۈزۈملەر خۇددى تەكتىن يېڭىلا ئۈزۈل-
گەندەك پارقىراپ تۇراتتى. تاۋغاچ ئېلىنىڭ ئاستانىسى —
چاڭئەن شەھىرى تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئەمما، شاھىن-
شىنىڭ ئىچى بۇلاق بويىدەك سالقىن ئىدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! بۇنداق دېسەم بەلكى ئەجەبلىنىشىڭىز
مۇمكىن: شۇ زامانلاردا، كۈنپېتىشتىكى ئىدىقۇتلۇقلار تومۇز
ئىسسىقتا ئۆينىڭ ھاۋاسىنى سالقىنلىتىش ئۈچۈن، قىشلىقى
كۆل - دەريالاردىن مۇزلارنى چېقىپ ئەپكېلىپ، ئۆينىڭ ئاستى-
دىكى مۇزخانىغا قاچىلىۋالاتتى. يازدىكى ئىسسىقتا ئۆينىڭ ئاس-

---

① ئۇيغۇرلار تۇرپان ئەتراپىدا قۇرغان قەدىمكى دۆلەتنىڭ نامى.

② مىلادى 624 - يىلى. تاڭ گاۋزۇ — لى يۈەننىڭ سەلتەنەت يىل
نامى.

ـتىدىكى مۇزخانىنىڭ تۈڭلۈكىنى ئېچىپ قويسىلا، ئۆينىڭ ھاۋا-
سى سالقىنداپ ئادەمگە تولىمۇ راھەت بەخش ئېتەتتى؛ ئىدىقۇتلىق-
لار ئۈزۈمگە ئوخشاش مېۋە - چېۋىلەرنى يېگى، ھۆل پېتى
ساقلاش ھەتتا ئۈنى چاڭئەندەك ئۈچ ئايلىق نېرىدىكى شەھەرلەرگە
ھۆل، يېڭى پېتى توشۇپ ئاپىرىپ سېتىش ئۈچۈن، ياغاچتىن
ئىككى قەۋەت ساندۇق ياساپ، ساندۇقنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىنى
تەڭرى تاغلىرىنىڭ قارلىرى بىلەن تولدۇرۇشاتتى. شۇنىڭ بى-
لەن، ئاددىي، ئىشلىتىشكە ئەپلىك مۇز ساندۇقى تەييار بولاتتى.
قەسىر - سارايلارنىڭ ھاۋاسىنى سالقىنلىتىش، يېمەكلىكلەرنى
يېڭى پېتى ساقلاش — تاۋغاچلىقلار كۈنپېتىشتىكى ئىدىقۇت ئۇ-
لۇغ ئۇيغۇر ئېلىدىن كىرگۈزگەن، يېڭى تېخنىكا ھېسابلىناتتى.
ئەمدى، باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلۇق. پادىشاھ ھۇزۇرى-
دىكى بۇ بەس - مۇنازىرىدە، رەسەتبېگى فۇلۇەن بۇددا تەرىقىتى-
نىڭ ئىللەتلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ سۆككەندىن كېيىن:
— بىكسۇ - راھىپلار كۆپىيىپ ئىتنىڭ قۇرتىدەك ئاۋۇپ
كەتتى، — دېدى ئۇ، — ئۇلار يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا —
ھاكىمىيەتكە قول تىقىپ، مەئىشەتنى ئىسراپ قىلماقتا. نۇرغۇن
ئادەم كۈچى، ماددىي بايلىقنى بۇزۇپ - چېچىپ، ساڭرام -
ئىبادەتخانىلارنى تەمىر قىلماقتا. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بول-
سا، ئۇلار چوقۇم سەلتەنەتىمىزنىڭ ئۇلىغا پالتا چاپىدۇ! شۇڭا،
ساكيامۇنى[1]تەرىقىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرماي بولمايدۇ.[2]

---

① ساكيامۇنى — سانسكرىت تىلىدا «ساك قەبىلىسىنىڭ دانىشمىنى»
دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى. فامىلىسى گاۋتا-
ما. ئىسمى سەددىخار تاخا. قەدىمكى كاپىلوۋاستۇ دۆلىتىنىڭ پادىشا-
ھى سۇدد ھۇدانانىڭ شاھزادىسى. ئۇ «35 يېشىدا فىكوس دەرىخى-
نىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئىدراك تېپىپ، بۇدساتۋاغا ئايلانغان» دەپ
رىۋايەت قىلىنىدۇ.

② «كونا تاڭنامە. فۇلۇەننىڭ تەرجىمىھالى»

ئۆزىنى تەرىقەتچىلىكنىڭ بۇزۇكۋا پىرى لاۋرى[1] نىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىۋالغان پادىشاھ تاڭ گاۋزۇ — لى يۈەن رەسەتىبىگى فۇلۇەننىڭ بۇ قاراشلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيتتى. شۇڭا، ئۇ دارىلئۇلۇمنىڭ كېڭىشىدە: «تەرىقەتچىلىك بىرىنچى، كۇڭزىچىلىق ئىككىنچى، بۇددا تەرىقىتى ئاخىرىدا تۇرىدۇ» دەپ جاكارلىدى. بۇ تاۋغاچتا ئەمدىلەتىن ئەۋج ئېلىپ باش كۆتۈرۈۋاتقان بۇددا دىنى ئۈچۈن قاتتىق زەربە بولدى.

جىنگۇەننىڭ تۇنجى يىلى[2]، تاۋغاچتا قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، نۇرغۇن پۇقرا ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. ئوردا خەلقنى قەھەتچىلىكتىن قۇتقۇزۇپ بولالمىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ باشقا يۇرت - ئەللەرگە قېچىپ بېرىپ جېنىنى جان ئېتىشىگە رۇخسەت قىلدى. بۇ چاغدا چاڭئەندىكى تائىنىسى ئىبادەتخانىسىدا ئىستىقامەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئۈچ ئاغىلىق نوم ئۇستازى شۈەنزاڭ ئوردىدىن ئۆزىنىڭ «كۇنپېتىشتىكى بۇددا ئەللىرىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، بۇددا تەرىقەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ھىدايەت يولىنى ئىزدەپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىش» نى ئىلتىماس قىلدى.

بۇ چاغدا، تاۋغاچتا تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى تېخى ئەمدىلەتىن قۇرۇلغان بولغاچقا، ئەلدە غەلىيان تىنچىمىغان. تۈركلەر چېگرىدا داۋاملىق پاراكەندىچىلىك سېلىپ، تاۋغاچ ئېلىگە زادىلا ئاراملىق بەرمەيۋاتقانىدى. ئوردا پۇقرالارنىڭ چەت ئەللەرگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن بېرىشىنى چەكلەيتتى.

شۇ يىلى 8 - ئايدا، شەنزاڭ تاۋغاچ ئېلىنىڭ ئاستانىسى چاڭئەندىن كۇنپېتىشقا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ چاغلاردا كۇنپېتىش ئەللىرىنىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرت دەپ ئاتىلاتتى. شۈەن-

---

① تەرىقەتچىلىك — خەنزۇلارنىڭ يەرلىك دىنى، تويىن دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

② مىلادى 627 - يىلى. تاڭ تەيزۇڭنىڭ سەلتەنەت يىل نامى.

ـزاڭ غەربىي يۇرت بىلەن تاۋغاچ ئېلى ئوتتۇرىسىدا قاتناۋاتقان غەربىي يۇرتلۇق سودىگەر يالۋاچلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇۋېلىپ، قاش قوۋۇق[①] ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىدىن چىقىۋالدى.

ئۇ كۈندۈزلىرى تونۇردەك ئىسسىپ كېتىدىغان، كېچىلىرى زىمىستاندەك سوغۇق بولىدىغان سەككىز يۈز چاقىرىملىق ئاتەشماكان، زىمىستان دەشتىنى يالغۇز ئۆزى بېسىپ ئۆتۈپ، غەربىي يۇرتتىكى ئېبۇرغۇل[②] دېگەن ئەلگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەسلىدە ئېبۇرغۇل ئارقىلىق كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، قاغانبۇت[③] شەھىرى ئارقىلىق غەربكە قاراپ ماڭماقچى ئىدى. بۇ چاغدا، ئىدىقۇت دۆلىتىدىن ئېبۇرغۇل دۆلىتىگە ئەلچىلىككە كەلگەن تۇدۇم ئاچارى قايتماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقانىدى. ئۇ تاڭ شۆەنزاڭ بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پادىشاھى چۇرۋىنتايغا مەلۇم قىلدى. ئىدىقۇت چۇرۋىنتايى دەرھال ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى ئەڭ يۈگۈرۈك ئارغىماقلار بىلەن بېرىپ، تاڭ شۆەنزاڭنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىگە ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

ئىدىقۇت چۇرۋىنتاينىڭ سەممىي تەكلىپىنى رەت قىلالمىغان تاڭ شۆەنزاڭ ئەلچى - يالۋاچلار بىللە ئالتە كۈن يول يۈرۈپ، تازبۇلاق ئارقىلىق تەڭرى تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتتى - دە، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ چېگرىسىدىكى پىچانغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار پىچانغا يېتىپ كەلگەندە، كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى. تاڭ شۆەنزاڭ بەك ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، پىچاندا

---

① قاش قوۋۇق — قاشتېشى توشۇلىدىغان قوۋۇق دېگەن مەنىدە. هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يۈيمېن شەھرىنىڭ قەدىمكى نامى.

② قەدىمكى دۆلەت نامى. هازىرقى قۇمۇل شەھىرى تەۋەسىدە.

③ هازىرقى جىمسار ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بېشبالىق قەدىمكى شەھىرى.

قونۇپ ئەتە ماڭساق، دېگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئەلچى - يالۋاچلار: «ئاستانىگە يېقىن قالدۇق. تېز يېتىپ بارمىساق، چۇرۋېنتايى بىزگە ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىدىڭلار، دەپ كايىيدۇ» دەپ قونۇشقا ئۇنىمىدى. ئۇلار ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، يولنى داۋاملاشتۇردى. يېرىم كېچە مەھەلىدە، ئۇلار ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پايتەختى — ئىدىقۇت شەھىرىگە يېتىپ كېلىشتى.

بۇ چاغدا، چۇرۋېنتايى بىلەن توركان خاتۇن — بەي بېكە قونچۇي شاھزادە - مەلىكىلەرنى باشلاپ ئەكابىر - ئەشرەپ، ئەمىر - ئۇمرا، ۋەزىر - ۋۇزرا، بەگ - بېگات قاتارلىق ھەربىي - مۇلكىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئىدىقۇت شەھىرىدىن يىگىرمە چاقىرىم بېرىدىكى سىڭگىم شەھىرىدە ئۇلارنى ساقلاپ تۇرۇشقانىكەن.

ئوتقاشلار ئەتراپىنى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتكەن، پانۇسلار خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇراتتى. ھەيۋەتلىك قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئوتقاش ۋە پانۇسلارنىڭ يورۇقىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئاندىن تاڭ شۇەنزاڭ چۇرۋېنتايى ۋە توركان خاتۇننىڭ ھەمراھلىقىدا، ئىدىقۇت شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ، دۆلەت مېھمىنى سۈپىتىدە، خان ئوردىسىدىكى تەكىيخانىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چۇرۋېنتايى، توركان خاتۇن — بەي بېكە قونچۇيلار تاڭ شۇەنزاڭ بىلەن تاكى ئىككىنچى كۈنى سۈبھى كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇشتى. تاڭ سۆزلىگەندىن كېيىن، چۇرۋېنتايى بىلەن توركان خاتۇن ئۇنىڭغا «دەم ئالغايلا» دەپ تۇزۇت قىلىشتى - دە، چىقىپ كېتىشتى.

ئەتىگەنلىك تەزىم ۋاقتى توشتى. مۇلازىم چورۋېنتايى بىلەن توركان خاتۇننىڭ شاھىشىندا كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى تاڭ سۇەنزاڭغا خەۋەر قىلدى. ئۇ ئوردىغا سالامغا كىرىپ، چۇرۋېنتايى بىلەن توركان خاتۇنغا تەزىم قىلىپ، كۆرۈنۈش قىلغاندىن كېيىن،

ئوردىنىڭ ئىچىدىكى تاۋچاڭغا[1] تەكلىپ قىلىندى.

تاڭ شۈەنزاڭ ئالتۇن كاسايىسىنى[2] كىيىپ، تاۋچاڭغا چىققاندىن كېيىن، بۇددا نوم - تەرىقىتى ئۈستىدە تەبلىغ ئېيتىشقا كىرىشتى. بۇ گۈن شۇنداق ئۆتتى.

ئەتىسى، تاڭ شۈەنزاڭ ئۇلۇغ ئاغلىق سامىتسۇ ئاچارى ئەنسارى سامگارانىڭ ھەمراھلىقىدا، بۇددا ئىستىقامەتگاھى — بېزەكلىككە زىيارەتكە كەلدى.

بېزەكلىككە سىڭگىم ئېغىزىدىن كىرىپ مۇرتۇق جىلغىسىنى بويلاپ كۆنچىقىش يۇقىرى تەرەپكە قاراپ تەخمىنەن يىگىرمە چاقىرىم ماڭغاندا، ئاندىن يېتىپ بارغىلى بولاتتى. بۇ بۇددا ئىستىقامەتگاھى — بىھارا، ئىستىقامەتخانە، پىنھان تىلاۋەتخانە، تاۋچاڭ، راھىبلار ئۆيى. يۆلەكلىك يول، ئاسما ساڭرام، تاتىيا قاتارلىق زور بۇددا ئىمارەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەشەمەتلىك كاتتا قۇرۇلۇش ئىدى. تاۋغاچلىقلار بۇ ئىستىقامەتگاھنى «نىڭرۇڭسى» دەپ ئاتىشاتتى.

بۇ يەردە كۈنچىقىش، كۈنپېتىش ئەللىرىدىن كەلگەن بىرمۇنچە ئاتاقلىق نوم ئاچارلىرى ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ھەقدادىغا يېتىشەتتى. بۇ يەر — ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىلىم ئوچاقلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماي، پۈتۈن غەربىي يۇرت بويىچە يىراق - يېقىنغا تونۇلغان مەشھۇر مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى.

بۇ يەردە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق نوم ئاچارلىرى، ئالىملار، تەرجىمان، تىل ئۇستازلىرى يېتىشىپ چىققانىدى. ئۇلارنىڭ

---

[1] تاۋچاڭ — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان سورۇن دېگەن مەنىدە.

[2] كاسايا — بۇددا راھىبلىرى ئورىۋالىدىغان چاقماقلىق پىرىجىسى.

ئىچىدە تارىختا مەشھۇر بولغان تاتاتۇڭا، قارائىنانچ، تولۇچى، مانقۇ تېكىن، كاشى، يەللىن تېمۇر[1]، بېككە تېمۇر، ئەنسارى، ئوردۇ تېكىن، ئېل تېمۇر، جالۇ ناداش لاچىن، مايغۇ، چىداي سالى، بانتۇ، فۇت تۇرمىش، ئاليان تېمۇر، سىۋىنچ قايا، ئېل بۇقا، سالابات، تېمۇر تۇبرۇك[2]، مويۇن بوقا، ئاپرىنچۇر تې-كىن، مويۇن ياڭخې[3]، جۇيا تۇتۇڭ، قالىم كەيشى، پراتىيا ياشرى، كىكى، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ[4] قاتارلىقلار ۋە شىبان، كوركۇسىۇ قاتارلىق نىستۇريان ئۆلىمالىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە، شى يۇيلى، شىجىرۇ قانارلىق كوڭزىچىلىق مۇتەپەك-كۇرلىرىمۇ بار ئىدى.

شۇەنزاڭ بېزەكلىكتىكى تاش كېمىرلەرنى كۆرۈۋېتىپ، بۇ بۇددا ئىمارەتلىرىنىڭ چاڭئەندىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن ئۆز-گىچە ئۇسلۇبتا ياسالغانلىقىنى ھېس قىلدى: بۇ تاش كېمىرلەر-نىڭ ئىچىدە ئاز بىر قىسمى يارلىقنى ئويۇپ ياسالغاندى. يەنە بىر قىسمى بولسا، كېسەكتىن كېمىر قوپۇرۇلۇپ، ياكى يېرىم تۇخۇمسىمان گۇمبەز شەكلىدە ياسالغاندى. ياغاچ ئىشلىتىلمىگە-نىدى.

تاش كېمىرلەر ئىككى خىل ئىدى: بىر خىلى، ۋەز - ئىبادەت پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان كايتيالار ئىدى. يەنە بىر قىسمى ئىستىقامەتخانە — ۋىخارا كېمىرلىرى ئىدى. كېمىرلەر ئۇزۇن كېمىرلىك ۋە تۇۋرۇك - مۇنارلىق بولۇپ، بەزىلىرى تۆت

① تۇرك يابغۇ قاغانى تۇنيۇ قۇقىنىڭ چەۋرىسى.
② يەنى لومىڭشەن — ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى.
③ يەنى مازۇچاڭ.
④ قەدىمكى زاماندا تۇرپان ئەتراپلىرىدا ياشىغان داڭلىق تەرجىمان. تىلشۇناس. ئۇ «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى» بىلەن «مايترى سىد-مىت»نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

چاسا، بەزىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇت سۇپىسى بار ئىدى، بەزىلى-
رىنىڭ ئارقا تېمىغا يەنە كىچىك قازناقلار ئويۇلغانىدى.
تاڭ شۇەنزاڭ تاش كېمىرلەرنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان رە-
سىملەرنى تولىمۇ قىزىقىش ئىچىدە كۆردى. بېزەكلىك تاش كې-
مىرلىرىنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان رەسىملەردە ئەڭ چوڭ باقان،
ساخاۋەتچى — ئىدىقۇت خان ئائىلىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەنىدى.
ھەتتا تاش كېمىرلەرنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا سىزىلغان بۇددانى قوغدى-
غۇچى ئاسمان دىۋالىرى — ئاسمان تەڭرىلىرىنىڭ ئوبرازلىرى
ئورنىغا ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى ياكى ئاقسۆڭەك ئەمىر - ساخاۋەتچى-
لىرىنىڭ رەسىمى سىزىلغانىدى. بۇ چاغدىكى بۇتخانىلارنىڭ
تاملىرىغا سىزىلغان رەسىملەرگە تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان بىر
ئالاھىدىلىك ئىدى.
تاڭ شۇەنزاڭ بېزەكلىك تاش كېمىرلىرىنىڭ بىرىگە كى-
رىپ، ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تامغا ئۈستىگە قارا يىپەكتىن
كىيىم كىيگەن، ئىسمى ئۇيغۇرچە يېزىلغان، بېشىغا ئاق بۆك
كىيگەن ئون ئىككى ئۇيغۇر ساخاۋەتچىنىڭ رەسىمى قاتار سىزىل-
غانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇ رەسىملەرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن،
كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئىشىكنىڭ سول تەرىپىدىكى تامغىمۇ ئۈستىگە
سېرىق يىپەكتىن كىيىم كىيگەن، ئىسمى سانسكرىتچە يېزىل-
غان، بىشىغا قارا بۆك كىيگەن ئون ئىككى ئۇيغۇر ساخاۋەتچىنىڭ
رەسىمى قاتار سىزىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران قالدى. ئۇ تەئەج-
جۈپ ئىلكىدە، قولىنىڭ دۈمبىسىنى چىشلەپ، بىر ھازاغىچە
تۇرۇپ قالدى. بۇنداق نەپىس، بۇنداق پاساھەتلىك سىزىلغان تام
رەسىملىرىنى ئۇ ئۆمرىدە تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.
تاڭ شۇەنزاڭ يەنە بىر تاش كېمىرگە كىرگەندە، تۆرۈستى-
كى تام رەسىمدە خۇددى ئارسلاندەك چەبدەس، بېشىغا ئالتۇن
تاج تاقاپ، پۇتىغا قارا كۆن ئۆتۈك كىيگەن، بېلىدىكى پوتىسىغا
پىچاق، چاقماق ئاسقان ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بىلەن خۇددى لاچىندەك

غەيۇر، بېشىغا ئالتۇن جولالىق تاج تاقىغان، ئۈستىگە قايرىما ياقىلىق، ئىنچىكە يەڭلىك، پۇرمە بەللىك يېپەك نىمچە كىيگەن تۇركان خاتۇن سىزىلغانىدى.[1]

بېزەكلىك تاش كېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرىنى كۆرۈۋېتىپ، تاڭ شۆەنزاڭ بۇ تام رەسىملىرىدە، ئەمىر - ساخاۋەتچىلەرنىڭ دېھقان، چارۋىچى ۋە يىراقتىن كەلگەن كارۋانلارنىڭ قىياپىتىدە سىزىلغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ئىدىقۇت جەمەتىنىڭ ئوبرازىغا قارىغاندا تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ يېقىن ۋە سەمىمىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇنداق ئالاھىدىلىك چاڭئەندىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان ھۆر قىز، دېۋا — ئاسمان تەڭرىلىرىنىڭ ئوبرازلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ شۆەنزاڭنى ھەيران قالدۇرغان ئۈچىنچى ئالاھىدىلىك ئىدى. چۈنكى چاڭئەندىكى بۇددا ساڭراملىرىنىڭ تېمىغا لاكشانا[2] ئۇسلۇبى بويىچە سىزىلغان ئەمىر - ساخاۋەتچىلەرنىڭ تۈرلۈك قىياپەتلىرىدە قەندىھار[3] تەسىرى قويۇق تۇس ئالغانىدى.

تاڭ شۆەنزاڭ ئەنسارى سامگارانىڭ ھەمراھلىقىدا يەنە بىر

---

[1] بۇ تام رەسىمى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فون لىكوك تەرىپىدىن تامدىن سويۇۋېلىنىپ، بېرلىنغا ئېلىپ كېتىلگەن. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، سوۋېت ئايروپىلانلىرى بېرلىننى بومباردىمان قىلغاندا، پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان.

[2] لاكشانا — بۇددا ئاتالغۇسى. ئۆزگەرتىلگەن قىياپەت.

[3] قەندىھار — ھازىرقى پاكىستاندىكى پىشاۋۇر شەھرىنىڭ قەدىمكى نامى. قەدىمكى گىرېك - رىم سەنئىتى قەندىھاردا ئۆزگىچە سەنئەت ئېقىمى — قەندىھار سەنئەت ئېقىمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ ئېقىم كېيىنكى چاغلاردا بۇددا دىنىنى شەرققە تەشۋىق قىلىشتا خىزمەت قىلغانىدى.

تاش كېمىرگە كىردى. بۇ تاش كېمىرنىڭ ئۈلۈڭ تەرىپىدىكى
تامغا: «ئىبادەتخانا ئىگىسىز ۋەيران بوپتۇ. بىز ئەنسارى بىلەن
تۇدۇم سالى ئۆز تەمىراتىمىزغا ھېسابلاپ، ئۇنى رېمونت قىلىپ
قويدۇق» دېگەن مەنىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىككى قۇر خەت
پۈتۈلگەنىدى. سول تەرىپىدىكى تامغا بۇددا نوملىرىدىن بىرى
بولغان «لالىتاۋىستارا» دىكى «شاھزادىنىڭ تۇغۇلىشى» دېگەن
ھېكايە رەسىم قىلىپ پۈتۈندىن سىزىلغانىدى. رەسىمدە: ساكيا-
مۇنىنىڭ ئانىسى مايا خېنىم لومبىنى بېغىدىكى «ھەسرەتسىز
دەرەخ» ئاستىدا، ساكيامۇنىنى تەۋەللۇت قىلماقچى بولۇپ، قو-
لىنى ئايال خىزمەتكارىنىڭ دولىسىغا قويۇپ تۇرغانلىقى، بۇددا
ساكيامۇنىنىڭ مايا خېنىمنىڭ بىقىنىدىن تۇغۇلۇۋاتقانلىقى تەس-
ۋىرلەنگەنىدى. بۇ بىر يۈرۈش تولىمۇ گۈزەل سىزىلغان تام
رەسىملىرىدە، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر
قىياپىتى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن تېپىكلەشتۈرۈلگەنىدى. تاڭ
شۈەنزاڭ تاۋغاچلىقلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئاتەش ماكان —
ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ زېمىنىدا مەيدانغا كەلگەن
بۇنداق يۈكسەك سەنئەت، مەدەنىيەت دۇردانىلىرىدىن خەۋەرسىز
ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى.

بۇددا نوملىرىدا يېزىلىشىچە، بۇددىھا — ساكيامۇنى دۇنياغا
كەلگەندە، ئاستا ئىسىملىك بىر ھۆكۈما ئۇنىڭ يەتمىش ئىككى
خىل قىياپەتكە ئۆزگىرەلەيدىغانلىقىدىن ئالدىن بىشارەت بەرگەند-
كەن. بېزەكلىك تاش كېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرىدە، بۇددىھا —
ساكيامۇنىنىڭ مۇشۇنداق ئۆزگىرىشلىرى ئوبرازلىق قىلىنىپ
مۇپەسسەل تەسۋىرلەنگەنىدى.

سول تەرەپتىكى تام رەسىمىدە يەنە: «شاھزادىنىڭ چۈش
كۆرۈشى» دېگەن ھېكايە سىزىلغانىدى. بۇ رەسىمدە: ساكيامۇنى
تەركىي دۇنيا بولۇپ ئوردىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ھەرەمنىڭ

ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتكەنلىكى، دەرۋازىدىن چىقالماي، تامدىن ئاتلاپ چىقىپ كەتكەنلىكى نەسۋىرلەنگەن. شاھزادە ھەرەمخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ساھىبجامال خوتۇنى ياسودىھارا گۈزەل قىزلار بىلەن بىللە شاھزادىنى كۈتۈپ، گىلەم ئۈستىدە يالىڭاچ ياتىدىكەن. پۈتۈن رەسىمدە شاھزادىنىڭ بۇددا تەرىقىتى ئۈچۈن بۇنداق كاتتا مەئىشەتتىن ۋاز كېچىپ، ھۇزۇر - ھالاۋەتنى تەرك ئەتكەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ۋە ئۇيقۇدا ياتقان بىر توپ گۈزەل قىزلارنىڭ يارقىن ئوبرازى يارىتىلغان.

تاڭ شۈەنزاڭ بېزەكلىك تاش كېمىرلىرىنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇرتۇق، سۇبېشى، يارغول، بورلۇق[1]، تۇيۇق قاتارلىق مەشھۇر بۇددا ئىستىقامەتگاھلىرىنىمۇ زىيارەت قىلىپ، ئىلىم تەھسىل قىلدى. ئۇ بۇددا تەرىقىتىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئىدىقۇت دۆلىتىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى.

بىر كۈنى، ئۇ تاۋچاڭدىن چۈشۈپ، چۈرۋىنتايى بىلەن بۇددا تەرىقىتى ھەققىدە خېلى ئۇزاققىچە ئىلىم مۇتالىئە قىلىپ ئولتۇردى.

— تاۋغاچ چوڭ ئەل، بۇددا تەرىقىتى ئۇلۇغ تەرىقەت. شۇنداق بولغاندىكىن، بۇنداق ئۇلۇغ تەرىقەت بۇنداق چوڭ ئەلدە جارى قىلدۇرۇلسا، پۇقرالار ھىدايەتكە تېخىمۇ تەلپۈنۈپ، ناشايان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىدىغان بۇسار[2]لاردىن بولۇپ قالىدۇ. گېپىم توغرىدۇ؟ — دېدى ئىدىقۇت چۈرۋىنتايى.

— جانابىي ئالىيلىرىنىڭ سۆزى بەرھەق. بىراق، — دېدى تاڭ شۈەن-

---

[1] بورلۇق — ئۈزۈملۈك دېگەن مەنىدە. ھازىر بۇيلۇق دەپ ئاتىلىدۇ.

[2] بۇسار ( 菩萨 ) — بۇدساتۋانىڭ قىسقارتىلمىسى. «ئويغانغان،» «ھىدايەت يولىنى تۇتقان» ، «ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يەتكەن» دېگەن مەنىدە.

زاڭ مەيۇسلۇك بىلەن، — تاۋغاچىتا ئەھۋال باشقىچە. بىزدە بۇددا ئەھلى
ئىلىملىرى «چوڭ كۆلۈڭگۈ»[1]، «كىچىك كۆلۈڭگۈ»[2] دەپ ئى-
زاھىپەتچىلىك قىلىشىۋەرگەنلىكتىن، بۇددا تەرىقىتى چاك - چېك-
كىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى. بۇددا ئىلىم ئەھلى ئورۇن —
مەرتىۋىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدى.
— ئۇنداق بولسا، بۇ ھەقىقەتەن يامان ئىش بوپتۇ، — دېدى
ئىدىقۇت چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان ھالدا، — بۇددا تەرىقىتىدە
ئىزاھىپەتچىلىك يۈز بەرسە، ھىدايەت توپۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ -
دە، پۇقرالار ناشايان ئىشلارغا بېرىلىپ كېتىدۇ.
— توغرا ئېيتتىڭىز، — دەپ ئىدىقۇتنىڭ سۆزىنى دەرھال
ماقۇللىدى ئۇ، — پېقىر دەل مۇشۇ ۋەجىدىن بۇددا تەرىقىتىنى
تېخىمۇ ئەتراپلىق ئۆگىنىپ، بۇ ئازغۇنلارنى ھىدايەتكە باشلاش
ئۈچۈن كۈنپېتىش بۇددا ئەللىرىگە ھەقىقەت ئىزدەپ كەلگەنىدىم.
دۆلىتىڭىزلەرگە كەلگەندىن كېيىن، سىلەردىن كۆپ نەرسىنى
ئۆگەندىم. مەشھۇر بۇددا ئاچارىلىرى بىلەن زىكىر - سۆھبەتتە
بولدۇم. ھازىر، ئۆزۈمنىڭ كۈنپېتىش بۇددا ئەللىرىگە ھەقىقەت
ئىزدەپ چىقىپ توغرا قىلغانلىقىمغا تېخىمۇ ئىشەنمەكتىمەن.
ئاڭلىسام كۈنپېتىش تەرەپلىرىدە يەنە نۇرغۇن بۇددا ئەللىرى بار
ئىكەن.
— شۇنداق، كۈنپېتىش تەرەپلىرىدە يەنە چۈقۇ، كېنىگىت،
چۈزى[3]، سۆللاغ[4]، يوتقان[5] قاتارلىق نۇرغۇن مەشھۇر بۇددا ئەل-
لىرى بار، — دېدى ئىدىقۇت چۈرۋېنتايى، — ئۇلارنىڭ بۇددا

---

① چوڭ كۆلۈڭگۈ — ماھايانا. بۇددا دىنىدىكى بىر مەزھەپنىڭ نامى.
② كىچىك كۆلۈڭگۈ — ھىنايانا. بۇددا دىنىدىكى بىر مەزھەپنىڭ نامى.
③ چۈزى — قەدىمكى كۇچا.
④ سۆللاغ — قەدىمقى قەشقەر.
⑤ يوتقان — قەدىمقى خوتەن.

ھېكمىتىگە بولغان چۈشەنچىسى بىزدىنمۇ تىرەن. شۇڭا، بىز ھەر يىلى ئۇلارغا ئىلىم تەلەپكارلىرىنى ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتىمىز.

— ئىدىقۇت ئالىيلىرىغا مىڭ مەرتەم تەشەككۈر! — دېدى تاڭ شۈەنزاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، — مەن نادان ۋەتىنىمدىن يولغا چىققاندىمۇ دەل مۇشۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بەل باغلىغانىدىم. ھالا بۈگۈن دۆلىتىڭىزلاردا مەن بۇ مەقسەتنىڭ يېرىمىگە يەتتىم، قالغان يېرىمىنى كۇنپىتىشتىكى ئاشۇ بۇددا ئەللىرىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ تولۇقلىسام ئەجەپ ئەمەس دەيمەن.

— ئۇستاز، سىلى دۆلىتىمىزدە رىيازەت چېكىپ قالمىغاندىلا، — دەپ سورىدى ئىدىقۇت چۈرۈۋېنتايى ئۇنىڭدىن، — مۇبادا بىزنىڭ خىزمىتىمىز يەتمىگەن بولسا، ئېيتسىلا، بىز بىجانىدىل بىجا كەلتۈرۈپ، سىلىنى تولۇق رازى قىلمىغۇچە ھەرگىز توختىمايمىز!

— يوقسۇ، يوقسۇ! — دەپ تۇزۇت قىلدى تاڭ شۈەنزاڭ ئالدىراشلىق بىلەن، — مەن ئويلايمەنكى، كۇنپېتىش بۇددا ئەللىرىنىمۇ كۆرۈپ باقسام، ھىدايەتنىڭ يولى تېخىمۇ كېڭىيەرمىكىن دەيمەن!

— مۇشۇ يەردە قېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىۋەرسىلە سىلىنىڭ پۈتۈن تەمىراتلىرىغا ئوردا ئىگە بولسۇن. سىلە كەتمىسىلە!...

ئىدىقۇت چۈرۈۋېنتايى ئۇنى كەتمىسىلە، دەپ تۇتقانسېرى، ئۇنىڭ كۇنپېتىش بۇددا ئەللىرىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئىستىكى شۇنچە كۈچىيىپ ماڭدى.

— مېنىڭدىن ئىدىقۇت ئالىيلىرىغا شۇل مەلۇم بولغايكى، كۆل - دەريالار قۇرۇپ، تاغۇ - تاشلار ئۇۋۇلۇپ كەتسىمۇ، مەن كۇنپېتىش بۇددا ئەللىرىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئىرادەمدىن قايتمايمەن. ئۆلۈكۈم بۇ يەردە قالسىمۇ، روھىم يەنىلا بۇ ئۇلۇغ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ، — دېدى تاڭ شۈەنزاڭ

قىلچە ئىككىلەنمەي.

ئىدىقۇت چۇرۋېنتايى ئۇنى سەپەر قىلىشتىن قەتئىي توستى ۋە ئۇنىڭ ئاش - تاماق تەمىراتىنى تولۇق ھۆددىلىگەندىن باشقا، ئۇنىڭ يۇرۇش - تۇرۇش ئەركىنلىكىنى چەكلەپ قويدى.

تاڭ شۆەنزاڭ ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىرادىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مۇلازىم ئېلىپ كىرگەن ئاش - تاماقنى قەتئىي يېمىدى. تۆتىنچى كۈنى تاڭ شۆەنزاڭ ئورنىدىن قوپالمىدى — ئۇنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغانىدى. ئاخىرى، ئىدىقۇت ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە:

— سىلە بىلەن قول بېرىشىپ ئاغا - ئىنى بولۇشساق، — دېدى ئۇ ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا، — سىلە كۈنپېتىشتىكى بۇددا ئەللىرىدىن نوم - سۇترالارنى ئېلىپ قايتقاندا، دۆلىتىمدە ئۈچ يىل تۇرۇپ، بىزگە بۇددا تەرىقىتىدىن ھىدايەت يولىنى ئۆگەتسىلە!

بىر ئايدىن كېيىن، ئىدىقۇت چۇرۋېنتايى تاڭ شۆەنزاڭنىڭ سەپەر تەييارلىقلىرىنى قىلىپ بەردى: يولدا بۇ ئۈچ ئاغىلىق نوم ئاچارى تاڭ شۆەنزاڭنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا تۆت راھىبنى تەيىنلىدى؛ ئوتتۇز ياقىلىق تون - تەلپەك، كاسايا، پاختىلىق نىمچە، قولقاپ، ئۆتۈك - پايپاق قاتارلىق قىشلىق كىيىم - كېچەك تەييارلاپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن يول راسخودىغا يەنە يۈز سەر ئالتۇن، ئون تۈمەن يارماق پۇل، بەش يۈز تەپكە تاۋار - توقا ھازىرلاپ بەردى. ئاتتىن ئوتتۇزنى ۋە مالايدىن يىگىرمە بەشنى يولدا خىزمىتىگە سېلىشقا بۇيرۇپ بەردى ھەمدە يولدىكى ھەرقايسى گۇمرۇك - ئۆتكەللەردىن ئۆتۈشتە سالام - سوۋغات قىلىش ئۈچۈن، كۈنپېتىش تەرەپتىكى چۇقۇ، كېنگىت، چۇزى، سۇللاغ ۋە يوتقان قاتارلىق يىگىرمە تۆت دۆلەتنىڭ چېگرا دائىرىلىرىگە ئۇنىڭغا يول بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، يىگىرمە تۆت تەپكە تاۋار - تورقا بىلەن يىگىرمە تۆت پارچە خەت - ئالاقە يازدى. ئۇنىڭدىن باشقا،

غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنىڭ خوجىسى بولغان غەربىي تۈركلەر-نىڭ يابغۇ قاغانىغا بېرىش ئۈچۈن، بەش يۈز تەپكە تاۋار - تورقا ۋە ئىككى هارۋىغا لىق مېۋە - چېۋە قاچىلاپ بەردى. تۈرك قاغانىغا خەت يېزىپ ئۇنىڭدىن تاڭ شۆەنزاڭلارنى ئەنەتكەك ئېلىگە ساق - سالامەت يولغا سېلىپ قويۇشنى ئۆتۈندى.

تاڭ شۆەنزاڭلار يولغا چىققان كۈنى، ئىدىقۇت شەهرىدىكى راهىب - ئاچارىلار، بەگ - بېگاتلار ۋە پۇقرائى - پەقىرلارنىڭ هەممىسى قومۇرۇلۇپ چىقىپ ئۇنى ئۇزاتتى. ئىدىقۇت چۇرۋېنتا-يى ۋە خانىكە توركان خاتۇنلارمۇ ئۇنى ئۇزىتىپ چىقىشقاندى. خالايىق ئۇنى تاكى يەمشى دېگەن يەرگىچە ئۇزىتىپ كېلىشتى. . .

قازارا، جىنگۇەننىڭ ئالتىنچى يىلى[1]، ئىدىقۇت — چۇرۋېنتايى غەربىي تۈركلەرنىڭ يانغۇ قاغانى بىلەن بىرلىشىپ، كۇنپېتىشتىكى ئېۋرىغولغا هۇجۇم قىلدى. تاۋغاچتىن غەربىي يۇرتقا ئۆتىدىغان بۇ مۇهىم يول ئېغىزىنى قامال قىلىپ، تاۋغاچ بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ باردى - كەلدىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئارقىدىنلا كۇنپېتىشتىكى تاۋغاچقا بېقىنغان كېنىگىتكە هۇجۇم قىلىپ، كېنىگىت تەۋەسىدىكى بەش شەهەرنى بېسىۋالدى ۋە كېنىگىتنىڭ بىر مىڭ بەش يۈز ئادىمىنى تۇتۇپ كېتىپ، شەهەر-لىرىگە ئوت قويۇۋەتتى. تاۋغاچقا ئېلىپ كېتىلىۋاتقان ئولپان - سوۋغىلارنى تارتىۋېلىپ، سودىگەر - يالۋاچلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

× ×

ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلۇق. سىگىم قورۇلىنى ئۇرۇمچىنىڭ هاكىمبېگى مارېندېنىڭ بەش يۈزدەك يىگىتى ساق-لاپ ياتقانىدى. جاڭ ياۋ قوماندانلىقىدىكى ئەنخۇي قوشۇنلىرى

[1] تاڭ تەيزۇڭنىڭ سەلتەنەتىنىڭ 6 - يىلى بولۇپ، مىلادى 632 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

سىڭگىم ئېغىزىغا يېتىپ كەلگەندە، ئەلياتقۇ بولغانىدى. توساتتىنلا گۈلدۈرلەپ بوران چىقىپ كەتتى. شامال توپىنى ھاۋاغا ئۇچۇرتۇپ چىقىپ، ئاي يورۇتۇپ تۇرغان ئاسماننى بىردەمدىلا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غەرق قىلدى. ئەتراپتا گۈلدۈرلەپ چىقىۋاتقان بوراننىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. شۇ ئەسنادا قاراۋۇللار قورۇلنىڭ كۈنچىقىش قوۋۇقى تەرەپتە ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى.

— ئېھتىمال، تاماق ئەتكەندە بىخەستەلىك قىلغانلىقتىن ئوت تۇتىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئەندىشە قىلىپ كەتكۈچى بولماڭلار! — دېدى مارېندى ئۇلارنى جىملەپ. مارېندىنىڭ گېپى ئاخىرلاشماي تۇراتتى، قورۇلنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىمۇ ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا مانجۇلارنىڭ «ئۇر، چاپ!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى، قوماچ قورۇغاندەك ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرى، توپ - زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ پارتلاش سادالىرى جاھاننى بىر ئالدى.

قورۇلدىكىلەر تۇيۇقسىز شەبخۇنغا ئۇچراپ مەڭدەپ قالدى، - يۇ، ئەمما دەرھال ھوشلىرىنى تېپىشىۋېلىپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ قارشىلىقى ئۇزاق داۋام قىلمىدى: مۇرتۇق جىلغىسىدىن شارقىراپ ئېقىپ كەلگەن دەھشەتلىك قىيان سۇ دولقۇنىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، ئۇلارنىڭ قارشىلىقى تېزلا پەسەيدى. ئۇلار قالايمىقانلىشىپ، قورۇلنى تاشلاپ قېچىشقا باشلىدى. ئاتلىق قارا چېرىكلەرنىڭ قوللىرىدىكى قىلىچلار بۇلۇت ئارىسىدىن ئانچە - مۇنچە كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئاي يورۇقىدا ۋالىلداپ، ئۇدۇل كەلگەن ئادەملەرنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇرۇلماقتا ئىدى. مانجۇلار قېچىۋاتقانلارنىڭ كەينىدىن تېزلا قوغلاپ يېتىۋېلىپ، ئۇلارنى خۇددى چۆپنى ئورۇغاندەك قىرىپ تاشلىشىۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، مارېندىنىڭ ئازراقلا ئادىمىنى باشلاپ شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قورۇلدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى قارا چېرىكلەر تەرىپىدىن سايدا چېپىپ تاشلاندى.

ئەسلىدە جاڭ ياۋنىڭ قوشۇنلىرى سىڭگىم قورۇلىنىڭ كۇن-
چىقىش تەرىپىگە ئوت قويغاندا، سۇي جيەنبياۋنىڭ ئاتلىق چې-
رىكلىرى شىددەت بىلەن چىقىۋاتقان بوراندىن پايدىلىنىپ سىڭ-
گىم قورۇلىنىڭ كەينىگە ئايلىنىپ ئۆتۈۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغا-
نىدى. كۇنچىقىش قوۋۇق قالايمىقان بولغاندا، ئۇلارمۇ كۇنپې-
تىش تەرەپكە ئوت قويۇپ پوپاڭ كۆتۈرۈپ قورۇلدىكىلەرنى تېخى-
مۇ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. بۇ چاغدا جاڭ ياۋ ئەۋەتكەن لەشكەرلەر
سۇرتۇق ئېقىنىغا دامبا سوقۇپ، سۇنى قايتۇرۇپ تۇرغانىدى.
قارا چېرىكلەر قورۇلغا شەبخۇن ئۇرغاندا، ئۇلارمۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ دامبىنى بۇزۇپ تاشلىدى - دە، قورۇلنى سۇغا باس-
تۇردى.

تۇرپان قەلئەسىدىكىلەر سېپىلنىڭ پۇختىلىقىغا تايىنىپ
مانجۇلارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. مانجۇلار چېقىن توپلى-
رىنى سۆرەپ كېلىشتى - دە، ئاغزىنى سېپىل تەرەپكە قارىتىپ
قۇرۇپ، سېپىلنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇشقا باشلىدى. توپ
ئوقلىرى سېپىل ئەتراپىدىكى ئېتىزلىقلارغا چۈشۈپ پارتلىغاندا،
ئوت يالقۇنى كۆزنى چاقنىتاتتى. ئاسماندىن تۆمۈر پارچىلىرى
خۇددى مۆلدۈردەك تورۇكلاپ تۆكۈلەتتى. توپ ئوقلىرىنىڭ پارتى-
لاش سادالىرى ئىچىدە، يەر - زېمىن تىترەيتتى. تەكزارلىقلار-
دىكى تەكلەر يىلتىزى بىلەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، تەرەپ -
تەرەپلەرگە ئۇچۇپ چۈشەتتى. تۆپىلىكلەردىكى چۇنچىلەر گۈلدۈر-
لەپ غۇلاپ چۈشمەكتە ئىدى.

جاڭ ياۋ قىسمى بىلەن شۇي جيەنبياۋ قىسمى تۇرپانغا
كۇنچىقىش تەرەپ بىلەن تۆۋەن تەرەپتىن تەڭلا ھۇجۇم باشلىغاندا،
پاچاساغالدىن ئۇلگۇرۇپ يېتىپ كەلگەن لوچاڭخۇ قىسىممۇ تۇر-
پانغا يۇقىرى تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىدى. شۇنداق قىلىپ مانجۇلار
تۇرپاننى ئۈچ تەرەپتىن قورشىۋالدى.

قەمەرىيە 3 - ئاينىڭ 3 - كۇنى، چىڭقى چۈش مەزگىلى
ئىدى. تۇرپان بىر كېچىدىلا ئىسسىپ كەتكەنىدى. كىشىنى ئازاب-
لايدىغان تىنجىق ھاۋا قېتىپ قالغاندەكلا جىم تۇراتتى. ئاتەش

ئاپتاپنىڭ تەپتىدىن ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كېتىۋاتقان ئادەملەر ئەلەم ئىچىدە سالقىن شامالنىڭ چىقىشىنى زارىقىپ كۈتۈشمەكتە، ئەمما، شامالدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. بولسىمۇ ناگان - ناگاندا چىقىپ قالىدىغان ئىسسىق شامال ئادەمنىڭ يۈزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتەتتى. قۇياش سۈس كۆك ئاسماندا يالقۇنجاپ نۇر چاچماقتا ئىدى. ئېتىزلىقلاردىكى ئەمدىلەتىن باشاق سۈرگەن بۇغدايلار، ئادەمنىڭ بېلىگە كەلگەن مەللە قوناقلار قىمىرلاپ قويۇشمايتتى.

مانجۇلار ھۇجۇمنى مۇشۇنداق ئوت ئىسسىق ئىچىدە باشلاشتى. ھەممە يەرنى توپ - زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ پارتلىغان سادالىرى بېسىپ كەتتى. قارا چېرىكلەر يەرگە ياتماستىن، ھەتتا ئېگىشىپمۇ قويماستىن، مىلتىق - نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈشكەن پېتى ئۆرە كېتىشىپ باراتتى...

قەلئەدىكىلەرنىڭ مىلتىقلىرىدىن زالىپ ئېتىلغان ئوقنىڭ زەربىسىدىن، ھۇجۇمچىلارنىڭ ئالدىنقى رىتىدىكىلەر خۇددى دەرەخ ئۆرۈلگەندەك يىقىلىپ چۈشۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما، كېيىندىكى رەتتىكىلەر ئۇلارنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، سېپىلغا قاراپ كېلىۋەردى. كېيىنكى رەتتىكىلەرمۇ ئوق يامغۇرىغا دۇچ كېلىشتى. يەردە ياتقان ئۆلۈكلەر، يارىدارلار ئارىلىشىپ كەتتى. ئەمما، قارا چېرىكلەر تېخىمۇ ئۆجەرلىك بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى.

كۈن پېشىن بولغاندا، سۈي جيەنبياۋنىڭ ئاتلىق چېرىكلىرى تۆۋەنكى قوۋۇقنى، جاڭ ياۋنىڭ پىيادە چېرىكلىرى كۈنچىقىش تەرەپتىكى قوۋۇقنى، لوچاڭخۇنىڭ چېرىكلىرى يۇقىرىقى قوۋۇقنى بۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. توساتتىنلا، قەلئەدىكىلەر خۇددى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان ھەرىدەك بولۇشۇپ، بوش قالدۇرۇلغان كۈنپېتىش قوۋۇقىدىن قېچىپ چىقىپ، يەمشى تەرەپكە قاراپ چېكىنىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، چېكىنىش، قېچىش، قوغلاش، قىرغىن قىلىش باشلاندى. كەچقۇرۇن بولغاندا، پۈتۈن يەمشى تەرەپنى شەھەردىن چېكىنىپ چىققان يىگىت - سەرۋازلارنىڭ ئۆلۈكلىرى قاپلاپ كەتتى.

ئۇدۇل تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى جاڭ ياۋ ئىككى تەرەپنىڭ تىركىشىپ قېلىپ جەڭ ۋاقتىنىڭ ئۇزىراپ كېتىۋاتقانلىقىدىن تىت ـ تىت بولۇپ تۇراتتى. مۇلازىملار: «بىر چەنتۇ سەردارىڭلار بىلەن كۆرۈشەتتىم دەپ قەلئەدىن چۈشۈپتۇ» دەپ خەۋەر قىلدى. جاڭ ياۋ ئۇنى ئېلىپ كىرىڭلار! دەپ بۇيرۇق قىلدى.

— مېنى ھاكىمبەگ مارېندى ئەۋەتتى، — دېدى ھېلىقى ئادەم.

— سىز كىم بولىسىز؟ مارېندى سىزنى نېمىشقا ئەۋەتتى؟ — دەپ سورىدى جاڭ ياۋ قاپىقىنى ئاچماستىن.

— مەن تۇرپانلىق ئەخمەت مىرزا بولىمەن. مارېندى: «ھاياتىمىز كېپىللىككە ئىگە قىلىنسىلا، قورال تاشلاپ تەسلىم بولۇشنى خالايتۇق» دەپ، مېنى جانابلىرى بىلەن سۈلھ قىلىشقا ئەۋەتتى.

— ئىلگىرى سىلەر ئەنجانلىق لوپاشا ئۈچۈن جېنىڭلارنى سېتىپ كەلمىگەنمىدىڭلار؟ ھالا بۈگۈن سىلەرنىڭ تەسلىم بولغىڭلار كېلىپ قاپتىغۇ؟

— كەچۈرۈڭ جانابىي سەردار. بىز چەنتۇلار نادان خەلقمىز، — دېدى ئەخمەت مىرزا قىلچە ئويلىماستىن، — تىبۇدا خۇددى ئەنجانلىقلار بىزگە تاغنى يۆلەپ بېرىدىغاندەك، ئۇلار ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ كېتىپتۇق. قارىساق، ئوتقا بىزنى ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۆزلىرى راھەت كۆرۈشتى. ئەسلىدىنمۇ مەن خانغا مۇشت ئېتىشنى گۇناھ بولىدۇ دەپ كەلگەنىدىم. ئەنجانلىقلارنىڭ چوقۇم يېڭىلىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. ئەمما، ئامال قانچە؟ بىز چەنتۇلاردا: «ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ» دېگەن سۆز بار. خاننىڭ ئادالەتپەرۋەر قوشۇنلىرىنىڭ ئىنسانىي پەزىلەتلىرى پۈتكۈل ئىقلىمغا تارالدى. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئادالەتچى قوشۇننىڭ زەپەر قۇچۇشى چوقۇم. ھېكىمخان تۆرە سىلەرنىڭ بۇرناكۈنكى ھۇجۇمىڭلاردا بىر بۆلۈك لەشكەرنى ئېلىپ توقسۇنغا قاچتى. ئاڭلىساق ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي، قارا شەھەرگە — ساۋ پاشا-

نىڭ يېنىغا كېتىپتۇدەك. مەن مارېندېي تۇڭگانىيغا پايدا ـ زىياد-
ـنى چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلىپ، ئاخىر ئۇنى قوۋۇقنى ئېچىپ،
تەسلىم بولۇشقا كۆندۈردۈم.
— بىز سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردا ئادالەت ئورنىتىپ، ھىدايەت-
ـنى جارى قىلدۇرغىلى كەلدۇق، — دېدى جاڭ ياۋ ئۇنىڭ سۆزىنى
ئاڭلاپ بولۇپ، — بولىدۇ. مەن خان لەشكەرلىرىنىڭ سەردارى
بولۇش سۈپىتىم بىلەن، سىلەرنى قورال تاپشۇرۇشقا بۇيرۇيمەن.
قورال تاشلىساڭلارلا، ھاياتىڭلار كېپىللىككە ئىگە بولىدۇ. . .

× ×

شۇ كۈنى كەچتە مانجۇلار غالىبلارچە شەھەرگە كىرىپ كەل-
ـدى. مارېندېي قولىدىكى قىلىچ بىلەن قەلئەنىڭ ئاچقۇچىنى ئەذ-
خۇي قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى جاڭ ياۋغا ئىككى قوللاپ سۇنۇپ،
تۇرپان قەلئەسىنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈردى.
شۇنىڭدىن كېيىن پالاكەتمۇ يېتىپ كەلدى. قارا چېرىكلەر
كوچىلاردا ئاتلىرىنى تاراقلىتىپ چاپقۇزۇپ يۈرۈپ، ئاھالىنىڭ
ئىشىكلىرىنى گۇمبۇرلىتىپ ئۇراتتى:
— ئىشىكنى ئاچ، تالاغا چىقىش!
— تۇرپانلىقلار چامچىسىنى[1] ئۇچىسىغا سايقان پېتىلا، يالاڭىغد-
ـداق ھالدا ئىشىكلىرىدىن ۋە دەرۋازىلىرىدىن تالاغا يۈگۈرۈشۈپ
چىقىشاتتى. ئىشىك ـ دەرۋازىلار ئېچىلىش بىلەن تەڭلا، قارا
چېرىكلەر ئۆيلەرگە يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ قولىغا ئىلىشقانلىكى
نەرسىنى: ئاشلىق، قوي ـ ئۆچكە، توخۇ ـ تۇخۇم، كىيىم ـ
كېچەك، ھەتتا قېرىلارنىڭ ئاخىرەتلىكلىرىنىمۇ قويماي ئېلىۋې-
ـلىپ، ئۆيلەرنى قۇرۇغداپ قويۇشاتتى.
بىر ئۆيدىن ئەركەكنىڭ:
— خۇدا ھەققى، بىزدە ئاشلىق يوق! يېڭى بۇغداي چىقمى-

---

① چامچا — تۇرپان شىۋىسىدە: «كۆڭنەك» دېگەن مەنىدە.

سا، نەدىكى ئاشلىقنى بېرىمىز؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ «ۋايجان!» دېگەن ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى ـ دە، ئۇنى تېزلا ئۆچتى. بىر موماينىڭ يىغا ـ زارىسى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— ۋاي بالام! ياشلا كەتتىڭ بالام! سەن ئۆلگىچە مەن قېرى ئاناڭ ئۆلسىچۇ بالام!

ئۆينىڭ ئىچىدە لېچەكلىك بىر قېرى موماي يىغلاپ ئولتۇراتتى. قارا چېرىكلەر ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكەن ئوغلىنى چېپىپ تاشلىغانىدى.

— ئاسماندىن ئاشلىق ياغدۇرۇپ بېرەمتۇق؟ — دەيتتى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — سىلەر ئوغلۇمنى ئۆلتۈردۈڭلار، مەن قېرى مومايىنى ئەمدى كىم باقىدۇ؟

ئۇنىڭ كۆزىگە توساتتىنلا كۇنىگە خاگۇڭ[1] قىلماي بىردىن تۇغۇپ بېرىدىغان چار مىكىيىنى كۆرۈنۈۋىدى، ئوغلىنىڭ جانسىز گەۋدىسىنى يەرگە قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— دەيۇز! ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ تاخ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە توخۇنى قوغلاپ يۈرۈپ قازناقتا كىرگۈزۈۋەتتى، ئاندىن ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ يەنە ئوغلىنىڭ بېشىغا كېلىپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ئۆزىمىز نېمە يەيمىز؟ بىزنى مۇشۇنداق ئازاد قىلىشماقچىمىتىڭ ھەرقايىسىڭ؟ ئاخىرقى روزىغارىمىزنى سورۇۋېتىشتىڭغۇ؟ يەنە ئاسارەككە چۈشتۇقمۇ؟

شۇ ئەسنادا تالانىڭ ئىشىكى قاتتىق گۇمبۇرلەشكە باشلىدى. تالادا چېرىكلەر ئىشىكنى مىلتىقلىرىنىڭ پايىنىكى بىلەن قاتتىق ئۇرۇۋاتاتتى. ئىشىك قاتتىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىرى مۇجۇقىدىن ئاجراپ چۈشتى. مىلتىق كۆتۈرگەن ئىككى ئاۋاق مانجۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندەك بەخىرامان كىرىپ كەلدى. ئۇلارنى ھېلىقى ئەخمەت مىرزا باشلاپ كىرگەنىدى.

---

[1] خاگۇڭ قىلماي — «كۇن ئاتلىماي» دېگەن مەنىدە.

بىز تۇرپانلىقلار يەيدىغان نەرسىلىرىمىزنى ئاۋۇ قازناققا قو-
يىمىز، — دەپ مانجۇلارنى ئۇدۇل قازناقنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەل-
دى - دە، ئىشىكنى ئاچتى. بۇ پاراكەندىچىلىكتىن ھۇركۇپ
كەتكەن چار مىكىيان قاقاقلىغىنىچە ئۇچۇپ چىقىۋىدى، ئەخمەت
مىرزا ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى ۋە ھېلىقى مانجۇلارنىڭ
قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. بۇنى كۆرگەن موماي:
— ھاي لەنتى كاتتۇ! سەن بۇ كاپىرلارغا تۇغۇۋاتقان تو-
خۇينى تۇتۇپ بەرگىچە، ھېلىقى قىسىر ئايلاڭنى تۇتۇپ بەرسەڭ
بولمامدۇ؟ ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە، ئەخمەت مىرزىنىڭ يۈزىنى
مورلاش ئۈچۈن ئېتىلدى.
— توختا! — دەپ ۋارقىردى مانجۇلار قولىدىكى مىلتىقنى
مومايغا تەڭلەپ، — بولمىسا ئېتىپ تاشلايمىز! . . .
مانجۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە ھارۋا - ھارۋىلاردا ئاشلىق
ۋە باشقا نەرسىلەرنى توشۇپ تىنمىدى. شەھەر بىر پەستىلا پاك - پاكىزە
قورۇغداپ قويۇلدى. ھېچبىر ئۆيدە چىراغ يېقىلمىدى. مورىلار-
دىن تۈتۈنمۇ چىقمىدى. ھېچكىم تاماقمۇ ئەتمىدى. كۆردەك قاپقا-
راڭغۇ ئۆيلەردىن قېرى - چۆرىلەرنىڭ يىغا - زارە قىلىشقان
ئاۋازلىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى[1] . . .

① مانجۇلار تۇرپاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئەنخۇي قوشۇنلىرى-
نىڭ تۆڭلىگى سۇي جيەنبياۋ چېرىكلىرىنى بەخىرامان بەيتىلمال
قىلىشقا قويۇپ بەردى. زوزۇڭتاڭ ئۇنى قاتتىق جازالاپ، ئەمىلى-
نى ئېلىپ تاشلىدى ھەمدە پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغان ئاھالىدىن
ھال سوراپ، بېشىنى سىيلاشقا ئامبال لۇ شېكيۈەننى ئەۋەتتى.
شۇي جيەنبياۋنىڭ قوشۇنى ئالدىنقى سەپتىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن-
دىن كېيىن، ئىككىنچىلەپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلمىدى. بۇ ھەق-
تىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەز-
رەتلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، تەستىقلار» 6 - جىلد، 53 - بېتىگە
ۋە يەنە شۇ كىتابنىڭ «خەت - چەكلەر» قىسمىنىڭ 18 - جىلد،
34 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

# ئالتىنچى باب

## بەدۆلەتنىڭ ئۆلۈمى

«بىر قوچقارنىڭ بېشى كەتكىچە، مىڭلاپ قوينىڭ بېشى ئېلىنارمىش.»

— ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن

مىلادى 1877 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان، بەدۆلەت ئوڭايلا ئاچچىقلىنىدىغان، قەھرى ـ غەزىپى ئۆرلەپ، پەيمانى ئاسانلا تاشىدىغان بولۇپ قالدى. تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى گومىدى، ماناس ۋە ئۈرۈمچىلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن قولدىن كېتىشى ئۇنىڭ مىجەزىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

مانجۇلارنىڭ داۋانچىڭ قورغىنىنى پەتھ قىلىپ، ئارقىدىنلا توقسۇن، تۇرپانغا تېگىش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئىككىنچى دارۇسسەلتەنەت — كورلىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر بەدۆلەتنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلىشالمىدى.

بەدۆلەتنىڭ موللا كامالىددىن دەيدىغان بىر مىرزىسى بار ئىدى. ئۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ بەدۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى قويۇق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ بۇ خەۋەرنى بەدۆلەتكە نىياز ھېكىمبەگ ئارقىلىق يەتكۈزمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ماڭدى.

موللا كامالىددىن ئادەتتە نىياز ھېكىمبەگ بىلەن تونۇش

بولغاچقا، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، مۇلازىملارغا خەۋەر قىلمايلا، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل كىرىۋېرەتتى. شۇڭا، بۈگۈنمۇ ئۇ شۇ ئادىتى بويىچە، نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئىچكەركى خانىسىغا قاراپ ماڭدى. ئايۋاننىڭ ئىچىدە مۇلازىملار كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئىچكەركى خانىنىڭ پەنجىرىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئۆي ئىچىدىن چىقىۋاتقان گۈدۈڭ - گۈدۈڭ پاراڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، توختاپ قالدى. نىياز ھېكىمبەگ بىرسى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان بولسا كېرەك.

— مېنى ھېچ گۇناھىم يوق، سەۋەبسىزلا ئۇرۇپ، شۇنچىۋالا ئازاپلىدى... — بىرسى يىغلاپ تۇرۇپ شىكايەت قىلىۋاتاتتى.

— گۇناھ قىلمىساڭ، بىكاردىن ئۇرۇپ - تىللامدۇ؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ئىچكىرىسىدىن. بۇ نىياز ھېكىمبەگ ئىدى.

— ... يېقىندىن بۇيان ئۇ بىتاپ بولۇپ قېلىۋىدى، ساراي تېۋىپى ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ، چىرايىغا قاراپ: «تەپ بولۇپ قاپتىلا، دورا ئىچسىلە ساقىيىپ كېتىدىلا» دەپ دورا بۇيرۇپ بەردى. مەن تېۋىپنىڭ بۇيرۇپ بەرگەن دورىسىنى تەييارلاپ، ئۇنى ئىچەمدىكىن دەپ قېشىغا كىرسەم، دورا كەكرىدەك «ئاچچىق ئىكەن» دەپ، مېنى بىكاردىن - بىكارغا مۇشتلاپ ئۇرۇپ كەتتى...

— ئۇنداق بولسا، سېنى ناھەق ئەدەپلەپتۇ. نېمە بولدىكىن ئۇ ئالجىغانغا! ھېلىغۇ سەن ئىكەنسەن، بەزىدە بىزدەك ئەئيانى دۆلەتلەرنىمۇ كۆپ رەنجىتىپ، دىلىمىزغا كۆپ ئازار بېرىدۇ. بىزمۇ ئۇنىڭدىن جاق تويدۇق، بىزار بولدۇق! ھەممىمىزلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلساق ئىكەن دەپ، خۇدادىن تىلىمەكتىمىز!

— ئىلاھىم تىلەكلىرىمىز ئىجابەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قالساق ئەجەب ئەمەس.

— ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىغۇ يوق ئەمەس، بىراق...

— ئۇنىڭ تىل - ئاھانىتىدىن، دەككە - دەشنەملىرىدىن قۇتۇلىدىغان بولساقلا، ھەرقانداق ئىشقا بۇيرۇسىڭىز مانا مەن

تەييار!

— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ سېنىڭدە مۇشۇنداق جۈرئەت ـ شىجائەت بارمۇ؟

— مەن سىلىنى ئۈز كۆرۈپ، ئىچ ـ باغرىمنى بىراقلا تۆكتۇم جۇمۇ ئىمادۇر دۆلەتى جانابلىرى!

— بۇ گېپىڭىزمۇ راست. ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدىن دەپىئى قىلماي زادى بولمايدۇ، — دەۋاتاتتى نىياز ھېكىمبەگ، — ئۇنى دەپىئى قىلىش — ھەر بىر مۇسۇلمان ئۇچۇن ۋاجىپ. سەن باھادۇر ئىنىمدە بۇنچىلىك جۈرئەت ۋە غەيرەت بولىدىغان بولسىلا، بۇ ئىشتا خۇدا ساڭا يار بولىدۇ، سېنى ساقلايدۇ. ئۆزۈڭمۇ بۇ تۆھپەڭ ئۇچۇن كۆپ ئىنئاملارغا ئېرىشىسەن، مەرتىۋەڭ تېخىمۇ ئۆرلەيدۇ...

ئۇنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدى. بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن يەنە داۋام قىلدى:

— مەندە تەپ كېسەلگە شىپالىق بولىدىغان بىر دورا بار. پۇرسەت تېپىپ، ئۇ ئىچىدىغان دورىغا قوشۇپ قوي. ئاندىن ئۇ ئىچىدىغان چايغا سېلىپ، قاچانكى ئۇ «چاي» دېسە، دەرھال ئېلىپ كىرىپ ئۇنىڭغا ئىچۈرگىن! شۇنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇتقىن: مېنىڭ دېگەنلىرىمنى بىر ئۆزۈڭدىن، بىر خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمەسلىكى شەرت. بۇ ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، دەرھال مېنىڭ قېشىمغا كەل. بۇ خىزمىتىڭ ئۇچۇن مەندىن كۆپلەپ تۆھپە ـ تارتۇق ئالىسەن!...

بۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، پەنجىرە ئالدىدا تۇرغان موللا كامالىددىن باش ـ ئايىقى يوق بۇ گەپلەرنى زادى چۈشىنەلمىدى ـ دە، داۋاملىق ئاڭلاپ تۇرۇشنى بىئەپ كۆرۈپ، يۆتىلىپ قويدى. ئىچكىرىسىدىكى پاراڭ شۇنىڭ بىلەن بىردىنلا توختىدى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشىك ئېچىلدى. ئىچكىرىسىدىن بەدۆلەتنىڭ مەشۇر ئىسمىلىك بىر مەھرىمى چىقىپ كەلدى ـ دە، يەرگە

تىكىلگىنىچە، ئۇنىڭ يېنىدىن گەپ قىلماي ئۆتۈپ كەتتى.

— خوش، موللا كامالىددىن، بۇ ياققا ئۆتۈپ قاپتىلاغۇ؟ — دەپ سورىدى نىياز ھېكىمبەگ تەئەججۈپ بىلەن.

— جانابىي ئىمادۇر دۆلەتى! — دېدى موللا كامالىددىن، — بۇ يىل ئەتىياز كىرگەندىن بېرى، داۋانچىڭ قورغىنىدىكى لەشكەرلىرىمىز ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، مانجۇ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرىگە ئەسىر چۈشۈپ كەتتى. قارا چېرىكلەر توقسۇن بىلەن تۇرپاننى ئىگىلىۋالدى. بىزلەر بۇ ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرىغا خەۋەر قىلمىدۇق. ئىسلامغا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ خىيانەت، مىللىتىمىزگە قارىتا بۇنىڭدىنمۇ زور جىنايەت بولامدۇ؟...

— توغرا ئېيتىدىلا مىرزام، بىراق، ئەمىر ئىسلامنىڭ... — دېگىنىچە نىياز ھېكىمبەگ سۆزىنى توختىتىۋالدى.

نىياز ھېكىمبەگنىڭ تىلىنى چايناپ، دودۇقلاپ تۇرغىنىنى كۆرگەن موللا كامالىددىن ئۇنى بەدۆلەتنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، بۇ خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ چۈشەندى - دە:

— ھەممىمىز مۇسۇلمانغۇ! بۇ ئىش پۈرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس! بۇنى ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرىغا چوقۇم بىلدۈرۈش كېرەك! سىلى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىسىلا، جانابىي ئالىيغا مەن ئۆزۈم ئېيتاي ئەمىسە! — دەپ زەردە قىلدى ۋە نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىدىن چىقىپ كەتتى...

× ×

ئەسلىدە، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا ئۆتكەن يىلى يازدىن تارتىپ قىشقىچە بولغان سوقۇشلاردا بەدۆلەت ئۆزىنىڭ ئاساسلىق كۈچىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، دەرھال جەنۇبتىن لەشكەر يۆتكەپ، كورلا، توقسۇن قاتارلىق جايلارنى تايانچى بازا قىلغان

ھالدا، توقسۇن — داۋانچىڭ — تۇرپان ئۈچبۇرجەك رايونىدا مانجۇلار بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ئېلىشىپ كۆرمەكچى بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ توقسۇن، تۇرپان ۋە داۋانچىڭ قورغانلىرىغا يەتتە مىڭ سەرۋاز، يەتتە مىڭ يىگىت، يىگىرمە يەتتە دانە ھەر-خىل كالىبىرلىق توپ - زەمبىرەك ۋە تۆگىگانىيلاردىن ئون مىڭ-دەك لەشكەر بولۇپ جەمئىي يىگىرمە تۆت مىڭدەك ئەسكەر يۆت-كەپ، بۇ جايلارنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتكەنىدى. داۋانچىڭ قورغىنى — تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈشتىكى مۇھىم تاغ ئېغىزى بولغاچقا، ئۇ يەرگە ھەيدەرقۇل دادخاھنى ئەمىر لەشكەر قىلىپ، قاسىم پولگان، نىياز مۇھەممەت توقسابە قاتارلىق سەر-دارلارنى پەنساد قىلىپ تۆت مىڭدەك سەرخىل لەشكەرنى ئېغىزنى ساقلاشقا قويغانىدى. تۇرپاننى بولسا، ھېكىمخان تۆرە، ياندا-ش ئەمرۇل ئومرا بەي يەنخۇ ۋە ئۇرۇمچىنىڭ ھاكىمبېگى ما رىندېلار ساقلاپ ياتاتتى. كورلىدىكى ھەربىي كېڭەشتىن كېيىن، بەدۆلەت يەنە ئەمرۇل ئومرا بارگاھنى توقسۇنغا يۆتكەپ، بۇ يەرگە ھەق-قۇل بەگنى مەسئۇل قىلغان ۋە كورلىدىن بىر مىڭ بەش يۈز يىگىت، كۇچادىن مىڭ يىگىت يۆتكەپ، بۇ ئۈچبۇرجەك رايونىنىڭ مۇداپىئەسىدىكى ئەسكىرىي كۈچنى يەنىمۇ كۈچەيتكەنىدى. شۇن-داق قىلىپ بۇ ئۈچبۇرجەك رايوندىكى ئەسكىرىي كۈچ ئوتتۇز مىڭغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى.

قەمەرىيە 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى[①]، ليۇ جىڭتاڭ مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ بىرىنغار قىسىملىرىنى باشلاپ، چېقىن توپ - زەمبىرەكلىرىنى ئېلىپ، ئۇرۇمچىدىن داۋانچىڭغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۈچ كۈن بولغاندا، سەيپۇ دېگەن يەرگە يېتىپ كەل-

---

① شەمسىيە 1877 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى.

ـدى. شۇ كېچىسى، ئەنسەي قوشۇنىنىڭ باش بوغى يۈ خۇئېن، خەنجۇڭ قوشۇنىنىڭ باش بوغى تەن شاڭلىيەن قاتارلىقلار بويرۇققا بىنائەن توققۇز ئاتلىق چېرىكلەر يىڭى ۋە تۆت پىيادە چېرىكلەر يىڭى بولۇپ جەمئىي تۆت مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك قارا چېرىككە ياغاچ چىشلىتىپ، كېچىلەپ چىغىر يول بىلەن مېڭىپ، داۋاندـ
چىڭغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. داۋانچىڭنىڭ ئەتراپى ساسلىق بولغاچـ
قا، ئاتلار پاتقاققا قورسىقىغىچە پېتىپ قالاتتى. ئۇلار ئەتىسى — بەشىنچى جىڭدا مىڭبىر مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ داۋانچىڭ قورـ
غىنىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بىر تۆپىلىكنى ئىگىلىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. سۇ كۈنى كەچتە، مانجۇلارنىڭ قالغان قىسمى قىل قۇيرۇق بولۇپ يېتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، مانجۇلارـ
نىڭ ئاتلىق، پىيادە چېرىكلىرى داۋانچىڭ قورغىنىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تۆپىلىكنى ئىگىلىۋېلىپ، قورغاننى ئىككى تەرەپتىن قورشىۋالدى. ئەتىسى چۈش بولغان مەزگىلدە، مانجۇ قوشۇنلىـ
ـرىنىڭ تۇرشاۋۇلى، زوڭتۇڭ دارېن ليۇ جىڭتاڭ داۋانچىڭ قورـ
غىنىنىڭ يەر ـ شارائىتىنى كۆزىتىپ بېقىش ئۈچۈن، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماستىن، قورغاننىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى تۆپىلىككە ئات سېلىپ چىقىۋىدى. قورغان تەرىپىدىن ئېتىلغان ئوق ئۇ مىنگەن ئاتنى يىقىتتى. ليۇ جىڭتاڭمۇ ئاتتىن دومىلاپ چۈشتى.

قورغانغا پىچاق بىسىدەك تاش قىرنىڭ ئۈستىدىن بارمىسا، بارغىلى بولىدىغان باشقا يول يوق ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن بۇـ
يان، مانجۇلار مۇشۇ پىچاق بىسىدەك تاش قىرنىڭ ئۈستىدىن قورغانغا ئۆتۈۋېلىشقا نەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما، قورغاندىكى نامەلۇم بىر مەرگەننىڭ ئەجەللىك ئوقىغا دۇچ كېلىپ يەر چىشلەشتى. مانجۇلارنىڭ قورغانغا قىلغان ھۇجۇملىرى قورغاندىكىلەرنىڭ قەيسەرلىك بىلەن بەرگەن قايتۇرما زەربىسى ئارقىسىدا،

قايتا چېكىندۈرۈلۈپ، مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى.

قەمەرىيە 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى[1]، ئىمشيا قوشۇنىنىڭ باش بۆغى تەن باسۇي مىناميوتلىرىنى قۇرۇپ، قورغاننى شىددەت بىلەن توپقا تۇتتى. قەمەرىيە 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى[2]، مۇشاۋىر سانغۇن خۇ مىڭگۇي، ياساۋۇل سەردار جۇاڭ ۋېي قاتارلىقلار بويرۇققا بىنائەن ئۈچ دانە چېقىن توپنى كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئېگىزلىكنىڭ ئۈستىگە قۇرۇپ، داۋانچىڭ قورغىنىنى دەھشەتلىك توپقا تۇتقىلى تۇردى.

— . . . گۈم! — باڭ! . . . گۈم! — باڭ! — گۈم. . .

چېقىن توپنىڭ ئون قاداقلىق ئوقلىرى داۋانچىڭ قورغىنىنىڭ ئۈستىگە خۇددى چۆل چېكەتكىسىدەك ۋىژىلداپ ئۇچۇپ بېرىپ چۈشۈپ، ئارقا ـ ئارقىدىن پارتلاشقا باشلىدى. داۋانچىڭ قورغىنى بىر پەستىلا قويۇق ئىس ـ تۈتەك ئىچىگە غەرق بولۇپ، كۆزدىن غايىب بولدى. . .

شۇ كۈنى كۈن قايرىلغان بىر چاغدا، «گۈم! — باڭ!» قىلغان قاتتىق پارتلاش ساداسى ئىچىدە يەر ـ زېمىن لەرزىگە كېلىپ بىر كۆتۈرۈلدى ـ دە، قاتتىق بىر سىلكىنىپ ئۆز ئورنىغا چۈشتى. قورغان ئىچىدە ئوت يالقۇنى پەلەككە كۆتۈرۈلدى. قورغان لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئەسلىدە بىر تال چېقىن توپ ئوقى داۋانچىڭ قورغىنىنىڭ جەبخانىسىغا (ئوق ـ دورا ئامبىرىغا) چۈشۈپ پارتلىغانىكەن. پارتلاش ساداسى ئىچىدە پۈتۈن جەبخانىدىكى ئوق ـ دورىلارمۇ پاراسلاپ ئېتىلىپ، گۈلدۈرلەپ پارتلاشقا باشلىدى. بايامقى زور پارتلاش شۇنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئەتراپنى ئادەملەرنىڭ قىيا ـ چىيالىرى قاپلىدى. . .

مانجۇلار بەدۆلەتنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن يىگىت ـ سەرۋازلى-

---

① شەمسىيە 1877 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى.

② شەمسىيە 1877 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى.

ئالدىغا بارگاھى جىڭتاڭنىڭ لىۋ دارىن زۇڭتۇڭ ،يالاپ رىنى
كۆزدىن بىرلەپ - بىر ئەسىرلەرنى جىڭتاڭ لىۋ .كەلدى ئېلىپ
:كەچۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، باغلاقنى يەشكۈزدى - دە
— سىلەر ئەسلىدە خاننىڭ مۆمىن پۇقرالىرى ئىدىڭلار،
بىراق، — دېدى ئۇ، — ئەنجانلىق لوپاشانىڭ ئالدام خالتىسىغا
چۈشۈپ قايمۇقتىڭلار. بۈگۈن مەن سىلەرنى ئۆلتۈرمەيمەن.
ھەممىڭلارنىڭ ئاتا - ئاناڭلار، ئاكا - ئۇكاڭلا، خوتۇن - بالاڭلار
بار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يولۇڭلارغا قاراپ
تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ جەڭدە يېڭىلگەنلىكىڭلارنى
ئاڭلىسا، چوقۇم دەريا - دەريا ياش تۆكۈپ، قايغۇ - ھەسرەت
ئىچىدە لەختە - لەختە قان يىغلايدۇ. مەن سىلەرنىڭ قايتىپ
بېرىپ، ئاتا - ئاناڭلار، ئاكا - ئۇكاڭلار ۋە خوتۇن - بالىلىرىڭ-
لارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ھەممىڭلارنى
قويۇپ بېرىمەن. ئەمما، ئاراڭلاردىكى ئەنجانلىقلار بۇنىڭ سىرتى-
دا. شۇڭا، سىلەر ئۇلارنى ماڭا نام - شەرىپى. تۆھپە - ئەمەلى
بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشىڭلار كېرەك!
ئۇ، ئەسىرلەرنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىپ، ئۆزلىرىنى
ئەمىن تاپقۇزدى ۋە ھەربىرىنىڭ قولىغا ئوزۇق - ئوۋقەت ۋە پۇل -
پىچەك بېرىپ يولغا سالدى.
داۋانچىڭ ئۇرۇشىدا مانجۇلار قوشۇنىغا ئەسىر چۈشكەن يە-
گىت - سەرۋازلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالتە شەھەرلىك ئادەم-
لەر ئىدى. شۇڭا، ئۇلار لىۋ جىڭتاڭنىڭ ئىلتىپاتىدىن چوڭقۇر
مىننەتدار بولۇشۇپ، تەزىم قىلىشتى، ئاندىن، ئەنجانلىق ئەمىر
لەشكەر، پەنساد ۋە مۇساپىر يىگىتلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ،
ئۇلارنىڭ ياقىسىدىن سۆرەشكىنىچە، لىۋ جىڭتاڭنىڭ ئالدىغا ئې-
لىپ كېلىشتى.
لىۋ جىڭتاڭ ئەمىرلەشكەر ھەيدەرقۇل دادخاھ، نىياز مۇ-
ھەممەت پەنساد باشلىق مۇساپىر پەنساد يىگىتلەرنى خانغا يوللاپ

بەردى[1].

داۋانچىڭ قورغىنى پەتھ قىلىنغاندىن كېيىن، مانجۇلارنىڭ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىشىدىكى زور پۇتلىكاشاڭ ئاخىرقى ھېساب. تا يۇلۇپ تاشلاندى. قەمەرىيە 3 - ئاينىڭ[2] 11 - كۈنى، بەي يەنخۇنىڭ توقسۇنغا ئوت قويۇپ، بۇلاڭ - تالاڭ يۇرگۇزۇپ، توقسۇن خەلقىنى ئۆزلىرى بىلەن مەجبۇرىي ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى.

ليۇ جىڭتاڭ بەي يەنخۇنى توقسۇن ئەتراپىدا يوقىتىش ئۈچۈن، خۇاڭ ۋەنپىڭ، تەن شاڭلىيەن قاتارلىق سەردارلارغا ئاتلىق

---

① موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخىي ئەمىنىيە» دېگەن كىتابىدا بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇمات بەرگەنىدى: «. . . شۇ كۈنلەردە، خىتايلار داۋانچىڭغا يېتىپ كەلدى. نىياز مۇھەممەت توقسابە بىرنەچچە كۈن ئوق چىقارماي سەۋر قىلدى. داۋانچىڭدا ئىككى مىڭدەك يىگىت بار ئىدى. بۇلاردىن تۆت يۈزى دەرۋازىدىن چىقىپ، مەشق قىلىۋاتقان كاپىرلارنى ئاتتى. ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە مىڭغا يېقىن كاپىرنى يوقاتتى. ئاتالىق غازىدىن: ‹ئوق چىقارماڭلار!› دەپ ئارقا - ئارقىدىن پەرمان كەلگىلى تۇردى. ئەمىرلەشكەر، پانساد ۋە يىگىتلەرنىڭ كۆڭلى بۆلۈنۈپ، ئىشەنچلىرى سوۋۇدى. ئاخىرى خىتاي چېرىكلىرى كۆپلىگەن توپ - زەمبىرەكلەر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، داۋانچىڭنى تارتىۋالدى. ئەسىر چۈشكەنلەردىن ئالتە شەھەرلىكلەرنى قورال - ياراقلىرىنى ئېلىۋېلىپ، ئۆزىنى قويۇپ بەردى. نىياز مۇھەممەت توقسابە باشلىق يەتتە پەنسادنى ۋە بىرنەچچە مۇساپىر يىگىت ھەم يۈزبېشىلەرنى تۈرمىگە سېلىپ، بىرنەچچە زاماندىن كېيىن، ئۇلارنى شاھادەتلىككە يەتكۈزدى. قالغانلىرىنى بولسا، بېيجىڭدىن ئۈچ ئايلىق يول نېرى بىر خىتاي شەھرىگە ماڭدۇردى. . .»

② شەمسىيە 1877 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى.

چېرىكلەرنى باشلاپ تۆرشاۋۇل قوشۇن بولۇپ توقسۇن تەرەپكە
ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇدى. شۇ كۈنى گۇگۇم چۈشكەندە، مانجۇلار-
نىڭ تۆرشاۋۇل قوشۇنى توقسۇننىڭ خودۇڭ دېگەن يېرىگە يېتىپ
كەلدى. بۇ يەر توقسۇن شەھىرىگە ئون بەش چاقىرىمدەك كېلەت-
تى. ئۇلار يەر شارائىتى بىلەن پىششىق تونۇشمىغانلىقتىن، بەي
يەنخۇ قوشۇنلىرىنىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپ قېلىپ، ئېتىشىپ
كەتتى. ئىككى ئوتتۇرىدا كەسكىن ئېتىشۋازلىق، چېلىشۋازلىق
باشلىنىپ كەتتى. ھەركىم تۇشمۇ تۇشتىن ئات چاپتۇرۇپ كې-
لىپ، ئاتماق، چاپماق، سانجىماق، قوغلىماق، سوقماق، يىقىت-
ماق، نەيزىلىمەك، قىلىچلىماقلارغا كىرىشىپ كەتتى. ئىككى
تەرەپتىكى ھىراۋۇل، چىرىنغار، بىرىنغار، چىنداۋۇل. . . لار
بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ، سەپلىرى بۇزۇلۇپ، ئۆلگەنلەرنىڭ
ئۇچەي - باغىرلىرى چۇۋۇلۇپ، يارىدارلارنىڭ پۇت - قوللىرى
سۆرىلىپ قالدى. ئاتلىرى قېقىلىپ، ئۆزلىرى بولسا يېقىلىپ،
كۆزلىرى ئالىيىپ، تىللىرىنى چاينىشىپ، ئوق - قىلىچلارنىڭ
ئاچچىق ئاغرىق ئازابىدا جانلىرى قاقشىشىپ ياتاتتى. بەزىلىرىنى
پۇتىدىن سۆرىگىنىچە ئاتلىرى ئەپقېچىپ كېتىۋاتقانىدى. ئۇلار-
نىڭ تۇغ - ئەلەملىرى يىقىلىپ، توپىغا مىلىنىپ كەتكەنىدى.
مانجۇلار بولسا، پاچاساغال ئېقىنى تەرىپىدىن كېلىدىغان دەھشەت-
لىك كەلكۈندەك دەۋرەپ، ئايىغى ئۈزۈلمەي يۇپۇرۇلۇپ كېلىۋا-
تاتتى. . .

لىيۇ جىڭتاڭ قوشۇنلىرىنى ئىككى تارامغا بۆلدى: بىر بۆلى-
كىگە لۇ چاڭخۇ، تەن باسۇي قاتارلىق ئىككى سەركەردىسىنى باش
قىلىپ، ئۇلارنى ئالتە يىڭ، ئۈچ مىڭ لەشكەر بىلەن تۇرپانغا — جاڭ
ياۋ، شۇي جيەنباۋ قاتارلىقلارغا ھەمدەم بولۇشقا ماڭدۇردى. ئۆزى
بولسا قالغان قوشۇنلارنى باشلاپ ئۇدۇل توقسۇن تەرەپكە قاراپ
ئاتلاندى.

لىيۇ جىڭتاڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلە-

ۋاتقاندا، جاڭ ياۋ، شۆي جيەنبياۋ قاتارلىق مانجۇ سەردارلىرى
تۇرپاننىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدىكى مۇھىم ئۆتكەل — چىقتىم
قورۇلىدىن پىچانغا قاراپ يولغا چىققانىدى. چىقتىم قورۇلى
تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى مانجۇلارنىڭ قولىدىكى بىردىنبىر
قورۇل بولۇپ، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەش-
تىكى مۇھىم تايانچى ئىستىھكامى ئىدى. مانجۇلار بىرلا ھۇجۇم
بىلەن پىچاننى ئالغاندىن كېيىن، قەمەرىيە 3 - ئاينىڭ 12-
كۈنى[1]، سىڭگىم ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلىپ، بەدۆلەتنىڭ بۇ يەرنى
ساقلاپ ياتقان قوشۇنلىرىنى پاك - پاكىزە يوقاتتى. ئەتىسى،
ئۇلار تۇرپان بوسوغىسىدا پەيدا بولغاندا، لو چاڭخۇ باشچىلىقىدى-
كى مانجۇ قىسىملىرىمۇ دەل ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ كېلىپ، تۇرپانغا
كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش تەرەپتىن قىسىپ ھۇجۇم قىلىش ۋەزد-
يىتىنى شەكىللەندۈردى. ما رېندې قىسىمى قورشاۋغا چۈشۈپ
قالغانلىقتىن، ئاخىر تۇرپان سېپىلىنىڭ قوۋۇقىنى ئېچىپ تەس-
لىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ھېكىمخان تۆرە بولسا بۇنىڭدىن
ئۈچ كۈن ئىلگىرى كېچىدە قېچىپ كەتكەنىدى.
داۋانچىڭ — توقسۇن — تۇرپان سوقۇشى بەدۆلەت قوشۇنلى-
رى بىلەن مانجۇ قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇ-
بىدا يۈز بەرگەن يەنە بىر قېتىملىق زور ھەل قىلغۇچ سوقۇش
ئىدى. ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى پۈتۈنلەي زوزۇڭتاڭنىڭ
ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقىۋاتاتتى: بۇ قېتىمقى سوقۇشتا، مانجۇ-
لار بەدۆلەتنىڭ ئاساسىي كۈچىگە زەربە بېرىپ، جەنۇبقا قاراپ
ئىلگىرىلەشتىكى توسالغۇنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىد-
بارەن، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا زور كۆلەمدىكى ھەربىي ھەرد-
كەتلەر بولمىدى. بەدۆلەت بۇ قېتىمقى سوقۇشتا يىگىرمە مىڭدىن
ئارتۇق ئەسكىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. بۇ — بەدۆلەتنىڭ مۇشۇ

---

① شەمسىيە 1877 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى.

ئەتراپىنى تۇرغۇزغان پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى
قىسمىنى، پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلاتـ-
تى. شۇڭا، زوزۇڭتاڭ داۋانچىڭ — توقسۇن — تۇرپان سوقۇ-
شىغا: «غەربىي يۇرتقا ئەسكەر چىقارغاندىن بۇيان، مىسلى كۆ-
رۈلمىگەن زور بىر غەلىبە بولدى»[①] دەپ باھا بەرگەندى.

× ×

ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلۇق، نىياز ھېكىمبەگ
باياتىن ئۆزىنىڭ مەشۇر مەھرەم بىلەن قىلىشقان خۇپىيانە سۆزلە-
رىنى موللا كامالىددىن ئاڭلاپ قالدىمىكىن دەپ قاتتىق ئىزتىراپ-
قا چۈشۈپ قالدى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ ھىيلە - مىكىر بىلەن
تولغان كاللىسى شۇنداق تېز ئىشلەۋاتاتتىكى، ئۇنىڭ ئالدىدا
شەيتان لەئىنىڭمۇ دىلى لال، ئۆزى خىجىل ئىدى. ئۇ داۋانچىڭ
قورغىنى، توقسۇن ۋە تۇرپانلارنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ھەققىدـ-
كى خەۋەرنى موللا كامالىددىن دېيىشتىن ئىلگىرى، بەدۆلەتكە
ئۆزى يەتكۈزۈپ، ئۆزىنى قوغداپ قېلىش قارارىغا كەلدى - دە،
ئۇدۇل بەدۆلەتنىڭ ھۇزۇرىغا — شاھنىشىنىغا قاراپ ماڭدى.
— جانابىي ئالىيلىرى، ئۇقتىلامىكىن، — دېدى ئۇ بەدۆلەتـ-
كە ئىككى پۈكۈلۈپ تەزىم بېجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، —
مانجۇلارنىڭ قوشۇنى داۋانچىڭ قورغىنىنى پەتھ قىپتۇدەك. ئۇلار
ئەسىر ئالغان لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئىچىدىكى ئالتە شەھەرلىك
يىگىت - سەرۋازلىرىمىزنى قويۇپ بېرىپ، ئەمىر لەشكەر ھەيـ-
دەرقۇل دادخاھ، نىياز مۇھەممەت پەنساد قاتارلىق بىرمۇنچە
رۇستەم سۈپەت باھادىرلىرىمىزغا شېھىتلىك شارابىنى ئىچۈ-

---

① «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى.
خەت - چەكلەر»، 18 - جىلد.

رۇپ، ئۇلارنى يوقلۇق ھارۋىسىغا سېلىشقا مۇۋەپپەق بوپتۇ. . .

ئۇ سۆزىنى توختىتىپ، شاھىنشىن ئۇستىدە زۇۋان سۇرمەي شۇك ئولتۇرغان بەدۆلەتكە ئىتتىك نەزەر سالدى.

نىياز ھېكىمبەگنىڭ چىرايىدا مۇشۇ تاپتا كۇلۇمسىرەش دېسە، كۇلۇمسىرەش ئەمەس، يىغلامسىراش دېسە، يىغلامسىراش ئەمەس ئەيتاۋۇر بىلىپ بولمايدىغان بىرخىل غەلىتە ھالەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قۇللارغا خاس خۇشامەتچىلىك قىياپىتى بىلەن بەدۆلەتنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇ بەدۆلەتنىڭ چىرايىغا مۇغەمبەرلىك بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. مۇشۇ تاپتا نىياز ھېكىمبەگنىڭ چىرايىدىن يەنە بىرخىل مەنسىتمەسلىك ھالىتى، بىرخىل ساختىپەزلىك كۆلەڭگىسىمۇ مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

× ×

بەدۆلەت دەسلەپكى چاغلاردا يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنىڭ تىزگىنى بىلەن مۇھارىبىيە ئىشلىرىنىڭ تەدبىرىنى ھەرھالدا ئەئيانلىرى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ تۇتۇپ كەلگەنىدى. ئەمما، قاچانكى، ئۇنىڭ دىلىدا كىبىرلىك قۇشى ئۇۋا سېلىپ، تەكەببۇرلۇق تۇخۇمىنى چىقارغاندىن تارتىپ، ئۆزۇمچىلىلىك، مەنمەنلىك ۋە مۇستەبىتلىك دۇتى ئۇنىڭ بۇرنىدىن تۇتۇن ياندۇرۇپ، يېقىن ئەئيانلىرىنىڭ تولىسىنىڭ دىلىنى رەنجىتتى ۋە ئابرويىنى تۆكتى. ئۇنىڭ خاسلىرىدىن بولغان جامەدار دادخاھ ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىكى بىر قېتىملىق پىنھان سۆھبەتتە بۇ ھەقتە سۆز ئېچىپ ئۇنىڭغا سەممىي نەسىھەت قىلغانىدى.

— جانابىي ئەمىر ئىسلام ئالىيلىرى، — دېگەنىدى ئۇ، — خۇدايىتالادىن ھەزرىتى مۇھەممەت ئىسلامنىڭ دىلىغا: «ۋە شاۋىر

ھۆم فىل ئەمرى»[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغان. شۇ سەۋەبتىن، رەسۇلۇللا ھەممىدىن ۋاقىپ، خەۋەردار بولسىمۇ، لېكىن، «كېيىنكى ئۇممەتلىرىمگە كېڭەشلىك ئىش قىلماق سۈننەت بولسۇن» دېگەن مەقسەتتە، ھەر ئىشنى كېڭەش بىلەن قىلاتتى.

— بۇ ئەيىپىمىز ئۆزىمىزگىمۇ مەلۇمدۇر تەقسىر، — دېگەنىدى بەدۆلەت سەل خىجىل بولۇپ، — ئەمما، شۇنچە تىرىشىپ كۆرگەن بولساقمۇ، بۇ ئادەتنى زادى تاشلىيالمىدۇق. ئەمدى خۇدا بۇيرۇسا، بۇنىڭ تەدبىرىنى قىلماققا تەرەددۇتلانماقچىمىز!

— ئىنشائاللا، — دېدى جامەدار دادخاھ بەدۆلەتنىڭ ئۆز ئەيىپىنى ئازراق بولسىمۇ بويىنىغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، — مەملىكەت زاتىي ئالىيلىرىنىڭ ياخشى خۇلق، ئېسىل سۈپەتلىرى بىلەن زىننەتلەندى، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ خاسۇئامغا قىلغان بىھېساب كەرەملىرى ۋە مۇرۇۋۋەتلىرى ئارقىلىق شان - شۆھرىتى ئالەمگە پۇر كەتتى. سىلى جانابىي ئالىيلىرىنىڭ سېخىي - ئېھسان داستىخانلىرىدا بولسا، مەرھەمەت نېمەتلىرى ۋە شېرىن - شەربەتلەر مۇھەييا قىلىندى. بىراق، خەلققە يەتكۈزىدىغان بۇ ئېھسانلىرى مۇبادا تۇزسىز بولسىچۇ؟ ھەرقانداق پاكىزە تاماق تۇزسىز بولسا، لەززەت بەرمەس!

— ئۇنىڭ تۇزى نېمىدۇر تەقسىر؟

— ئۇنىڭ تۇزى ئېغىر - بېسىقلىق، كەمتەرلىك، سەۋر - تاقەتنى ئادا قىلماقتۇر. شۇڭا، ئۇلۇغلار: «يېنىكلىك — شەيتانلىق؛ ئېغىرلىق — راخمانلىق» دېگەن. مۇبادا يېنىكلىك قىلىپ، غەزەپ بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈلسە، سەلتەنەتنى ۋەيران قىلۇر!

— بۇنى چۈشىنىمىز، سەلتەنەتنى مۇستەھكەملەشكە شىجائىتىمىزمۇ ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ. . .

---

[1] «ھەر ئىشتا ئەسھابلىرىڭ بىلەن كېڭەش قىلغىن.»

— توغرا ئېيتتىڭىزلا، ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرى، — دېدى جامەدار دادخاھ، — بىراق شىجائەت بولۇپلا، تەدبىر بولمىسا، خۇددى قىنىدىن چىقمىغان شەمشەرگە ئوخشاش كارغا كەلمەيدۇ. شۇڭا، ئاتا - بوۋىلار شىجائەتنى شەمشەرگە ئوخشاتقان بولسا، تەدبىرنى قولغا ئوخشاتقان. ھېچقانداق شەمشەر قول مەدەت بەرمىگۈچىلىك كارغا كەلمەيدۇ. ئەمما، شەمشەر بولمىسا، قولمۇ كارغا كەلمەيدۇ. كىتابلاردا: «ئۇلۇغلارغا لازىمكى، ھەرقانداق قىيىن ئىش — ۋەقە سادىر بولغان بولسا، ئۇنى تەدبىر قولى بىلەن يەشكەي ۋە ھەرقانداق نۇقسان — كەمچىلىك بولسا، ئۇنى كېڭەش مەدىتى بىلەن يوق قىلغاي!» دېيىلگەن.

— ئۇنداق بولسا تەقسىر، — دېدى بەدۆلەت ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ، — بۇ ئىشنىڭ تەدبىرى نېمىدۇر؟

— ئۇنىڭ تەدبىرى شۇكى، ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرى، ھەممىدىن ئاۋۋال، ئۆزلىرىنىڭ يېنىدىن خۇشامەتچى، شېرىن زۇۋان سۇخەنچىلەرنى يىراقلىتىپ، پاك تەبىئەتلىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر پازىللارنى يانلىرىدا تۇتماقلىقلىرى لازىمدۇر. ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولسىلا، سىلىگە كۆپ مەنپەئەت بېرىدۇ. قەدىمكىلەر: «ئۇلۇغلار كېڭەشنى ھەرقانداق كىشى بىلەن، خاسۇئام بىلەن، بولۇپمۇ پازىللار بىلەن قىلىشسۇن. كىچىكلەرنىڭ كۆڭلىگە يەتكەن تەدبىر بەزىدە ئۇلۇغلارنىڭ كۆڭلىگە ھەرگىز يەتمەس. چۇنكى، ھېچ كىشى مەسلىھەتتىن زەرەر كۆرگەن ئەمەس. يەنە بىرى، جانابىي ئالىيىنىڭ مۇبارەك دىلىدىكى غەزەپ ئوتلىرى غالىپ كەلگەن ۋاقىتتا، ئەئيانلار تەرىپىدىن مەنئىي قىلىنسا، بۇنى يامان ئىش دەپ قارىماسلىقلىرى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، سىلىمۇ ئۇلاردىن خىجىل بولۇپ، غەزەپ ئوتىنى باسالايدىلا، شۇ تەرىقىدە بىر مەزگىل ئادەتلەنگەندىن كېيىن، تۇزۇلۇپ كەتسىلە ئەجەپ ئەمەس. غەزەپ بىلەن ئاچچىقنى تاغ مەسەللىك ھېسابلىساق، يۇتار چاغدا ئۇ خۇددى بىر لوقمىغا

ئوخشاش بولىدۇ. ئاچچىقنى يۇتۇۋېتىش، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتىن شېرىن، لەززەتلىك نەرسە بولماس.
— بۇ ئىللىتىمىزمۇ ئۆزىمىزگە مەلۇمدۇر. بىراق، ئاچچىقىمىزغا هاي بېرەلمەي كېلىۋاتىمىز. شۇڭا ئۆزىمىزمۇ كۆپ خىجىل..
— پۇشايمانلىق ئىش يۇز بەرسە، ۋەقە ئۆتكەندىن كېيىن چەككەن نادامەت هېچ مەنپەئەت بەرمەيدۇ، — دېدى جامەدار دادخاه، — شۇڭا، يۇرتدارچىلىقتا ۋە ئەئيانلارغا نىسبەتەن ئاچچىق ۋە غەزەپ ئۆرلىگەن ۋاقىتتا، ئۆز ئىختىيارلىرىنىڭ تىزگىنىنى خاهىشلىرىنىڭ قولىغا بەرمىگەيلا، ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرى، چۈنكى، يېنىكلىك — ئوق مەسەللىكتۇر. ئوق مىلتىقتىن ئېتىلدىمۇ، ياندۇرماق مۇشكۇلدۇر؛ ئېغىرلىق — قىلىچ مەسەللىكتۇر. ئۇنى خالىسىلا قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ئىشلەتكىلى، خالىمىسىلا يەنە قىنىغا سېلىپ قويغىلى بولۇۋېرىدۇ...

× ×

بەدۆلەت داۋانچىڭنىڭ قولىدىن كەتكەنلىكىنى ۋە توقسۇن، تۇرپان قورغانلىرىنىڭمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن مانجۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى نىياز هېكىمبەگدىن ئاڭلاپ، هەقىقەتەن تەمتىرەپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنگەن يېقىن ئادىمى — هۇشۇر بالا ئۇنىڭ توقسۇندىكى ئەمرۇل ئومرا بارگاهىغا ئەۋەتكەن قىرىق خېچىرلىق خەزىنىسىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقبالىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندى. «... مۇبادا، قارا چېرىكلەرگە قارشى ئاتلانساق. ئالتە شەهەر خەلقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سەلتەنەتىمىزگە قارشى يېغا قوپۇشىدۇ. شۇنداق بولغاندا، يا

بىزنى دارغا ئاسىدۇ، يا تىرىك تۇتۇپ باغلاپ، مانجۇ خاقانىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ» دېگەن خىيال مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ كاللىسىنى چۇلغىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېقىندىن بۇيان تەپ بولۇپ قالغانلىقتىن، پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىپ، خىيال سۈرگىنىچە ئولتۇرۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئاخىر ئۇ ئۆزىنىڭ كاللىسىنى چۇلغىۋالغان بۇ مۇدھىش خىيالنى ئىمادۇر دۆلەت — نىياز ھېكىمبەگكە ئېيتىپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى.

— جانابىي نىياز ھېكىمبەگ، بىز ئىشنى يامان قىلغانىكەنمىز، — دېدى بەدۆلەت بىرپەس سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، — جامەدار دادخاھنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئۆزىمىز دارۇسەلتەنەت قەشقەردە تۇرۇۋەرسەك، ئۇنى بۇ يەرگە ئەۋەتىۋېتىپ، ئارقىسىدىن لەشكەر ماڭغۇزۇپ تۇرغان بولساق، ياخشى بولۇر ئىكەن، ئەمدى ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىزدىن نۇسرەت قېچىپتۇ. بۇنىڭغا نېمە ئىلاج؟

— شۇنداق، ئەمىر ئىسلام ئالىيلىرى. پۇرسەت كەتتى. بۇنىڭ ئىلاجىنى قادىر ئاللا قىلمىسا، بەندىلەرنىڭ قولىدىن نېمە كېلۇر؟ — دېدى نىياز ھېكىمبەگ خۇپسەنلىك قىلىپ.

— بىز ئون تۆت يىلدىن بېرى ئىسلام ئاچىمىز دەپ، تاغۇ - چۆللەردە يۈرۈپ، ئاخىرى سەلتەنەتىمىزنىڭ قولدىن مۇشۇنداق كېتەرىنى ئويلىمىغانىكەنمىز، ئىسىت! — ئىسىت! . . .

ئەسلىدە، مانجۇلار ئۆتكەن يىلى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا بەدۆلەتنىڭ ئارمىيىسى بىلەن بىرنەچچە قېتىم سوقۇشۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى تارمار كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ جامەدار دادخاھ قاتارلىقلارنىڭ «بارمىسىلا، بىز سىلە ئۈچۈن ئۇرۇشايلى» دېگىنىگە ئۇنىماي، قەشقەردىكى ئوردىسىدىن ئايرىلىپ، ئىككىنچى دارۇ سەلتەنەت — كورلىغا كەلگەنىدى ۋە مانجۇلار قوشۇنى بىلەن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلى-

ماقچى بولغانىدى. كورلىدىكى ھەربىي كېڭەشنىڭ قارارى بويى-
چە، ئەمرۇل ئومرا بارگاھىنى توقسۇنغا يۆتكەپ، بەي يەنخۇ
تۇڭگانىينى يانداش ئەمرۇل ئومرالىققا تەيىنلىگەنىدى. لازىم تې-
پىلغاندا، ئالدىنقى سەپتىكى جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۇ-
چۇن، ئۆزىمۇ توقسۇنغا بېرىپ تۇرماقچى بولغانىدى. ئەمما،
ئۇنىڭ بۇ ئويى نىياز ھېكىمبەگنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىدى:
— جانابىي ئەمىر ئىسلام ئالىيلىرى، — دېگەنىدى ئۇ، —
ئۆزلىرى دارۇ سەلتەنەتتىن ئايرىلمىسىلا، ھازىر كۈن ئىسسىپ
كەتتى. جاپا تارتىپ قالىدىلا، پەقەت خەزىنىدىكى ئالتۇن -
كۈمۈشلەرنى ئەمرۇل ئومرا بارگاھىغا ئەۋەتىپ، باھادىر غازىلى-
رىمىزنىڭ شىجائىتىگە رىغبەت، غەيرىتىگە ھىممەت قوشقايلا.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، توقسۇن بېيجىڭ بىلەن ئۈرۈمچىلەرنىڭ ئارىسى-
دىكى مۇھىم بەندەرگاھ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەردە خەزىنە قۇرۇپ،
بىرمۇنچە ئەسكەر توختاتماق مۇھىمدۇر. قالغان ئىشقا كەلسەك،
ھەر نە يوليورۇق، ئەمىر - پەرمان ئۆزلىرىدىن چىقىدۇ...
— دۇرۇست مەسلىھەت بولدى، — دەپ دەرھال لازىم تاپقا-
نىدى بەدۆلەت نىياز ھېكىمبەگ كۆرسەتكەن بۇ ئەقلىنى، —
ئەمما، بۇنداق زور ئىشنى كىمگە تاپشۇرۇش كېرەك؟
— بۇ ئىشنى ھۇشۇر بالىدىن باشقا ئادەمگە تاپشۇرۇش —
ئىشەنچلىك بولماس!...
ئۇنىڭ ھۇشۇر بالا دېگىنى — بەدۆلەتنىڭ بىر ئاسراندىسى
بولۇپ، بەدۆلەت ئۇنىڭغا ئۆزىگە ئىشەنگەندەك بەكمۇ ئىشىنەتتى.
نىياز ھېكىمبەگ كۆرسەتكەن ئەقىل بويىچە، بەدۆلەت كۆپ ئوي-
لىنىپ تۇرماستىنلا دەرھال قىرىق خېچىرغا ئالتۇن - كۈمۈش
ۋە بىرمۇنچە توپ - زەمبىرەكلەرنى يۈكلەشكە پەرمان بەردى ۋە
ئەللىك مۇلازىمنى ھۇشۇر بالا دېگەنگە تاپشۇرۇپ: «بۇ ئالتۇن -
كۈمۈشلەرنى توقسۇندىكى كىچىك بەگ بەچچە — ھەققۇلبەگكە
ھايالىشمايلا ئاپىرىپ بەرگىن. بىز ئەۋەتكەن ھىماتچى لەشكەرلەر

كېيىنكىلاردىن تەخىرسىزلا يېتىپ بارىدۇ» دەپ ئۇلارنى يولغا سالدى.

ھۆشۆر بالا ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ قاراقىزىل دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىپ، بىر قۇدۇق بويىدا چۈشكۈن قىلدى. نىياز ھېكىمبەگ بىلەن باشتا قىلىشىۋالغان مەسلىھەت بويىچە، ھۆشۆر بالا دەرھال مۇلازىملارنى يىغىپ ئۇلارغا:

— ئەي يىگىتلەر، بۇ دۇنيا - دەپنەلەر قولىمىزغا چۈشتى. بۇ ئېرىخ مالنىڭ يېرىمىنى ئۆزىمىز ئالساقمۇ بالىمىزدىن - بالىمىزغا قالىدۇ. قالغان يېرىمىنى ئايرىپ كۆلىدىن چىققان خان لەشكەرلىرىگە تۆھپە قىلىپ تۇتساق، ھەر بىرىمىزنى بىردىن شەھەرگە ھاكىم قىلىدۇ، — دېدى.

مۇلازىملار ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆردى ۋە قاراقىزىلدىن نەنسەن تەرەپكە ئۆتىدىغان ئۇغرى يولدىن مېڭىپ، بەش كۈن بولدى دېگەندە، مانجۇلارنىڭ ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلىغا يېتىپ كەلدى.

ھۆشۆر بالا قىرىق خېچىرغا ئالتۇن - كۈمۈشنى ئېلىپ يولغا چىقىپ يىگىرمە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، توقسۇندىكى ئەمرۇل ئومرا ھەققۇلبەگدىن چاپارمەن كەلدى. بەدۆلەت ئۇنىڭدىن: «ھۆشۆر بالا باردىمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، چاپار: «ياق، بارمىدى» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ئىشقا چۈشىنەلمەي ھەيرانۇ ھەس بولغان بەدۆلەت نىياز ھېكىمبەگنى دەرھال شاھىنشىنغا چاقىرتتى.

— ئەي، نىياز ھېكىمبەگ، — دېدى ئۇ، — ھۆشۆر بالا يولغا چىققىلى يىگىرمە كۈن بولدى. تېخىچە ھەققۇلبەگنىڭ قېشىغا يېتىپ بارماپتۇ.

— ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرى، بۇ ئىش يامان بوپتۇ، — دېدى ئۇ قولىنى چىشلەپ تۇرۇپ، — ئادەملەرگە ئىشىنىپ بولمايدۇ. ئىككى - ئۈچ تەرەپكە ئايغاقچى ئەۋەتىپ ئىزدەپ باقايلى.

ھۆشۇر بالىنىڭ توقسۇنغا بارمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپتى. ھۆشۇر بالا يولغا چىقىدىغان چاغدا، ئۇ مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ زۇڭتۇڭى لىيۇ جىنتاڭغا خەت يېزىپ، بەدۆلەتنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىدىن تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن ۋە مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ كورلىغا ھازىرچە ئالدىراپ تېگىش قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلغانىدى. ئۇ ھۆشۇر بالىنى يولغا سالغاندىن كېيىن، دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. ئىشىكنىڭ غىچىلداپ ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلىسىلا، ھازىرلا بەدۆلەتنىڭ خۇپىيەلىرى كىرىپ ئۇنى تۇتۇپ كېتىدىغاندەك چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئىشىك مۇجۇقىنىڭ غىچىلدىشى ئۇنىڭغا خۇددى مەھشەرگاھتىكى مۇنكىر - نەكىرلەرنىڭ سوراق ئاۋازىدەك ۋەھىملىك ئاڭلىنىپ كېتەتتى. «ھۆشۇر بالا قانداق بولغاندۇر؟ خەتنى مانجۇلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرەلىگەندىمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۇنىڭ خىيالى چېچىلغانىدى. ئۇنىڭغا ئەتراپتىكى تىۋىشلار گويا ئۆيدىكى نەرسىلەرگە جان كىرگەندەك ۋە خوجايىنغا خەۋەر بېرىپ، ئۇنى ئويغاتماقچى بولۇپ ھاۋشىغان ئىتتەك ئاجايىپ تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

نىياز ھېكىمبەگ ئۆز بېشىدىن ئەنسىرەپ غال - غال تىترەيدىغان، قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەي، تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپلا قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بەدۆلەتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ دەككە - دۈككىگە چۈشكەن، ۋەسۋەسىدە قالغان رەزىل ھەم قارا يۈرىكىنى كۆچەپ زورمۇزور بېسىۋېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق قورقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ قاراڭغۇ يېرىگە ئۇۋا سالغان شەيتان لەئىن ئۇنىڭغا بىردەممۇ ئاراملىق بەرمەيۋاتاتتى.

ئۇ بەدۆلەتتىن ھۆشۇر بالىنىڭ قىرىق خېچىرلىق ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن ئىز - دېرەكسىز يوقالغانلىقىنى ئاڭلاپ، خەتنىڭ مانجۇلارنىڭ قولىغا ساق - سالامەت يەتكۈزۈلگەنلىكىنى جەزىم قىلدى.

ئۇنىڭ ساراسىمگە چۈشكەن كۆڭلى ئارام تاپتى.

— بۇ خەۋەر ئامۇخاسلاردىن قاتتىق سىر تۇتۇلۇشى كېرەك، — دېدى بەدۆلەت كەيپسىزلەنگەن ھالدا.

— پېقىرمۇ شۇنداق ئويلىغان، بىراق. . . — دەپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ جىم تۇرۇۋالدى نىياز ھېكىمبەگ.

— جانابىي ئىمادۇر دۆلەتى، بىزدىن يوشۇرۇۋاتقان ئىش بارمۇ؟ — دەپ قەھر قىلدى بەدۆلەت.

— يوقسۇ، ھەددىممۇ مېنىڭ؟ جانابىي ئالىيدىن ئىجازەت بولسا، ئاندىن دېگەن بولسام. . .

— قېنى، سۆزلەڭ!

— موللا كامالىددىن مىرزا بۇ ئىشلار ھەققىدە ئامۇخاسلار ئارىسىدا سۆزلەپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى دەككە - دۈككىگە سېلىپ تۇرۇپتۇدەك.

— چاقىر ئۇ بەدبەختنى!

— خوش، قۇللۇق جانابىي ئالىيلىرى! . . .

نىياز ھېكىمبەگ كەينىگە شوخشىغىنىچە شاھنىشىندىن چىقىپ كەتتى.

بەدۆلەتنىڭ قەھرۇ - غەزىپى نىياز ھېكىمبەگنىڭ دەي - دەيگە سېلىشى بىلەن ئوت ئۈستىگە ماي چاچقاندەك تېخىمۇ لاۋۇلداپ كۆيۈپ، ئۇلغىيىپ كەتتى. غەزەپ ئۇنىڭ ئەقىل ئىدىرىكىنى خىرەلەشتۈرۈپ، كۆزىنى كۆرمەس، قۇلىقىنى ئاڭلىماس قىلىپ قويۇۋاتاتتى. ئۇ جامەدار دادخاھنىڭ چىن كۆڭلىدىن قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئېسىدىن تامامەن چىقىرىپ قويدى. ئۇ ھازىر ئاچچىقىنىڭ تۇرتكىسىدە، «كېڭەش بىلەن ئىش قىلىڭلار» دېگەن ھەدىسنى تامامەن ئۇنتۇغانىدى. ئىچىدىكى دەردىنى ئەئيانلىرىغا ئېيتاي دېسە، غۇرۇرى مۇنداق قىلىشقا يول قويمايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى چىنلىقنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىدى.

شۇ ئەسنادا، شاھنىشىن ئىچىگە موللا كامالىددىن مىرزا

كىرىپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى.
— مىرزا، ئاڭلىساق، بەزى بولمىغۇر ئۆسەك سۆزلەرنى دېگەنمىشسىز!
— ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ قىلچىمۇ تەمتىرىمەستىن، — بۇ ھەرگىزمۇ ئۆسەك سۆز ئەمەس. مانجۇ خاقانلىقىدىن چىققان قارا چېرىكلەر خۇددى رويى زېمىننى قاپ-لاپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان چېكەتكىدەك، سەلتەنەتلىرى ئۈستىگە يۇپۇرۇلۇپ كەلمەكتە! شۇنىڭ ئۇچۇن، بۇنىڭ تەدبىرىنى قىلماق-لىرى زۆرۈر!
— مۇشۇ خەۋەرنى بىزگە ئېيتقۇدەك سەن قالدىڭمۇ؟ سېنىڭ ۋەزىپەڭ مۇشۇ مەرتىۋىگە يەتتىمۇ؟ ئاغزىغا ئۇرۇڭلار بۇ بەدبەخت-نىڭ!
بىچارە موللا كامالىددىن ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماستىن، بەدۆ-لەتنى بۇ خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرىمەن دەپ، ئاخىر ئۆزىنى ئۇنىڭ قەھر - غەزىپىنىڭ تىغىغا تۇتۇپ بەردى. ۋادەرىغا! كونىلار: «پادىشاھلارنىڭ دوستلۇقىغا ۋە گۆدەكلەرنىڭ خۇش ئاۋازىغا ئى-شەنگىلى بولمايدۇ. ئاۋۋالقىسى بىر گۇمان بىلەن ئاينىپ قال-دۇ؛ كېيىنكىسى بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ» دېگەنىكەن. ئۇلار يەنە: «يولۋاسنىڭ ھىجايغىنى كۈلگىنى ئەمەس» دەپ توغرا ئېيتقانىكەن.
بەدۆلەتنىڭ مەھرەملىرى موللا كامالىددىننى قاتتىق ئۇ-رۇشقا باشلىدى. بۇنىڭلىق بىلەنمۇ ئاچچىقى پەسەيمىگەن بەدۆلەت شاھىنشىندىن ئۆزى چۈشۈپ، شاھ سۇپا ئالدىدا ئېڭراپ ياتقان موللا كامالىددىننى پۇتلىرى بىلەن تېپىپ، جىق ھاقارەتلەرنى قىلدى. بىچارە موللا كامالىددىن تاياق ئازابىغا چىدىماستىن، ئىككى قولىنى مۇناجاتلار ئۆرلەيدىغان ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، بەندى-لەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىدىغان تەڭرىگە:
— ئى ئىبارايا خۇدايا، ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مەن

بۇنىڭغا نېمە زىيان، قانداق گۇناھ يەتكۈزگەندىمەن؟ نېمە گۇنا-
ھەممىغا مېنى مۇشۇنچىۋالا خارلايدۇ؟— دەپ ئىچىنىشلىق زارلى-
دى.

بۇ پىغانلىق نادامەتنى ئاڭلىغان بەدۆلەت ئاچچىقىغا ھاي
بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ، پۇت -
قوللىرىنى تەڭلا ھەرىكەتكە سېلىپ، ئۇنى باشقىلەتتىن قاتتىق
ئۇرۇشقا باشلىدى. ئاخىرى ھېرىپ شاھىنشىن ئۈستىگە بېرىپ
ئولتۇردى - دە، يېنىدا قاراپ تۇرغان مەشۇر مەھرەمگە «چاي!» دەپ
ۋارقىرىدى. ھېلىقى مەشۇر مەھرەممۇ خۇددى بەدۆلەتنىڭ شۇ
گېپىنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا ئىچكەركى خانىغا يۈگۈردى. ئۇ چايغا
نىياز ھېكىمبەگ بەرگەن ھېلىقى بىر بولاق «تەپ دورىسى»نى
سېلىپ تەييارلاپ قويغانىدى. ئۇ ئۇزاق ھايالىشمايلا بىر پىيالە
چاينى خونچىسى بىلەن پەتنۇستا كۆتۈرۈپ چىقتى - دە، خونچا
بىلەن بەدۆلەتكە سۇندى. بۇنى كۆرگەن موللا كامالىددىن ئىڭراپ
ياتقان يېرىدىن ئۆمىلىگىنىچە شاھىنشىن ئالدىغا باردى - دە،
بەدۆلەتنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى!

— ياق! ياق! ئۇ چاينى ئىچمىسىلە، ئەمىر ئىسلام جانابىي
ئالىيلىرى، ئۇ چايغا...

ئۇنىڭ بۇ تۇيۇقسىز ھەرىكىتىدىن قاتتىق چۆچۈگەن بەدۆلەت
پىيالىدىكى سوغۇق چاينى بىر يۇتۇپلا پاك - پاكىزە ئىچىۋەتتى - دە،
يېنىدىن سامازورت ناگىنىنى چىقىرىپ «پاڭ! پۇڭ!» قىلىپلا
موللا كامالىددىننى ئېتىپ تاشلىدى.

چايغا سېلىنغان ئۆتكۈر ئوغا بىر پەستىلا ئۆز كۈچىنى
كۆرسەتتى. ئۇزاق مۇددەت تەپ بولۇپ ئىچى ئۆتۈپ، تېنى ئا-
جىزلاپ كەتكەن بەدۆلەت بېلىنىڭ تۆۋىنىگە تاش ئېسىپ قويغاز-
دەك، بېلىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس
قىلدى. زەھەر ئۇنىڭ بۆرىكىگە تەسىر قىلىپ، ئىلىكىگە ئۆتۈپ
كەتكەنىدى! ئۇ ئورنىدا مەزمۇت ئولتۇرالماي يان تەرەپكە قىيسايـ-

ـدى ۋە مەشۇر مەھرەمگە تىكىلىپ بىر قارىدى ـ دە: «ۋاي
ھارىمى! . . . » دېگەندىن باشقا سۆزگە ئاغزى كەلمەي، شاھ
سۇپىغا يۈزىچە يىقىلىپ چۈشتى[①] . . .
بەدۆلەتنىڭ شاھ سوپىغا يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ،
باشقىلار پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى. مۇشۇ قالايمىقانچىلىقتا،
ھېلىقى مەشۇر مەھرەم دېگىنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شاھىنى-
شىندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ـ دە، نىياز ھېكىمبەگكە
خەۋەر بېرىش ئۈچۈن يۈگۈردى.
نىياز ھېكىمبەگ مەشۇر مەھرەمگە «تەپ دورىسى» نى بەر-
گەندىن كېيىن، ئىچكەركى خانىسىنىڭ بوسۇغىسىغا بىر قۇدۇق
قازدۇرۇپ قويغانىدى. مەشۇر مەھرەم بەدۆلەتنىڭ جان بەرگەن-
لىك خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىشى بىلەن تەڭلا، نىياز ھېكىمبەگ

① ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا ھەرخىل گەپ ـ سۆزلەر بار.
مەسىلەن، زوزۇڭتاڭ ئۆزىنىڭ خانغا يوللىغان قاتلاق مەكتۇبىدە،
ياقۇپبەگ قەمەرىيە 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى (شەمسىيە 5 ـ ئاينىڭ
29 ـ كۈنى) كورلىدا «زەھەر ئىچىپ ئۆلگەن» («مەرىپەتلىك،
مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. خانغا يوللانغان مەك-
تۇبلار» 50ـجىلد، 72ـبەت) دېگەن؛ كوروۋپاتكىن: «. . . خە-
زىنە بېگى سابىرئاخۇننى قاتتىق ئۇرغان، خەزىنە بېگى سابىرئاخۇن
ياقۇپبەگكە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇنى بىر قويۇپلا ھوشىدىن
كەتكۈزۈۋەتكەن. ياقۇپبەگ بىر ھازاغىچە ھوشسىز ياتقاندىن كې-
يىن، 17 ـ ماي (29 ـ ماي) كۈنى كېچە سائەت ئىككىدە جان
ئۈزگەن.» («قەشقەرىيە». 1984 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەش-
رى، 403 ـ بەت) دېگەن؛ ئەينى يىللاردىكى «تايمىس گېزىتى»
بىلەن «تۈركىستان گېزىتى» دە: «ياقۇپبەگ ئاغرىپ ئۆلگەن» دې-
يىلگەن. بۇ ھەقتە چارلىنىز. بولگېرىنىڭ «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھا-
لى» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن.

ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئىتنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرىگەندەك سۆرەپ كېلىپ، ھېلىقى قۇدۇققا تاشلاپ، ئۈستىنى تىندۇرۇپ، بىلىنمىگۈدەك قىلىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، مەشۇر مەھرەم بۇ سىرنى ئۆزى بىلەن جەھەننەمگە ئېلىپ كەتتى.[1] بىراق، «كىشى بىلمىسۇن دېسەڭ، ئۆزۈڭ قىلما» دېگەن بىر سۆز بار. دۇنيادا نەدىمۇ باشقىلار مەڭگۈ بىلمەي قالىدىغان سىر بولسۇن؟

× ×

ھۆرمەتلىك كىتابخان، بەدۆلەتنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى بۇ بابنى ئاخىرلاشتۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا، دىققىتىڭىزلەرگە «سەيياد بىلەن سوجە تورغاي» دېگەن بىر قەدىمكى مەسەلنى تەقدىم قىلىمىز. بۇ مەسەلدە مۇنداق دېيىلگەنىكەن:

«بىر سەيياد چىل ۋە بۆدىنە تۇتۇش ئۈچۈن تۇزاق قۇرۇپ، دان تاشلىغانىكەن. تۇزاققا بىر سوجە تورغاي چۈشۈپتۇ. سەيياد: «نېمىلىكى بولسا، نېسىۋەم ئىكەن» دەپ تورغاينى قولىغا ئېلىپ ئۆيىگە كەتمەكچى بولغاندا، ھېلىقى تورغاي بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ:

---

[1] ئابدۇۋەلى روزى يازغان: «ياقۇپبەگ بىلەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا غەيرىي رەسمى ماتېرىيال» دا: بەدۆلەت زەھەر بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، «. . . شۇ كېچىسى ئۇ (نىياز ھېكىمبەگنى دېمەكچى) ئالتە ئات بىلەن (خوتەنگە قاراپ) قاچتى. كورلا چاقىلىق ئارىلىقىدا ھېلىقى مۇلازىم (مەھرەم) نى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈردى. . . » دېيىلگەن. بۇ ھەقتە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 28 - سان 1990 - يىلى 8 - ئاي نەشرىگە قارالسۇن.

— مېنى نېمە قىلاي دەيسەن؟ — دېگەنىكەن. سەيياد:
— كاۋاپ قىلىپ، زىخقا تارتقايمەن! — دەپتۇ.
— مېنى يېمەك بىلەن قوۋزۇڭ تولمايدۇ، — دەپتۇ تورغاي، — قارنىڭمۇ تويمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، مېنى يېمىسەڭ، مېنىڭ ساڭا بېرىدىغان ئۈچ كەلىمە مەسلىھەتىم بار. ئاڭلىساڭ، چوقۇم پايدا كۆرىسەن. لېكىن، شۇنداق شەرت بىلەن ئېيتىمەنكى، بۇ ئۈچ كەلىمە مەسلىھەتىمنىڭ بىرىنچىسىنى قولۇڭدا تۇرۇپ ئېيتىپ بېرىمەن. ئىككىنچىسىنى مۇشۇ كۆرۈنگەن تالنىڭ شېخىغا قونۇپ تۇرۇپ ئېيتىمەن. ئۈچىنچىسىنى بولسا، تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئېيتىمەن!

«بۇنى يېگەندىن ماڭا نېمە پايدا چىقار؟ — دەپ ئويلاپتۇ سەيياد ئىچىدە، — بەلكى، ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن مەسلىھەتىدىن پايدىلانسام ئەجەپ ئەمەس.» شۇنىڭ بىلەن سەيياد تورغاينىڭ ھېلىقى شەرتلىرىگە ماقۇل بولۇپ:
— مەيلى، سۆزلە، — دەپتۇ. تورغاي:
— ھەرقانداق ۋاقىتتا بىر سۆزنى ئاڭلىساڭ، راست دەپ ئىشىنىپ كەتمە، يالغان دەپمۇ رەت قىلما. ئەقلىڭنىڭ تارازىسىغا سېلىپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولسا، راست، نامۇۋاپىق بولسا، يالغان دەپ ھۆكۈم چىقار، — دېگەنىكەن. سەيياد ئۆزىنىڭ بەرگەن ۋەدىسى بويىچە تورغاينى قويۇپ بېرىپتۇ.
تورغاي تالنىڭ شېخىغا قونۇپ:
— ۋاي بىچارە، سەن نېمىدېگەن بەختسىز ئادەم ـ ھە! بايىلا يېگىرمە مىسقال كېلىدىغان بىر دانە بىباھا گۆھەرنى يۇتۇۋەتكەندىم. مېنى كاۋاپ قىلىش ئۈچۈن قارنىمنى يارغان بولساڭ، ھېلىقى گۆھەرنى ئولجا ئالغان بولمايتتىڭمۇ؟ ئۇنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ ساتقان بولساڭ، كەم دېگەندىمۇ مىڭ تىللاغا يارايتتىغۇ؟ نەق پايدىدىن مەھرۇم قالدىڭ، — دېگەنىكەن. سەيياد:
— مېنىڭ ئامالىم قانچە؟ — دەپتۇ پۇشايمان بىلەن، —

ئەمدى ئۈچىنچى مەسلىھەتنىڭ سۆزلە، مەن ئاڭلاي.
— يۇقىرىقى سۆزلىرىمدىن نىمە پايدا ئالدىڭ؟ — دەپتۇ تورغاي، — مەن ساڭا: «بىر سۆزنى ئىشتكەن بولساڭ، راست دەپ ئىشىنىپمۇ كەتمە، يالغان دەپ ئىشەنمەيمۇ قالما، ئەقىل بىلەن ئۆلچەپ بىرنىمە دېگىن» دېمەپمىدىم؟ مەن «قارنىمدا يىگىرمە مىسقال چامىسىدا بىر تال گۆھەر بار» دېسەم، چىرايىڭ سارغىيىپ، قولۇڭنى چىشلەپ قالدىڭ. ھەي ئەخمەق، مېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئون مىسقال كەلمەيدىغان تۇرسا، يىگىرمە مىسقال كېلىدىغان تاشنى قانداق قىلىپ ئىچىمگە سىغدۇرالايمەن؟ بۇنى پىكىر يۈرگۈزۈپ ئويلاپ كۆرمىدىڭ. ئەقىلنىڭ تارازىسىدا ئۆلچىمىدىڭ. سەندەك بىر نەرسىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ئادەمگە ئۈچىنچى مەسلىھەتمنى زايا قىلىپ نىمە قىلاي!
سوجە تورغاي سۆزىنى تۈگىتىپلا ئۇچۇپ كېتىپتۇ...»

نەرمە:

نۇرغۇن نامدارلار يەرگە دەپنە قىلىندى،
يەر يۈزىدە ئۇلاردىن نامۇ نىشان قالمىدى.
يەرگە تاپشۇرۇلغان كونا جەسەتنى،
توپا يەم قىلدىكى، ھەتتا ئۇستىخان قالمىدى.
نۇشىرۋاننىڭ نامى ياخشىلىق بىلەن تىرىك،
كۆپ چاغ ئۆتۈپ، دېيىلسىمۇ نۇشىرۋان قالمىدى.
ياخشىلىق قىل. ئەي پالانى، ئۆمرۈڭنى غەنىيمەت بىلىپ،
مۇنۇ خەۋەردىن ئالدىنراقكى: پالان قالمىدى.

— شەيخ سەئىدى

## يەتتىنچى باب

# سوغۇندىكى ئوق ئاۋازى

«ئەگەر قورساق ئالدىراتمىسا، ھېچبىر قۇش تۇزاققا چۈشمەس ئىدى؛ شۇنداقلا، ئوۋچىنىڭ ئۆزىمۇ تۇزاق قۇرماس ئىدى.»

—شەيخ سەئدى

مىلادى 1877 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تىك يېرىلغان تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر تاش سۇ جىلغا بويلاپ پەسكە قاراپ شىلدىرلاپ ئاقاتتى. تۆۋەندە قىيا بويلاپ قويۇق ئۆسكەن تال ـ سۆگەتلەر، تاغ تېرەكلىرى ئاينىڭ يورۇقىدا قارىيىپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. سوغۇن① ئېقىنىنىڭ ئېغىزىغا قاتار سەككىز تۈگمەن جايلاشقانىدى. شۇڭا بۇ يەر «سەككىز تاش» دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ تۈگمەنلەرنىڭ تاملىرى قورام تاشلاردا پاكار قوپۇرۇلغانىدى. بىر چىغىر يول مۇشۇ تۈگمەنلەرنى بويلاپ ۋادىغا قاراپ سوزۇلۇپ كېتەتتى.

كېچىدە كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان غۇر ـ غۇر سالقىن

---

① ئاتۇشتىن يۈز چاقىرىم شەرققە جايلاشقان قەدىمكى بىر ئۆتەڭنىڭ نامى. تارىختا: «بۇغراخانلارغا زەھەر بېرىلگەن جاي» دەپ يېزىلغان. بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ جىلدقا قارالسۇن.

تاغ شاملى كەڭ زېمىن ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. سەلكىن دەرەخلەرنىڭ قۇرۇپ قالغان يوپۇرماقلىرىنى، سېسىق شىۋاقلار- نىڭ ئىنچىكە شاخلىرىنى ئۇچۇرۇپ قاياققىدۇر ئېلىپ كېتەتتى. ياز قۇرغاق كەلگەچكە، سوغۇن ئېقىنىنىڭ سۈيى خېلىلا تارتىلىپ كەتكەنىدى. ئادەتتە سۇ شىددەت بىلەن گۈلدۈرلەپ ئاقىدىغان ئېقىندا تېيىز كېچىكلەر پەيدا بولغانىدى. قاغجىرىغان ئوت - چۆپلەرنىڭ قاڭسىق پۇرىقى ھاۋانى قاپلىغانىدى. بىنەم يەرلەردە قۇرۇغان ئەمەنلەر داردىيىپ كۆرۈنەتتى. كەڭ ۋادا يىراقتىن گىرىمسەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بەزىدە تاغنىڭ بېشىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، گۈلدۈرمامىلار قاراس - قۇرۇس قىلىپ گۈلدۈرلەپ قويسىمۇ، ئەمما، چاڭقاپ باغرى ئۆرتەنگەن زېمىنغا يامغۇر ياغ- مايتتى. ئاسماندا ۋال - ۋۇل قىلىپ ئەگرى - بۈگرى ئىز پەيدا قىلىپ، بىھۇدە چاقماق چېقىپ قوياتتى.

سوغۇن ئېقىنىدىكى يېيىلىپ ئېقىۋاتقان سوغا چۈشكەن ئاي- نىڭ كۈمۈشتەك شولىسى خۇددى بىر تەرىپى پۈچۈلۈپ كەتكەن يۇمىلاق ئەينەككە ئوخشاپ قالغانىدى. ئېرىق بويىدىكى دەرەخلەر- نىڭ سۇ يۈزىدىكى شولىسى گىرىمسەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كې- لەڭسىز ئاق بۇلۇتلار خۇددى ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرۈشۈپ كې- لىشىۋاتقان، بەللىرى مۈكچەيگەن بىر توپ بوۋايلاردەك، سالماق قەدەملىرى بىلەن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كۆلچەك يۈزىدىكى ئاينىڭ شولىسى يېنىدىن ئۆتۈپ، ئاينى توسۇۋالماقچى بولۇشۇۋات- قان بولسىمۇ، ئەمما، بۇلۇتنىڭ ئارىلىرىدىن ئۆزىنىڭ پاكىز نۇرلىرىنى ئېرىققا، ئېقىنغا، زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن تەكشى سەپمەكتە ئىدى. پارچە - پارچە ئاق بۇلۇتلار بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، كەڭ ئاسماننى يېرىپ ئۆتۈپ، يىراقلارغا سۈرۈلۈپ بېرىپ كۆزدىن غايىب بولاتتى. زۇمرەتتەك غۇبارسىز سۈزۈك ئاسماندىكى ئاي تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى.

قەمەرىيە 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى[1]. قىزىلسۇ دەرياسىنىڭ لۆڭكۆ دېگەن يېرىدىن كېچىلەپ يولغا چىققان ھەققۇلبەگلەر بەدۆلەتنىڭ مېيىتى سېلىنغان جىنازىنى ئېلىپ، ئۈچىنچى توخۇ چىللىغاندا سوغۇنغا يېتىپ كېلىشتى[2].

— كېلىۋاتقانلار كىم؟ توختا! بولمىسا، ئوق چىقىرىمەن! — ئالدى تەرەپتە مىلتىقنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بىز! ئەمىرۇل ئومرا ھەققۇلبەگنىڭ ئادەملىرى. سىلەر كىم؟

— بىز چوڭ بەگ بەچچىنىڭ ئادەملىرى بولىمىز. ئەمىرۇل ئومرانى كېلىدىكەن دەپ ئاڭلاپ، سىلەرنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانىدۇق.

گەپ ئارىلىقىدا، كېلىۋاتقانلار توختىدى. سوغۇن ئۆتىڭىدە ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانلارغا مەھەممەت زىيا دېگەن بىر مەھرەم يەنساد ئىكەن. ئۇ دەرھال كېلىپ، كىچىك بەگ بەچچە — ئەمىرۇل ئومرا ھەققۇلبەگ بىلەن تىنچلىق، ئامانلىق سوراشتى.

— بىز ۋەلىئەھد جانابىي ئالىيغا ئەمىر ئىسلامنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ ماڭغانلىقىمىز ھەققىدە خەۋەر بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىدۇق، — دېدى ھەيران بولۇپ ھەققۇلبەگ، — بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭلار؟

— چوڭ بەگ بەچچە: «ئەمىرۇل ئۇمرا جانابلىرى ئەمىر

---

① شەمسىيە 1877 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى. «تارىخىي ھەمىدى» دە: ھىجرىيە جامادىيەل ئاۋۋالنىڭ 22 ـ كۈنى (مىلادى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى) دېيىلگەن.

② لوندۇندا چىقىدىغان «تۈركىستان گېزىتى» دە: «ياقۇپبەگ تەپ بولۇپ قېلىپ يەتتە كۈندىن كېيىن 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. ھەزرىتى ئاپپاقتا يەرلىكتە قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ تاۋۇتى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كورلىدىن قەشقەرگە ماڭدۇرۇلدى.» دەپ خەۋەر بېرىلدى.

ئىسلام جانابىي ئالىينىڭ مۇبارەك مېيىتىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇدەك. سىلەر بېرىپ سوغۇندا كۈتۈپ تۇرۇڭلار» دەپ بىزنى بۇنىڭدىن تۆت كۈن ئىلگىرى بۇ يەرگە يولغا سالغانىدى. بىز بۇ يەرگە تېخى تۈنۈگۈن يېتىپ كەلدۇق، — دېدى مەھەممەت زىيا پەنساد ھەققۇلبەگ بىلەن ياندىشىپ ماڭغاچ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھەققۇلبەگنىڭ كۆڭلى تىنىپ خاتىرجەم بولدى - دە، باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇ بىخەۋەر كېتىۋاتاتتى. مەھەممەت زىيا پەنسادنىڭ ئادەملىرىدىن قەمبەر مەھرەم دېگەن بىرسى يېنىدىن ناگىنىنى چىقارغان پېتىلا، ئالدىدا كېتىۋاتقان ھەققۇلبەگكە قارىتىپ «پاڭ، پۇڭ!» قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن تۆت پاي ئوق ئېتىۋەتتى.

— ھەي، نادان، ئەخمەق! نېمە پوق يەپ يۈرسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ھەققۇلبەگ ئۇنىڭغا ۋە دەرھال يېنىدىكى قىلىچىنى قىنىدىن سوغۇرۇۋالماقچى بولۇپ قول ئۇزاتتى، ئۇنىڭ بېشىغا قاتتىق بىر ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى تىترەپ، ئات ئۇستىدە زادىلا قولۇشۇپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ، چۆچۈگەندەك سىلكىنەتتى. ئۇنىڭ قوللىرى بىردەم تارتىشىپ قالغاندەك مىدىرلىسا، بىردەم پەسكە ساڭگىلاپ قالاتتى. بىراق، ئۇ پۇت - قوللىرىنى ئاخىر بويسۇندۇردى. ئۇلارنى تىترەتكەن، سىلكىندۇرگەن، ئۇنى ياشاشقا، سەلتەنەتكە ئىنتىلدۇرگەن ئىرادىسى ئاخىر غالىب كەلدى. ئۇ قىلىچىنى قىنىدىن شارت قىلىپلا تارتىپ چىقاردى - دە، ھېلىقى قەمبەر مەھرەمنى چېپىپ تاشلىدى. ئۇ مەھەممەت زىيا پەنسادنىمۇ چاپماقچى بولۇپ بۇرۇلۇۋىدى، يەنە بىر مەھرەم تاپانچىسى بىلەن ھەققۇلبەگكە قارىتىپ ئارقا - ئارقىدىن ئوق ئۇزدى.

ھەققۇلبەگنىڭ چېپىشقا كۆتۈرۈلگەن قىلىچلىق قولى يەرگە ساڭگىلاپ قالدى. ئۇ جىمىپ كەتتى. ئات ئۇستىدە ئىككى تەرەپكە ئىغاڭلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئاي يورۇقىغا چۆمگەن زېمىن

ئۇستىدە ئىزىلەڭگۈلۈك بىلەن لەيلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلدى. ئاق كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان ئاينىڭ نۇرى ئۇنى كۆمۈپ تاشلىغانىدى. بۇ نېمىنىڭ نۇرىدۇر؟ بۇ ئاينىڭ نۇرى ئىدى. لېكىن، بۇ ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ئاي نۇرى ئىدى. ئۇ كۆمۈشتەك پارقىراپ، كۆزنى چاقنىتىپ نۇر چاچاتتى. ئۇنىڭ نۇرى چاقنىغانسېرى، ئۆزى كۆزىدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانىدى. بىردىنلا «گۈپ!» قىلغان ئاۋاز پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقى يېنىدا ناھايىتى ئۈزاققىچە سادا چىقىپ تۇردى. ئۇ ئۆزىنى گويا تېگى يوق ھاڭغا دومىلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇ پەقەت مۇشۇلارنىلا بىلەلىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارنى ئويلاپ بولغىچە، ئاتتىن دومىلاپ چۈشتى — دە، يەردە سونايلىنىپ يېتىپ قالدى[1]...

بەدۆلەت كورلىدا نىياز ھېكىمبەگ تەرىپىدىن بېرىلگەن زەھەرنى ئىچىپ ئۆلگەندىن كېيىن، بەدۆلەتكە زەھەر ئىچۈرگەن مەشھۇر مەھرەممۇ نىياز ھېكىمبەگ تەرىپىدىن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بەدۆلەتنىڭ ئۆلۈمى سىر پېتى ساقلىنىپ قالدى.

بەدۆلەت ئۆلگەندىن كېيىن، نىياز ھېكىمبەگ ۋە نەھرارخان تۆرىلەر شاھىنشىنىڭ ئىچىدىكى خۇپىيەخانىغا مۇز يېيىتىپ، بەدۆلەتنىڭ جەسىتىنى مۇز ئۈستىگە قويۇپ ئۈچ كۈنگىچە ھېچكىمگە بىلدۈرمەي ساقلىدى. بۇ چاغدا، توقسۇن قولدىن كەتكەن

---

① ھەققۇلبەگنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە خىلمۇ خىل مەلۇمات بار. موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ئەمنىيە»دە: «... لۈڭكۈ دېگەن يەردە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى» دەپ يازغانىدى. بىراق، مەن ئىگىلىگەن بەزى مەلۇماتلاردا: «... سوغۇندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ جەستى دەپنە قىلىنغان جىلغا ھېلىمۇ ھەققۇلبەگ جىلغىسى دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن.

بولۇپ، ئەمرۇل ئومرا ھەققۇلبەگ بىلەن ھېكىمخان تۆرىلەر قاراشەھەردىكى ياندىاش ئەمرول ئومرا بەي يەنخۇنىڭ بارگاھىدا تۇرۇۋاتقانىدى. نىياز ھېكىمبەگ ئۇلارغا بۇ دەھشەتلىك ۋەقەنى بايان قىلىپ، تېزلىك بىلەن خەۋەرچى ماڭغۇزدى. ھەققۇلبەگ ئۈچىنچى كۈنى قاراشەھەردىن يېتىپ كەلدى. ئارقىدىنلا ھېكىمخان تۆرە باشلىق ئەمىر لەشكەر، يىگىت - سەرۋازلارمۇ قاراشەھەردىن كورلىغا چېكىندى. بەي يەنخۇ مانجۇلار بىلەن ئېلىشىپ باقماقچى بولۇپ، قاراشەھەردە قالدى.

ئەتىسى، بەدۆلەتنىڭ كورلىدىكى ئوردىسىدا، ئاخىرەتلىك ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كېڭەشكە ئەمرۇل ئومرا ھەققۇلبەگ ۋە نىياز ھېكىمبەگ، ئەھرارخان تۆرە، ھېكىمخان تۆرە، كېرىم باي مىرزا، مۇھەممەت مۇسا توقسابە، تاشباي دادخا، ئاتاباي پەنسادلار باشلىق بارلىق مۇلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلار قاتناشتى.

خالايىق ئىمادۇر دۆلەت نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. چۈنكى، ئۇ بەدۆلەت جان ئۈزىدىغان چاغدا ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغان بىردىنبىر ئەمەلدار ئىدى.

— ھەممىمىز رەھمەتلىك ئەمىر ئىسلام، بەدۆلەت جانابىي ئالىينىڭ كۆپ ئىنئام - ئىلتىپاتىغا نائىل بولغان. ئۇل رەھمەتلىكنىڭ شاراپىتىدە بىزنىڭ ھەممىمىزنىڭ مەرتىۋە - مەنسىپىمىز ھەممىدىن ئۈستۈن بولغانىدى، — دېدى نىياز ھېكىمبەگ كېڭەشتىكى مۇلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلارغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، — خۇدا ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيغا تەۋپىق ئاتا قىلغاچقا، ئالەمنى بويسۇندۇرغانىدى. بۇ جاھان بەدۆلەتتىن خالىي بولماستا، پۈتۈن يەتتە ئىقلىم جانابىي ئالىيغا بويسۇنغانىدى. ئۇنىڭغىچە ھالىمىز خاراب ئىدى. ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرى كۆڭلىمىزنى ئاپتاپتەك يورۇق قىلدى. ھەرقانداق ئۇلۇغ پادىشاھ بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئادەم ھەم بەندىدۇر. بەس، ھەرقان-

داق بەندە خۇدانىڭ ھۆكۈمىگە سەۋر قىلىپ، قازاغا تەن بەرگەي. «قالۇ ئىننالىللاھىي ۋە ئىلەيھى راجىئۇن.[1]» ئەمىر ئىسلام رەھمەتلىك جان ئۈزىدىغان چاغدا: «مەن ئۆلسەم، بېشىمدا كۆپ ئىزتىراپلار قىلىپ، قاتتىق ھازا تۇتماڭلار. جەسىتىمنى يۇك-لەپ، كېچە - كۈندۈز تىنماي مېڭىپ ھەزرىتى ئاپپاقئا[2] ئاپىرىپ قويۇڭلار!» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى.

— سىزلەر ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيدىن ئايرىلدىڭىزلەر. مەنمۇ ئاتامدىن ئايرىلدىم، — دېدى ھەققۇلبەگ نىياز ھېكىمبەگ-نىڭ سۆزىدىن توختىغانلىقىنى كۆرۈپ. مۇشۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالغانىدى، — مەن ئەسلىدە سۆزلىمەي دېگەن نىيەت بىلەن خامۇشلۇقنى ئىختىيار قىلغانىدىم. لېكىن، مەن سىزلەر-گە، سىزلەر ماڭا دەردمەن، بىز ھەممىمىز بىر - بىرىمىزگە ھەمدەردلەردىندۇرمىز. بۇ ئالەمنىڭ يۈزى قارا، بۇ پەلەكنىڭ باغرى تاش بولغاچقا، روينتەندەك ئەمىر ئىسلامغا ئەجەل شارابى-نى ئىچۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىدى. جانابىي ئالىينىڭ تاجىنى يەرگە ئۇرۇشقا پېتىنالىدى؛ بۇ مەككار، ھىيلىگەر پەلەك ئەجەپ ئويۇن باشلىدى. ئاپتاپ يەرگە پاتتى. ئاھ ئۇرۇپ، بۇ ۋاپاسىز توققۇز پەلەكنى ئۆرتىۋەتكىمىز كەلسىمۇ، ئەمما، سەۋرى قىل-ماسقا نە چارە؟ بۇ ئوتلۇق پىغانىمىزنى، قانلىق ياشلىرىمىزنى، ئاچچىق يىغلىرىمىزنى ئىچىمىزگە سىڭدۈرمەسلىككە نېمە ئا-مال؟

باياتىندىن بېرى تىلى گاچىلىشىپ، بىر نېمە دېيىشەلمەي تۇرغان خالايىقنىڭ ھەققۇلبەگنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئاغزى گەپكە، تىلى زۇۋانغا كېلىشتى - دە، ھەممىسى قوللىرىنى

---

① «بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ بەندىلىرىمىز، چوقۇم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز!»

② قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ئاپپاق خوجا مازىرى.

دۇئاغا كۆتۈرۈشۈپ:

— يا ئەمرۇل ئۇمرا، كىچىك بەگ بەچچە، بۇ جاھان سىلىدىن خالىي بولمىغاي، ھەممە ئىقلىم سىلىگە بويسۇنغاي. ھالىمىز خاراب ئىدى، سىلىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئەينەكتەك ساپ بولدى. ئىرادىلىك بولغايلا، دۈشمەنلەر بىتاپ، ھالى خاراب بولسۇن! ئىلاھا ئامىن! — دېيىشتى.

— كەينىمىزدىن ئەجەل ھەلقۇمىدەك شىپقاپ كېلىۋاتقان قارا چېرىكلەر، — دېدى ھېكىمخان تۆرە سۆز ئېلىپ، — بىزگە ھەر ۋاقىت ئېتىلماقچى بولۇپ خىرىس قىلىپ تۇرماقتا. داخۇ تۇڭگانىي: «قايدۇ دەرياسى[1] بىزنىڭ مانجۇلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى ئۇنۇملۇك توسۇپ قالالىشىمىزدىكى بىر تەبىئىي توساق» دەيدۇ. مېنىڭچە بولغاندا، ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيىنىڭ مۇبارەك مېيىتىنى ھازىرچە مۇشۇ يەردە يەرلىكلەشتۈرۈپ تۇرساق، ئەمىرۇل ئۇمرا جانابلىرى قوشۇنلارنى ئىدىتلەپ، قارا چېرىكلەرگە تاقابىل كېلىش چارىلىرى ئۈستىدە ئويلانسا! بولمىسا، سەلتەنەتىمىزنىڭ تەقدىرى ئېغىر خەۋپكە دۇچ كېلىدۇ!

— ئاتا ۋەسىيىتىنى ئورۇنداش — پەرزەنتنىڭ ئادا قىلمىقى پەرھىز بولغان بىر بۇرچىدۇر! — دېدى نىياز ھېكىمبەگ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەزرىتى ئاپپاقنىڭ مۇقەددەس جايدا يەرلەشسە، ئاندىن رەھمەتلىك ئەمىر ئىسلامنىڭ روھىمۇ قانائەت تاپىدۇ ئەمەسمۇ؟

— مەن ئاتامنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن، ئۇنىڭ مۇبارەك مېيىتىنى قەشقەرگە ئېلىپ ماڭىمەن. ئۇ يەردە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولۇپ، ۋەلىئەھىد جانابىي ئالىيلىرى، بەگ نەچچە ئاكام — بەگقۇلبەگ بىلەن قارا چېرىكلەرگە قانداق تاقابىل كېلىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىمەن. كۆپچىلىك ئەمدى بۇ ھەقتە باشقىچە پىكىردە بولماڭلار! خوش، كېڭەش مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن! — دەپ گەپنى ئۈزۈپ تاشلىدى ھەققۇل-

---

[1] قارا شەھەر دەرياسىنىڭ تارىختىكى نامى.

بېگ.

ھەربىي، مۈلكىي ئەمەلدارلار خوشلىشىپ شاھنىشىندىن چىقىپ كېتىشتى. ھەققۇلبەگ نىياز ھېكىمبەگنى چاقىرىپ قالدى:

— جانابىي ئىمادۇر دۆلەتى، سىز قېلىپ تۇرۇڭ، مېنىڭ سىزدىن سورايدىغان بىر گېپىم بار ئىدى، — دېدى ئۇ.

شاھنىشىن پىنھان قالدى. ئۇ نىياز ھېكىمبەگنى يېنىغا تارتىپ تۇرۇپ:

— جانابىي نىياز ھېكىمبەگ، سىز ئاتام رەھمەتلىكنىڭ كۆپ ئىلتىپاتلىرىغا مۇشەررەپ بولغان ئادەمسىز. سىزدىن بىر مەسلىھەت ئالغۇم بار. ئاتام رەھمەتلىك ھايات ۋاقتىدا، چوڭ بەگ بەچچە ئاتامغا چىقىپ، مېنى دارۇ سەلتەنەتكە زادىلا يېقىن يولاتمىغاندى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدىم. قېنى ئېيتىپ بېقىڭچۇ؟ چوڭ بەگ بەچچە نېمە ئۈچۈن مېنىڭدىن بەك قورقىدۇ؟

— بىلەمدىلا، ئەمرۇل ئومرا، ھېيلىگەرلىكتە ھېچقانداق بىر جىنس تۈلكە جىنسىغا يەتمەيدۇ، — دېدى نىياز ھېكىمبەگ سەل ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — بىراق، تۈلكە دۇنيادا ھەممىدىن بەكرەك ئۆز جىنسى بولغان تۈلكىدىن قورقىدۇ. چۈنكى، دۇنيادا بىر - بىرىگە ئۆز جىنسىدىن يامان رەقىب بولماس. چەرەندىلەر[1] دەرەندىلەرگە[2] رەشىك قىلالماس. پەرەندىلەر[3] ئادىمىزاتقا ھەسەت قىلالماس؛ ئىنسانلار ئارىسىدا، بىر ئاتىدىن بولغان-

---

[1] چەرەندە — قورت - قوڭغۇزغا ئوخشاش ئۆمىلىگۈچى ھاشارەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

[2] دەرەندە — يولۋاس، بۆرە ۋە ئېيىققا ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

[3] پەرەندە — چىۋىن، پاشا قاناتلىق قاناتلىق ھاشارەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

ـلارمۇ مال ـ دۇنيانى دەپ، ئۆلۈشۈپ كېتىدىغۇ؟ ئېرىنىڭ بېشىنى ئوچاق ئېتىدىغانلار چوقۇم كۈندەشلەر بولىدىغۇ؟ هوقۇق ـ ئەمەل تالىـ شىپ، ئەلنى كۈلپەتكە پاتۇرىدىغانلارمۇ مەنسەپدارلاردۇر؛ پايدا ـ مەنـ پەئەت تالىشىپ، كىبىر كۆرسىتىدىغانلار بايلاردۇر؛ ئورۇن ـ مەرتىۋىسى يېقىنلار بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەي، ئۆزئارا ئورا كولىـ شىدۇ؛ قىلتاقچىلار چىل تۇتقاندا، قىلتاقتا چىلدىن بىرىنى باغلاپ قويۇشىدۇ؛ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان كىشى چوقۇم ئۆزىگە ئوخشاش ئادەمدىن بىرىنى تىلغ ـ تىڭچىلىقتا تاللايدۇ؛ مانا بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتساق، تۆلكە هەرقانچە مەككار بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز جىنسى بولغان تۆلكىدىن قورقىدۇ.

هەققۇلبەگ ئىككىنچى دارۇ سەلتەنەت — كورلىدىكى هەرـ بىي مۇلكىي ئەمەلدارلار باشلىق بارلىق ئەمرائىي ئەسكەر، دادخاـ ئى — لەشكەرلەر بىلەن كېڭەش ـ مەسلىهەت قىلىپ، ئۆز ئورنىغا هېكىمخان تۆرىنى مۇۋەققەتلىككە ئولتۇرغۇزغاندىن كېـ يىن، «ئاتامنىڭ جەسىتىنى هەزرىتى ئاپپاققا دەپنە قىلىپ، ئاكام بىلەن مەسلىهەتلىشىپ ياكى ئاكام، ياكى مەن كېلىپ قارا چېرىكلەر بىلەن ئۇرۇشارمىز» دېگەن مەقسەتتە، بەدۆلەتنىڭ مېـ يىتىنى قەشقەرگە ئېلىپ ماڭدى.

نىياز هېكىمبەگمۇ هەققۇلبەگنى قەشقەرگە يولغا سېلىۋېـ تىپ، ئارقىدىنلا قەشقەردىكى چوڭ بەگ بەچچە — بەگقۇلبەگكە چاپار بىلەن خەت ماڭغۇزدى. بۇ خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«. . . كىچىك بەگ بەچچە ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىينىڭ مۇبارەك مېيىتىنى ئېلىپ قەشقەرگە كەتتى. ئۇنىڭ خۇي ـ پەيلى باشقىچە تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇنىڭـ دىن ئېهتىيات قىلغايلا. ئۇ ماڭا: ‹ئاتامنىڭ ۋاپات خەۋىرى قەشقەردىكى بەگقۇلبەگكە بېرىپ يەتسە، پايـ

تەختتە ئۇنىڭ تەسەررۇپىدىكى ئاھالىنىڭ ھەممىسى
ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، لەشكەرلەر-
نىڭمۇ كۆڭلى ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى،
چوڭ بەگ بەچچىنىڭ يېشىنىڭ چوڭلۇقى ئۇنىڭ ئاتام-
نىڭ ئورنىغا تەختتە ئولتۇرۇشىنىڭ ھەقلىق ئىكەن-
لىكىگە دەلىل بولۇپ تۇرۇپتۇ، دېدى. شۇڭا ئۇ ئاتام-
نىڭ جەسىتىنى ھەزرىتى ئاپپاقتا قويىمەن، دېگەن
باھانە بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، سىلىنى يوغۇشتۇرماق-
چى! ئۇ دارۇ سەلتەنەتنى تەنھا ئىگىلىۋالغاندىن كې-
يىن، ئاندىن سىلى بىلەن يېقىن، ئەكابىر - ئەشرەپ-
لەرنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ يوغۇشتۇرۇۋېتىپ،
خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ئاندىن قارا چېرىكلەر
بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ يەردىكىلەر-
مۇ: «بىك بەچچە ئەمىر ئىسلامنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ
تېز سۈرئەت بىلەن ئاقسۇغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئاقسۇغا
بېرىپ ئۇ يەردىكى خەزىنىلەرنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئال-
غاندىن كېيىن، ئاندىن قەشقەرگە بېرىپ ئۇ يەردىكى
خەزىنىلەرنى يوغۇشتۇرۇپ، ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن
بۇ خەزىنىلەرنى ئېلىپ، بىزگە قارىماي، ئەنجانغا چى-
قىپ كەتسە، خەزىنە بولمىغاندىن كېيىن، بىز قارا
چېرىكلەر بىلەن قانداق ئۇرۇشىمىز؟»، دەپ ھېكىمخان
تۆرىنى قولغا ئېلىۋالدى. ئاندىن سىلىنىڭ ئورۇنلىرى-
غا تۆرەمنى ئاق كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، بۇ-
رۇنقى سۇلتانلارنىڭ قائىدە - رەسمىيەتلىرى بويىچە
كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە خان ۋە ھۆكۈمران قىلدى. خە-
زىنە ئىشكىلىرىنى ۋە ساندۇقلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ،
دادخاھلار باشلىق ھەممە چوڭ - كىچىك ئەمەلدار - مەن-
سەپدارلارغا تون - كېچەك، پۇل - تىللا، قورال - ياراق

ۋە ئىگەر ـ جابدۇقلىرى مۇكەممەل ئاتلارنى بەردى. بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى بىر ئۆزلىرى قىلمىسىلا، بىز ئامال قىلالمىدۇق. غەپلەتتە قالمىغايلا، گەپ تامام، نامە ۋەسسالام.»

بەدۆلەت — ياقۇپبەگ هايات ۋاقتىدا كۆپ خوتۇن ئالغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرىمۇ جىق ئىدى. ئۇ هايات ۋاقتىدا كامالەتكە يەتكەن ئىككىلا ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرى چوڭ بەگ بەچچە — بەگقۇلبەگ، يەنە بىرى، باشقا خوتۇنىدىن تۇغۇلغان كىچىك بەگ بەچچە — هەققۇلبەگ ئىدى. بۇ ئوغۇل بەگقۇلبەگدىن يېشى كىچىكرەك بولسىمۇ، ئەمما، جاسارەتلىك، ئىرادىلىك، هەربىي ئىلىمگە پىشقان. كۆپ جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ سۇڭگىكى قاتقان تەجرىبىلىك هەربىي ئىدى. شۇڭا، بەدۆلەت هايات ۋاقتىدا ئۇنى ئۆز ئارمىيىسىگە باش قوماندان — ئەمرۇل ئومرا قىلىپ بەلگىلىگەنىدى.

نىياز هېكىمبەگنىڭ خۇسۇمەت ۋە نىزاهپەتچىلىك ئۇرۇقى بىلەن تولغان بۇ ئاداۋەت خېتى بۇنىڭدىن سەككىز كۈن ئىلگىرى — قەمەرىيە 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى[1] بەگقۇلبەگنىڭ قولىغا تەگدى. ئاتىسى بەدۆلەتنىڭ زالىملىقى بىلەن شەپقەتسىزلىكىگە ۋارىسلىق قىلغان بۇ بەگزادە ئەسلىدىنمۇ كىچىك بەگ بەچچىدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن كۆڭلىدىكى ۋەسۋەسچىلىك تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچەيدى ـ دە، نېرى ـ بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا، مۇهەممەت زىيا بەنسادنى باش قىلىپ، قىرىقتەك مەهرەم، ياساۋۇلغا «هەققۇلبەگ ئۇچرىغان يەردە ئۇنى هالاكەتكە يەتكۈزۈپ مال ـ ئەشيالىرىنى ئۆزۈڭلار ئېلىڭلار!» دەپ تاپشۇردى ۋە ئۇلارنى قە

[1] شەمسىيە مىلادى 1877 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

ئېچۇرگەندىن كېيىن، سوغۇندا ھەققۇلبەگنى ساقلاپ تۇرۇشقا ماڭدۇردى.

× ×

بەگقۇلبەگنىڭ ئادەملىرى ھەققۇلبەگنى سوغۇندا ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئۇ يىقىلغان يەرگە — ئوچۇقچىلىققا تاشلاپ قويدى. ئۇلار ياقۇپبەگنىڭ مېيىتىنى ئې-لىپ دەرھال قەشقەرگە ياندى.

شۇ چاغدا، بىرنەچچە ئوتۇنچى مۇشۇ ئەتراپتا ئوتۇن ئېلىۋات-قانىدى. ئۇلار ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال يۇلغۇنلۇق ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ، بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئوتۇنچىلار يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ ھەققۇلبەگنىڭ جەسىتىنى يۇيۇپ، چاپىنى بىلەن ئوراپ، سوغۇن ئېقىنىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقان ئارپىلىق دېگەن جىلغا ئىچىگە دەپنە قىلدى ۋە بىر يۇلغۇن كۆچىتى تىكىپ نىشان قىلىپ قويدى①.

قەدىمكىلەر: «نىزاھپەتچىلىك قەدىمكى خانىدانىنى ۋەيران قىلىدۇ» دېگەنىكەن. شۇنداق قىلىپ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ سۇ-يىقەست ۋە شۇملۇقلىرىنىڭ، ئارىغا سالغان نىزاھپەتچىلىكىنىڭ ئوينىغان رولى بەدۆلەتنىڭ خانۇ مانى ۋە ئون تۆت يىل ئىچىدە قان ۋە قىلىچ بەدىلىگە تىكلىگەن تەختى ـ بەختىنى بەرباد قىلىش-

① مەن 1970 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، بۇيرۇققا بىنائەن ئاتۇش شەھرىنىڭ شەرقىدىكى سوغۇن چازا دېگەن يەرگە ۋەزىپە ئىجرا قىلغىلى باردىم. كېيىن قاراجۇلدىكى قىربۇلاق دېگەن يەرگە كېتىۋېتىپ، ئارپىلىق مەھەللىسىدىكى مەتتام دېگەن بىر بوۋاي بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا: «مۇشۇ جىلغىدا بەدۆلەتنىڭ بىر ئوغلى كۆمۈلگەن. ماڭا دادام رەمەتلىك دەپ بەرگەنىدى» دېگەنىدى.

تا، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي ھۇجۇمىدىنمۇ چوڭراق بولدى، بەدۆلەتنى ھەربىي ھەرىكەتلەردە مەغلۇپ بولدى دېگەندىن كۆرە، ئۆز ئىچىدىن خەنجەر يەپ ھالاك بولدى، دېگەن تۇزۇكرەك. مۇنداق دېيىش شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي رېئاللىققا نىسبەتەن ئۇيغۇنراق كېلىدۇ. ۋادەرىخا! بۇ دۇنيا كىملەرگە ۋاپا قىلغان؟ كىملەرگە بەخشەندە قالغان؟ قەدىمكى زاماندا، دۇنيانى بىر بارمىقىدا تىترەتكەن ئىسكەندەردەك ھۆكۈمدارمۇ ئۆلىدىغان چاغدا: «مېنى تاۋۇتقا سالغاندا، ئەلۋەتتە بىر قولۇمنى چىقىرىپ قويۇڭلار. كۆرگەنلەر پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ قولى بىلەن يەتتە ئىقلىمنى بويسۇندۇردى. ئىقلىمدا ئۇ ئالمىغان يەر قالمىدى. مانا ئەمدى ئەجەل ياقىسىدىن تۇتۇپ، ئۆلۈم زەنجىرىنى بويىنىغا سېلىۋىدى، بۇ ئالەمدىن ھېچنېمىنى ئېلىپ ماڭماي، قولى ئۇچۇق كەتتى، دېگەي» دېگەنىكەن.

مۇۋەققەت ھېكىمخان تۆرە: «بېك بەچچە بەدۆلەتنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ تېز سۈرئەت بىلەن ئاقسۇغا قاراپ مېڭىپتۇ، ئۇ ئاقسۇدىكى خەزىنىلەرنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغاندىن كېيىن، قەشقەرگە بېرىپ ئۇ يەردىكى خەزىنىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن بىزگە قارىماي ئەنجانغا چىقىپ كەتسە، خەزىنە بولمىغاندىكىن، بىز مانجۇلار بىلەن قانداق ئۇرۇشىمىز؟» دېگەن نىزاھىپەتچىلىك سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، كورلىنى تاشلاپ، ئاقسۇغا قاراپ مېڭىپ، ئۇ يەردە خانلىق تەختىگە چىقتى.

ھېكىمخان تۆرە يۇرتدارچىلىق دەبدەبىسىنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرىدا مەغرۇرلىنىپ ئۆزىنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، تاغدىن قىرغىزلار چۈشۈپ، ئاقسۇدىكى خەزىنىنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئاقسۇنى ۋەيران قىلىۋەتتى. نەسىللىك ئاتلار، قاتار ـ قاتار تۆگىلەر، خېچىرلار، ئات جابدۇقلىرى، موي ۋە مەخمەل چېدىرلار، ساندۇق ـ ساندۇق، خەزىنىلەر ۋە تاي ـ تاي گەزلىمىلەر، تېڭىق ـ تېڭىق، قاپ ـ قاپ تەڭگىلەر، قوتان ـ قوتان قويلار تالانغا كەتتى. بۇ

تالان - تاراج تارىختا: «خان تالانى» دەپ ئاتالدى.

ھېكىمخان تۆرە ئاقسۇدا ئىتائەت بېغىنى ئۇزۇپ، تەپرىقە ناغرىسىنى ئاشكارا چالغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى بەگقۇلبەگ جامەدار دادخاھ، ئۆمەرقۇل، ئالاشبىي دادخاھ باشلىق ئەمىر لەشكەر ۋە يىگىت - سەرۋازلارنى ئېلىپ، دەرھال ئاقسۇ تامان قوشۇن تارتىپ كەلدى.

بۇ چاغدا، ھېكىمخان تۆرىمۇ مۇھەممەت سەيىد پەنساد، ھاپىز بەگ پەنساد قاتارلىقلارنى چاپاۋۇل قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار ئاقسۇدىن تۆت كۈنلۈك يېرىدىكى يايدى دېگەن يەرگە كېلىپ ئىستىھكام قۇردى.

قەمەرىيە 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى[1] ئىككى تەرەپنىڭ مۇكەممەل قوراللانغان قوشۇنلىرى بىر - بىرىگە قارشى سەپ تارتىپ كېلىشتى. جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ ئاۋازى پەلەككە ياڭرىدى. لەشكەرلەر خۇددى دەريادەك سەل بولۇپ ئاقتى. بۇ ئىككى قوشۇن بىر - بىرىنىڭ قارىسىنى ئېلىش بىلەن تەڭ، چوقان سېلىشتى. قىلىچ - قىلىچقا، نەيزە - نەيزىگە ئۇرۇلاتتى. قوماچ قورۇغاندەك پاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان ئوق سادىسىدىن چۆل ھايۋانلىرىنىڭمۇ يۈرەكلىرى يېرىلاتتى. پارتلاۋاتقان توپ - زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ئىس - تۈتەكلىرىدىن خالايىقنىڭ كۆزلىرى خىرەلىشەتتى. ئادەملەر جان قايغۇدا قورقۇشۇپ، چىرايلىرى تاتىراتتى. جېنىدىن تويۇپ كۆڭۈللىرى غەمناك بولۇشاتتى. ئۆلتۈرۈش - قىرىش ئوتلىرىنىڭ شولىسى لاۋۇلداپ كۆيۈپ، يۇقىرى ئۆرلەپ، ھەر ئىككى تەرەپ زىيانغا — تالاپەتكە ئۇچراشقا باشلىدى.

ھېكىمخان تۆرىنىڭ باتۇرلىرى بەگقۇلبەگنىڭ سەرۋازلىرىنى قاچۇراي دەپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئاتابايى پەنساد دېگەن بىر

[1] شەمسىيە 1877 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى. «تارىخى ھەمىدى» دە: «6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى» دېيىلگەن.

ھۆدەيچىسى سەپنى بۇزۇپ، يىگىتلىرىنى باشلاپ بەگقۇلبەگ تەرەپكە قېچىپ ئۆتتى. مەغلۇبىيەت ئەمدى ھېكىمخان تۆرىنىڭ سېپىدە قول كۆتۈردى.

يايدى ئۇرۇشىدا، ھېكىمخان تۆرىدىن نۇسرەت يۈز ئۆرىگەندىن كېيىن، ئۇ شۇ قاچقانچە ئاقسۇ ئايكۆلگە كېلىپ توختىدى. ئاندىن يەنە ئارال ئارقىلىق ئۇچتۇرپانغا ئۆتتى. ئۇ يەردىن قاقشال يول ئارقىلىق ئەنجانغا راۋان بولۇپ، پەرغانىدىكى ئېسكى دېگەن يەردىكى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ مەھەللىسىگە بېرىپ ئورۇنلىشىپ، شۇ يەردە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياشىدى.

بەگقۇلبەگ نىياز ھېكىمبەگدەك پىتنە - پاساتچى يامان غەرەز ئادەمنىڭ ئۇستىلىق بىلەن پىلانلىشى ۋە ئارىغا نىزاھپەتچىلىك ئوتىنى يېقىشى بىلەن، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئىنىسىنى ناھەق ئۆلتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ھاقارىتىگە ۋە نەپرىتىگە نىشانە بولدى.

شاھمات تاختىسىدا، ئۇرۇقلار بىر تەرتىپتە جايلىشىپ، تۇرلۇك يوللار بىلەن قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىدۇ. پىيادىلەر[1] ئالتە مەنزىل مېڭىش بىلەن شاھمات تاختىسىنىڭ نېرىقى چېتىگە چىقسا، مەرتىۋىسى ئۆرلەپ بەرزىن[2] بولىدۇ. ئەمما، ئادەملەر چۆلنى كېسىپ ئۆتۈپ مەنزىلگە يەتكەندە، خۇنخور بولۇپ كېتىدىكەن! شۇڭا، قەدىمكىلەر: «تەمە ھايادىن، ھەسەت دىندىن چىقىرىدۇ» دەپ ياخشى ئېيتىشقانىكەن.

بۇ پاجىئەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان موللا مۇسا سايرامى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق بىر قەدىمكى مەسەلنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ھەسەتخور-

---

[1] شاھمات ئۇرۇقلىرىنىڭ نامى.
[2] شاھمات ئۇرۇقلىرىنىڭ نامى.

لۇقنى قاتتىق سۆككەنىدى:

«. . . سەپەر قىلىپ چىققان ئۈچ كىشى يولدا تېپىشىپ ھەمراھ بولۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭراقى قالغان ئىككى ھەمراھىدىن سوراپتۇ:

— سىلەر نېمە ۋەجىدىن سەپەر قىلدىڭلار؟

— بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئىشلار يۈز بەردى. ئۇ ئىشلاردىن مېنىڭ ھەسەتخورلۇقۇم تېخىمۇ زىيادە بولۇپ، رەشىك ئوتىدا كۆيۈپ پۇچۇلىنىپ، جېنىم قاقشاپ كەتتى. شۇڭا، سەپەر قىلسام بۇ دەرد - ئەلەملەر كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتسە ئەجەپ ئەمەس دەپ ئويلاپ، سەپەرنى تەقەززا قىلدىم، — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرسى.

مەنمۇ شۇ رەنج - ئەلەم تۈپەيلىدىن ۋەتىنىمنى تەرك ئەتكەنىدىم، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— سىلەر بىلەن مېنىڭ دەردىم بىر ئىكەن، — دەپتۇ چوڭى، — مەنمۇ ئاشۇ غەم - غۇسسە تۈپەيلىدىن يۇرتنى تاشلاپ چىققانىدىم.

بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھەسەتخورلاردىن ئىكەنلىكى بىر - بىرىگە مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ھەممىسىنىڭ قەدىمىنى بىللە بېسىپ مېڭىشىپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ بىر كېسەك ئالتۇننى كۆرۈپتۇ - دە، دەرھال شۇ يەردە توختاپتۇ، ھەممىسىلا بىر ئېغىزدىن:

— بۇ ئالتۇننى تەقسىم قىلىۋېلىپ، يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتەيلى، — دېيىشىپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىدىن باشقا ئىككىيلەننىڭ ئالتۇندىن ئۈلۈش ئېلىشىغا تاقەت قىلالماي، ھەسەتخورلۇق قىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بۇ ئالتۇننى ھە دېگەندە تەقسىم قىلالماي قاپتۇ.

ئەتىسى، شۇ ئەلنىڭ پادىشاھى شىكار قىلىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا بۇ ئۈچەيلەن ئولتۇرغانىكەن.

— نېمه بولدى، نېمىشقا بۇنداق ئولتۇردۇڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. ئۇلار:

— بىز ھەسەتخورلارمىز. بىز ھەسەت بىلەن ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلغانمىز ۋە قاتتىق يول ئازابىنى تارتقانلارمىز. بۇ ئالتۇننى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدىغان بىر تەقسىماتچى تاپالماي ئولتۇرغاندۇق. خۇداغا شۈكرى. تىلىكىمىز ئىشقا ئېشىپ، سىزنى بىزگە خۇدا يەتكۈزدى، — دېيىشىپتۇ.

— مەن ئاۋۋال سىلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدىكى ھەسەتخورلاردىن ئىكەنلىكىڭلارنى ئاڭلاپ باقاي. ئالتۇننى شۇنىڭغا بېقىپ ئۈلەشتۈرۈپ بېرەي، — دەپتۇ پادىشاھ.

— مەن كىشىلەرگە يېڭنە چاغلىق ياخشىلىق قىلىشنىمۇ خالىمايمەن، — دەپتۇ بىرىنچىسى.

— ماڭا سېلىشتۇرغاندا، سېنىڭ ھەسەتخورلۇقۇڭ ھېچقانچە ئەمەس ئىكەن، — دەپتۇ ئىككىنچىسى، — مەن شۇ دەرىجىدىمەنكى، كىشىنىڭ كىشىگە ياخشىلىق قىلىشىنىمۇ ھەرگىز كۆرەلمەيمەن.

— بەس، توختا! — دەپتۇ ئۈچىنچىسى غەزەپلەنگىنىدىن تاقەت قىلالماي، — سىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقتىن لاپ ئۇرۇشڭلار تولىمۇ بىمەنىلىك ئەمەسمۇ؟ ھەسەتخورلۇقنى مېنىڭدىن سوراساڭلار بولىدۇ. مەن شۇ دەرىجىدىمەنكى، ئالەمدە ياخشىلىق دېگەننىڭ ئېتىنى ئاڭلىغۇممۇ كەلمەيدۇ. ھەتتا باشقىلارنىڭ ئۆزۈمگە ياخشىلىق قىلىشىنىمۇ كۆرەلمەيمەن.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ھەيرانلىق قولىنى تەپەككۇر چىشى بىلەن چىشلەپ، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان سۆزلىرىدىن شۇملۇق رەقىمىنىڭ كەرەمۇل كاتىبىن تەرىپىدىن لەۋھۇل مەھپۇزغا يېزىلغانلىقىنى چۈشىنىپ، بەكمۇ ئەجەبلىنىپتۇ.

— ھەي بەتبەختلەر! — دەپتۇ پادىشاھ ئاخىرى چىدىيالماي، — سىلەرنىڭ بۇ سۈپەتلىرىڭلار بىلەن، سىلەرگە بۇ ئالتۇن ھارامدۇر ۋە ھەربىرىڭنىڭ گۇناھىغا لايىق ئازاب - ئوقۇبەت بەرمەك لازىم-

ـدۇر. مۇلازىملار! ماۋۇ— كىشىگە ياخشىلىق قىلالمايدىغان ھەـ
سەتخورغا ھەرگىز ياخشىلىق يۈزىنى كۆرسەتمەڭلار، ئۇنىڭغا
ئىككى جاھاننىڭ بەخت ـ ئىقبالىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسىنى
بېرىڭلار! ماۋۇ — كىشىگە كىشىنىڭ ياخشىلىق قىلغىنىنى كۆ-
رەلمەيدىغان ھەسەتخورنى ئۆلتۈرۈڭلار. ئۇنىڭ جېنى بۇ مېھنەت
يۇكىدىن پاتراق ئازاد بولسۇن؛ ماۋۇ — كىشىنىڭ ئۆزىگە ياخشىـ
لىق قىلىشىنىمۇ كۆرەلمەيدىغان ھەسەتخورغا شۇنداق ئازاب قىـ
لىڭلاركى، چەكسىز قىيناق ئازابىنىڭ چاڭگىلىدا روھىنىڭ قۇ-
شى قىل يۇتۇپ، ئەزرائىلنىڭ دامىغا گىرىپتار بولسۇن!
شۇنىڭ بىلەن، پادشاھنىڭ مۇلازىملىرى بىرىنچى ھەسەتـ
خورنى كىيىمىنى سالدۇرۇپ سويغان پىيازدەك يالىڭاچ قىلىۋېـ
تىپ، بار ـ يوقىنى ئېلىۋاپتۇ ـ دە، يۈزىگە قارا سۈرتۈپ،
ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، قويۇۋېتىپتۇ. ئىككىنچىسىنى بولسا،
تىغ بىلەن بېشىنى كېسىپ، ئۇنى ھەسەت رەنجىرىدىن قۇتۇلدۇ-
رۇپتۇ؛ ئۈچىنچى ھەسەتخورنى يالىڭاچلاپ، بەدىنىگە زەھەر سۈر-
كەپ، قىزىق ئاپتاپتا تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. نەتىجىدە ئۇ ئۆزاق
ئازاب تارتىپ، زار ـ زار قاخشاپ ھالاك بوپتۇ...»

نەزمە:

ئاتىدىن خاتا كەتسە كۆرمە خاتا،
ساۋاب بىل خاتا تاكى قىلسا ئاتا.
ئاتىنىڭ خاتاسىنى بىلگىل ساۋاب،
سېنى يۈز بالادىن قۇتقۇزغاي خۇدا.

— ئەھمەت يۈكنەكى

## سەككىزىنچى باب

# چېكىتلىك ئوردا

«كىمكى ياخشى ئىش قىلسا (ساۋابى) ئۆزىگە،
كىمكى يامان ئىش قىلسا (جازاسى يەنىلا) ئۆزىگە (46).»
— **قۇرئانى كەرىم» سۇرە فوسسىلەت**

مىلادى 1877 ـ يىلى 7 ـ ئاي.

ھەققۇلبەگ ئاتىسى ياقۇپبەگنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ دارۇ سەلتەنەت — قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققاندىن كېيىن، نىياز ھېكىمبەگمۇ كورلىنى تاشلاپ، چاقىلىق ئارقىلىق خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

نىياز ھېكىمبەگ دوقا ماڭلاي، چىرايى خۇددى بىر توپ قاۋانلار پېتىقلاپ تاشلىغان، تومۇزدا سۈيى تارتىلىپ كەتكەن قاپقارا كۆلچەككە ئوخشايدىغان قويۇق چېچەك يۈزلۈك، پاكار بوي بىر ئادەم ئىدى.

ئۇ كەمسۆز، قورسىقىدىكىنى ئاسانلىقچە خەققە بىلدۈرمەيدىغان، مىجەزى غەلىتە، توڭ بىر ئادەم ئىدى. شۇڭا كونىلار: «ئون چوقۇرنىڭ توققۇزىنىڭ مىجەزى ئۆڭگىلەڭ كېلىدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان ـ دە! مىجەزىنىڭ ئوساللىقىدىن نىياز ھېكىمبەگ ئۆيىدىكىلىرى بىلەنمۇ زادى ئەپ ئۆتمەيتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر كۈنى ئۇنىڭ خوتۇنى بازاردىن نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىپ ئەكەلگەنىكەن، نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭ ئالغان نەر-

سىسىنى ياراتماي، ئۇنى: «كۆزۈڭ كورمىدى؟ قاراپراق ئالساڭ
بولمامدۇ؟» دەپ تىللاپتۇ. ئايالى: «كۆزۈم كور بولمىسا، سەن-
-دەك دوقا ماڭلاي، يەر مەدىكى، ئۇتلەپ تاشلىۋەتكەن كاللىدەك
سەت چوقۇرغا تېگەرمىدىم؟» دەپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ
قويغانىكەن.

ئالتۇنتاغدا[1] تۇلكىلىك داۋان دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەر بار
ئىدى. بۇ داۋاننىڭ كۇنپېتىش تەرىپىدىكى توغراقلىق سايىنى
چاقىلىق خەلقى «بەگلىرىم كىرگەن ساي» دەپ ئاتىشاتتى. نىياز
ھېكىمبەگ ئادەتتە ياز كۇنلىرى ئاتايىتەن بۇركۇت، قارچىغا،
لاچىنلىرىنى ئېلىپ، تايغانلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، ئوۋچىلار بىلەن
خوتەندىكى ئوردىسىدىن چىقىپ، ئېرىنمەي مۇشۇ توغراقلىق ساي-
-غا ئوۋ ئوۋلاشقا كېلەتتى.

بەدۆلەت نىياز ئىشكىئاغا بەگنى خوتەن مۇزاپىتىگە ئۆز ئال-
-دىغا مۇستەقىل ھاكىم قىلىپ بەلگىلەپ، ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەم-
-مەت ئىمىنبەگنى ئەمىرلەشكەر قىلىپ، سەككىز پەنسادنى تەيىن-
-لەپ، خوتەننى ئۇنىڭغا ئوڭچە جوڭقۇرۇشىغا بەرگەنلىكىنى بىز
باشتا سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق.

نىياز ھېكىمبەگ خوتەن ۋىلايىتىدە ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرغان
ئون ئىككى يىل مىقىياسىدا خوتەننى شۇنداق باشقۇردىكى، بىرەر
ئادەم ئۇنىڭ توغرىسىدا «پالان، پەشمەت» دېيىشكە جۇرئەت قىل-
-لالمىدى. ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش، ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلارنىڭ
ھەممىسى نىياز ھېكىمبەگنىڭ تۇگمەس ـ پۇتمەس ئالۋان ـ
ياساقلىرى ئۇچۇن ئىشلەپ زادىلا بىكار بولالمايتتى. ئۇلارنىڭ
قان ـ تەرىدىن چارەك ـ چارەكلەپ ئالتۇنلار، مىشكاپ ـ مىش-

---

[1] چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. بۇ تاغدىن ئالتۇن چىقىدىغانلىقى ئۇچۇن ئالتۇنتاغ دەپ ئاتالغان.

ـكاپلار كۆمۈشلەر خەزىنىگە سۇدەك ئېقىپ كىرەتتى. ئامبار ـ ئامبارلاردا بۇغداي ـ قوناقلار كۆكىرىپ، سېسىپ كېتەر ئىدى. بۇ بايلىق ـ خەزىنىلەرنىڭ بىر قىسمىلا بەدۆلەتنىڭ خەزىنە ئىما-رىتىگە ئەۋەتىلىپ، قالغان كۆپ قىسمى نىياز ھېكىمبەگنىڭ ۋە ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ۋە ئەتىرە ـ بالىرىنىڭ كەيپ ـ ساپالىق مەئىشىتىگە سەرپ قىلىناتتى.

ئۇ خوتەن شەھىرىدە ئىككى يەردە پىششىق خىش بىلەن ئالىي قىلىپ ئوردا ـ ساراي بىنا قىلدۇرغانىدى. بىر يەردە چوڭ باغ ـ ئىرەم بىنا قىلىپ، ئوتتۇرىسىغا قىرغاقلىرى پىششىق خىشتىن قوپۇ-رۇلغان، تۇخۇم ئېقى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېتىلگەن گەج لايدا سۇ-ۋالغان يوغان كۆل ياساتقانىدى. بۇ كۆلگە قولۋاق سېلىنغان بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى بالا ـ چاقىلىرى ۋە يارۇ ـ بۇرادەرلىرى بىلەن ئۇ كۆلدە سەيلى ـ تاماشا قىلاتتى. ئۇنىڭ خوتەن تەۋەسىدە مەشھۇر بولغان «چىبىكتىلىك ئوردا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر باغ ئوردىسى بار ئىدى. نىياز ھېكىمبەگ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى كۆپىنچە مۇشۇ چىبىكتىلىك ئوردىسىدا بېجىرەتتى. ئۇنىڭ دىۋانخا-نىسىدىكى ھاكىمىيەت كۇرسىسىنىڭ ئۇستىگە بىر پارچە يولۋاس تېرىسى تاشلانغان بولۇپ، زەنجىرلەنگەن ئىككى دانە يولۋاس بالىسى ئۇنىڭ ئايىقىدا ياتاتتى. ئۇ بىر دائىرىنى ئىككى غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتا كولىتىپ ئورا قىلغۇزغاندىن كېيىن، تۆت ئەتراپى-نى پىششىق خىش بىلەن قوپارتقۇزۇپ چىققانىدى. ئۇنىڭ ئىچى-نى يەنە كاتەك ـ بۆلمىچىلەرگە، قەپەسلەرگە ئايرىپ چىققۇزۇپ، ئۇستىنى يىپەك تور بىلەن ياپقۇزغان، ئاندىن بۇ قەپەسلەرگە دەرەندە، چەرەندە، پەرەندىلەرنى، ئەركەك ـ چىشىلىرىنى جۇپ قىلىپ ئايرىم ـ ئايرىم سولاتقۇزغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە مارالبې-شىنىڭ جاڭگىلىدىن تۇتۇپ كېلىنگەن بىر جۇپ ئەركەك ـ چىشى يولۋاس، چاقىلىقنىڭ «بەگلىرىم كىرگەن ساي» دېگەن يېرىدىن تۇتۇپ كېلىنگەن بىر جۇپ قارا ئەركەك ـ چىشى قاپلان ۋە بۆرە،

تۈلكە، سۈلەيسۈن، بۇغا ـ مارال، خوتەن كېيىكى قاتارلىقلار بار ئىدى. يەنە ئاقسايچىن كەكلىكى[1]، ھىندىستان تۇتىسى، لەگلەك، ئاق بوزەك[2]، شاھمۇرۇغ[3]، مۇرغى جاڭگال قاتارلىق[4] ئەتىۋارلىق قۇشلار جۈپ ـ جۈپى بىلەن بېقىلاتتى. ئۇ باغچە ئىچىگە ئىقلىمدا بار ھەرخىل مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەل ـ دەرەخلەرنى، بابدۇنەگە[5] ئوخشاش ھەرخىل گۈل ـ گىياھلارنى، ھەتتا چىغ ـ تىكەنلەرگىچە كۆچەت قىلىپ تىككۈزگەنىدى. يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ھەر كۈنى نەچچە ئىت ـ ئېشەكنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ بەرگۈزەتتى؛ ئۇچار ـ قاناتلارغا كۈنلۈكى نەچچە تاغار ئاشلىق يەم قىلىناتتى.

نىياز ھېكىمبەگ كۆڭلى خالىغان چاغدا ئۇ ئاجايىپخانىدا سەيلى ـ تاماشا قىلىپ، كۆڭلىنى ئېچىپ قايتاتتى.

نىياز ھېكىمبەگ خوتەن خەلقىنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە كەلگەن بۇ بايلىقلارنى مۇشۇنداق بۇزۇپ ـ چاچاتتى. ئۇ چېكىتلىك ئوردا ئىچىدىكى باغنىڭ بىر چېتىدە ئون ئىككى يەرنى قازدۇرۇپ نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە باشقا ئېرىغ ماللارنى خەزىنە قىلىپ كۆمدۈرۈپ، ئۈستىنى تۈزلەپ، يېمىش دەرەخلىرىنى تىكتۈرگەنىدى. مانجۇلار ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە، ئۇ بۇ خەزىنىلەرنى: «خان لەشكەرلىرىنىڭ ھەققى ئىدى» دەپ، ئۇلارغا سۇڭلاپ بەردى.

بەدۆلەت زامانىسىدىن كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ بىر

---

① مەشھۇر ئاقسايچىن تۈزلەڭلىكىدە ياشايدىغان بىر خىل كەكلىك. چىرايلىق سايرايدىغانلىقى بىلەن داڭلىق.

② قاناتلىرىنىڭ ئارىسى ئاق بىر پەسىل قۇشى، چوڭلۇقى ساردەك كېلىدۇ.

③ تۇمشۇقىنىڭ ئۈستىدە دومباق بىر نەرسىسى بار غاز.

④ ئورمان سېغىزخانى.

⑤ بىر خىل ئۆسۈملۈك گۈلى. جىنسىي ئاجىزلىققا شىپا قىلىدۇ.

كۆنى، بىر ئوتتۇنچى «بەگلىرىم كىرگەن ساي» دېگەن يەردە ئوتتۇن ئېلىۋېتىپ، بىر يەرنى دەسسىگەنىكەن، پۇتى بىر كامارغا كىرىپ كېتىپتۇ ۋە پۇتىغا قاتتىق بىرنەرسە ئۇرۇلۇپتۇ. ھېلىقى ئوتتۇنچى: «بۇ نېمە ئالامەتتۇر؟» دەپ ھېلىقى كامارنى كولىغاند- كەن. يەرنىڭ تېگىدىن بىر كومزەكتە لىق ئالتۇن - كۈمۈش چىقىپتۇ. بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر گويا «بىزنى ئال، بۇ ئالەمدە رەھەت - پاراغەتتە ئۆتىسەن! » دېگەندەك كۆزنى چاقنىتارمىش. ھېلىقى ئوتتۇنچى بۇ بىھېساب دۇنيا - دەپىنىنى كۆرۈپ: «قادىر ئاللا ماڭا بۇ تۈگىمەس - پۈتمەس خەزىنىنى ئاتا قىپتۇ، — دەپ ئويلاپتۇ ئىچىدە، — بىراق، بۇ مېنىڭ ئەمەس. ئاتام رەھمەت- لىك: ھارام سىڭمەيدۇ، دەيدىغان. بۇنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرەي! » دەپ ھېلىقى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى يەنە ئۆز جايىغا كۆمۈپ، ئۈستىنى بىلىنمىگۈدەك قىلىپ تۈزلەپ قويۇپتۇ - دە، يامۇلغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن چاقىلىققا قايتىپتۇ.

كېيىن ھۆكۈمەتتىن ئادەم كېلىپ، ئوتتۇنچىنىڭ دەپ بەر- گىنى بويىچە ھېلىقى كۆمۈكلۈك ئالتۇن- كۈمۈشنى ئىزدەپ پۈتۈن توغراقلىقنى قېزىپ، ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خەزىنىنى زادىلا تاپالماپتۇ. بوراندا كۆچكەن قۇملار ئوتتۇنچى قىلىپ قويغان ئىزنالارنى يوق قىلىپ تاشلىغاند- كەن. بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر ئەسلىدە نىياز ھېكىمبەگنىڭ «بەگلىرىم كىرگەن ساي» دا شىكار قىلىپ يۈرگەندە مەخپىي كۆمۈپ كەتكەن خەزىنىلىرى ئىكەن. . .

نىياز ھېكىمبەگ كورلىدىكى خەزىنىلەرنى ساندۇق - مىش- كاپلارغا قاچىلاپ، ئازراقمۇ داۋراڭ چىقارماي، چاقىلىق ئارقى- لىق لوپقا ئۆتتۈۋالدى - دە، ئۆزىنىڭ خوتەندىكى چېكىتلىك ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇزاقتىن بۇيان ساقلاپ كەلگەن شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىش كۆرىدىغان مىجەزىنى بىراقلا ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ بەگقۇلبەگدىن يۈز ئۆ-

روۋپ، مانجۇ خاقانلىقى تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.
نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەنلىك خەۋىرى قەشقەر-
گە يېتىپ كەلگەندە، بەگقۇلبەگ ئاقسۇدىكى يايدى دېگەن يەردە
ھېكىمخان تۆرە بىلەن ئۇرۇش قىلىشۋاتاتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭ-
لاپ، ئۇنىڭ جان - ئىمانى چىقىپلا كەتتى - دە، دەرھال خوتەنگە
لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ئاسىي نىياز ھېكىمبەگنى جازالاش قارا-
رىغا كەلدى.
— مۇناپىق نىياز ئۆزىنى يىللاردىن بۇيان ئاتامنىڭ ماڭاش - تەمىنا-
تىغا نائىل بولۇپ كېلىشۋاتاتتى، — دېدى بەگقۇلبەگ، — ئەمىر
ئىسلام جانابىي ئالىيلىرى ئۆز تەۋەسىدىكى بارلىق مەنسەپدار ۋە
ئەمەلدارلاردىن ئۇ تۇزكورنى ناھايىتى چوڭ بىلىپ كەلگەنىدى.
سەلتەنەتتە ئۇنى ئۆزىدىن قالسىلا ئەڭ ئالىي ئورۇندا تۇرىدىغان
مەرتىۋىگە ئىگە قىلغان. بىراق، قادىر ئاللا ئۇنى تۇخۇمىنى
بۇزۇق، تۇزكور قىلىپ ياراتقانىكەن - دە! شۇڭا، مۇنداق مۇنا-
پىقلارنى جازالاش — دىنىمىز ئىسلامنىڭمۇ جايىز كېلىدىغان
ھەققانىي ئىش بولىدۇ.
— ۋەلىئەھد جانابىي ئالىيلىرى، — دېدى جامەدار دادخاھ
بەگقۇلبەگنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — ھازىر
مانجۇ خاقانلىقىدىن چىققان قارا چېرىكلەر چۇقۇغا يېتىپ كەلدى.
ئاز كۈن ئۆتمەي ئۇلار بۇ يەرلەرگىمۇ قارا قارغىدەك بېسىپ
كېلىدۇ. بىز ئۇچۇن ئۇلاردىن كېلىدىغان خەۋپ ئاسىي نىيازدىنمۇ زور
ۋە زىيانلىقتۇر. ئەلۋەتتە، مۇناپىقلارنى جازالاش — ئاتا - بوۋىلىرى-
مىزدىن قالغان قائىدە - ئۇدۇمدۇر. بىراق، ھازىر ۋاقتى ئە-
مەس. ئاۋۋال قارا چېرىكلەر بىلەن جەڭ قىلايلۇق، بۇ ئەجەل
قوشۇنلىرىنى ھەيدىۋېتەيلۇق. مۇبادا، بۇ يولدا ئۆلسەك، شېھىت
بولۇرمىز. ئامان قالساق، ئاللا خالىسا، قولدىن كەتكەن شەھەر-
لىرىمىزنى قايتۇرۇۋېلىپ، خوتەننى ئاندىن زەبت قىلغىلى با-
رۇرمىز. ئۇنىڭغىچىلىك خوتەنمۇ، نىيازمۇ قېچىپ كەتمەس.
ئاتىلىرىمۇ شۇنداق مەسلىھەتلەرگە كۆنمەيتتى. شۇڭا، ھالا بۇ-

گۇنگە كەلگەندە مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالدۇق!
— جانابىي دادخاھ، مۇبادا مۇناپىق نىيازنى جازالىمىساق، باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئېلىپ، دۈشمەنلىك دۈمبىقىنى ئاشكارا چېلىپ چىقىشسا، سەلتەنەتىمىز تېخىمۇ خەۋپ ئىچىدە قالمامدۇ؟ — دېدى بەگقۇلبەگ جامەدار دادخاھنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرمەي، — ئۇنىڭدىن كۆرە، خوتەنگە بېرىپ نىيازنى يىغىشتۇرۇپ، دۇنيا - دەپىنىلەرنى تارتىۋالايلۇق. خەزىنە بولمىسا، مانجۇ لەشكەرلىرى بىلەن قۇرۇق قول جەڭ قىلغىلى بولماس؟
ئۇنىڭغا زادىلا گەپ يىگۈزەلمىگەن جامەدار دادخاھ نائىلاج:
— بوپتۇ ئەمىسە! ئۇنىمىسىلا خوتەنگە بارايلى! — دېدى - دە، ئويلىغانلىرىنى ئىچىگە سىلىپ قويۇپ، خوتەنگە لەشكەر تارتىپ بېرىشقا ماقۇل بولدى.
بۇ رامىزان ئايلىرى ئىدى. بەگقۇلبەگ ئالدىراپ دادخاھنى قەشقەردىكى ئوردىغا، مۇھەممەت زىيا پەنسادنى گۇلباغ قەلئەسىگە، خۇداريار ئاۋغاننى كونىشەھەر قەلئەسىگە مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىگەندىن كېيىن، لەشكەرلىرىنى باشلاپ، رامىزاننىڭ ئاخىرلىرى خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى.
ئۇلار يەكەندە ئۈچ قونۇپ، سوكا - سەلتەنەتلەرنى قىلىشقاندىن كېيىن، يۇنۇس شىغاۋۇل دادخاھنى لەشكەرلىرى بىلەن ئۇ يەردىن ئېلىپ، خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئون كۈن بولدى دېگەندە، خوتەننىڭ بېرىسىدىكى زاۋا دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يەردە روزى ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ تۇرۇشىغا، نىياز ھېكىمبەگنىڭ قەشقەردىن كەلگەن لەشكەرلەرگە قارشى ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىنبەگ ئەمىر لەشكەر بىلەن ئۆز ئوغلىنى باش قىلىپ لەشكەر چىقارغانلىقى مەلۇم بولدى.
ئەتىسى، كۆۋرۈكبېشى دېگەن يەردە شىددەتلىك جەڭ بولدى. تاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازى، توپ - زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ پارتلاش سادالىرى، ئوق تېگىپ يىقىلغان ئاتلارنىڭ خارتىلداشلىرى، ياردارلارنىڭ قىيا - چىيالىرى... پۈتۈن

جەڭ مەيدانىنى بىر ئالغاندى. قەشقەرلىق بىر يىگىت ئاتنىڭ ئۈستىدىن پۇلاڭلاپ يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگكەن ئوقنىڭ ئازابىدا ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى قاتتىق تىترەۋا-تاتتى. ئۇ يا جېنى چىقماي، يا ئۆرە بولالماي، قاقشاپ كېتىۋاتقا-نىدى.

دۆڭدە، بەگقۇلبەگ، جامەدار دادخاھ، يۇنۇس شىغاۋۇل دادخاھ ۋە باشقا ئەمىر لەشكەر، پەنسادلار جەڭنى كۆزىتىپ تۇ-رۇشقانىدى. بىر تال توپ ئوقى ئۇلاردىن بېرىراقتىكى پەسكە چۈشۈپ پارتلىدى. ئات پارتلاش دولقۇنىدا بىر ئوخچۇپلا، ئۈستى-دىكى بەگقۇلبەگنى يەرگە تاشلىۋەتتى. مۇلازىملىرى ئۇنى دەرھال يۆلەپ تۇرغۇزغاندىن كېيىن، توپىلىرىنى قېقىپ ئاتقا مىنگۈزۈپ قويىدى.

قارشى تەرەپنىڭ سېپىدىن ئېتىلىۋاتقان توپ ئوقلىرى شالاڭشىپ قالدى. بۇ چاغدا دۆڭدە تۇرغان جامەدار دادخاھ «ئەم-دى هۇجۇم باشلىساق بولىدۇ» دېگەندەك قىلىپ، قولىدىكى قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ «ئالغا!» دەپ بىر شىلتىۋىدى، ئۇ-نىڭ ئاستىدىكى ئېتى بىر تۇتاش قوزغالغان ئاتلار ئېقىمىنىڭ تۇرتۇشىدىن ئۈركۈپ، بىرلا ئىرغىدى - دە، ئالغا چېپىپ كەت-تى. سان - ساناقسىز تۇياقلارنىڭ زەربىدىن يەر گۈرسۈلدەپ لەرزىگە كېلىۋاتاتتى. جامەدار دادخاھ ئاتتا قۇم تۇپراقلىق دالى-نىڭ باغرىدا ھەممىنىڭ ئالدىدا ئوقتەك ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. قۇم تۇپراق ئالدى تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك بولاتتى. ئاتلارنىڭ تۇيىقى ئاستىدىن ئۆرلىگەن توپا - چاڭلار ئاسماننى قاپلىغانىدى. خوتەن لەشكەرلىرى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي، قويۇپ قاچتى.

نىياز ھېكىمبەگ مۇشۇنداق بولارىنى ئالدىنئالا پەملەپ، تەييارلىق كۆرۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ، لەشكەرلىرىنىڭ يېڭىلىپ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان توپ - زەمبى-رەكلىرىگە ئوت يېقىپ، خوتەن خەلقىنى ۋە ئۆزىنىڭ لەشكەرلى-رىنى قىرماقچى بولۇپ تەمشەلگەندە، مۇھىم دۆلەتخاھلىرى ئۇنى

بۇنداق نالايىق قەبىھ ئىشتىن توستى.

ئەئىيانلىرىنىڭ قولىدىكى ئۆزنگە قارىتىلغان، ئېتىلىشقا تەيـ.
يار تۇرغان ناگانلارنى كۆرگەندە، نىياز ھېكىمبەگنىڭ خىيانەتكە
تولغان يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ، پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىـ.
قىپ كەتتى.

— ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن، — دەپ چاڭ قارغىدەك چا.
ڭىلداپ سۆزلەپ كەتتى ئۇ. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ قەددى قورققانلىـ.
قىدىنمۇ ياكى خۇشامەتتىنمۇ، ئەيتاۋۇر پۈكۈلۈپ، يەرگە تېگەيلا
دەپ قالغانىدى، — مەن ئەسلىدە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلار قەشـ.
قەرلىقلار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. مەندە ئۇنداق غەرەز
يوق. ھازىردىن باشلاپ ئوردا ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ۋە خەزىنىـ.
لەرنى خالىغىنىڭىزلارچە بەيتىلمال قىلىپ ئېلىشىڭلارغا رۇخـ.
سەت! بولمىسا، ئۇ بايلىق قەشقەرلىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ
كېتىدۇ!

ئۇ قورققىنىدىن ئېغىغا چىقىرىۋېتەيلا دەپ قالدى. ئۇنىڭ
قارا، چوقۇر يۈزى تاتىرىپ، تامدەك بوزۇرۇپ كەتكەنىدى. شۇ
تاپتا ئەئىيانلىرىنىڭ قولىدىكى ئۆزنگە قارىتىلىپ ئېتىلىشقا تەييار
تۇرغان ناگانلاردىن تەڭلا ئوق چىقىدىغان بولسا، ئۇن جېنى
بولسىمۇ، زادىلا ئامان قالمايدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. مۇشۇ تاپتا
ئۇنىڭ كۆزىگە ئوق تېگىپ ئۆتمۇ تۆشۈك بولۇپ كەتكەن تېنى،
دالىدا تاشلىنىپ، لالما ئىتلارغا يەم بولۇپ كەتكەن ئۆلىكى،
غاجاپ تاشلانغان گەۋدىسى كۆرۈنگەندەك بولدى ـ دە، ئىختىيار-
سىز شۈركىنىپ كەتتى.

ئاخىرى ئۇ ئۆزىگە كەلدى، يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. ئۇ
باشقىلارنى تالان ـ تاراجغا قىزىقتۇرۇپ قويۇپ، خاس، ئىشەنچـ.
لىك ئادەملىرى بىلەن نەقدانلارغا قاچىلاپ قويغان ئالتۇن ـ
كۈمۈشلىرىنى ئالدى ـ دە، كىرىيە يولى ئارقىلىق مانجۇلارنىڭ
ئالدىغا — كورلىغا قاراپ قاچتى. بۇ شەمسىيە 9 ـ ئاي مەزگىلى
ئىدى.

شۇ چاغلاردا، خوتەن بىلەن كورلىنىڭ ئارىلىقىدىكى يولنى ئاتلىق ئون ئالتە كۈندە ئاران بېسىپ بولغىلى بولاتتى. نىياز ھېكىمبەگ ئۆزىنىڭ كېيىنكى يولىنى ئۇزاقتىن بۇيان كۆزلەپ كەلگەن بولغاچقا، يولدىن ھەربىر مەنزىلدە ئاتلارنى قويۇپ، ئۇلارنى ئوبدان ياقتۇرۇپ، ئالدىنئالا تەييارلىق كۆرۈپ قويغاندى. ھەرقايسى مەنزىللەردىكى سەمرىگەن بۇ ئاتلار ئەمدى ئۇنىڭغا تازا ئەسقاتتى. ئۇ مەنزىلمۇ مەنزىل ئات ئالماشتۇرۇپ مىنىپ، ئون ئالتە كۈنلۈك يولنى تۆت كۈندىلا بېسىپ تۈگەتتى. «كەينىمدىن قوغلاپ كەلگەنلەر تاشلاپ ماڭغان ئاتلىرىمدىن پايدىلىنىپ كەتمىسۇن» دەپ، بۇ ئاتلارنىڭ پېيىنى كېسىپ تاشلاپ، نۇرغۇن ئاتنى كاردىن چىقاردى. يولدا ئۇچرىغان ياكى ئۆزىنى كۆرگەن قاراۋۇلدىكى يىگىت ـ سەرۋازلارنىڭ كۆزىنى ئويدۇردى، بەزىلىرىنى بولسا ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

بەگقۇلبەگ نىياز ھېكىمبەگنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا ئەۋەتكەن ئوبۇلقاسىم پەنساد سەككىز يۈز دەك يىگىتى بىلەن ئۇنى چوڭ قۇملۇققا قەدەر قوغلاپ كەلگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاتلىرى ھېرىپ، ئۆزلىرى چۆلدە قالدى. قوغلاپ كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى نىيە دېگەن يەردە نىياز ھېكىمبەگلەرگە يېتىشىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئاز كېلىپ قېلىپ، ئۇنى يەنە قاچۇرۇپ قويدى. . .

«بەس! پۈتۈن ئىنسان قوۋمى كەرەمۇل كاتىپ بولۇپ، پۈتۈن كۆك ئاسماننى لەۋھىل ـ مەھپۇز قىلىپ، پۈتۈن زېمىندىكى دەرەخ ـ ئورمانلارنى قەلەم قىلىپ، پۈتۈن ئىقلىمدىكى كۆل ـ دەريالارنى دۇۋەت ـ سىياھ قىلىپ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ پۈتۈن شۇملۇقلىرىنى يازغىلى تۇرسا، ئۆمۈرۋايەتمۇ يېزىپ تۈگىتەلمەس ئىدى! » بۇ — شۇ چاغلاردا خوتەنلىك قازىكالان موللا ئوسمان قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ نىياز ھېكىمبەگكە بەرگەن باھاسى ئىدى. ئۇلار پەتىۋا چىقىرىپ، نىياز ھېكىمبەگنى «مۇناپىق ۋە كاپىر» دەپ ئېلان قىلدى!

مولللا مۇسا سايرامى نىياز ھېكىمبەگ ھەققىدە توختالغاندا، زامانداشلىرىغا كۆپلىگەن ئىبرەتلىك مەسەللەردىن مىسال كەلتۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۇ مەسەللەرنىڭ ئىچىدە ئەسىرلەردىن بۇيان سۆزلىنىپ كېلىۋاتقان «پاقا بىلەن يىلاننىڭ ھېكايىسى» دېگەن مەسەل ھەممىدىن داڭلىق ئىدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

«... ئىككى پاقا يولدا ھارۋىنىڭ چاقى ئاستىدا قېلىپ يەنچىلگەن بىر يىلاننى ئۇچرىتىپتۇ. يىلان تېخى ئۆلمىگەنىكەن. پاقىلارنى كۆرۈپ ئۇ ناله ـ پەرياد كۆتۈرۈپتۇ. پاقىلار يىلاندىن قورقۇپ يېقىن بارالمىغانىكەن، ھېلىقى يىلان يالۋۇرۇپ:

— ئى پاقىلار، مەندەك بىچارىدىن قورقماڭلار. مەن ساۋاب ئىزدەپ، مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار بولغانمەن. رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ، ياردەم قولۇڭلارنى مەندەك ئاجىز ـ بىچارىگە سۇنۇڭلار! — دەپتۇ.

پاقىلارنىڭ ئىچىدىكى كىچىكىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ئالدىغا بارماقچى بولغانىكەن. پاقىلارنىڭ چوڭى:

— ياق بارما، ئۇنىڭ ناله ـ دامىغا چۈشكۈچى بولما. ئۇ ئۆزىنىڭ خۇيىنىڭ يامانلىقىدىن جەننەتۇل ماكاندىن قوغلانغان. ئۇ ھامان يىلانلىقىنى قىلىدۇ، — دەپ ئۇنى توسۇپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان يىلان تېخىمۇ قاتتىق زارلىنىپ:

— ئى پاقىلار، ھېچبولمىسا، قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلساڭلارچۇ؟ توغرا، كۆپ يىللاردىن بۇيان كۆل بويىدا سىلەر بىلەن قوشنا ئۆتكەن بولسامۇ، ئەمما مەن سىلەرگە يامانلىقنىڭ تىغىنى ئۇرۇپ كەلدىم. مۇشۇ بالاخور قورسىقىم بولمىغان بولسا، شۇنداق قىلارمىدىم؟ شۇڭا، مۇشۇ بالاخور قورسىقىم يېرىلسا، ئاشۇ قارا كۆڭلۈم تۈزىلىنەر ئىدى دەپ ئۆزۈمنى ھارۋىنىڭ چاقىنىڭ ئاستىغا ئاتقانىدىم. مانا، ئۆزۈڭلارمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بالاخور قورسىقىمغۇ يېرىلدى. بىراق، ئاغرىقىغا زادى چىدىيالمايۋاتىمەن. مەن تېخى ئالالنىڭ مۇبارەك خانىسى —

بەيتۇل ھەرەمگە بارسام، ئاشۇ يەردە ھەجەرۇل ئەسۋەتكە يۈزۈمنى
يېقىپ تۇرۇپ، ئاللاغا توۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇپ، گۇناھلىرىمنى
مەغپىرەت قىلىشنى تىلىسەم دېگەن نىيەتتە ئىدىم. قورسىقىم
يېرىلغانلىقتىن، ئۇ يەرگىمۇ بارالمايدىغان بولدۇم. نىيەت ـ
ئىقبالىممۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان بولدى. بۇنىڭغا كۆپ ئۆكۈنمەك-
تىمەن. مۇبادا ياخشىلىق قىلىپ، مېھرىگىياھ ياپرىقى تېپىپ
كېلىپ، يارامنى تېڭىپ قويساڭلار، يارام پۈتۈپ، مەن شىپالىق
تاپار ئىدىم. ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ مەرد ـ سېخىيلىكىڭلارنى ئاللاغا
يەتكۈزەر ئىدىم، — دەپتۇ. كىچىك پاقا چوڭ پاقىغا:
— ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ئۇ گۇناھلىرىغا توۋا قىلىپ پۇشايمان
يەپتۇ. تېخى ئۆزىنى جازالاش ئۈچۈن قورسىقىنىمۇ يېرىپتۇ. بۇ
نېمىدېگەن مەردلىك ـ ھە؟ «كىمكى ئەپۇ قىلىدىكەن ۋە ئەپلە-
شىش يولىنى تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللا بېرىدۇ. ئاللا
زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.» دېگەن گەپنى ئاڭلىمى-
غانمىدىڭ؟ ئۆچمەنلىك، ئىنتىقام ۋە غەزەپ ئۆمۈچۈكى كۆزۈڭگە
تور سېلىۋالسا بولمايدۇ. بىزمۇ ئۇنىڭغا مەردلىك قىلىش بىلەن
جاۋاب بېرەيلى. ئۇ بىزنىڭ ياخشىلىقىمىزنى ئۆز جىنسىغا تەر-
غىپ قىلسۇن. بىزنىڭ رەھىم ـ شەپقىتىمىز ئۇنىڭ خۇسۇمەت
بىناسىنى ئۆرۈپ تاشلاپ، دوستلۇق ئىمارىتىنى سالسا، ئەجەپ
ئەمەس. پاقا جىنسىنىڭ ھىممەتلىك، ئۇلۇغ جىنس ئىكەنلىكى-
نى، غېرىپ ـ ناتىۋانلارغا، ئاجىز ـ بىچارىلەرگە پاسىبان،
ھەمدەرد بولىدىغانلىقىنى تىللاردا داستان قىلىپ ئوقۇپ يۈر-
سۇن! — دەپتۇ. چوڭ پاقا:
— ھەي نادان، چوڭ سۆزلىمە. سەن تېخى كىچىك ۋە
تەجرىبىسىز. زاماننىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىنى بېشىڭدىن ئۆت-
كۈزمىگەن. سەن يىلان بىلەن پاقىنىڭ دوست بولغانلىقىنى قا-
چان كۆرگەن؟ كىتابلاردا: «دۈشمەن بارلىق ھىيلىلىرىنى ئىش-
لىتىپ دەرمانى قالمىغاندا، ۋاپا ـ دوستلۇق ۋە ئەھدۇ ـ پەيماد-
نىڭ زەنجىرىنى جىرىڭشىتىدۇ، ھىيلە ـ نەيرەڭ ئەپسۇنىنى

ئوقۇيدۇ» دەپ يېزىلغانلىقىنى ئوقۇمىغانمىدىڭ؟ شۇڭا، ھەدىسە-
تە: «يىلاننى ئۆلتۈرۈڭلار!» دېيىلگەن. يۈر، كېتەيلى. دۈش-
مەنگە رەھىم قىلىپ، پۇشايمانغا قالما يەنە! — دەپ نەسىھەت
قىپتۇ. يىلان بولسا ھېيلىگەرلىك دېپىنى نالە - زارلىق بارماق-
لىرى بىلەن چېكىپ، يۈم - يۈم يىغلاپتۇ.

كىچىك پاقا چوڭ پاقىنىڭ گېپىگە كىرمەي، مېھرىگىياھنى
ئىزدەپ كېتىپتۇ.

— خەير، ئۆزۈڭگە قىلدىڭ، نادان دوستۇم، — دەپتۇ چوڭ
پاقا، — مەن بولسامۇ بۇ غاپىللىق ماكانىدىن نېرىراق تۇراي!

كىچىك پاقا مېھرىگىياھنى تېپىپ كېلىپ، يىلاننىڭ يارد-
سىنى تېڭىپتۇ. يىلان دەرھال ساقىيىپ، كۈچ - قۇۋۋىتىگە
تولۇپ، ئەسلىگە كېلىپتۇ - دە، بىر كېرىلىۋەتكەندىن كېيىن:

— ھەي، ئەۋرەز پاقىسى، سەن قىلغان گۇناھىڭنى بىلە-
سەن؟ مەن سېنىڭ گۇناھىڭ ئۈچۈن سېنى يېمىسەم بولمايدۇ! —
دەپتۇ. كىچىك پاقا:

— مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟ مېھرىگىياھنى تېپىپ كېلىپ،
ياراڭنى داۋالاپ ساقايتقىنىم گۇناھمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۈچ كۈندىن بۇيان ناشتىسىز ئاچ قالدىم. سەن نەپرەت-
لىك سېسىق پاقا تولا ۋالاقلاپ، مېنىڭ يۈرىكىمنى ئەزدىڭ.
ئۆزۈڭنى ماڭا ئوزۇق قىلىپ بەرمىگەنلىكىڭ گۇناھ بولماي نېمە؟ —
دەپتۇ - دە، كىچىك پاقىنى بىر يالماپلا يۇتۇۋېتىپتۇ. . .

نەزمە:

ئەگەرچە ياخشىدۇر شەپقەت ۋە لېكىن،
يامانىنىڭ يارىسىنى قىلما پەرۋەرىش.
يىلانغا رەھىم قىلغان سۇنى بىلمەس —
زۇلۇمدۇر ئادەم ئەۋلادىغا بۇ ئىش.

— شەيخ سەئدى

## توققۇزىنچى باب

# ئۆركەشلەپ ئاققان قايدۇ دەرياسى[1]

«كۈچلۈكمەن دېمىگىن، ئۆزۈڭدىن كۈچلۈكرەككە يولۇقىسەن؛
مەن ھەييارمۇ دېمىگىن، ئۆزۈڭدىنمۇ ھەييارغا ئۇچراپ قالىسەن! .»
— قىرغىز خەلق ماقالى

مىلادى 1877 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

ئۇستى جايدام بىلەن [2] چۈمكەپ تاشلانغان، ئوق ـ دورا، ھەربىي تەمىنات، ئوزۇق ـ تۈلۈك، توپ ـ زەمبىرەك ۋە دەريادىن ئۆتۈش كېمىلىرى بېسىلغان ھارۋىلار يامغۇردا ئۆتۈپ پېتىق بولۇپ كەتكەن چوڭ يولدا غىچىرلاپ ئاران كېتىپ باراتتى. كەچكۈزنىڭ سىم ـ سىم يېغىۋاتقان ئۈششاق يامغۇرى زادىلا توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كەڭ دالا، ئېتىزلىقلار، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر، دەريا ـ شاخابلار سۇ بىلەن لىق تولغان. ئېگىز تېرەكلەر يىراقتىن خىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بەدۆلەت قوشۇنلىرىنىڭ گۇمۇدى، ماناس ۋە داۋانچىڭ ئۇرۇشلىرىدا مەغلۇپ بولۇشى، بەدۆلەتنىڭ كېيىنكى بىر قاتار

---

[1] قايدۇ دەرياسى — قاراشەھەر دەرياسىنىڭ تارىختىكى نامى.

[2] جايدام — يامغۇردىن ساقلايدىغان كىگىز يامغۇرلۇق. بۇ سۆزنى مەخمۇت قەشقەرى: «چايدام — كۆرپىنىڭ ئىچىگە سېلىنىدىغان ۋە يامغۇرلۇق تىكىلىدىغان يۇپقا كىگىز» دەپ چۈشەندۈرگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1984 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى. 3 ـ توم، 247 ـ بەتكە قارالسۇن.

مەغلۇبىيىتى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگەنىدى. 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، مانجۇلارنىڭ تۇرشاۋۇل قىسىملىرى سەردار تاڭ زېڭخىنىڭ باشچىلىقىدا، نەنسەن ئارقىلىق توقسۇنغا يېتىپ كېلىپ، سۇبېشى ۋە ئاغىبۇلاق دېگەن يەرلەرنى ئىشغال قىلدى. ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ، يەنە 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، دۇڭ فۇشياڭ بىلەن جاڭ جۈن مانجۇلارنىڭ بىر مىڭ بەشيۈز كىشىلىك چېرىنغار قىسىمىنى باشلاپ، كۈمۈش ۋە ئۈششاقتالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، چۇقۇغا يېتىپ كەلدى. مانجۇ قىسىملىرى ليۇ جىڭتاڭنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئوردۇگاھىنى چۇقۇغا قۇردى. مانجۇلارنىڭ بېرىنغار، چىنداۋۇل قىسىملىرىمۇ قىل قۇيرۇق بولۇشۇپ چۇقۇغا ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ليۇ جىڭتاڭمۇ ھېماتچى قوشۇننى ئېلىپ، چۇقۇدىكى ئوردۇگاھقا يېتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، چۇقۇغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئون بەش مىڭدەك لەشكەر توپلاندى.

ئوردۇگاھتا چاقىرىلغان ھەربىي كېڭەشنىڭ قارارى بويىچە، ئالتە مىڭ كىشىلىك يېشىل تۇغلۇق چوڭ قوشۇن دۇڭ فۇشياڭنىڭ قوماندانلىقىدا، تۇرشاۋۇل بولۇپ قاراشەھەرگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەيدىغان بولدى. تۇرشاۋۇل قوشۇن قاراشەھەرنى تېزلا پەتھ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما شەھەردىن تېزلا چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ليۇ جىڭتاڭ قالغان سەردارلار بىلەن مانجۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ قاراشەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

مانجۇ قوشۇنلىرى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئىچىدە قامچىلارنىڭ توختىماستىن شىپىلدىشى، ياغىسىرىغان هارۋا ئوقلىرىنىڭ غىچىرلىشى ئاستىدا، توختىماستىن ئالغا سىلجىپ كېتىۋاتاتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى توختام سۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆلگەن ياكى جان تالىشىپ ياتقان ئاتلار، ئۆرۈلۈپ، چاقلىرى ئاسمانغا قاراپ قېلىشقان هارۋىلار ئوڭغۇل ـ سوڭغۇل بولۇپ يېتىشاتتى.

ئاندا ـ ساندا داردىيىشىپ يېتىشقان ئادەم ئۆلۈكلىرىمۇ ئۇچراپ
تۇراتتى. ئالدىنقى كۈنى، بەي يەنخۇنىڭ بىر بۆلۈك ئاتلىق قوشۇ-
نى ليۇشىخۇ[1]نىڭ شوردۆڭ دېگەن يېرىدە، مانجۇ قىسىملىرىنىڭ
تۇرشاۋۇللىرىغا تۇيۇقسىز باستۇرۇق قىلغانىدى. ئۇلار بىرپەس
چاپ ـ چاپ قىلغاندىن كېيىن، قانداق پەيدا بولۇشقان بولسا،
يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز غايىب بولۇشتى. بايامقى مەنزىرە ئاشۇ
قېتىملىق شەبخۇننىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، قارا
چېرىكلەر ئارىسىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ يەنە قايتىدىن ئەۋج
ئالدى. ئاتلار ئۈركۈپ، ئالدىنقى ئاياغلىرىنى كۆتۈرۈپ خارتىلدى-
شاتتى. ئېغىر يۈك بېسىلغان هارۋىلارنىڭ ئىچىدە بىرسى يانتۇ-
لۇقتا كېتىۋېتىپ، ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى. هارۋىدىكى چېرىكلەرمۇ
هارۋا بىلەن تەڭلا تىك موللاق ئېتىپ چۈشۈشتى.
هارۋىلار ئېقىمىنىڭ كەينىدىن يەلكە ـ مۈرىلىرىگە قاپ
ئارتىشۋالغان پىيادە چېرىكلەر سۆرۈلۈشۈپ كېتىپ باراتتى.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھەرخىل ھەربىي لازىمەتلىكلەر بېسىلغان،
ئۈستىدە نۆكەرلەر ئولتۇرغان هارۋىلارمۇ ئۆتۈپ تۇراتتى.
كېيىن يەنە هارۋىلار، لەيلىمە كۆۋرۈك كېمىلىرى بېسىل-
غان چوڭ هارۋىلار، يامغۇرغا چىلىنىپ ئۈستىۋاشلىرى ھۆل
بولۇپ ئىۋىپ كېتىشكەن سەردارلار ئۆتۈپ كېتىشتى. توختاۋسىز
ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان بۇ ئېقىم گاھىدا تار، قىستاڭ،
پاتقاق يولغا كەپلىشىپ قالاتتى ـ دە، بىردىنلا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ
باشلىناتتى. گاھىدا يەنە تۆپىلىككە سوزۇلۇپ چىقىپ، ئاندىن
تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىپ، كۆزدىن غايىب بولۇشاتتى. يان يوللار-
دىن ئوزۇق ـ تۈلۈك، قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا قاتارلىق
ھەربىي ئەسلىھەلەر بېسىلغان چوڭ هارۋىلار كارۋىنى كېلىپ

---

[1] يەنى ليۇ شىخۇ — 六十户 ئاتمىش تۈتۈن دېگەن مەنىدە. قاراشە-
ھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى.

قوشۇلاتتى. بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كېتىشىۋاتقان خەۋەرچىلەر ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى.

بەزىدە بۇ ئۇزۇن تۇمۇر ئېقىم ئىچىگە توپچى قىسىملار قاراس - قۇرۇس قىلىپ ئاۋاز چىقارغىنىچە ۋە توپ - زەمبىرەكلىرىنى تاراڭلىتىپ سۆرەتكىنىچە كېلىپ قوشۇلاتتى. كۆكرىكى كەڭ - كۈچلۈك قالماق ئاتلىرىغا مىنىشۋالغان جاھىل، ساقاللىق مانجۇ، قالماق، سولان چېرىكلىرى ئات ۋە ئادەملەرنى قولىدىكى قامچىسى بىلەن تەڭلا ئۇرۇپ - ساۋاپ، دۇمبالاپ، تۇمشۇقلىرى تومتاق، كالتە دالا زەمبىرەكلىرىنى سۆرۈتۈپ ئۆزلىرىگە يول ئېچىپ باراتتى. چېرىكلەر ھەر تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كېلەتتى ۋە ھارۋىلاردا ئۆرە تۇرۇشۇۋېلىپ، قوللىرىنى ھەدەپ سوزۇپ كىملەرگىدۇر جۇنشاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئادەملەر ئېقىمى يەنە ئۆز يولىنى تېپىپ، يەر مەدىكى، چېرىگەن غازاڭ پۇرىقى بىلەن تولغان ۋە يامغۇر تامچىلىرىدىن ئاستا شىلدىرلاپ تۇرغان قومۇش - يېكەنلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىشەتتى.

مانجۇلار بىر خىلدا سالماق ئىلگىرىلەپ قاراشەھەرگە قاراپ كېتىپ باراتتى. يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى خارابىلىقلار ئارىسىدا، يەرلىك ئاھالىنىڭ پۇچۇق تونۇرلىرى چۇقچىيىشىپ تۇراتتى. زەمبىرەك ئوقلىرى چۇشۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەن ئۆيلەرنىڭ پارچە - پۇرات تاملىرى ئارىسىدا كاڭلارنىڭ قاپقارا تۆشۈكلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى.

بۇ يەردىن ئاتمىش چاقىرىم نېرىسىدا — ئىس - تۈتەكلەر قاپلىغان تۆۋەنكى تەرەپتە توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ ئوقلىرىنىڭ پارتلىغان بوغۇق ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. مانجۇ قوشۇنلىرى ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەر بېسىلغان ھارۋىلار ئاشۇ تەرەپكە قاراپ سوزۇلۇپ كېتىشىۋاتاتتى. توپ ئوقلىرىنىڭ پارتلىغان سادالىرى پۈتۈن زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرەتتى. بۇ چېرىكلەر دۈشمەننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۇرۇشنىڭ مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى

ئانچىمۇ سۇرۇشتۇرۇپ كەتمەيتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلارغا
باش قاتۇرۇپ كەتكۈدەك ھەپىلىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
ئۇلار «بۇ ئىشلار دارىنلارنىڭ ئىشى، بىز بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى
بار؟» دەپ ئويلىشاتتى. بۇ ئۇرۇش ئۇنداق بولسىمۇ، بۇنداق
بولسىمۇ، ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. مانجۇلارنىڭ كۆزلىرى
غەزەپكە، نەپرەتكە، قانغا تولغانىدى. چۈنكى، بۇ يەرلەردە ئولجا
دىگەن تولا گەپ ئىدى. چەنتۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلى-
رىغا ھەرقانداق مۇئامىلىدە بولۇۋېرىش — مانجۇلار ئۈچۈن ناھا-
يىتى قىزىقارلىق ئەرمەك ھىسابلىناتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەپ-
قەتسىزلىكىدىن — چەنتۇلارنىڭ بوۋاقلىرىنى نەيزىسىگە ئىلىۋې-
لىپ ئاسمانغا ئولاقتۇرۇپ تاشلىغانلىقىدىن ماختىناتتى. ئۇلار
بېسىپ ئۆتكەن يەرلەردىن ئۆيلەرنىڭ تۈتەپ يېنىۋاتقان كىشەك -
راملىرى، پۇقرالارنىڭ قانغا مىلەنگەن ئۆلۈكلىرىلا قالاتتى.

مانجۇلار قونالغۇغا يېتىپ كېلىشكەندە، يوغان - يوغان
قازانلاردىكى شويلىلارنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى ئەتراپنى قاپلايت-
تى. مۇزلاپ ھالسىراپ كېتىشكەن چېرىكلەر تاماق يېيىشكە
تۇتۇناتتى. غاڭزىلىرىنى شورىغىنىچە تاماكا چېكىشەتتى. بەزىدە
كۆكنارنىڭ خوش پۇراقلىرىمۇ دىماغقا ئۇرۇلۇپ، ئادەمنى خوش
كەيپ قىلاتتى. كېيىن ئۇلار پىت بېقىشقاچ، ئۆزلىرىنىڭ ھەر-
خىل ۋەھشىيلىكلىرى ھەققىدە، خوتۇن - قىزلار ھەققىدە سۆز-
لىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئەجەل ئارىلاپ يۈرگەن، ھەممە يېقى
ئىپلاسلىق بىلەن تولغان، قانغا پاتۇرۇلغان بۇ زېمىندا بىخارامان
ئۇخلىشاتتى.

دۇڭ فۇشياڭنىڭ قىسىملىرى قاراشەھەرگە قىلىنىدىغان ئو-
مۇمىي ھۇجۇمدا تۇرشاۋۇل بولغانىدى. دۇڭ فۇشياڭ ئەسلىدە
شەنشى، گەنسۇ ۋە نىڭشيالاردا تۇڭگان يىغىلىقى يۈز بەرگەندە،
مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى ئادالەت تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىققان خەنزۇ
قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ سەردارى ئىدى. زوزۇڭتاڭنىڭ خۇنەن

قۇشۇنى 1869 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شەنشى تۇڭگانىيلىرىنىڭ قوزغى-
لىڭىنى باستۇرغاندا، دۇڭ فۇشياڭنىڭ ئۇۋۇسى بولغان جىنجىڭ-
باۋغىمۇ تېگىش قىلىپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنى تارمار كەلتۈرگەن-
دى. 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ماڭارغا يول تاپالماي قالغان
دۇڭ فۇشياڭ ئاخىرى زوزۇڭتاڭغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بول-
دى. كېيىنكى چاغلاردا بولسا، زوزۇڭتاڭنىڭ يارامىلىق قولچو-
مىقىغا ئايلىنىپ ئىچكىرىدىكى تۇڭگانىيلارنى باستۇرۇشتا ۋە ما-
ناس، قۇتۇبى، ئۈرۈمچى، داۋانچىڭلاردا بەدۆلەتنىڭ قوشۇنلىرى
بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئالاھىدە تۆھپە — خىزمەت كۆرسەتتى.
بىراق، بۇ ئۇرۇشلاردا ئۇ تالاپەتكە ئۇچراپ، سەردار ـ چېرىكلى-
رىنىڭ تولىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىسمى
چۇقۇغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل تەرتىپكە سېلى-
نىپ، ئەسكىرىي كۈچى تولۇقلاپ بېرىلگەنىدى.
مانجۇ قوماندانلىقى قانداقلا بولمىسۇن، قىش كىرىپ قالغۇ-
چە، لوپاشانىڭ قوشۇنلىرىنى كورلىدىن سۈرۈپ چىقىرىپ، قەش-
قەرگە باستۇرۇپ بېرىشقا ۋە ئۇ قوشۇننى شۇ يەردە پۈتۈنلەي
يوقىتىشقا ئالدىرايتتى. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەرنى ئاياپ
ئولتۇرمايتتى — ئادەم زاپىسى دېگەن مانجۇ خاقانلىقىدا تولا گەپ
ئىدى. قوماندانلار: «لوپاشانىڭ زور تالاپەتلەرنى بېرىپ، تەرتىپ-
سىز يوسۇندا چېكىنىۋاتقان قوشۇنلىرىنىڭ قارشىلىقى ئەلۋەتتە
سۇندۇرۇلىدۇ، كورلا بىلەن قەشقەرنى ئازراق ئەجرە بەدىلىگە
بېسىۋالىمىز ـ دە، تۇرشاۋۇل قىسىملىرىمىز قەشقەرنىڭ ھىما-
يىسىز قالغان ئارقا سېپىگە ئۇدۇل بېسىپ كىرىدۇ» دەپ ئويلى-
شاتتى.
ئەسلىدە، داۋانچىڭ تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن، مانجۇلارنىڭ
دەرھال كورلىغا — بەدۆلەتنىڭ دارۇ سەلتەنەتىگە يەنىمۇ ئىلگىرى-
لەپ ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، نېمىشقىدۇر، ئۇلار
كورلىغا قىلىنىدىغان ھۇجۇم ۋاقتىنى قايتا ـ قايتا كېچىكتۈ-

رۇپ، تاكى كۆز پەسلىگە كەلگەندىلا، ئاندىن كورلىغا ئۆتۈش يولىنى تازىلاش ئۈچۈن، قاراشەھەرگە تېگىش قىلىش قارارىغا كەلگەندى.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ليۇ جىڭتاڭ ئاخىرى بەدۆلەتنىڭ قاراشەھەر ئالدىنقى سېپىگە ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇنىڭ ئاخىرقى قارارغا كېلىشىگە نىياز ھېكىمبەگنىڭ خوتەندىن چاقىلىق ئارقىلىق ئەۋەتكەن ئىككىنچى قېتىملىق مەخپىي مەلۇماتى تۈرتكە بولغانىدى.

«. . . زۇڭتۇڭ دارېن بىلەن قۇمۇلدا كۆرۈشۈپ لوپاشانى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈپ تاشلاش ھەققىدە ئوچۇق پەرمان ئالغاندىن كېيىن، — دېيىلگەندى نىياز ھېكىمبەگنىڭ خېتىدە، — كېچە ـ كۈندۈز شۇ ئىشنىڭ كويىدا بولدۇم. ئاخىر بۇ مەقسەتكىمۇ يەتتىم. لوپاشانىڭ يېقىن ئادەملىرىنى سېتىۋېلىپ، ئىچىدىغان مەجۇنىگە ئوغا ئارىلاشتۇرغۇزدۇم. ھازىرغۇ لوپاشا قارا تۇپراق ئاستىدا قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا يەم بولۇپ، چىرىپ ياتماقتا. ئەمما، كەمىنىلىرىدە نە لەشكەر، نە سەركەردە بولمىغاچقا، ئۇ-پۇل ـ توپۇل ھەرىكەت قىلالمىدىم. . .

ھېكىمخان تۆرە ئاقسۇدا لوپاشانىڭ ئورنىدا تەختكە ئولتۇر-دى. ھازىر كورلا بوشاپ قالدى. مۇبادا خاننىڭ ھەققانىيەتچى قوشۇنلىرى داخۇ تۇڭگانىينى قارا شەھەر ئەتراپىدا يوقىتالىسا، بۇ تەرەپلەردە ئەمدى خاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن مۇرە قويۇشالاي-دىغان ئادەم چىقمايدۇ. چوڭ بەگ بەچچە بەگقۇلبەگ بىلەن كى-چىك بەگ بەچچە ھەققۇلبەگ ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىپ تەپرىقە يۈز بەردى. ئاغىسى ئىنىسىنى سوغۇن چازىدا ئېتىپ تاشلىدى. بەگقۇلبەگ بىلەن ھېكىمخان تۆرە ئىككىسى ئىككى گۇرۇھ بو-لۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا ھەدەپ ئادەم توپلىماقتا. بۇلار تەھ-لىكە قارشىسىدا ئۆزئارا خالاسكارلىق قىلىشماقتا. مۇبادا بۇلار-نىڭ بېشىدىن تەھلىكە كۆتۈرۈلسە، ئۇ چاغدا ئۇلار تەسكىن تاپىدۇ ـ

دە، ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن تالاشقا چۈشىدۇ. شۇڭا، خاننىڭ
ھەققانىيەتچى قوشۇنلىرى قاراشەھەرگە تېزرەك تېگىش قىلمىسا،
پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالىدۇ! . . .

ئالدىنقى قېتىم ھۇشۇر خىتايى[1] ئارقىلىق ئەۋەتكەن مەكتۇ-
بىمدا: «ئاغا - ئىنىلەرنىڭ ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كۈتۈپ
تۇرايلى، ئۇلار بۇزۇلۇشقاندىن كېيىن تېگىش قىلساق، بىرلا
ئەجىر بىلەن مەڭگۈلۈك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دېگەنى-
دىم. ئەلھال، ئىنشائاللا، بىز كۈتكەن بۇ پەيت ئاخىرى يېتىپ
كەلدى. قالغان ئىشنى جانابلىرىنىڭ ھىممىتىگە تاپشۇردۇم.
كەلگۈسىدە مەندەك ناتىۋان پېقىرنىڭ خاننىڭ تۇز ھەققىنى ئادا
قىلىش يۈزىسىدىن كۆرسەتكەن بۇ ئەرزىمەس ئەجىر - تۆھپىسى-
نىمۇ ھېسابقا ئېلىپ قويۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. . . نامە تامام
ۋەسسالام. ھىجرىيە 1294 - يىلى ماھى شەئباننىڭ ئون تۆتى.»

ليۇ جىڭتاڭ مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋېلىپلا، دەرھال چۇقۇرغا
يېتىپ كەلدى. مانجۇ قوشۇنلىرىمۇ ئۇ تۈزگەن پىلان بويىچە
ئۇرۇش قىلىپ، بەدۆلەتنىڭ لەشكەرلىرىدىن مىڭلاپ ئەسىر ئې-
لىپ، كۈنپېتىش تەرەپكە توختاۋسىز ئىلگىرىلەپ ماڭدى. ئىل-
گىرى، خاننىڭ قوشۇنلىرى ئىچكىرىدە ئېلىپ بارغان سان -
ساناقسىز ئۇرۇشلىرىدا پاراكەندە تۇڭگانىيلارنى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن
سەل بۇرۇنقى تەيپىنەمنىڭ چاڭموزلىرىنى پۈتۈن، پۈتۈن قوشۇن
بويىچە يېڭىپ كەلگەنىدى. ئادەتتە بۇنداق قانلىق جەڭلەرنىڭ
بىرىدىلا پۈتۈن ئۇرۇشنىڭ تەقدىرى ھەل بولۇپ كېتەتتى. ۋەھا-
لەنكى، ھازىر بەدۆلەتنىڭ ئۇرۇمچى — توقسۇن — تۇرپان ئۈچ-

---

[1] ھۇشۇر — بەدۆلەتنىڭ ئاسراندىسى. 1877 - يىل 4 - ئاينىڭ
15 - كۈنى. بەدۆلەت توقسۇندىكى ئەمرۇل ئۇمرا بارگاھىغا قىرىق
خېچىردا ھەربىي خىراجەت ئەۋەتكەندە، ھۇشۇر خىتايى
بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئېلىپ نەنسەنگە قېچىپ كەتكەنىدى.

بۇرجەكلىك رايونىغا ئورۇنلاشتۇرغان مۇنتىزىم ئارمىيىسى تېرد-
پېرەن بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇش بەدۆلەتنىڭ ھۆ-
كۈمرانلىقىدىكى كەڭ زېمىننىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ سوزۇلغان-
سېرى، قارشىلىق بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئاھالى-
نىڭ ياشلىرىدىن تارتىپ قېرىلىرىغىچە، پۈتۈن خەلق، پۈتۈن
ئۇلۇس بۇ ئۇرۇشقا مەجبۇرىي تارتىپ كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇ
ئۇرۇشتا ئادەم چۈشىنىش قىيىن بولغان تەرەپمۇ بار ئىدى.
مانجۇلارنىڭ قوماندانلىق بارگاھىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە بەزىلەر:
دۈشمەن تارمار قىلىندى، قانغا پاتۇرۇلدى. ئەمدى كەسكىن بىر
قېتىم زەربە بېرىلسىلا، ئۈزۈل - كېسىل غەلىبىنى قولغا كەل-
تۈرگىلى بولىدۇ دەپ ئويلىشاتتى. كەسكىن زەربىمۇ بېرىلدى،
ئەمما، دۈشمەننىڭ تارمار قىلىنغان قوشۇنلىرىنىڭ ئورنىغا يېڭى-
لىرى پەيدا بولدى. ئۇلارمۇ ئالدىنقىلىرىدەكلا ئۆلۈمگە دۈچ
كېلەتتى، نابۇت بولۇشاتتى. تەيپىنەمنىڭ چاڭموزلىرى ۋە ياكى
پاراكەندە تۇڭگانىيلارمۇ بۇ چەنتۇلاردەك مۇنداق شىددەت بىلەن
ئۇرۇشمىغان، بۇلاردەك ئوق يامغۇرىغا قارشى قەيسەرلەرچە كۆك-
رەك كېرىپ مېڭىپ، ئۆلۈمنى مەردانىلارچە قارشى ئالمىغان-
دى.

ھىماتچى قوشۇن ئىچىدە ئاتلىق كېتىۋاتقان ليۇ جىڭتاڭ
مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، داۋانچىڭ جېڭىدە ئون ئالتە مىڭ كىشى-
لىك مانجۇ قوشۇنىنىڭ ئالدىنى ئالتە كۈنگىچە بىر ئۆزى تەنها
توسۇپ تۇرغان قاسىم پولگانغا ئىختىيارسىز قايىل بولدى - دە:

— جەڭچى دېسە، مانا شۇنى دېسە بولىدۇ. بۇنداق قەيسەر
رەقىب بىلەن ئېلىشقان ئادەمنىڭمۇ ھاردۇقى چىقىدۇ، — دەپ
غۇدۇڭشۇپ قويدى.

تۇيۇقسىز «گۇمباڭ!» قىلىپ پارتلىغان توپ ئوقىنىڭ
زەربە دولقۇنى ليۇ جىڭتاڭنى ئات ئۈستىدىن يەرگە ئۆلاقتۇرۇپ
تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىگە قاتتىق ئاغرىق كىرىپ كەتتى -

دە، دەرھال ھوشىنى يوقاتتى. . .

× ×

قايدۇ دەرياسى يىراقتىكى يۇلتۇز تاغلىرىدىن جەنۇبقا قاراپ
ئېقىپ چىققاندىن كېيىن، سار ئۇسۇن داۋىنىدىن ئۆتۈپلا بىردىنلا
بۇرۇلۇپ شەرققە قاراپ ئاقاتتى. قارامۇدۇن[①]دېگەن يەرگە كەل-
گەندە، يەنە جىددىي بۇرۇلۇش ياساپ، جەنۇبقا قاراپ يېيىلاتتى.
بۇ يەردە دەريانىڭ يۈزى بىر چاقىرىمدەك كېلەتتى. سۇ دولقۇنلى-
رى بىر - بىرىنى قوغلىشىپ غايەت زور دولقۇن ھاسىل قىلىپ،
خۇددى قۇترىغان بوقىدەك قىرغاققا غالجىرلىق بىلەن ئۇرۇلۇپ،
شار - شۇر قىلغان ئاۋازلارنى چىقىراتتى. قىرغاققا ئۇرۇلغان
دولقۇنلار يەنە ئارقىغا قايتىپ كېلەتتى - دە، يېڭىدىن قوغلاپ
كېلىۋاتقان دولقۇنلارغا ئۇرۇلۇپ، ئاسمانغا بىر ئۆرلىگەندىن كې-
يىن يەنە شارقىراتمىدەك ئېتىلىپ چۈشەتتى. بىردەم كەڭ كۆل-
چەكلەرنى ھاسىل قىلىپ قېيىپ تۇرۇپ قالسا، بىردەم تۈپتۈز
ئېقىن ھاسىل قىلىپ، تېز ئىلگىرىلەيتتى، بىردەم تەرەپ - تەرەپتە
ئۇششاق ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىپ ئاقاتتى.

قارامۇدۇن — قايدۇ دەرياسىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقان
بىر قىشلاق ئىدى. ئۇ باغجاللاپ ئۆسكەن بىر تۈپ مىڭ يىللىق
قېرى قارىياغاچنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىدى. بۇ يەرنىڭ كۈنپې-
تىش تەرىپىدىكى خان خورا تېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان شورچۇق
دېگەن جايدا، قەدىمكى بىر بۇددا ئىستىقامەتگاھى — مىڭئۆي
خارابىيلىقى بار ئىدى.

بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرى بۇ يەرلەر تولىمۇ ئاۋات،

① قارامۇدۇن — موڭغۇلچە «قارىياغاچ» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەر
ھازىر خۇتۇنسۇمۇل ناھىيىسىگە قارايدۇ.

تولىمۇ روناق تاپقان بۇددا ئېلى — تېنگىت دۆلىتى ئىدى. تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى ئاتاغلىق بۇددا ئەللامەسى تاڭ سېڭ — تاڭ شۈەنزاڭ ئەنەتكەك ئېلىگە بۇددا نومى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، مۇشۇ بۇددا ئىستىقامەتگاھىغا چۈشۈپ ئۆتكەنىدى. بۇ قارىياغاچ شۇ چاغدىمۇ بار ئىدى.

× ×

ھەيۋەتلىك خان خورا تېغى قۇياش نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇر-غۇدەك پارقىراپ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. دەريا بويىغا ئۈچما راۋاقلىق بىر كاتتا ساڭرام[1]جايلاشقانىدى. راۋاقتىكى چېلىنىۋات-قان قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى يىراق - يىراقلاردىكى قىيالىقلاردىن جاراڭلىق ئەكس سادا قايتۇرۇپ تۇراتتى.

يىراقتىن تۆت - بەش يولۇچىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار-نىڭ تەقى - تۇرقى، كىيىنىشى، يۈرۈش - تۇرۇشى، سۆز - ھەرىكەتلىرى يۇچۇنلا ئىدى. قارىماققا، ئۇلار بۇ يەرلىك ئادەم-لەردىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇلار تېزلا ساڭرام ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى. ئارىسىدىن ئېگىزرەك، ئورۇقراق بىرسى سەل ھار-غاندەك قىلاتتى. ئۇ بۇ ساڭرامنىڭ ئۆزلىرى زىيارەت قىلماقچى بولغان بۇددا ئىستىقامەتگاھى ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلغاندىن كېي-يىن:

— يۈرۈڭلار، شاگىرتلىرىم، ئاچارى - ئۇستازلارنى زىيا-رەت قىلغاچ، ئۇل ئىستىقامەتگاھنى تاۋاپ قىلىپ، بۇددىنىا ھەق-قىگە دۇئا - تىلاۋەت قىلايلۇق، — دېدى.

---

① ساڭرام — بۇددا ئىبادەتخانىسى.

بۇ يولۇچىلار كۈنچىقىشتىكى تاڭ ئېلىدىن چىققان راھىب — تاڭ شۆەنزاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىدى. ئۇلار يارغولدىن چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، كۇمۇش تاغلىرىدا قاراقچىغا يولۇقتى، ئەمما جېنى ئامان قالدى، ئاندىن چوقۇ ئېلىدە كۆك تەڭرىدىن قۇت بولمىش بىلگە خاقان بىلەن گۈزەل تارىم تۈركان خاتۇنىنىڭ يۇرتقا بەرگەن نورۇز ئېشىغا داخىل بولدى ۋە بۇ ئەلنى زىيارەت قىلىپ دىمىنى ئېلىشتى. كۆڭلى سەل تەسكىن تېپىشقاندىن كېيىن، ئۇلار سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشكەنىدى.

ئۇلار ھەيۋەتلىك ساڭرام ئىچىگە كىرىپ تۇرۇۋىدى، بىر بىكسۇ چىقىپ [1] ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇلارنى ساڭرامنىڭ ئارقا سەينا-سىدىكى خىلۋەتگاھ — باش راھىب، ئاچارى تۇدۇم، سالى ئۇس-تازنىڭ ئالدىغا باشلاپ ماڭدى.

تاڭ شۆەنزاڭلار بۇددىھا ۋە[2]قۇنشىم پۇسار[3]، چىراغچى پۇسار[4]، دورىگەر پۇسار[5]، مايتىرى پۇسار[6]لارنىڭ ئالتۇن بۇت-لىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئىختىيارسىز ھۆرمەت تۇيغۇسىغا چۆمۈلدى. تاڭ شۆەنزاڭ بېشىنى ئېگىپ ئالقىنىنى پېشانىسىگە تۇتۇپ: «ئامىتابا، ئامىتابا» دەپ دۇرۇت ئوقۇغاندىن كېيىن، ئەتراپقا زەڭ سېلىپ قاراشقا باشلىدى. ھەشەمەتلىك قەسىر - سارايلار، ياسىداق تۈۋرۈكلەر ۋە بۇددىھا قىسمەتلىرىگە ئائىت

---

① بۇددا دىنىدا «راھىب» دېگەنلىك بولىدۇ.
② بۇددىھا — باش بۇت تاتھاگاتا.
③ قۇنشىم پۇسار — قۇتقۇزغۇچ بۇددىئاھ — ئاۋالوكىتېشۋارا.
④ چىراغچى پۇسار — ئۆتمۈش بۇددىھاسى دىپامكا.
⑤ دورىگەر پۇسار — بىغۇبار ئىقلىمىنىڭ بۇددىھاسى بىھاجيارا.
⑥ ماتىيرى پۇسار — كەلگۈسىنىڭ بۇددىھاسى.

رەڭدار، جۇلالىق تام رەسىملىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولغاندا، ھەيران بولغىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى. مۇشۇ تاپتا ئۇ كۆزلىرىگە زادىلا ئىشەنمەي قېلىۋاتقانىدى.

دەرۋەقە، بۇ مۆجىزاتلار خۇددى مەرۋايىت ۋە گۆھەرلەردىن ياسالغاندەكلا، بەكمۇ يارقىن، بەكمۇ رەڭدار بولۇپ، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغاندەك يالتىراپ تۇراتتى. ئەتراپتىكى ئىسرىقدانلاردىن چىقىۋاتقان مۇشكى - ئەنبەرنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرى دىماغنى ياراتتى. ئۇستىدە يامغۇر تامچىلىرى سىمابتەك لىغىرلاپ تۇرغان ياپيېشىل قارىغايلار ئۇچما راۋاقتا سايە تاشلاپ تۇرسا، باغجاللاپ ئۆسكەن قارىياغاچلار سارايىنى بۇلۇتلار ئارىسىدا تۇرغاندەك قىلىپ مۇھاپىزەت قىلىپ تۇراتتى. قۇياش نۇرى سارايغا چۇشۇش بىلەن ئۇ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى. لەنگەر، تۇۋرۇك ۋە لىم - ۋاسىلارغا تۇرلۇك نەقىشلەر ئويۇلغانىدى. دېرىزە - ئىشىكلەرگە، لەنگەر - تۇۋرۇكلەرنىڭ ئارىسىغا سېرىق يىپەكتىن دەرپەردىلەر تارتىلغانىدى. مەسىلە — مەرۇپ قىلىنغان چاغلاردا، ساڭرامنىڭ ئىچى - تېشى ئىخلاسمەن ئەر - ئايال تەمىرچى - ساخاۋەتچىلەر بىلەن لىق تولۇپ كېتەتتى. دەرەخزارلىقتا بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ سايراشسا، دەريا ياقىسىدىكى يېكەنلىك ئارىسىدا چاڭقىغان تۇرنىلار ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش ئۇچۇن ئۇزۇن تۆمۈر تۇمشۇقلىرىنى پات - پات سۇغا پاتۇرۇشاتتى. ئەتراپتا رەڭگارەڭ گۇللەر ئېچىلغان بولۇپ، تەرەپ - تەرەپتىكى پەنجىرەلەردىن ساراي ئىچىگە خۇشپۇراق چېچىپ تۇراتتى. ئۇچما راۋاقلار قارلىق چوققىلار بىلەن بوي تالاشقاندەك ئېگىز كۆرۈنەتتى. پەنجىرلىك ئىشىكلەر ئىخلاسمەن تېۋىنغۇچىلارغا كەڭ قۇچاق ئاچقاندا، غۇر - غۇر شامالدا دەر پەردىلەر لەرزان قايرىلىپ، ساراي ئىچىدە يېنىك ئۇچاتتى.

ساڭرامنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تىلاۋەتخانىنىڭ ئۇچما

راۋاقلىرى تىپىك توخار[1] ئۇسلۇبىدا كۆركەم قىلىپ ياسالغانىدى. ئىبادەتخانىنىڭ كەينىدە تۆت قاتار سارىكا[2] مۇنارىلار توپى بار ئىدى. ئەتراپتا ئۆسكەن ئەمەنلەر ئادەم چۆكۈرەتتى. كۈنچىقىش تەرەپ بىلەن كۈنپېتىش تەرەپتە راھىب — بىكسۇ ۋە بىكسۇنىلار[3]نىڭ ياتاقخانىسى بار ئىدى. شۈەنزاڭلار بۇ ساڭرامغا زىيارەتكە كەلگەن-دە، بۇ يەردە ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن تۆت يۈزدەك بىكسۇ ۋە بىكسۇنى بار ئىدى. تاغ تەرەپتە ئالدى بىلەن ئاياغ تەرەپكە قارىتىلىپ كۆتۈرمە قىلىپ سېلىنغان بىر ساراي بار ئىدى. بۇ ساراي تىلاۋەتخانە بىلەن تام ئارقىلىق ئايرىۋېتىلگەنىدى. سەينا-نىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تاشتىن ياسالغان بىر كۆل بولۇپ، ئۇنىڭدا نىلۇپەر، نەرگىس قاتارلىق سۇ گۈللىرى بولۇق ئۆسكەنىدى. تامنىڭ سىرتىدىكى تاغ باغرىدا خارابىيلاشقان بىر توپ كېمىر ئۆيلەر بار ئىدى. تاملىرىنىڭ ئىستا قارىداپ كەتكەنلىكىگە قا-راپ، بۇ كېمىرلەرنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى تەخمىن قىلىش مۇمكىن ئىدى.

بىكسۇ تاڭ شۈەنزاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى — ئاچارى تۇدۇم سالى ئۇستازىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى.

— ئامىتابا! — دېدى ئۇ ئالقىنىنى پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، ئۇستاز جۈەككىنە، مويسىپىت بىر ئادەم ئىدى، — مەرھابا، مەرھابا! پۇسارلار، ھارمىغايلا، قېنى، يۇقىرى ئۆتۈش-سىلە! يۇقىرى ئۆتۈشسىلە!

تاڭ شۈەنزاڭ بۇددا قائىدىسى بويىچە تەزىم بىجا كەلتۈرگەن-

---

[1] تۇخار — توخرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قاراشەھەرنىڭ قەدىمكى ئاھالى-سىنىڭ نامى. ئۇلار ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى-دىن بىرى ئىدى.

[2] سارىكا — ئاتاغلىق بۇددا ئاچارىلىرىنىڭ سۆڭەك كۈلى ساقلىنىدى-غان مۇنارلار.

[3] بىكسۇنى — ئايال راھىب، راھىبە.

ـدىن كېيىن، ئاچارىنىڭ چەپقول تەرىپىدىكى كۆرسقا ئولتۇردى.
ھەمراھلىرى بولسا، ئۇنىڭ يېنىدىكى كۆرسلاردا ئولتۇرۇشتى.
تاڭ شۋەنزاڭ ئۆزلىرىنىڭ كۆنچىقىشتىكى تاۋغاچ ئېلىدىن
كەلگەن راھىبلار ئىكەنلىكىنى، كۆنپېتىشتىكى ئەنەتكەك ئېلىگە
بۇددا نوم ـ سۇترالىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ،
ئۇلۇغ چۇقۇ ئېلىدە بۇ بۇددا ئىستىقامەتگاھى توغرىسىدا نۇرغۇن
گۈزەل تەرىپىلەرنى ئاڭلىغانلىقىنى، ئۆزلىرىدە قوزغالغان زىيا-
رەت قىلىپ كۆرۈپ بېقىش ئىستېكىنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ يەرگە
كېلىپ قالغانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ھېلىقى
ئاچارى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئامىتابا! ئامىتابا!» دەپ قايتا ـ
قايتا ئېھتىرام بىلدۈردى.
ئۇلار تاغدىن ـ باغدىن پاراڭ سېلىشقاچ، بىردەم ئولتۇرۇش-
تى. شۇ ئەسنادا، ئاشچى بىكسۇ كىرىپ تاماق تەييار بولۇپ
قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.
— مەرھابا، مېھمانلار! غىزالىنىپ ئارام ئېلىشقايلا. كەمى-
نىلىرىنىڭ ئېتىكاپ ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا ھەرقايسىلىرى
بىلەن بىللە بولالمايدىغان بولدۇم. كۆپ ئۆزرىلىكمەن، كەچۈرۈ-
شەرلا، ئەتە كەمىنىلىرى ھەرقايسىلىرىنى باشلاپ ئۇل بۇددا ئىس-
تىقامەتگاھىنى زىيارەت قىلدۇراي، مەرھابا!
— يوقسۇ، يوقسۇ! جۇۋاپ كەتمىگەيلا! — دەپ تۇزۇت
قىلدى تاڭ شۋەنزاڭ.
ئەتىسى، تاڭ شۋەنزاڭلار ئاچارى تۇدۇم سالى ئۇستازىنىڭ
ھەمراھلىقىدا ساڭرامىنىڭ تىلاۋەتخانىسى بىلەن ئىتىكاپخانىسىنى
زىيارەت قىلىشتى. ئۇلار تام رەسىملىرى سىزىلغان ئۇزۇن دەھ-
لىز ئىچىگە كىرگەندە، تامدىكى «بۇددىھا قىسمەتلىرى» سەرلەۋ-
ھىلىك تام رەسىملىرىنى كۆرۈپ، تۆنۈگۈنكىدىنمۇ بەكرەك ھەي-
رانۇ ھەس بولۇپ قېلىشتى.
— بۇ — «ئالەم ۋە بۇددىھا» دېگەن رەسىم بولىدۇ، —

دەپ چۈشەندۈردى ئاچارى، — بۇ ھېكايەتتە ھېكايە قىلىنىشىچە، بۇددىھا ئەسلىدە سىبى ئېلىنىڭ پادشاھى ئىكەن، ئۇ ھەق يولىدا ساخاۋەت يۇرگۇزۇش ئۇچۇن، مەملىكەت بويىچە ئالتە يەردە ساخاۋەتخانە قۇرۇپ، يېتىم - يېسىر، مۇساپىر - ماكانسىز بىچارىلەرگە خەير - ساخاۋەت ئىشىكلىرىنى يوغان ئېچىپتۇ. پادىشاھ سىبى ھەر ئاينىڭ 8 -، 14 - ۋە 15 - كۈنلىرىدە ساخاۋەت ئىشلىرىنىڭ كېتىپ بېرىشىنى كۆزەتكىلى چىقىدىكەن. ئۇ بۇ ئىشلارغا زادىلا قانائەت ھاسىل قىلماپتۇ - دە، «پۈتۈن ساخاۋەتلىرىم بەدىنىمنىڭ سىرتىدىكى دۇنيا - ماللىرىم ئىكەن. مەن قانداقمۇ ساۋاپ تاپاي؟» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ: «كىم مەندىن نېمە خالىسا، مەيلى مالاي بولۇشۇمنى، مەيلى تېنىمدىكى گۆشۇمنى ۋە ھەتتا كۆزۈمنى تىلىسە، ساخاۋەت يولىدا شۇ كىشىنىڭ ھەرقانداق تىلىكىنى ئىجابەت كەلتۇرگەيمەن!» دەپ جاكارلاپتۇ.

ئۇ تازىلىنىپ، ئۆزىگە ئىپار - ئەنبەر سېپىپ، ساخاۋەت - سەدىقە سورىغۇچىلارنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بۇنى ئاسمان تەڭرىسى ئىندىرا ئاڭلاپ، پادىشاھ سىبىنى قارىغۇ براخمان سىياقىغا كىرىپ بىر سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ. ئۇ سىبىغا: «مەن كۆزۈمدىن ئايرىلغان ناتىۋان بىر قېرى. سىزنى كۆز چەشمىڭىزدىن بىرنى ئاتا قىلارمىكىن دەپ قېشىڭىزغا كېلىشىم...» دەپتۇ.

پادىشاھ راسا ساۋاپ تاپىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپ: «بولىدۇ بوۋا، ھېلىغۇ مېنىڭدىن بىر كۆز چەشمەمنى تىلەپ كېلىپسىز، ئىككىسىنى دېسىڭىزمۇ، بېرىمەن!» دەپتۇ ۋە ئوردا ئەمچىسى ھېيگانى چاقىرتىپ كۆزلىرىنى ئويۇشنى بۇيرۇپتۇ. سەركەردە، خانىكە، ئەكابىر - ئەشرەپلەر، بەگ - بېگاتلار كېلىپ، ئۇنى توسۇپ يالۋۇرۇپتۇ. يىغلاپ قوشاقلار قېتىپتۇ. پادىشاھ سىبى ئىرادىسىدىن زادىلا قايتماپتۇ. ئوردا ئەمچىسى ئىلاجسىز ئۇنىڭ ئىككى كۆز چەشمىسىنى ئويۇپ، ھېلىقى قارىغۇ براخمانغا بېرىپ-

تۇ. براخماننىڭ كۆزلىرى دەرھال ئېچىلىپتۇ. پادىشاھ ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ، ئىبادەتتە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قىلغان ساخاۋىتىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، ئاسمان تەڭرىسى ئىندىرانىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كېتىپتۇ. ئۇ، پادىشاھ سىبىنىڭ ساداقەتمەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ زېمىن كۆزىنى ھەدىيە قىلىپ بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ پادىشاھ سىبىنىڭ يېڭىۋاشتىن ئىككى كۆزى ئېچىلىپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ كۆزى ئادەتتىكى كۆزلەردىن بولماستىن، بەلكى ئالاھىدە زېمىن كۆزى ئىكەن...

— مانا بۇ رەسىم «مايمۇن شاھىنىڭ ھېكايىسى» غا ئاساسەن سىزىلغان، — دەپ چۈشەندۈردى ئاچارى تامدىكى بىر توپ مايمۇنلارنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇ بۇددىھا ھەققىدە كەڭ تارقالغان ھېكايەتلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، بۇددىھا ئاجانتا[1] ئېلىدە قابىل مايمۇن بولۇپ تۇغۇلۇپتۇ ۋە سەكسەن مىڭ مايمۇنغا پادىشاھ بوپتۇ. ھىمالايا تېغىدا ماكان تۇتۇشقان بۇ مايمۇنلار گانگ[2] دەرياسى بويىدىكى بىر ئاما[3] زارلىقىغا كېلىپ قاپتۇ. ئاما ناھايىتى ئوخشىغانىكەن. مايمۇن شاھ: «بۇ مېۋىلەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە بېشىمىزغا بالا كەلتۈرۈپ يۈرمىگەي» دەپ ئويلاپ، مېۋىلەر پۈرچاقتەك بولا - بولمايلا ھەممىسىنى مايمۇنلارغا يېگۈزۈۋېتىپتۇ. ئەمما، قويۇق شاخ ئارىسىدا تۇرغان بىر تال ئامىنى بولسا كۆرمەي قاپتۇ. بۇ ئاما راسا مەي باغلاپ پىشقاندا، شېخىدىن ئاجراپ دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا تۆۋەندىكى ئەلنىڭ پادىشاھى دەريادا بېلىق سەيلىسى قىلىپ

---

① ئاجانتا — ھىندىستاندىكى مەشھۇر بۇددا ئىستىقامەتگاھى.

② گانگ دەرياسى — ھىندىستاندىكى ئەزىم دەريانىڭ نامى. ئۇ تىبەتتىن ئېقىپ چىقىدۇ.

③ ئاما — ئىسسىق بەلباغ مېۋىلىرىنىڭ نامى. «ماڭگو» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

يۈرگەنىكەن. بۇ ئاما ئېقىپ بېرىپ ئۇنىڭ تورىغا ئىلىنىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى يەپ كۆرسە، تەمى بۆلەكچىلا شېرىن بىر مېۋە ئىكەن. ئەمما بۇ مېۋىنىڭ قانداق مېۋە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېمە بىلەن دەريا بويلاپ يۇقىرىسىغا يۈرۈش قىپتۇ. ئۇلار دەرەخ شاخلىرىدا يۈرگەن ھېلىقى بىر توپ مايمۇنلارنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، مېۋىلەرنى يەپ تۈگىتىۋەتمىسۇن دەپ مايمۇنلارنى ئوقيا بىلەن ئېتىشقا باشلاپتۇ، قوغلاپتۇ. مايمۇنلار ئاخىرى ئادەمزاتنىڭ قور- شاۋىغا چۈشۈپ قاپتۇ. مايمۇن شاھ ئۆز قوۋمىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، پۈتىنى ئەشكەن چىۋىقلار بىلەن دەرەخكە باغلاپ، تېنىنى مايمۇنلارغا كۆۋرۈك قىلىپ بېرىپتۇ. مايمۇنلار «كۆۋرۈك» نى دەسسەپ نېرىقى قىرغاققا ئۆتۈپ نىجاتلىق تېپىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، مايمۇن شاھنىڭ بىر دۈشمىنى كىچىك بىر مايمۇن سىيا- قىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ توپىغا قوشۇلۇۋالغانىكەن. ئۇ يىراقتىن- كى بىر شاختىن بارلىق ئېغىرلىق بىلەن مايمۇن شاھنىڭ بىلىگە سەكرەپ، ئۇنى دەرياغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ.

بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئادەمزات پادىشاھى: «ھايۋان چېغىدا بۇنداق جانپىدالىق كۆرسىتىپ باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئۆزىنى ئايىمايدۇ. بىز ئادەمغۇ؟» دەپ تەسىرلىنىپتۇ ـ دە، مايمۇن شاھنى سۇپىغا ئېلىپ ياتقۇزۇپتۇ، ئۇستىگە دورىلانغان تېرىنى يېپىپتۇ، مىڭ قېتىم تازىلاپ، مەلھەملەرنى سۇرتۇپتۇ، شېكەر سۇيىنى قىيام قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىچۈرۈپتۇ. مايمۇن پادى- شاھى سەل ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەمزات پادىشا- ھى: «مايمۇنلارنىڭ ھەممىسى تېنىڭىزنى كۆۋرۈك قىلىپ نېرىقى قىرغاققا ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كەتتى. بىلمىدىم، سىز مايمۇن شاھ ئۈچۈن ئەھلىي جىنسىڭىز نېمىدېگەن ئەزىز؟» دەپتىكەن، مايمۇن پادىشاھى: «نام، سەلتەنەت، بايلىق، قوشۇن ۋە شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھلار ئۈچۈن ھېچنەرسە ئەمەس. ئۆز جىنسىم ئامان بولسىلا، ئۇلار مەن ئۈچۈن تۈگىمەس ـ پۈتمەس

بەخت ـ سائادەت كەلتۈرىدۇ» دەپتۇ ـ دە، قازا قىلىپ كۆزىنى مەڭگۇ يۇمۇپتۇ. ئادەمزات پادىشاھى ئۇنى پادىشاھلارچە كاتتا دەپنە قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمۇ ھىدايەت يولىنى تۇتۇپتۇ...

ئاچارى تۇدۇم سالى پۈتۈن دەھلىزىدىكى تام رەسىملىرىنى مۇشۇنداق ئېرىنمەي ـ زېرىكمەي چۈشەندۈرۈپ سۆزلەپ بەردى. ئۇلار دەھلىزىدىن چىققاندىن كېيىن، ئوتتا ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن ھېلىقى كېمىر ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كېلىشتى.

— بىلمىدىمكى، ئۇستاز، — دەپ سورىدى ئاچارىدىن تاڭ شۈەنزاڭ تەئەججۈبلەنگەن ھالدا، — بۇ ئىستىقامەتگاھنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى نېمە ۋەجىدىنكىن؟

ئاچارى تۇدۇم سالى بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— بۇنىڭدىن ئىككى يۈز يىل مۇقەددەم، ئۇلۇغ چىن تېمى[1]نىڭ نېرىسىدىكى داكچىن[2] ئېلىنىڭ خانى[3] ئۆزىنىڭ بىر قاراقچى سانغۇنىنى يەتمىش مىڭ لەشكەر بىلەن ئۇلۇغ ئۇستازى، ئاچارى كومراجىۋا[4]نى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن كۇنپېتىمىشتىكى كۇسەن[5]گە ئەۋەتىپتۇ. ئەمما، ئۇلارنى بۇ ئەلنىڭ يېقىن قوشنىسى بولغان كېنگىت ئېلىدىكىلەر توسۇۋاپتۇ.

---

① ئۇلۇغ چىن تېمى — «سەددىچىن سېپىلىنىڭ تارىختىكى نامى.

② داكچىن — بۇ يەردە ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى (350 — 394) كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ھازىرقى شىئەن شەھىرىنى پايتەخت قىلغان.

③ فۇجيەن (317 — 355) كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇ ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى (351 — 355) ئىدى.

④ كۇمراجىۋا (344 — 413) كوشان شاھزادىسى. مەشھۇر ئاچارى. ئۇلۇغ ئاغىلىق نوم ئۇستازى. بۇددا ئالىمى. ئاتاغلىق تەرجىمان. چاڭئەندە بۇددا تەرىقەتلىرىنى تەرغىب قىلغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

⑤ كۇسەن — كۇشان، غەربىي يۇرتتىكى مەشھۇر بۇددا ئېلى. ھازىرقى كۇچا.

كېنگىت پادىشاھى ناگاراجىۋا[1] كۆنچىقىشتىكى قوشنىسى چۆتو ئېلى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارغا قاتتىق ۋە قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ.

— سىلى دەۋاتقان قاراقچى سانغۇننىڭ ئىسمى تارىخنامىلەر-دە «لۇيگۇاڭ»[2] دەپ ئاتالغان، — دەپ لوقما سالدى شۈەنزاڭ.

كېنگىت — كۇسەنگە ئۆتىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان مۇھىم ئۆتكەل ئىدى. بۇ ئۆتكەلنى تارتىۋالماي تۇرۇپ، كۇسەنگە ئۆتۈش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ھىيلىقى قاراقچى سانغۇن كېنگىت پادىشاھى ناگاراجىۋا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە يول بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇنى ئالداپ بېقىپ-تۇ، ئۇنىڭغا دوق قىلىپ، تەھدىت سېلىپمۇ بېقىپتۇ. ئىش قىلىپ، ئۆزى بىلگەن قاتتىق - يۇمشاق ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممى-سىنى ئىشقا سېلىپتۇ. ئەمما، ناگاراجىۋا كۆنپېتىشتىكى قېرىن-داشلىرىنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ زور ئىشتا قىل-چىمۇ بىخۇدلۇق، نادانلىق قىلماپتۇ. چۈنكى، ئۇ: بۇ مېھماننى ئۆيگە باشلىماق ئوڭاي بولغىنى بىلەن ئۇنى كەتكۈزۈۋەتمەكنىڭ ئۇنچە ئوڭاي بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىكەن.

كۆنپېتىشتىكى شاپىلاقتەك بىر كىچىك ئەلنىڭ كۆنچىقىش-تىكى داكچىنىدەك مۇنداق چوڭ بىر ئەلنى مەڭسىتمەيۋات-قانلىقىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن بۇ قاراقچى سانغۇن كېنگىتنى قاتتىق ۋەيران قىلىپ تاشلاش قارارىغا كېلىپتۇ.

ئۇ، لەشكەرلىرىگە باغراش كۆلىنىڭ قومۇشلىرىنى پاك - پاكىزە ئورۇۋغۇزغاندىن كېيىن، توشۇتۇپ ئەكەلدۈرۈپتۇ - دە،

---

[1] ناگاراجىۋا — كېنگىت پادىشاھلىرىنىڭ ئۇنۋان نامى. سانسكرىچە «ئەجدىھا» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

[2] لۇيگۇاڭ (337 — 339) — ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ پادى-شاھى فۇجيەننىڭ سانغۇنى. ئۇ كېيىن لياڭ پادىشاھلىقى (386 — 399) نىڭ پادىشاھى بولغان.

كېنگىتتىكى قەسىر ـ ساراي، ئىبادەتخانا ـ ساڭرام، ھويلا ـ
ئارامىلارنىڭ ئەتراپىغا تاغدەك دۆۋىلەتكۈزۈپتۇ. ئاندىن ئوتقاشنى
ئېلىپ، بۇ قومۇشلارغا ئۆز قولى بىلەن ئوت تۇتاشتۇرۇپتۇ...

تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى
ئاچارى، — شۇ كۈنى، «ئەجدىھا شەھىرى» دەپ ئاتالغان كېند-
گىت ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان. ئۇلۇق ئوت قىرىق كۈنگىچە كۆيۈپ
تۇرغان. ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ئىس ـ تۈتەكلەر دەستىدىن قىرىق
كۈنگىچە كۈننىڭ دىدارىنى كۆرۈش مۇمكىن بولمىغان. رىۋايەت-
لەردە دېيىلىشىچە، ئوتنىڭ ئىچىدىن بىر ئەجدىھا بۇلۇتقا ئۆرلەپ
چىقىپ، ھېلىقى قاراقچى سانغۇننىڭ قوشۇنلىرىنى قاتتىق پارا-
كەندە قىلغانمىش...

بۇ ۋەھشىيلىكلەر ھەققىدىكى ھېكايەتنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان
تاڭ شۆەنزاڭ مۇشۇ تاپتا ئاشۇ قانلىق ئۆتمۈش توغرىسىدا ئاچارى
تۇدۇم سالى ئەمەس بەلكى كۆز ئالدىدىكى مۇشۇ خارابىلىق
ئۇنىڭغا شىكايەت قىلىپ بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇ: «ھەي
ئىسىت! ھەي ئىسىت!» دەپ، ئۇ قانلىق ئۆتمۈشكە لەنەت ئوقۇ-
ماي تۇرالمىدى.

— بۇ قاراقچى سانغۇن كېنگىتنى ئوت ۋە قان دېڭىزىغا
ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەي كۈسەننى بېسىۋاپتۇ[1]،
ئۇلۇغ ئاغىلىق نوم ئۇستازى، ئاچارى كومراجىۋانى كۆشۈك
ھارۋىغا سېلىپ تاۋغاچقا ئېلىپ كېتىپتۇ، ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ
ئۇستاز داكچىن ئېلىدە ئەللىك يىلدىن كۆپرەك تۇرۇپ، ئۇ
ئەلنىڭ ئادەملىرىنىڭ دىلىغا بۇددا ھەقىقەتلىرىدىن ئىلىم سالغا-
نىكەن...

— بەرھەق، بەرھەق، — دەپ ئاچارىنىڭ سۆزىنى تەستىق-
لىدى تاڭ شۆەنزاڭ، — بىزنىڭ ئەلدە بۇددا تەرىقەتلىرىنىڭ

---

① لۈي گۋاڭنىڭ قوشۇنلىرى كېنگىتنى يەڭگەندىن كېيىن مىلادى
353 ـ يىلى كۈسەننى بېسىۋالغانىدى.

هازىرقىدەك روناق تېپىشى شۇ ئۇلۇغ ئاغىلىق بۇددا نوم ئۇستازد-
ىنىڭ ئاساس سېلىشىدىن بولغان. مۇبادا، ئاچارى كومراجىۋا
بولمىغان بولسا، ئۇ ئاتمىش مىڭ جىلدلىق بۇددا نوملىرىنى
تاۋغاچ تىلىغا ئاغدۇرۇپ[1] دىلىمىزنى يورۇتمىغان بولسا، جاھالەت
ئىچىدە قاچانغىچە تىمىسقىلاپ يۈرەتتۇقكىن تاڭ؟
— تاۋغاچلىقلارغا بۇددا تەرىقىتىنى ئۆگەتكەن، ئۇلارنى ئا-
قارتىپ، ھىدايەتكە باشلىغانلار يالغۇز كومراجىۋالا ئەمەس، يەنە
كۇسەنلىك بۇددۇچىنگا[2] بىلەن كېنگىتلىك شاكرا تاۋان[3] قاتارلىق
كۆپلىگەن بۇددا نوم ئاچارى - ئۇستازلىرىمۇ بار، — دەپ ئەس-
كەرتىپ قويدى ئاچارى تۇدۇم سالى.
— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى شۇەنزاڭ، — بىز تاۋغاچ-
لىقلار بۇ ئۇلۇغ ئاغىلىق نوم ئۇستازلىرىنىڭ شەپقىتىنى ئەبەدىل -
ئەبەت ئۇنتۇپ قالمايمىز! . . .
— شۇنداق، خەلقىمىزمۇ ھېلىقى سانغۇندەك دوزاخ يۇتقۇر
قاراقچىلارنى مەڭگۇ ئۇنتۇلۇپ قالمايدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاش-
تۇردى ئاچارى تۇدۇم سالى، — شۇ قېتىمقى پاراكەندىچىلىكتە
قاراقچى سانغۇننىڭ قوشۇنلىرى بۇ يەردىكى دۇنيا - دەپىنىلەرنىڭ
ھەممىسىنى پاك - پاكىزە بۇلاپ كەتتى. ئۇلار ھەتتا، مۇقەددەس
ئىستىقامەتگاھلاردىكى ئالتۇن بۇتلارنى، ئالتۇن بىلەن يېزىلغان

---

[1] «جىننامە. خاتىرىلەر» دە: «بۈگۈنكى كۈندىكى نوملارنىڭ ھەممى-
سى كومراجىۋا تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان» دېيىلگەن.

[2] بۇددۇچىنگا يەنى بۇددۇچىڭا (232 — 348) — كۇسەنلىك ئاتاغ-
لىق بۇددا ئالىمى، بۇددا پەيلاسوپى. كېيىنكى جاۋ پادىشاھلىقى
(319 — 351) مەزگىلىدە بۇددا تەرىقەتلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن
ئىچكىرىسىگە بارغان.

[3] شاكرا تاۋان (314 — 385) — قاراشەھەرلىك ئاتاغلىق بۇددا
ئالىمى، بۇددا پەيلاسوپى. كېيىنكى جاۋ ۋە ئالدىنقى چىن پادىشاھ-
لىقى مەزگىلىدە، بۇددا تەرىقەتلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن چاڭئەن
(ھازىرقى شىئەن) گە بارغان ۋە شۇ يەردە ئۆلۈپ كەتكەن.

تۇمەن جىلد نوم ـ سۇترالارنى، راھىب ـ ئاچارىلارنىڭ كۇلاھۇ ـ
كاسايا[1]لىرىنىمۇ بۇلاپ ـ تالاپ، ھەممىسىنى سىيرىپ ـ سۇپۇ-
رۇپ ماڭغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا ساڭرامىلارغا ئوت قويۇۋېتىش-
تى. قاراقچى سانغۇن كۇسەننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، لەشكەر-
لىرىگە كۇسەننى قىرىق كۈنگىچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغۇزدى.
ھەرخىل ئوردا بېساتلىرى، قىممەتلىك زىبۇزىننەتلەر، نەزرە ـ نۇز-
رەت جابدۇقلىرى، بىناكارلىق ئۆلگە ـ نۇسخىلىرى قاتارلىق
بىباھا مال ـ دۇنيانى ئىككى تۇمەن تۆگىگە ئارتقۇزۇپ تاۋغاچقا
ئېلىپ كەتتى. بۇنى ئاز دەپ، كۇسەن، كېنگىت ئەتراپلىرىدىكى
ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، راھىب ـ ئاچارى، مۇنەججىم ـ پالچى،
مۇغەننە ـ سازچى، پېرىخون ـ باخشى قاتارلىق ھەر ساھە، ھەر
كەسىپتىكى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماستىن تۇت-
قۇن قىلىپ، تاۋغاچقا ھەيدەپ ئېلىپ كەتتى. . .
— كېيىنكى چاغلاردا، — دەپ ئاچارىنىڭ سۆزىگە لوقما
سالدى شۇەنزاڭمۇ، — چاڭئەندە تەختكە ئولتۇرغاندا، لۇي گۇاڭ-
نىڭ بېشىغا كىيگەن تاجىمۇ كۇسەن خانىنىڭ تاجى بولغانىدى.
ئۇ ئېلىڭىزلەردىن بۇلاپ كەتكەن ئاشۇ بىھېساب بايلىق بىلەن ئۆز
ئوردىسىنى زىننەتلىگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نامىغا قازدۇرغان تاش-
كېمىرلەرنىڭ خىراجىتىگە مۇشۇ بايلىقلارنى ئىشلەتكەن. بىزدى-
كى مەشھۇر «تاۋغاچ ئەلنەغمىسى» مۇ دەل ئاشۇ چاغدا لۇي گۇاڭ
كۇسەندىن ئېلىپ كەلگەن «كۇسەن ئەلنەغمىسى» نى ئۆزىگە ئانا
كۆي قىلغانىدى. . .
تۇغلۇق تېمۇر خان[2]مەۋلانە ئەرشىددىن ناملىق بۇخارالىق بىر

---

[1] كاسايا — راھىب ـ ئاچارىلارنىڭ ئۈچىسىغا يۆگىۋالىدىغان پىرىجە-
سى.

[2] چاغاتاي ئەۋلادى. ئاقسۇدىكى دوغلات قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان.
1348 ـ يىلىدىن 1363 ـ يىلىغىچە چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىدە
ئولتۇرغان.

ئىسلام ئۆلىماسىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن مۇسۇلمان بولدى.

ئۇدۇن، كۇسەن، قاراشەھەر، قەشقەر ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى بۇددا ئىستىقامەتگاھلىرى تۇغلۇق تىمۇرنىڭ قولىدا يەنە بىر قېتىم ۋەيران بولۇش قىسمىتىگە دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ ئىسلام غازاتچىلىرى ئاشۇ جايلاردا ئىلىم مۇتالىئە قىلىنىۋاتقان بۇددا ئاچارىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىبتىكابخانىلىرىغا قاماپ تىرىك كۆمۈپ ئۆلتۈردى.[①] بۇلار بۇ مىڭئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان ئادەم ۋە ھايۋان رەسىملىرى «كېچىسى تىرىلىپ، ئادەملەرگە، ھايۋانلارغا زىيان سالىدۇ» دەپ، ئۇ رەسىملەردىكى ئادەم ۋە ھايۋاناتلانىڭ يۈزى ۋە كۆزلىرىنى ئويۇپ تاشلاشتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن. . . يەنە ئۇنىڭدىن كېيىن. . .

× ×

ئەمدى باشتىكى بايانىمىزغا كېلەيلۇق.

كىشىلەر قايدۇ دەرياسىنىڭ ئىككى قېتىغا جايلاشقان بۇ قىشلاقنى ئاشۇ مىڭ يىللىق قېرى قارىياغاچنىڭ نامى بىلەن

① فون. لېكوك ئۆزىنىڭ: «جۇڭگو تۇركىستاندا ساقلىنىۋاتقان گۆ-ھەرلەر» ناملىق ئەسىرىدە: «قان بىلەن داغلىنىپ كەتكەن كاسايا-لارغا ئورالغان راھىبلارنىڭ قۇرۇپ قالغان جەسەتلىرىنى كۆردۇق» ، «جەنۇبتىكى بىر تاشكېمىردە قورقۇنچلۇق بىر ئىشنى ئۇچراتتۇق. ئىشىكنى ئېچىشىمىز بىلەن تەڭلا، كەم دېگەندە يۈز-گە يېقىن بۇددا ئاچارىنىڭ دۆۋىلەپ قويۇلغان جەسىتىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ تېنىدە قورقۇنچلۇق جاراھەت ئىزلىرى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. بۇ جەسەتلەرنىڭ بىرىنىڭ بېشى چوققىسىدىن ئۇستىدىكى ئېڭەككىچە بىر قىلىچ بىلەنلا كېسىپ تاشلانغاندەك كۆرۈنىدۇ. » دەپ يازغانىدى.

قارامۇدۇن دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەنىدى. بۇ قىشلاقنىڭ سەل ئايى-
قىدا باخشىن كۇرە[1] دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاڭزا بار ئىدى. ئۇنىڭ-
غا قاراشەھەرلىك ئاقسۆڭەك ساغان دېلىك دېگەن بىر موڭغۇل
خوجايىنلىق قىلاتتى. كىشىلەر ئۇنى «ساغان زالىڭ» دەپ ئاتى-
شاتتى. مانجۇ خانى بۇ جاڭزىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەلمىر[2]
چاغانچېكە[3]، شىكشىن[4] قاتارلىق قىشلاقلارنى ئۇنىڭغا تارخانلىق
قىلىپ مۆھۈرلەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئورتاقچىلىرىدىن باشقا يەنە
يىگىرمە - ئوتتۇزدەك تارانچىسى[5] ۋە قويچىسى بار ئىدى.

ساغان زالىڭ ئەللىك ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇپ،
تەمبەل، ئېگىز بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ دىڭ تالىيىقىنىڭ ئاستىدىن
ئۇزۇن بىر ئۆرۈم چېچى ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزى تولىمۇ
قىزىل بولۇپ، ئىككى قۇلىقى پەسكە ساڭگىلىغان، دوقا ماڭلاي،
دورداي كالپۇك، يۈزىنى سۆسۈن رەڭ داغ قاپلىغان، كۆزلىرى
سارغۇچ ئىدى. ئۇنىڭ بۇرنى پاناق بولۇپ، گويا موڭغۇللارنىڭ
تەڭرىسى ئۆز قولى بىلەن مەقسەتلىك ھالدا ئۇنىڭغا بىر بەلگە
سېلىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇرنىدا ھاۋا بىما-
لال ئۆتۈشمىگەنلىكتىن، ئاۋازىمۇ تامىقىدىن چىققاندەك خىرقى-
راپ چىقاتتى، چىرايى زەپىران ئادەمدەك بۇزۇرۇپ كۆرۈنەتتى.
ئۇنىڭ ئۇستۇنكى چىشلىرى بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ
كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يىللىقچىسى ئەيسا تارانچىنىڭ سۆزى بويىچە
ئېيتقاندا، بۇ ئۇنىڭدىكى ئىنتايىن ئېغىر نۇقسان ئىدى. ئۇنىڭ

---

[1] باخشىن كۇرە — موڭغۇلچە «ئۇستاز كۇرەسى» دېگەنلىك بولىدۇ.
[2] شەلمىر — قاراشەھەر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان بىر
جاي. ھازىرقى خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ شەلمىر بوخ يېزىسى.
[3] ھازىرقى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىگە تەۋە يېزىلار.
[4] ھازىرقى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىگە تەۋە يېزىلار.
[5] تارانچى — موڭغۇل تىلىدا «بۇغداي تېرىيدىغانلار» دېگەن مەنىدە.

بوينى بۇقىنىڭ بوينىدەك سېمىز، گۆشلۈك ئىدى. ئۇنىڭ تەقى-تۇرقى تولىمۇ سەت، تولىمۇ بەت-بەشىرە بولغىنى بىلەن، جاھىللىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ مىجەزىنى بەك يامانمۇ دەپ كەتكىلى بولمايتتى.

زالىڭنىڭ ئالتۇن سېسىك[1] ئىسىملىك رېسىدە بولۇپ قالغان بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا بوي، زىلۋا كەلگەن، يۇمىلاق يۈز، قاپقارا شەھلا كۆزلۈك، تولىمۇ جەزبىلىك بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزى سەل چوڭدەك قىلاتتى. بىراق، ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەكلا چوڭ ئىدى. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ كۈلگەن ھامان، ياۋايىراق، ئەمما يېقىملىق بىر گۈزەللىك نامايان بولاتتى. بۇ قىز زالىڭنىڭ بىردىنبىر ئارزۇلۇق قىزى بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭدا بايلارنىڭ بالىلىرىدا بولىدىغان توڭلۇق، قوپاللىقتەك سوغ نەپەس خۇي يوق ئىدى.

زالىڭنىڭ قويچىلىرى ئارىسىدا، لوپنۇرنىڭ قاراقۇم دېگەن يېرىدىن مۇساپىر بولۇپ كېلىپ بۇ يەردە توختاپ قالغان يۈسۈپ دەيدىغان بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇنىڭ جاپا-مۇشەققەتتە پىشقان قاۋۇل گەۋدىسى، كۈچ-قۇۋۋەتلىك ئىككى بىلىكى، راستچىل، ئاق كۆڭۈل ئەمما شوخ مىجەزى زالىڭنىڭ قىزى ئالتۇن سېسىكتە تولىمۇ گۈزەل تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى... بولۇپمۇ ئۇنىڭ ياڭراق ناخشا ئاۋازى قىزنىڭ يۈرەك تارىنى يېنىشلاپ چېكەتتى.

يۈسۈپ يىگىرمىگە كىرگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك، بۇرۇتلىرى ئەمدىلەتىن خەت تارتقان، بويلىرى ئېگىز، كېلىشكەن بىر يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇما قاشلىرى ئاستىدا ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدە ھاياتىي كۈچ ۋە ئىللىقلىق يوشۇرۇنغانىدى. يۈسۈپ قويچى بولغىنى بىلەن، قىزنىڭ نەزەرىدە ئۇ پەقەت ئەركەكلەرگە خاس بولغان بىر خىل جەزبىلىككە ئىگە ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم

---

① ئالتۇن سېسىك — موڭغۇلچە «ئالتۇن گۈل» دېگەنلىك بولىدۇ.

يولۇقۇپ قالغاندا، قىزنىڭ يۈرىكى ئويناپ كېتەتتى؛ ئەمما، ئاتىسىنىڭ نەزەرىدە ئۇ «خوتۇن كۆن»[1] ئىدى. چۈنكى، ئاتىسى ئادەتتە «خوتۇن كۆن كۆن بېشى، ئېلجىگىن مال بېشى»[2] دېگەن موڭغۇل تەمسىلىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. بىراق، ئالتۇن سېسىكنىڭ قەلبىدە لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئىشىق ئوتى ئاتىسىنىڭ بۇنداق بىر تەرەپلىمىلىك خاتا قارىشى تۈپەيلىدىن ئازراقمۇ پەسەيـ-
گىنى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا ھەرقانداق بىر موڭغۇل يىگىـ-
تى ئاتا قىلالمايدىغان شاد - خوراملىقنى يۈسۈپ ئاتا قىلالايتتى.
بۇ — قىزنىڭ يۈرىكىدە تىنىماي ئۆركەشلەۋاتقان بىر خىل ھاياتـ-
لىق دولقۇنى ئىدى. يۈسۈپ بەزىدە بىرنەچچە كۈن كۆرۈنمەي قالىدىغان بولسا، ئالتۇن سېسىكنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، ئۆزىنى بىتاپتەك ھېس قىلاتتى، «چاسۇي، كۆك تېڭگىر! ئېن يامۇر سەخىن كۈۋۈنجېگى! »[3] دەپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇ «ئۇ-
نىڭ تېرىسى خۇددى ئىسلانغان ئات گۆشىدەك نېمىدېگەن قارا ۋە پارقىراق - ھە! — دەپ ئويلايتتى قىز ئۆز ئىچىدە — بۇ بەلكىم ئۇنىڭ ساغلام روھىدىن چېچىلىۋاتقان نۇر بولسا كېرەك! ئۇنىڭ تەبەسسۇمىنى مەشۇت يىپ بىلەن تاماكا خالتىسىغا گۈل قىلىپ كەشتىلەي، گۈل ئارىلىرىغا ئۆزۈمنىڭ پۈتۈن ئارزۇ - ئارمانلىـ-
رىمنى پۈتۈپ قوياي. . . »

«. . . شۇنداق، مەن دەل ئۇنىڭدىن بىر خىل نەرسىگە ئېرىشمەكتىمەن، — دەپ خىيال سۈرەتتى ئۇ، — ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، شېرىن بىر تۈيغۇ ئۇنىڭدىن مېنىڭ يۈرد-

---

① «خوتۇن كۆن» — موڭغۇلچە «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ كەمسىتىـ-
لىپ ئېيتىلىشى.

② موڭغۇلچە سۆز مەنىسى: «ئۇيغۇر دېگەن ئادەم ئەمەس، ئېشەك دېگەن مال ئەمەس.»

③ موڭغۇلچە سۆز مەنىسى: «ۋاي، كۆك تەڭرى، ئۇ نېمىدېگەن قاۋۇل - ھە! نېمىدېگەن بەرنا يىگىت - ھە!»

كىمگە يۆتكەلدى. . . ئۇھ، مېنىڭ بۇ تېنىم تاپماس شوخ يۈرد-
كىم تېخىمۇ شىددەت بىلەن سوقۇشقا باشلىدى. . . ۋاي، كۆك
تەڭرى، ئۇنىڭ سىماسىغا قاراش نېمىدېگەن بەخت ــ ھە! ھەتتا
نەپەسلىرىمۇ سىقىلىپ كېتىۋاتامدۇ؟ . . . »

شېرىن خىياللار قىزنىڭ كاللىسىنى رەڭدار قۇيۇندەك ئايلاندۇرۇ-
ۋەتكەنىدى. خۇددى ئېگىز خان خورا تېغىغا، تاغ باغرىدىكى تېگى
يوق ھاڭلارغا نەزەر سېلىپ قاراۋاتقان ئادەملەردەك، ئۇمۇ يىگىت-
كە مەجنۇنلارچە يېنىشلاپ قاراپ تويمايتتى.

ئۇلۇغلار: «ئىشىق ــ مۇھەببەت نومۇس قىلىدىغان ئىش
ئەمەس» — دەپ بىكارغا ئېيتمىغان. قىزنىڭ ھەر بىر قېتىم
يېقىملىق بېقىپ، ئوتلۇق قاراشلىرى ئاخىر يۈسۈپنىڭمۇ يۈرىكى-
گە ئىشىق ئوتىنى تۇتاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاخىر
تېپىشىپ قېلىشتى.

يۈسۈپ بەزىدە ئۆزىنىڭ ئالتۇن سېپىككە بولغان ئىشقىنى
قايدۇ دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ ئاستىدىكى ئاقار قۇمغا ئوخشىتىپ
قالاتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، ئىشىق ئوتى كۆرگەنلا ئادەمگە كۆرگەن-
لا يەردە تۇتۇشۇۋېرىدىغان يالغىن ئەمەس ئىدى. ئىشقىنى بارماق
ئارىسىدىن ئېقىپ چىقىپ كېتىۋاتقان قۇمغا ئوخشىتىش مۇم-
كىن. ئېقىپ كەتكەن قۇمنى قايتا تۇتىمەن دېمۇ تۇتقىلى بولماي-
دۇ ــ دە!

بىر كۈنى، يۈسۈپ قويلىرىنى ھەيدەپ ھېلىقى مىڭ يىللىق
قارىياغاچنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ قارىياغاچنىڭ ئاستى ئۇلارنىڭ
داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان پىنھان ماكانى ئىدى. دېگەندەك،
قىز ئۇنى قارىياغاچ تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغانىكەن.

قىز قارىياغاچنىڭ يېنىدا قولىنى قوينىغا سېلىپ بىر نېمە-
نى ئالدى ــ دە، ئۆزىنىڭ قىزلىق كۆكسىنىڭ ھارارىتى بىلەن
ئىللىغان كىچىككىنە بىر تۈگۈنچەكنى ئاشىقانە نەزەر بىلەن تىك-
لىپ يۈسۈپكە تۇتقۇزدى. يۈسۈپ بۇ سوۋغاتنى قوبۇل قىلىپ

ئېلىۋاتقاندا، ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ، قىزنى ھەيرەتتە قالدۇردى.

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى يۇسۇپ.

— مەن سىزگە ئاتاپ تاماكا خالتىسى تىككەنىدىم.

يۇسۇپ تارتىنىۋىراق ئالتۇن سېپىسكنى ئۆز باغرىغا تارتىپ سۆيمەكچى بولدى. بىراق قىز ئىككى قولىنى كۆكسىگە تىرەپ، چاققانلىق بىلەن ئارقىغا ئېگىلدى ـ دە، قورقۇمسىراپ ئەتراپقا قارىدى.

— خەق كۆرۈپ قالىدۇ!

— كۆرسە كۆرمەمدۇ!

— ئۇيۇلىمەن...

— دەسلەپ شۇنداق بولىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى يۇسۇپ.

.....

يىگىت قىزنىڭ بىلىكىنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى ـ دە، ئالدىغا تارتتى. قىز يىگىتنىڭ قۇچىقىغا يېنىك يىقىلدى.

— مۇ كۇۋۇنجېگى[1] دەپ تىللىدى ئالتۇن سېپىك يۇسۇپنى. بۇ چاغدا ئۇيالغىنىدىن قىزنىڭ يۈزى لاپپىدە ئوت ئېلىپ كەتكەنـ دەك بولۇپ قىزىرىپ كەتكەنىدى. يۇسۇپنىڭ قىزنىڭ مەڭزىنى ئالمىغا ئوخشاتقۇسى كەلدى ـ يۇ، دەرھال بۇ نىيىتىدىن ياندى. چۈنكى، ئالمىنىڭ جېنى يوق ئىدى؛ شەپەق نۇرىدا تاۋلىنىپ كۆرۈنگەن بۇلۇتقا ئوخشىتاي دېسە، بۇلۇت ئۇنىڭدەك ئىچچام، خۇشپىچىم ئەمەس ئىدى. بۇ ھەقىقەتەن يۈزى ئېچىلمىغان قىزـ لاردىلا بولىدىغان، قىزلارنىڭ ئۆزىگە خاس رەڭگىروي ئىدى. مۇشۇنداق چىرايى بولغاچقىلا، قىزلار ئۆزىنى يىگىتلەر ئالدىدا مەغرۇر تۇتالايدۇ ـ دە!

---

[1] «مۇ كۇۋۇنجېگى» — موڭغۇلچە سۆز. مەنىسى: «ۋۇي ئەسكى، يۈزى قېلىن!»

يۇسۇپ قىزنىڭ قولىدىن قارا مەخمەلدىن تىكىلگەن تاماكا خالتىسىنى ئالغاندىن كېيىن، خالتىنى تاماشا قىلدى. خالتىنىڭ جىيەكلىرى كالۋاتون يىپ بىلەن تىكىلگەن، خالتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېرىق مەشۇت يىپ بىلەن ئىككى قۇر موڭغۇلچە بېيىت كەشتىلەنگەنىدى.

يۇسۇپ موڭغۇلچە سۆزگە ئۇستا ئىدى. ئەمما قىزغا: «بېيىتنى ئۆزىڭىزنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاي!» دەپ تۇرۇۋالدى.

قىز يەرگە قارىغىنىچە، تاماكا خالتىسىغا كەشتىلەنگەن ھېلىقى بېيىتنى ئوقۇدى:

ئېندىردە ئورسۇن تەمكى،
خوجغۆردا ئورسۇن تەمكى.
ئالدىرجىئودسۇن سەنەگى،
خەرەلجىئاۋسۇن تەمكى![1]

بىر كۈنى، يېرىم كېچىدە يۇسۇپ ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ، ئالتۇن سېسىك ياتقان جولما[2]قېشىغا كەلدى - دە، ئون قەدەم نېرىدا توختاپ قالدى. جولما تەرەپتىن كۆل رەڭ ئادەم سايىسى يۇلقۇنۇپ چىقتى - دە، ئەگرى - بۈگرى مېڭىپ، ئاستا يۇسۇپ تەرەپكە قاراپ كەلدى ۋە ئىككى - ئۈچ قەدەم قالغاندا توختىدى. بۇ ئالتۇن سېسىكنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. يۇسۇپنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ، ئالدىغا بىر قەدەم تاشلىدى - دە، چاپىنىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ، ئوتتەك ئىسسىپ كەتكەن قىزنى باغرىغا چىڭ باستى.

---

[1] مەنىسى: «دۆڭدە ئۆسكەن تاماكا، ئويدا ئۆسكەن تاماكا، چېچىلىپ كەتكەن كۆڭۈلنى، يىغىۋالغان تاماكا!»

[2] جولما — قارا ئۆي، كىگىز ئۆي.

قىزنىڭ پۇتلىرى بوشىشىپ، ئىككى تىزى پۈكۈلۈپ قالدى، ھەممە ئەزايى تىترەپ، چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى. بۆرە بوغۇپ تاشلىغان قوينى يەردىن يۇلۇۋېلىپ، دۈمبىسىگە ئارتىۋالغاندەك، يۇسۇپمۇ قىزنى دەس كۆتۈردى ـ دە، چاپىنىغا ئوراپ ھاسىرىغىنىچە مېڭىپ كەتتى.

— ھەي، يۇ ـ سۇپ... يۇسۇپ!... دادام...

— جىم تۇرۇڭ، ئۈنىڭىزنى چىقارماڭ!...

يىگىتنىڭ قۇچىقىدا بۇغۇلۇپ نەپەس ئالالماي قالغان ئالتۇن سېسىك چىققىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلىپ، تىپىرلاپ باقتى. ئۇنىڭ قولىدىن چىقىشقا ئۇرۇنۇپ يۇلقۇنۇپ باقتى ۋە زارلىنىپ:

— قويۇۋېتىڭ! بولغۇلۇق ئىش بولدى... ئەمدى ئۆزۈم ماڭىمەن!... — دېدى.

× ×

قىزدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەر قىزنىڭ ئانىسىنىڭ نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. زالىڭ ئارزۇلۇق قىزىنىڭ قويچى يۇسۇپ بىلەن تېپىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، غەزەپلەنگەنلىكىدىن خۇددى قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك تاخلاپ كەتتى. ئۇ يۇسۇپنى قوي بېقىۋاتقان يېرىدىن ئېتىنىڭ ئالدىغا سېلىپ قامچىلاپ سۈرگەن پېتى باخشىن كۈرەدىكى جاڭزىسىغا ھەيدەپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ كۆدە ـ كۆرپىسىنى ئالدىغا ئېتىپ، ئۇنىڭغا شۇ زامان كۆزدىن يوقىلىشنى بۇيرۇدى.

بۇ ئىش يۈز بېرىپ، ئۇزاق ئۆتمەي مانجۇلار قاراشەھەرگە ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاپ، قەلئەنى تارتىۋالدى. ساغان زالىڭمۇ ئائىلى بىلەن قىزىنى ئېلىپ، باخشىن كۈرەدىكى جاڭزىسىدىن شەھەرگە قايتىپ كىردى.

بىر كۈنى كېچىسى، ئالتۇن سېسىكنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەي

ياتاتتى. ئارقا دېرىزە سىرتىدىن شىرىقلىغان بىر تىۋىش كەلدى - دە، كىمدۇر بىرسى: «ئالتۇن! ئالتۇن» دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ، چۆچۈپ كەتتى. يۈرىكى «گۈپ، گۈپ» قىلىپ سوقۇپ، قارا تەرگە چۆمۈلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر - ئىككى قەدەم مېڭىپلا دېرىزە ئالدىغا كەلدى.

— ئالتۇن سىپسىك...

«يۈسۈپ! مېنى ئىزدەپ كەپتۇ - دە!»

قىز قانداق قىلىشنى بىلمەي تېڭىرقىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. شۇئان دېرىزە ئالدىدا يۈسۈپنىڭ قامەتلىك گەۋدىسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

— ئالتۇن، قورقماڭ، بۇ مەن، يۈسۈپ! تالاغا چىقىڭ، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار!

قىز قورقۇپ، ھودۇققىنىدىن ئاتىسى بىلەن ئانىسى ياتقان تاشقارقى ئۆينىڭ ئىشىكىگە قارىدى. تاشقارقى ئۆيدىن ئاتىسىنىڭ خارقىرىغان خورەك ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى. ئۇ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، دېرىزىنىڭ ئالدىغا يېقىنلاشتى ۋە دېرىزىنى ئاۋايلاپ ئېچىپ، ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن، يۈسۈپنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

— ئالتۇن...

— نېمىشقا كەلدىڭىز؟ — قىز قورقۇپ كەتكەنىدى، — مېنى نېمىشقا شۇنچە ئۇزاق تاشلىۋەتتىڭىز؟

— ئالتۇن، سىز ھېچنېمىنى ئۇقمىدىڭىزمۇ؟

— ياق!...

— ئۇقمىغان بولسىڭىز ئۇقۇپ قېلىڭ ئالتۇن، — دېدى يۈسۈپ قىزنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ تۇرۇپ، — ئاتىڭىز مېنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، مەن سىزگە تارتىشىپ مۇشۇ ئەتراپتا يۈردۇم. ئاڭلىشىمچە، بەي يەنخۇ قاراشەھەرنى سوغا باستۇرۇۋەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. شۇڭا، بۈگۈن كېچە مەن سىزنى

قانداقلا بولمىسۇن، شەھەردىن ئېلىپ چىقىپ كېتەي دەپ كەل-
-دىم.
تىترەۋاتقان ئالتۇن سېيىتىك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغانى-
-دى.
— نېمىشقا ئۇندىمەيسىز ئالتۇن؟— يۈسۈپ قىزنىڭ مۇزلاپ كەتـ-
كەن قولىدىن تۇتتى، — گېپىمنى ئاڭلاڭ ئالتۇن! ئەگەر ماڭا
ئىشەنسىڭىز، ھازىرلا كېتەيلى. مەن سىزنى قاراقۇمغا ئېلىپ
كېتەي.
قىز توساتتىنلا كۆزىگە ياش ئېلىپ:
— سىز، — دېدى تىترەپ، — سىز مېنى تاشلاپ كەتمەمە-
-سىز؟
يۈسۈپ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن قىزنىڭ نازۇك بېلىدىن
قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى.
— قاراڭ گېپىڭىزنى! مەن سىزنى تاشلىۋېتىدىغان بولسام،
جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ تۇرۇپ، شەھەرگە كىرەرمىدىم؟
قىز ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزىنى يىگىتنىڭ كەڭ كۆكرىكىگە
ياقتى، بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىدى.
— ئالتۇن! ئالتۇنۇم! . . .
قىز كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ يىگىتكە قارىدى.
— مەيلى ئەمىسە، سىز نەگە كېتەيلى دېسىڭىز، شۇ ياققا
كېتەيلى.
— قېلىنراق كىيىملىرىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ.
— ياق! بۇ ئۆيگە قايتا كىرمەيمەن، — دېدى ئالتۇن
سېيىتىك، — يېنىمدا سىزلا بولسىڭىز، سوغۇقتىن ئۆلۈپ قال-
-ماسمەن. . .
يۈسۈپ ئەمدى گەپ قىلمىدى. ئۇ قىزنى يېتىلىگىنىچە،

تېيىلغاق يولدا تېيىلىپ - مۆدۈرلۈپ، قەشقەر دەرۋازىسى[①] تەرەپ-
كە قاراپ كەتتى. . .

× ×

ئەمىر لەشكەر بەي يەنخۇ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى سو-
قۇشلاردا مانجۇلار بىلەن خېلى ئېلىشىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما
بەدۆلەتنىڭ بىقارارلىقى تۈپەيلىدىن، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ
قويغانىدى. ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىدا بولغان جەڭلەردە ئۇنىڭ قو-
شۇنلىرى زور تالاپەتكە ئۇچراپ، مەغلۇپ بولدى. شۇڭا، ئۇ
قالغان قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، قاراشەھەرگە چېكىنىپ، قايدۇ
دەرياسىنى توساق قىلىپ تۇرۇپ، مانجۇلار بىلەن يەنە بىر قەپەس
قاتتىق ئېلىشىپ كۆرمەكچى بولدى.

بەي يەنخۇ مانجۇلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇ-
رۇشتا قايدۇ دەرياسىنىڭ ناھايىتى ئەپلىك تەبىئىي توساق ئىكەن-
لىكىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ قارامۇدۇندا دەرياغا يوشۇرۇن
دامبا سوقۇپ، دەريا سۈيىنى توراپ قايدۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈپ
ياتتى. مانجۇلارنىڭ تۇرشاۋۇل قىسىملىرى قاراشەھەرگە ھۇجۇم
قىلغاندا، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى سەل - پەل قارشىلىق كۆرسىتىپ
قويۇپلا، قايدۇ دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى ناغرادۆڭ دېگەن يەردە
بارىگاھ قۇرۇپ ياتتى. مۇشۇ مەزگىلدە، ئۇ مانجۇلارنىڭ ئارقا
سېپىگە بىر - ئىككى قېتىم ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇلارنى
پاراكەندە قىلدى، توپ ئېتىپ پوپوزا قىلدى. ئەمما چوڭراق

---

① قاراشەھەر سېپىلىنىڭ كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش تەرىپىدە بىردىن
ئىككى دەرۋازىسى بار ئىدى. كۈنچىقىش تەرىپىدىكى دەرۋازا «ئۈ-
رۈمچى دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلاتتى؛ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى دەرۋازا
«قەشقەر دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلاتتى.

ھەربىي ھەرىكەت قوللانمىدى. شەھەر قولدىن كەتكەندىن كې-
يىن، مانجۇلارنى ئۆزىنىڭ دەريادىن ئۆتمەكچى ئىكەنلىكىگە ئى-
شەندۇرۇش ئۈچۈن، ئاشكارا يوسۇندا باخشىن كۇرە ئەتراپلىرىغا
قوشۇن يۆتكىدى ۋە يالقۇنتاغ ئارقىلىق نەنسەنگە تېگىش قىلماقچى
ئىكەنلىكى توغرىسىدا پوپاڭ كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
قايدۇ دەرياسىدىكى سۇنى بىراقلا ئۈزۈپ تاشلىماي، بىر قىسمىنى
دەرياغا قويۇپ بېرىپ مانجۇلارنى قايمۇقتۇردى.
مانجۇلارنىڭ ئېگىز يەرگە بارگاھ قۇرماي، يەر ھالىتى دەريا
قېنىدىن تۆۋەن بولغان قاراشەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلى-
شىشى بەي يەنخۇ ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولۇپ بەردى. «بۇ
كەرەملىك ئاللانىڭ ماڭا مەدەت بەرگەنلىكى بولماي نېمە؟ — دەپ
ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە، — مانجۇلار تا ھازىرغىچە مېنىڭ ھەقىقىي
مۇددىئايىمنى بىلەلىگىنى يوق. بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، تاغدا
يامغۇر يېغىپ تۇردى. قايدۇ دەرياسى بوگۈن تاشمىسا قاچان
تاشىدۇ؟ تاشقىن بولغاندا، دامبىنى بۇزۇپ، سۇنى قويۇپ بېرىد-
دىغان بولساق، قارا شەھەر كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىق ئارىلىق-
تا دېڭىزغا ئايلىنىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ لەنتى مەنچىڭلارنىڭ بېلىققا
يەم بولمىغىنىنى كۆرۈڭ! . . . »
مانجۇلار قاراشەھەرنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، تاكى 10 -
ئاينىڭ باشلىرىغا قەدەر كۈن ئارىلاپ يامغۇر يېغىپ تۇردى. 10 -
ئاينىڭ 7 - كۈنى، دەريادىكى سۇ بىراقلا ئازىيىپ كەتتى. بۇ
غەلىتە ئەھۋالنى بايقىغان تۇرشاۋۇل دۇڭ فۇشياڭ: «دۈشمەن
شەھەرنى سۇغا باستۇرماقچى، — دەپ ئويلىدى، — نەچچە كۈن-
دىن بۇيان ياغقان يامغۇردا كوچىلاردا نەچچە گەز چوڭقۇرلۇقتا
سۇ توختاپ كەتتى. بىراق، دەريادىكى سۇ كۆپەيمەستىن، بارغان-
سېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. . . »
ئۇ، شۇ كېچىسىلا ئۆز قىسمىغا دەرھال شەھەردىن چېكى-
نىپ چىقىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. مانجۇلار ئەمدىلەتىن شەھەر

سىرتىغا چېكىنىپ چىقىشىغا، تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ، ئارقىدىنلا قارا يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇۋەتتى. تۈمەنلىگەن ئات چېپىشىپ كېلىۋاتقاندەك ياكى يەر ـ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگەن ناغرا، دەھۇل ـ دۇمباق ساداسىدەك ئاۋازنى ئاڭلاپ، مانجۇلار چۆچۈپ كېتىشتى. قارايدىغان بولسا، ئۆگزە بويى كەلكۈن ھەر تەرەپتىن ئۆي ـ تاملارنى ئۆرۈپ، ھەممىنى باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ. تېخى چېكىنىشكە ئۈلگۈرەلمىگەنلەرنى قايدۇ دەرياسىنىڭ بۇ كەلكۈنى ئېقىتىپ كەتتى. شەھەر ئاتىنىڭ دۇمبىسى چىلاشقۇدەك چوڭقۇرلۇقتىكى سۇ ئاستىدا قالدى...

ئەتىسى شامال توختىدى. يامغۇرمۇ توختىدى. شەھەر ئىچىدە بولسا، لايقىلاشقان سۇ دولقۇنلىرى مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن سۇ ئاستىدا قالغان ئۆيلەرنىڭ تۇرخۇنلىرى دىڭگىيىپ چىقىپ تۇراتتى. نەملەشكەن سېپىل، كېسەك ئۆيلەر سۇدا ئىزىپ، ئاستا ـ ئاستا يىقىلماقتا. كىشىلەر توپا ـ خىش توشۇپ، سېپىلنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئېتىپ توسۇۋالالماي، ئاۋارە ئىدى.

قاراشەھەر — بۇ ئىككى مىڭ بەشيۈز يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى شەھەر بىر كېچىدىلا پايانسىز دېڭىزغا ئايلاندى. سۇ كوچىلارنى شاخاپقا ئايلاندۇرۇپ، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى ئۆرۈپ يىقىتىپ، ۋەج ـ بىساتلارنى ئېقىتىپ كېتىۋەردى. شەھەر خېلى ئۇزۇنغىچە سۇغا چىلىشىپ تۇردى. سۇ يېنىپ، يەر ـ زېمىن قۇرۇغاندىن كېيىنمۇ، قاراشەھەرنىڭ تۇپرىقى يەنىمۇ زەيپىلىشىپ، شور ئۆرلەپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇرۇش ئوتىدىن ئامان قالغانلار تاشقىندا غەرق بولۇپ ئۆلدى ياكى خارابىلىقلار ئاستىدا قالدى. شەھەر بويىچە پەقەت ئامبال يامۇلى بىلەن قەشقەر مەسچىتى خىشتىن سېلىنغانلىقى ئۈچۈنلا كېيىنكىلەر ئۈچۈن نەمۇنە سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالدى.

بەي يەنخۇ قاراشەھەرنى سۇغا باستۇرۇۋەتكەندە، ساغان زا-

لىكمۇ مانجۇلار بىلەن بىللە شەھەر سىرتىغا قېچىپ چىققانىدى.
شەھەر ئىچىدە، قېچىپ چىقالماي قالغان نۇرغۇن ئادەملەر ئامبال يامۇلىنىڭ قوڭغۇراق راۋىقىنىڭ ئۈستىگە، مەسچىتنىڭ قۇببە-سىغا چىقىۋالغانلىقتىن ئامان قالدى. سۇ توختىغاندىن كېيىن، كىشىلەر قولۋاقلىرىنى ھەيدەپ كېلىشىپ، بۇ ئادەملەرنى قۇت-قۇزدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۇسۇپ قويچىنىڭ ئاغىنىسى مەتنىياز-مۇ بار ئىدى. ئۇ دولقۇنلۇق سۇ ئىچىدە قولۋاق بىلەن ئۈزۈپ يۈرۈپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى قۇتقۇزۇۋالدى.
ساغان زالىڭ ئۇچۇن قىزى ئالتۇن سېپىسكنى يەنە كۆرۈش نېسىپ بولمىدى. پەقەت بۇ قېتىمقى تاشقىندا سۇدا ئۆلگەن بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسىدىن ئۇ قىزنىڭ يۇسۇپ قويچى بىلەن دەھشەتلىك سۇدا غەرق بولغانلىقىنى بىلدى.
يۇسۇپ ئالتۇن سېپىسكنى ئېلىپ قېچىپ چىققاندا، قاراشە-ھەر سۇ ئاستىدا قالدى. ئۇ قىزنى يېتىلىگەن پېتى سېپىل سىرتىغا قاراپ قاچتى. ئەمما، يۈگەنسىز ئاتتەك چاپچىپ كېلى-ۋاتقان دەھشەتلىك سۇ ئاخىر ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. بىر دولقۇن كۆكلەپ كەلگىنىچە، ئالتۇن سېپىسكنى يۆگەپ قايىنامغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. . .
يۇسۇپنىڭ ئۆز سۆيگىنىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئۇچۇن ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان قايدۇ دەرياسىنىڭ قايىنىمىغا ئۆزىنى ئاتقاندى-لىقىنى، ھەتتا شىددەت بىلەن ئۆرۈلۈۋاتقان دولقۇنلارغا بوي بەرمەستىن، سۆيگىنىنىڭ يېنىغىچە بېرىپ ئۇنى قولىدىن تۇتۇۋې-لىشقىمۇ ئۇلگۈرگەنلىكىنى بەزى ئادەملەر كۆرگەن. لېكىن، قاتتىق ھالسىراپ كەتكەنلىكتىن، ئاقىۋەت تاشقىن سۇ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى يالماپ يۇتۇپ كەتكەن. ئۇلۇق سۇ يانغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئىمىن ھاجىمنىڭ تاللىقى دېگەن يەردە بىر يىگىت بىلەن بىر قىزنىڭ جەسىتىنى تاپقان. سۇ دولقۇنلىرى ئۇلارنى ئۆرۈپ قىرغاققا چىقىرىپ قويغانىدى. كىشىلەر بىر

قاراپلا يىگىتنىڭ يۇسۇپ ئىكەنلىكىنى، قىزنىڭ ئالتۇن سىپىسنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقان. ئۇيغۇر يىگىتى يۇسۇپنىڭ قولى گۈزەل، مۇڭغۇل قىزى ئالتۇن سىپىسنىڭ نازۇك بىلىكىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. . .

× ×

ليۇ جىڭتاڭنىڭ يارىسى ساقىيىپ قالدى. ئۇ دۇڭ فۇشياڭنىڭ تۇرشاۋۇل قىسىملىرىنىڭ قاراشەھەرنى ئانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا پەتھ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ تۇراتتى. بىردىنلا «داخۇ تۇڭگانى قاراشەھەرنى سوغا باستۇرۇۋېتىپتۇ. تۇرشاۋۇل قىسىملار قاراشەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ قايدۇ دەرياسىنىڭ باش قىسمىدىكى لابرىن[1] دېگەن يەردە بارگاھ تىكىپ يېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى.

ليۇ جىڭتاڭ دەرھال قوشۇنىغا خوتۇنسۇمۇل تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەشنى بۇيرۇدى.

مانجۇلار قىل قۇيرۇق بولۇشۇپ مېڭىپ، لابرىن دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىپ ئورۇنلاشتى. ليۇ جىڭتاڭنىڭ ئوردۇگاھىمۇ لابرىنغا قۇرۇلدى.

ئەتىسى، ليۇ جىڭتاڭ دۇڭ فۇشياڭ، تاڭ رېنخې قاتارلىق سەردارلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، دەريا ياقىسىدىكى بىر ئېگىزلىككە چىقىپ، قارشى تەرەپنىڭ يەر شارائىتىنى كۆزەتكىلى تۇردى.

— ئۇ قاتتا داخۇ تۇڭگانىنىڭ قانچىلىك لەشكىرى بار ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ليۇ جىڭتاڭ يېنىدىكى تاڭ رېنخېدىن.

— بۇ قاتتا تۇرۇپ كۆزەتسەك بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدۇ، تۇغ - ئەلەم ۋە لەشكەرگاھلارمۇ كۆرۈنمەيۋاتىدۇ، — دېدى تاڭ

[1] لابرىن — جاي ئىسمى. ھازىر خوتۇنسۇمۇل ناھىيىسىگە قارايدۇ.

رېنخې.

— بۇنىڭدا جەزمەن بىر ھىيلە بار دەپ ئويلايمەن، — دېدى دۇڭ فۇشياڭ. بەي يەنخۇ قاراشەھەرنى سۇغا باستۇرۇۋەتكەندە، ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى تالاپەتكە ئۇچرىغانىدى.

— ئالدىرىماي تۇرۇڭلار، مەن يامزالغا چىقىپ، ئۇ قاتقا دۇربۇن تارتىپ تەپسىلىي كۆزىتىپ باقاي، شۇ چاغدا زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، — دېدى ليۇ جىڭتاڭ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئېگىز بىر يامزالغا چىقىپ، ئۇ قاتقا دۇربۇن تارتىپ قارىدى. ئۇ بىر كۆرەنىڭ كەينى تەرىپىدىكى دەرەخلىك ئارىسىدا ئۇيان - بۇيان يۈرۈشكەن ئادەملەرنى ئاران ئىلغا قىلالىدى. ئۇ يېنىدىكى مۇشاۋىر جۇ خۇەن ھەزرەتتىن:

— دەريادىن ئۆتۈپ تېگىش قىلىپ باقساق قانداق بولار؟ — دەپ

سورىدى.

— ھەربىي دەستۇرلاردا: «ئۇرۇشتا راستلىق - ساختىلىق ئارىلاشقان بولىدۇ» دېيىلگەن، — دېدى مۇشاۋىر جۇ خۇەن ھەز-رەت، — داخۇ تۇڭگانىي خان لەشكەرلىرى بىلەن تولا سوقۇشۇپ، بۇرنىغا يەپ قاقباش بولۇپ كەتكەن. ئۇ خان لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق، تەييارلىق كۆرمەي تۇ-رارمۇ؟ جانابلىرى ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلمىسىلا، دەريادا سۇ ئۇلۇق، يېيىلىپ ئاقماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر دەريادا تۇمان قويۇق بولغانلىقتىن، ئۇ قاتتىكى ئىشلارنى بىلىپ كېتىش قى-يىن. ئەتە يەنە بىر قېتىم كۆزىتىپ بېقىپ، راستىنلا لەشكەر بولمىسا، ئاندىن تۇرشاۋۇل قىسمىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ تې-گىش قىلىپ باقايلى.

كەچ كىرگەندىن كېيىن، ليۇ جىڭتاڭ قارشى تەرەپنى دا-ۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇشقا قاراۋۇللارنى قالدۇرغاندىن كېيىن، سەردارلىرىنى ئېلىپ ئوردۇگاھىغا قايتتى.

ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق بولدى. ئاسمان غۇبارسىز بولۇپ،

تىنىق ئەينەكتەك كۆپكۆك كۆرۈنەتتى. ئۇ قاتمۇ تۈنۈگۈنكىگە قارىغاندا ئېنىق كۆرۈنۈۋاتاتتى. لىۇ جىڭتاڭ سەردارلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قاراۋۇلخانىغا يېتىپ كېلىپلا، ئۇ قاتنى كۆزەتكىلى تۇردى. ئۇ، ھېلىقى كۆرەنىڭ كەينىگە بىر لەشكەرگاھ ئورۇن-لاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆردى. قارشى قىرغاقنى دۇربۇن بىلەن تۆت - بەش داپقۇر كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇ دۇربۇننى دۇڭ فۇشياڭغا بەردى ۋە لايقىپ ئېقىۋاتقان قايدۇ دەرياسىغا بىر پەس تىكىلگىنىچە، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. خېلى ۋاقىت ئۆت-كەندىن كېيىن، دۇڭ فۇشياڭدىن:

— ئۇ قاتتىكى كۆرەنى نېمە دەپ ئاتايدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يەرلىك قالماقلار باخشىن كۆرە دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ قاراشەھەرلىك بەيسى ساغان دېلىكىنىڭ جاڭزىسى ئىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى دۇڭ فۇشياڭ.

لىۇ جىڭتاڭ يىراقتىكى خان خۇرا تېغىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— داخۇ تۇڭگانىينى بۇ قېتىم چوقۇم تۇتىدىغان بولدۇم، — دېدى تولۇق ئىشەنچ بىلەن.

— زۇڭتۇڭ دارېن، قانداق دەيدىلا؟ — دەپ سورىدى دۇڭ فۇشياڭ چۈشەنمەستىن.

— جانابلار، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، — دېدى لىۇ جىڭتاڭ ئۇدۇل تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — داخۇ تۇڭگانىينىڭ سول تەرىپىدە خان خۇرا تېغى بار. ئالدىدا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان قايدۇ دەرياسى بار. ئۇنىڭ كەينىدە سەردارىمىز جاڭ ياۋ تۇرۇپ-تۇ. داخۇ تۇڭگانىينىڭ قارامۇدۇن دېگەن جايغا بارگاھ قۇرۇشى نېمە ۋەجىدىن؟ ئۇ بىز دەريادىن ئۆتۈۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلە-نىپ، بالغۇنتاي تەرەپكە سەكرەپ ئۆتۈۋېلىپ، ئەنسەندىكى ئارقا سېپىمىزگە تېگىش قىلماقچى. بىز «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۈ-مۈچ» قىلىمىز، تاشدەڭنى ئىگىلىۋېلىپ، باشئەگمىنى تارتىۋال-

ساق جەنۇبتا كورلىغا تەھدىد سالغىلى بولىدۇ، شەرقتە داخۇ تۈگگانىينىڭ نەنسەنگە قېچىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغىلى بولىدۇ – دە، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ ھەربىي ئىلىمدە «بىلىق»نى «چولما»[1] غا سولاش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەتراپتا تۇرغانلار لىيۇ جىنتاڭنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ باشلىرىنى لىڭشىتىشتى:

— دانا، ھەقىقەتەن دانا ئىكەنلا، زۇڭتۇڭ دارىن، بۇنداق دانا تەدبىر بىر سىلىدىن چىقمىسا، بىزلەر نەدىن بىلەيلۇق؟!

لىيۇ جىنتاڭ لابىرىندىكى ئوردۇگاھىغا قايتىپ كېلىپ دەرھال ھەرقايسى قوشالاردىكى سەردارلارنى كېچەشكە چاقىردى ۋە دەريادىن ئۆتۈپ تاشدەگىنى ئىشغال قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى...

نەزمە:

گۈل توزۇپ تىكىنى قالدى،
خەزىنە تۈگىدى، يىلان قالدى.
قىلماقلىق نەيزىگە كۆزنى پىدا،
دۈشمەن يۈزىنى كۆرۈشتىن ئەلا.

— شەيخ سەئىدى

---

① چولما — بېلىقنى قاۋۇپلىپ تۇتىدىغان كۆلچەك.

## ئونىنچى باب

# غالىپلار ۋە مەغلۇپلار

«قامىتى ئېگىز بولسىلا، قەدىر - قىممىتى ئۈستۈن بولىۋەرمەيدۇ. چۈنكى، قوي پاكىزە، پىل پاسكىنا.»
— شەيخ سەئىدى

مىلادى 1877 - يىلى 12 - ئاي.

مانجۇلار قەشقەر سېپىلىغا قىلىدىغان ھۇجۇم ۋاقتىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربان ھېيت كۈنىگە توغرىلىدى. بۇ كۈنى ھېيت نامىزىمۇ قىسقا ئوقۇلدى. كىشىلەر نامازدىن قايتىپ، قۇربانلىقلىرىنى قىلىشقا باشلىۋىدى، «مانجۇلار كەلدى!» دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى. بەي يەنخۇ ۋە يۈي شياۋخۇلار ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، مانجۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن دەرھال ئاتلاندى.

مانجۇلار ئۆزلىرىنىڭ سېپىل بۇزۇش قورالى بولغان چېقىن توپلارنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئاخىرى شەھەرنىڭ تۆشۈك دەرۋازىسىنى بۇزۇپ تاشلاشقا مۇۋەپپەق بولۇشتى. ئۇلارنىڭ ئاتلىق چېرىكلىرى بۇزۇلغان دەرۋازىدىن خۇددى توسمىنى بۇزۇپ شارقىراپ ئاققان شىددەتلىك كەلكۈن سۈيىدەك كوچا - كوچىلارغا ئات سېلىپ كىرىپ، چاپ - چاپ قىلىشقا كىرىشتى. كەسكىن كوچا ئۇرۇشى يۈز بەردى. كوچىلاردا جەسەتلەر تاغ بولۇپ دۆۋىلىنىشكە كەتتى. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە مانجۇلارمۇ، تۇڭگانىيلارمۇ، قەشقەرلىقلارمۇ، ئەنجانلىقلارمۇ بار ئىدى. داخۇ تۇڭگانىي قالايمىقانچىلىق ئىچىدە، شياۋخۇ تۇڭگانىينىڭ بىر توپ قارا

چېرىكلەرنىڭ قورشاۋىدا قالغانلىقىنى كۆردى. بىراق، ئۇ قارا چېرىكلەرگە زادىلا بوي بەرمەيۋاتاتتى. ئۇ تولىمۇ جانبازلىق قىلىپ، ئالدىغا ئېتىلىپ كەلگەنلىكى قارا چېرىكنى كەينى - كەينىدىن چېپىپ تاشلاۋاتاتتى.

داخۇ تۇڭگانىي ئۆز يولدىشىنى قارا چېرىكلەرنىڭ قورشاۋىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، قولىدىكى قىلىچى بىلەن ئالدىغا توغرا كەلگەن بىر قارا چېرىكنىڭ ئېتىنىڭ تۇمشۇقىغا ئۇردى. ئات ۋە ئات ئۈستىدىكى قارا چېرىك گۈلدۈر - غالاپ قىلىپ ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا يىقىلدى. ئۇ، قولىدىكى تاپانچىسى بىلەن يەردىكى چېرىكنى ئېتىپ تاشلاپ تۇرۇشىغا، قالغان تۇڭگانىيلارمۇ ئات سېلىشىپ يېتىپ كېلىشتى - دە، چاپ - چاپ بىلەن شياۋخۇ تۇڭگانىينى قارا چېرىكلەرنىڭ مۇھاسىرە ھالقىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. ھەممە يەر «ئۇر! چاپ! يىقىت!» دېگەن قىقاس - چوقان ساداسى بىلەن تولغانىدى.

مانجۇلار ۋىژىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن ئوق دېڭىزىغا شۇڭغۇپ، يالت - يۇلت قىلىپ كۆتۈرۈلگەن قىلىچلار ئارىسىدا چېپىشىپ يۈرۈشەتتى. مېڭىسى قېزىپ كەتكەن بۇ ئادەملەر ئۆزىنىڭ ۋە دۈشمىنىنىڭ كۈچى ھەققىدە ئالدىنئالا ئويلىشىپ كۆرۈشنى، مۆلچەرلەشنىمۇ ۋە ھېسابلاشنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە قىلىچ تېگىپ ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ يەردە دومىلاپ يۈرگەن ئادەم باشلىرى، ئوق تېگىپ يىقىلىۋاتقان ئاتلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە قان تولغانىدى. ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغاننى چېپىپ، ئۆلۈۋاتقانلارنىڭ ئاھ - زارىغا پىسەنتمۇ قىلماي، ئىزچىل ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيتتى.

داخۇ تۇڭگانىيلار قومەدەرۋازىسى تەرەپكە چېكىنىپ كېتىپ باراتتى. توساتتىن ئوردا ئالدىنىڭ يان تەرىپىدىكى بىر كوچىدىن بىر توپ مانجۇلار ئات سېلىشىپ چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار «ئۇر! چاپ!» دەپ ھۆركىرەشكىنىچە داخۇ ۋە شياۋخۇ تۇڭگانىيغا تاش-

لاندى. داخۇ تۇڭگانىي ئېتىنى بىر سەكرىتىپلا پاكار قالماق ئېتى
مىنگەن بىر مانجۇنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، قورشاۋدىن
چىقىپ كەتتى. شياۋخۇ تۇڭگانىي ئېتىنىڭ بېشىنى چەپقۇلغا
بۇراي دېۋىدى، ئۇنىڭ ئالدىنى يايلىلىق قالماق ئېتى مىنگەن،
پارقىراق قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرگەن، كۆزلىرى قىيسىق، بۇر-
نى پاناق، بەتبەشىرە بىر مانجۇ توغرا توراپ تۇرۇۋالدى. ھېلىقى
مانجۇ چېرىكى قولىدىكى قىلىچىنى چاپاي دېيىشىگە، شياۋخۇ
تۇڭگانىي ئېتىنى چاققانلىق بىلەن بۇراپلا، يوغان بىر تۈپ چىنار-
نىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. شۇ ئەسنادا، بېشىغا قارا مەخمەلدىن
تۆت ئېلىك قىر قويۇلۇپ تىكىلگەن، قىزىل قۇببىلىك دىڭ
قالپاق كىيگەن مانجۇ سەردارى — خۇاڭ ۋەنپىڭ تاپانچىسىدىن
ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ئوق شياۋخۇ تۇڭگانىينىڭ بىلىگە
تېگىپ، ئۇنى ئاتتىن دۈملىتىۋەتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچى-
سى ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. بىر قارا چېرىك ئاتتىن سەكرەپ
چۈشكىنىچە بېرىپ، شياۋخۇ تۇڭگانىينىڭ تاپانچىسىنى ئېلىۋال-
دى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئېتىلىپ كەلگەن يەنە بىر قارا چېرىك
شياۋ خۇ تۇڭگانىينى قۇچاقلىۋالدى. قارا چېرىكنىڭ بۇرنىدىن
چىققان ئىسسىق تىنىق شياۋخۇ تۇڭگانىينىڭ بويىنىغا ئۇرۇلۇپ
تۇراتتى. ئۇ پەملەپ تۇرۇپ، ئارقىچىلاپ قىلىچ ئۇرۇۋىدى،
ھېلىقى قارا چېرىك سىيرىلىپ يىقىلىۋېتىپ، ئۆز سالمىقى بى-
لەن ئۇنىمۇ يىقىتىۋەتتى.

شياۋخۇ تۇڭگانىي ئورنىدىن تىرەجەپ تۇرماقچى بولۇۋىدى،
بىر ئوق دەل ئۇنىڭ كۆكرىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ يەرگە
يېنىچە يىقىلدى. مانجۇلار ئۇنى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن دەۋرەپ
كېلىشتى. ئۇ: «ئەسىر چۈشكىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشىراق»
دەپ ئويلىدى ـ دە، قىينىلىپ تۇرۇپ، يېنىدىن پىچاقنى تەس-
لىكتە چىقاردى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ بوغۇزىغا قويۇپ بىر سۇرۇپلا،
ئۆزىنىڭ بېشىنى ئۇزۇۋەتكىلى تاس قالدى. . .

مانجۇلار توقسۇن — تۇرپان — داۋانچىڭ ئۈچبۇرجەك رايونىدا بەدۆلەتنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قارشىلىقىنى بىتچىت قىلغاندىن كېيىن، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئۆزلىرى بويسۇندۇرغان ھەربىر جايدا ئەسكەر قالدۇرۇپ، ئاندىن ئالدىدىكى شەھەرلەرنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ، سالماق قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار كورلىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئالتە كۈن ئىچىدە توققۇز يۈز چاقىرىم يول يۈرۈپ، قەمەرىيە 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كۇچاغا[1] يېتىپ كەلدى. قەمەرىيە 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاقسۇنى [2] ئىشغال قىلدى.

مانجۇلار ئاقسۇ ۋە ئۈچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىپ، داۋاملىق كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا، قەشقەردىكى قۇدالاي[3]نىڭ قەمەرىيە 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى[4]سەككىز يۈزدەك يېڭى مۇسۇلماننى باشلاپ شياۋپاشادىن[5]يۈز ئۆرۈپ، گۇلباغ قەلئەسىنى ئىگىلىۋالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، بەگقۇلبەگ خوتەندە نىياز ھېكىمبەگ بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانىدى. قەمەرىيە 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى[6]، كۇچا ئەتراپلىرىدا مانجۇلار تەرىپىدىن تارمار كەلتۇرۇلگەن داخۇ - شياۋخۇلار قالدۇق سەرۋاز - يىگىتلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. قەمەرىيە 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى[7]، بەگقۇلبەگمۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ خوتەندىن ئالدى-

---

[1] شەمسىيە 1877 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى.
[2] شەمسىيە 1877 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى.
[3] قۇدالاي — خې بۇيۇن. ياقۇپبەگ قوشۇنلىرىنىڭ باش مەشقاۋۇلى.
[4] شەمسىيە 1877 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى.
[5] شياۋ پاشا — بەگقۇلبەگ.
[6] شەمسىيە 1877 - يىلى 11 - ئاينىڭ باشلىرى.
[7] شەمسىيە 1877 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى.

راش يېتىپ كەلدى ـ دە، داخۇ ـ شياۋخۇلارغا قوشۇلدى. ئۇلار بىرلىشىپ، گۇلباغ قەلئەسىگە يېقىنلىۋالغان قۇدالاي باشچىلىقىدىكى يېڭى مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار كەلگۈچە، ئالاشبېي دادخاھ گۇلباغ قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغانىدى.

بەدۆلەت زامانىسىدىن تارتىپلا، گۇلباغ قەلئەسى خەزىنە ئىمارەت ۋە دۆلەتخانىغا تەئەللۇق پۈتۈن خەزىنە دۇنيا ساقلىنىدىغان، ئەمىر لەشكەر، ئەمرائىي پەنساد قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك ئوفىتسېرلارنىڭ خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرى تۇرىدىغان، ئۆي ـ تەئەللۇقاتلىرى بار مۇھىم قەلئە بولۇپ كېلىۋاتقانىدى. شۇڭا، بەگقۇلىبەگ باشلىق ھەم ئەمىرلەشكەرلەر ۋە يىگىت ـ سەرۋازلار گۇلباغ قەلئەسىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئۇرۇش قىلىشتى. ئۇلارغا تىلىڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، قۇدالاي دەرھال ئاتىسۇ تەرەپكە — ليۇ جىنتاڭنىڭ ئالدىغا ياردەم تەلەپ قىلىپ ئادەم ماڭدۇردى. . .

× ×

ئەسلىدىكى پىلان بويىچە، ليۇ جىنتاڭ ئالدى بىلەن يەكەننى ئىشغال قىلىپ بولۇپ ئاندىن قەشقەرگە يۈرۈش قىلماقچى بولغانىدى. ئەھۋالدا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكتىن، ئۇ پىلانىنى دەرھال ئۆزگەرتتى: ئەمىر نۆكەر يۇ خۇئېنگە ئۈچ يىڭ پىيادە چېرىك، يېرىم يىڭ ئاتلىق چېرىك جەمئىي ئىككى مىڭدەك قارا چېرىكنى ئېلىپ، مارالبېشى ئارقىلىق ئۇدۇل ئىلگىرىلەشنى بۇيرۇدى؛ باش بۇغ گۇي شىجىنغا بىر يىڭ ئاتلىق چېرىكنى ئېلىپ، يۇ خۇئېنغا ھەمدەم بولۇشنى بۇيرۇدى، ئەمىر نۆكەر خۇاڭ ۋەنپىڭگە چىشەنىنىڭ ئالتە قوش ئاتلىق چېرىكنى باشلاپ

ۋە باش بۇغ جاڭ جۇننىڭ ئۈچ يىڭ پىيادە چېرىكىنى ئېلىپ،
قاراجۇل[1] ئارقىلىق قىرغىزلار رايونىنى كېسىپ ئۆتۈپ، قەشقەر-
نىڭ ئۈستىدىكى چاقماق يولىنى تۇسۇشقا بۇيرۇدى ھەمدە ئۇلار-
نىڭ ھەممىسىگە قەمەرىيە 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى[2] بىرلا ۋاقىتتا
قەشقەرگە يېتىپ بېرىش ھەققىدە ئىجراسى قاتتىق سۇرۇك بەلگى-
لەپ بەردى؛ يۇ خۇئېننى بۇ ئىككى تارام قوشۇنغا باش قوماندان
قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇلار يولغا چىققاندىن كېيىن، قاش قوۋۇق-
تىن چىققان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ تۇرشاۋۇل سانغۇنى، زۇڭتۇڭ
دارېن ليۇ جىڭتاڭ خوتەن، يەكەن تەرەپلىرىنى ئىسكەنجىگە ئې-
لىش، تۇرشاۋۇل قىسىملارغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن، قالغان
ئاتلىق، پىيادە چېرىكلەرنى باشلاپ قەمەرىيە 11 - ئاينىڭ 6 -
كۈنى[3] مارالبېشى ئارقىلىق جەنۇبقا قاراپ يولغا چىقتى.[4] سەپنى
مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىككىنچى يەزەكتىكى قىسىملار بولغان
جاڭ ياۋنىڭ ئەنخۇي قوشۇنغا ئالغا ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق چۈ-
شۈردى. قەمەرىيە 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى[5]، جاڭ ياۋنىڭ
قىسمى قاراشەھەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتى، قەمەرىيە 10 - ئاي-
نىڭ 22 - كۈنى[6]، كۇچاغا يېتىپ باردى، ئۇ يەردىن يەنە

---

① قاراجۇل — ئاتۇش شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تاغلىق يۇرت-
نىڭ نامى. ھازىر ئاتۇش شەھىرىگە قارايدۇ.

② شەمسىيە 1877 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى.

③ شەمسىيە 1877 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.

④ شۇ زاماندا ئاقسۇدىن قەشقەرگە بارغىلى بولىدىغان ئىككى يول بار
ئىدى. ھۆكۈمەت يولى مارالبېشى ئارقىلىق مېڭىپ، جەنۇبقا بۇرۇ-
لۇپ يەكەنگە باراتتى. يەنە ئۇ يەردىن يېڭىسار ئارقىلىق قەشقەرگە
تۇتۇشاتتى؛ كارۋان يولى مارالبېشى ئارقىلىق مېڭىپ، غەربكە
بۇرۇلۇپ پەيزاۋات ئارقىلىق قەشقەرگە تۇتىشاتتى.

⑤ شەمسىيە 1877 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى.

⑥ شەمسىيە 1877 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى.

داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئاقسۇغا يېتىپ باردى. يى كېجۇننىڭ ئەۋ-
يۈەن قوشۇنى (تۆت پىيادە يىڭ، ئۈچ ئاتلىق چېرىكلەر سۆتنى-
سى) قاراشەھەر ۋە كورلىدىن تارتىپ كۇچا، باي ئەتراپلىرىغىچە
بولغان ئارىلىقتىكى كەڭ جايلاردا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشقا مەس-
ئۇل بولدى؛ باش بۇغ ليۇ فىڭچىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئەنخۇي
قوشۇنلىرىنىڭ ئىككى يىڭىنى باشلاپ ئايرىم - ئايرىم هالدا
توقسۇن بىلەن چۇقۇغا ئورۇنلاشتى؛ بىر يىڭ پىيادە چېرىك،
ئىككى سۆتنە ئاتلىق چېرىك تۇرپان بىلەن قۇمۇلنىڭ ئارىلىقىدى-
كى ھەرقايسى مەنزىل — راباتلاردا تۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.
دېمەك، زوزۇڭتاڭنىڭ مۇشۇنداق ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى
ئارقىسىدا «سۇجۇ، جيايۇگۇەندىن تۇرپانغىچە، توقسۇندىن تار-
تىپ كۇچاغىچە بولغان جايلاردا باقاۋۇل قىسىملار ئورۇنلاشتۇ-
رۇلدى؛ قوشۇنلار كۇچادىن ئاقسۇ، بارچۇققا قەدەر بولغان ئارى-
لىقتىكى جايلارغا ھەم باقاۋۇل قىسىملار ھەم ھىراۋۇل قىسىملار
ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ مارالبېشىدىن قەشقەر، يېڭىسارغىچە بولغان
ئارىلىقتىكى جايلارغا ئاساسلىق ئىلغار[1] قىسىملار ئورۇنلاشتۇ-
رۇلدى. خۇددى بېشىنى كۆتۈرسە قۇيرۇقىمۇ تەڭ مىدىرلايدىغان
ئەجدىھادەك نەچچە مىڭ چاقىرىم ئۇزۇنلۇققا سوزۇلدى. سەركەر-
دە - سەردارلار ئىچىدە ئومۇمىيلىقنى قەلبىدە تۇتىدىغان ھالەت
بارلىققا كەلدى.»[2]

قەمەرىيە 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى.[3] خۇاڭ ۋەنپىڭ
قىسمى ئەسلىدىكى پىلان بويىچە قەشقەر شەھىرىنىڭ يۇقىرىسى-
دىكى چۇمبۇس دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدى؛ يۇ خۇئېن قىسمى

---

① ئىلغار — ھەربىي ئاتالغۇ. ئۇرۇشتا ئاساسلىق ھۇجۇمچى سەپ
نامى.

② «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى، خاتىغا
يوللانغان نامىلەر». 51 - جىلد، 71 - بەت.

③ شەمسىيە 1877 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى.

قەشقەر شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى تۆشۈك دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى سۈزاق دېگەن يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى، مانجۇلار شەھەرگە يېقىنلاپ چېقىن توپلىرىنى قۇرۇشۇپ، تۆشۈك دەرۋازىسىنى توپقا تۇتۇش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى. ئەتىسى، دەل چۈش ۋاقتىدا، مانجۇلار قەشقەر سېپىلىنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇشقا باشلىدى. . . ①

× ×

خۇاڭ ۋەنپىڭ شياۋخۇ تۈڭگانىنىڭ ئۈزۈلمەي قالغان كالىلىسىنى بىر پىچاق ئۇرۇپلا كېسىۋالدى ـ دە، زوزۇڭتاڭغا تۆھپە قىلىپ تۇتۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئېتىنىڭ ئىگىرىگە غانجۇغىلىدى.

× ×

ياقۇپبەگ ھايات ۋاقتىدا، نىياز ھېكىمبەگ كورلىدىكى شاھنىشىندا خالىي قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا: «مانجۇلارنىڭ لودارىن دېگەن كاتتىسىدىن: ‹ . . . داخۇ، شياۋخۇ تۈڭگانىلارنى تۇتۇپ بىزگە تاپشۇرۇپ بەرسەڭلارلا، بىز سىلەرگە چېقىلمايمىز›، ئۇلار كورلىدا خانغا قارا سانىپ، تۇرغۇن قارا چېرىكلىرىمىزنى زايا قىلىپ قاچتى» دەپ گۇڭسا خەت كېلىپتۇ دەپ مەلۇم قىلغانىدى. ياقۇپبەگ ئۇنىڭدىن: «قانداق قىلىمىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «جانابىي ئالىيلىرى، ھەرنە يولىيورۇق، ئەمىر ـ پەرمان ئۆزلىرىدىن چىقىدۇ» دەپ، ئۇدۇل جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى

---

① قۇربان خالىد ۋەلى ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە: «مانجۇلار 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان» ئىكەن.

ﭪچۇرۇپ تۇرۇۋالغانىدى. ياقۇپبەگ تازا ئىشەنچ قىلالماي، ئاخىرى داخۇ تۇڭگانىينى يېنىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا:

— مانجۇ خانى بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە سىز مېنىڭدىن جىق بىلىسىز، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سىزچە قانداق تەدبىر قىلىش كېرەك؟ — دەپ سورىغانىدى. ئۇ:

— خاننىڭ قارا چېرىكلىرى بىزنى قورشاپ كېلىۋاتىدۇ. مۇبادا سىز جانابىي ئالىيلىرى بىز ئىككىمىزنى تۇتۇپ[①] بەرسىڭىزلا، خاننىڭ سىز بىلەن كارى بولمايدۇ. بىراق، تۇڭگان تايىپىسىدىن بىر كىشىمۇ قالمىغۇچىلىك، بىز ئىككىمىزنى ئۇلارغا تۇتۇپ بېرەلمەيسىز! — دەپ، ئۆزلىرىنىڭ مانجۇلار بىلەن قەتئىي ئېلىشىدىغان ئىرادىسىنى بىلدۈرگەنىدى.

ئۇنىڭ سۆزى ياقۇپبەگكە ياراپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ داخۇ تۇڭگانىينى ياندىش ئەمرۇل ئۇمرا، شىياۋخۇ تۇڭگانىينى بولسا ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلىگەنىدى.

تۇڭجى خاننىڭ تۆتىنچى يىلى قەمەرىيە[②] 2 - ئايدا، چىڭخەيدىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خۇيزۇلارنىڭ سەردارى سۇجۇ[③] شەھىرىنى بېسىۋېلىپ، خان لەشكەرلىرىنى كۆپ قېتىم زور چىقىمدار قىلدى. كېيىنچە، ئەنخۇي قوشۇنىنىڭ سەردارى شۇي جيەنبياۋ قارا چېرىكلەرنى باشلاپ سۇجۇ ئايمىقىغا باستۇرۇپ كەلگەندە، ما ۋېنلۇ ئۈرۈمچىدىكى داۋۇت خەلپە ۋە كۇنپېتىش تەرەپكە قېچىپ كەلگەن خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ يەنە بىر سەردارى بەي يەنخۇ بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. شىياۋ خۇ تۇڭگانىي شۇ چاغدا، داخۇ تۇڭگانىينىڭ

---

① ئۆزى بىلەن يۇ شىياۋخۇ ئىككىسىنى دېمەكچى.
② مىلادى 1865 - يىل.
③ سۇجۇ — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جۇ چۈەن شەھىرىنىڭ تارىختىكى نامى.

قول ئاستىدىكى يارامىلىق سەردارلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

مانجۇلار سۈجۈنى بىر يېرىم يىل قورشىدى. ئەمما، شەھەر چاپسان پەتھ بولماي، پۈتۈن ئەجرى شامالغا سورۇلدى. بۇ چاغدا، قوۋۇقنىڭ سىرتىدىكى ۋەزىيەت بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقانىدى. مانجۇلار تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردىن ئارقا - ئارقىدىن قوغلاپ چىقىرىلىۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئىلىدىمۇ ۋەقە چىقىپ، ئۇ يەردىكى مانجۇلاردىن ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، قاچىدىغىنى قېچىپ، چەنتۇلار بىلەن تۇڭگانىلار ئۇ يەرنى ئۆتچە سورايدىغان بولۇۋالغانىدى. بۇ پاراكەندىچىلىكتىن بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتقان مانجۇ خاقانى زوزۇڭتاڭ بىلەن جىن شۈنلەرگە: «ئاسىي پاراكەندىلەر بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە يوقىتىلسۇن. مودۇتلىقىمىز ئىچىدە ئامانلىق ئورنىتىلسۇن»[1] دەپ يارلىق چۈشۈردى.

قەمەرىيە 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى[2] زوزۇڭتاڭ قوزغىلاڭچى خۇيزۇلارنى باستۇرۇش ئۇرۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن لەنجۇدىن سۈجۈغا يېتىپ كەلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سەردارى ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئەل بولۇش نىيىتىنى بىلدۈرگەندە، زوزۇڭتاڭ رەت قىلدى. ئۇ: «شەھەردىكى ئۇلۇغ - ئۇششاقلار بىلەن مەزلۇملارغىلا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ. مۇبادا سىلەر چىن كۆڭلۈڭلاردىن ئەل بولۇشنى خالىساڭلار. بىر تەرەپ قىلىنىشىڭلارنى كۈتۈپ شۈك تۇرۇڭلار» دەپ جاكارلىدى. قەمەرىيە 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى[3] ما ۋېنلۇ زوزۇڭ-

---

① «گەنسۇدىكى تۇڭگانىيلار ئىسيانىنى تىنجىتىش ئىشلىرىغا ئائىت قىسقىچە خاتىرىلەر» 12 - توم. «خۇيزۇلار قوزغىلىڭىغا ئائىت ماتېرىياللار» 4 - قىسىم، 181 - بەت.

② شەمسىيە 1865 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى.

③ شەمسىيە 1865 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى.

تاڭنىڭ بارگاھىغا كېلىپ تەسلىم بولدى. سەككىز كۈندىن كېيىن، زوزۇڭتاڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سەركەردىلىرىدىن ما ۋېنلۇ، ما يۈنفۇ، ما جاۋ ۋە ما جىنلۇڭلارنىڭ كاللىسى ئېلىندى. خۇيزۇ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ تايانچىلىرىدىن بىر مىڭ بەشيۈز يەتمىش ئۈچ نەپەر كىشى قىرىپ تاشلاندى. شۇ كۈنى كېچىدە، مانجۇلار شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئومۇمىي قىرغىن يۈرگۈزۈپ، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان خۇيزۇ خەلقىنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلدى. «قېرى - چۈرى، ئاغرىق - سىلاق، ئۇلۇغ - ئۇششاق دەپ ئايرىپ ئولتۇرماستىنلا، مىلتىق بىلەن ئېتىپ، نەيزە بىلەن سانجىپ بەش مىڭ تۆت يۈزدىن ئارتۇقراق خۇيزۇنى قىرىپ تاشلىدى.»[1]

خۇيزۇلار قوزغىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، خۇيزۇلارنىڭ ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ قايتا ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ساقلىنىش ۋە مەسچىتلەردىن ھەربىي مەقسەتتە پايدىلىنىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئوردا خۇيزۇلارنىڭ مەسچىتلىرى ھەققىدە ئىجراسى قاتتىق بولغان بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ ئېلان قىلدى. بەلگىلىمىلەردە: مەسچىتلەرنىڭ تېمى «ئېگىزلىكى ئىككى غۇلاچ تۆت گەزدىن ئاشماسلىقى كېرەك. مەسچىتنىڭ ئىچىنىڭ كەڭلىكى ئون غۇلاچتىن ئاشماسلىقى لازىم. دەرۋازىدىن كىرگەندىلا ئىككى قاسناقتىكى ئۆيلەر تالىپلار تۇرىدىغان ئۆي قىلىنىشى، ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە، دالان بولۇشى، دالاندىن ناماز ئۆتەيدىغان چوڭ زالغا كىرگىلى بولىدىغان بولۇشى لازىم. يولەك-

[1] «گەنسۇدىكى تۇڭگانىيلار ئىسيانىنى تىنجىتىش ئىشلىرىغا ئائىت قىسقىچە خاتىرىلەر» 12 - توم. «خۇيزۇلار قوزغىلىڭىغا ئائىت ماتېرىياللار» 4 - قىسىم 185 - بەت.

ـنە يەنە جارۇپكەش تۇرىدىغان ئۆي بولۇشى كېرەك؛ مەسچىتنىڭ تېمىنىڭ قېلىنلىقى ئىككى يېرىم گەزدىن ئاشماسلىقى كېرەك. مەسچىتنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا ئۈچما راۋاق[1]ياساش مەنئىي قىلىنىدۇ[2]دېيىلگەنىدى.

ماۋ ھنلۇ قاتارلىق خۇيزۇ سەردارلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بەي يەنخۇ بىلەن يۇشياۋخۇ خۇيزۇ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قالدۇقلىرىنى باشلاپ شىنجاڭغا قېچىپ چىققان ۋە ئۆزلىرىنى ياقۇپبەگنىڭ قوينىغا ئېتىشقانىدى.

× ×

ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلۇق. تۆشۈك دەرۋازىسى مانجۇلارنىڭ شىددەتلىك تۇپقا تۇتۇشى بىلەن بۇزۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، چۇمبۇستا ئىستىھكام قۇرۇپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييار تۇرغان خۇاڭ ۋەنپىڭ قىسمى شەھەرنىڭ ئۇستىدىكى ياۋاغ دەرۋازىسى تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىدى. ئىككى تەرەپتىن شەھەرگە ئۇزلۇكسىز دەۋرەپ كىرىۋاتقان قارا چېرىكلەرنىڭ كۆپلىكىدىن، داخۇ تۇڭگانىي قوشۇنىنى باشلاپ ھېلى سېپىلغا يۈگۈرسە، ھېلى كوچىلاردا قۇچاقلاشما جەڭ قىلىپ، ئاخىرى ھالىدىن كەتتى. بۇ چاغدا، ئەنجانلىق مىرزا ئەھمەت قوشبېگى بىر بۆلۈك ئادىمى بىلەن شەھەرنىڭ قومدەرۋازىسىدا، تاكى ئەنجانلىق يىگىت ـ سەرۋازلار ۋە سودىگەرلەر شەھەردىن ئامان ـ ئېسەن چېكىنىپ چىقىۋالغانغا قەدەر قاتتىق تىركىشىپ تۇردى. شەھەر ئاخىرى

---

① ئۈچما راۋاق — پوتەي، ئۇگەك.

② «گەنسۇدىكى تۇڭگانىيلار ئىسيانىنى تىنجىتىش ئىشلىرىغا ئائىت قىسقىچە خاتىرىلەر» 12 ـ توم. «خۇيزۇلار قوزغىلىڭىغا ئائىت ماتېرىياللار» 4 ـ قىسىم، 185 ـ بەت.

قولدىن كەتتى.[1]

ليۇ جىڭتاڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ مارالبېشىدىن يولغا چىققاندىن كېيىن، قەمەرىيە 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى[2] يەكەننى ئىشغال قىلدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن يېڭىسارغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇ يەردىن يەنە قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ، قەمەرىيە 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى[3] قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

ليۇ جىڭتاڭ باش بۇغ دۇڭ فۇشياڭنى خوتەننى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتتى. قەمەرىيە 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى[4] مانجۇلار خوتەننى تولۇق ئىشغال قىلدى. پەقەت ئىلىلا چارروسىيە ئىشغالىيىتىدە قېلىپ قالدى.

بەگقۇلبەگ ۋە داخۇ تۇڭگانىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ، قالدۇق ئادەملىرى بىلەن، چاقماق يولى ئارقىلىق ئەنجان تەرەپكە قاراپ قاچتى.

شۇ يىلى قىش تولىمۇ قاتتىق كەلگەنلىكتىن، قاچقۇنلارنىڭ كۆپلىرى سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلدى ياكى كۆچكەن قارنىڭ ئاستىدا قالدى. ساق قالغانلىرى قىرغىزلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ قېلىپ، چارروسىيە تەۋەلىكىدىكى نارىن قورغىنىغا ئاران يېتىۋالدى.

شۇ قېتىمقى قاچ ـ قاچتا، مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، چارروسىيە تەۋەسىگە قېچىپ كىرگەن تۇڭگانىيلار تۆت مىڭ تۆت يۈز ئاتمىش كىشى بولغان. بۇ تۇڭگانىيلار شۇ قاچقانچە توقماققا كېلىپ توختىدى ۋە قارا قوڭغۇز دېگەن يەردە يەرلەشتى. ھازىر

---

① بەزى مەلۇماتلاردا: «قەشقەر 1877 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مانجۇلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى» دېيىلگەن.

② شەمسىيە 1877 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى.

③ شەمسىيە 1877 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى.

④ شەمسىيە 1878 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى.

شۇ يەردە ياشاۋاتقان تۇڭگانىيلار شۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.[①]

مانجۇلار ئەنجانلىقلارنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، يۇرت ـ يۇرتلارغا جاكارچى چىقىرىپ، «ئەل ئامان!» دەپ جاكارلاتقۇزدى ۋە: «تىنچ بولۇپ، پۇقراچىلىق قىلىڭلار. ياۋاش ـ يۇمشاق بولۇپ، يامانلىقنى ئويلىماڭلار. ئۇلۇغ خانىمىز سىزلەرنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھىڭلارغا ئەپۇ قەلىمىنى سۇرۇپ يارلىق چۇشۇرگەن» دەپ، ھەرقايسى شەھەرلەرگە ۋە سەھرا ـ كەنتلەرگە گۇڭسا خەتلەرنى چاپلىدى. يۇرت چوڭلىرىنىڭ گېپىگە ئاساسەن، ئىلگىرى بەدۆلەتنىڭ قولىدا ئىشلەپ، ئەمەل تۇتۇپ دۆلەت سۇرگەن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە يامانلىرى بولسا تۇتۇپ جازالىدى. ياخشىلىرىغا بولسا تەگمىدى. ھەرقايسى شەھەرلەرگە يەرلىك كىشىلەردىن ھاكىمبەگلەرنى تەيىنلەپ، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنىڭ تىزگىنىنى ۋاقتىنچە شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

قەشقەرگە ۋاقىتلىق خان ئامبال بولۇپ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن دوڭ دارىن دېگەن ئادەم جۇرئەت ۋە غەزەپتە تولىمۇ ئۇستۇن بولۇپ، گوياكى بىر بالائى ئەزەم ئىدى. ئۇ قەشقەرلىقلەرنى «لوپاشانىڭ ئۆلۈكىنى كۆرسىتىپ بەرسۇن» دەپ قىستاپ، يامان تەڭلىكتە قويدى. ئۇلار نائىلاج كۆرسىتىپ بەردى. دوڭ دارىن قارا چېرىكلىرىنى ئاپپاق خوجامغا ئېلىپ چىقىپ، ياقۇپبەگنىڭ گۆرىنى ئاچقۇزدى. ئۇنىڭ جەسىتىنى تارتىپ چىقىرىپ، تازا قامچىلاتقۇزغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوتتا ئۆرتەپ، كۇلىنى كۆككە سورۇۋەتتى...

× . ×

مانجۇ خاقانلىقى ئالتە شەھەر تەرەپلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئۆز

---

① 1996 ـ يىلى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بەي يەنخۇنىڭ نەۋرىسىنىڭ شەنشىدىكى قەدىمكى يۇرتىنى زىيارەت قىلىپ قايتقانلىقىنى خەۋەر قىلغانىدى.

تەسەررۇپىغا ئالغاندىن كېيىن، يۇرت - ئايماقلارنى ئىدارە قى-
لىش - باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ناھايىتى قابىلىيەتلىك، مالىيە
ئىشلىرىدىن خەۋەردار مەنسەپدارلارنى قويدى. بىراق، بۇ مەنسەپ-
دارلار تەبىئىتى زۇلۇم ۋە پاسىقلىققا مايىل، نەپسى بالا كىشىلەر
ئىدى. مانجۇلار قەشقەرنى ئىككىنچى مەرتىۋە ئىشغال قىلغاندىن
كېيىن، ئىلگىرىكىگە ئوخشاشمايدىغان تۈزۈم، جازا، باج ۋە
سېلىقلارنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. ئۇلار، ئىلگىرى تۆلەنمەي
قەرز قالغان باج - سېلىقلارنى ئېنىقلاپ ئىدىتلاپ چىقتى، ھەر-
قانداق كىشىنىڭ يەر - زېمىن ۋە مال - مۈلكىنى چىزىلاپ ۋە
پۇڭلاپ ئۆلچەپ، بۇغداي، قوناق، ئوت - سامان ئالۋان قويۇپ،
ئۇلارنىڭ ئۆلچىمىنى دەپتەرگە بىر - بىرلەپ ئولتۇرغۇزدى،
ھەربىر شەھەرنىڭ چىقىم - كىرىملىرىنى خەتلەپ توختىتىپ
چىقتى. خاندىن «جۇنلى[1]» دېگەن يارلىق چۈشكەندىن كېيىن،
ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ مەنسەپدارلىرى تەيىن قىلىپ توختىتىل-
غان ئاشلىقنى ئۆز قەرەلىدە كېچىكتۈرمەي ۋە كېمەيتتۈرمەي
يىغىۋالدى. زورلۇق ۋە قاتتىق قوللۇقلۇق ئاۋۋالقىدىنمۇ نەچچە
ھەسسە ئېشىپ ۋە كۈچىيىپ كەتتى. بۇ مەنسەپدارلار ئۆزى قانداق
زالىم ۋە پاسىق بولسا، ئۇلارنىڭ غالچىلىرىمۇ ئۇلاردىن ئۆتە
زالىم ۋە پاسىق ئىدى. شۇ زامانلاردا بۇ ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن
كۆرگەن ۋە ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان موللا مۇسا سايرامى
مۇنداق دەپ يازغانىدى:

«. . . خالايىق شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇلار ئەجدادلىرىدىن
قالغان مۈلكى مىراس زېمىنلىرىنى تاشلاپ، ھەر تەرەپكە قېچىپ
كېتىشتى. ھويلا - ئاراملىرى، ھەرەمباغلىرى، مال - مۈلكى
ۋەيران بولۇپ، دىۋە - پەرىلەرگە ماكان بولدى. ئۇلار يۇرتدارچى-
لىق ئالۋانلىرىنى تۆلەشتە ئاجىز قېلىپ، يەر - زېمىنلىرىنى
باشقا ئادەمگە بىكارغا بەرسىمۇ، ئۇلار ئالمايدىغان بولدى. خاقانىي
چىن مەنسەپدارلىرىنىڭ ئىچكى كۆڭۈللىرىدىكى مۇددىئا - غەرەز-

---

① «جۇنلى» — «تەستىقلىدىم» دېگەن مەنىدە.

لىرى بولسا، چەنتۇ پۇقرالار ئۆز خۇداسىنىڭ رەھىم - شەپقەتلىـ
ـرىگە سىغىنىپ، خۇداسىدىن باشقا ھېچ مەخلۇقتىن ياخشى ۋاپا
ۋە ئۈمىد كۈتمىسۇن، پەقەت بىزنىلا ئارزۇ - ھەۋەس قىلسۇنكى،
بىھۇدە جەۋرى - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئۆمرىنى زايا قىلمىـ
ـسۇن، يەنە ئىككىنچى مەرتىۋە باشقا تايىپە ۋە پادىشاھلارنى تەلەپ
قىلىپ، بىزگە ناشۇكۇرلۇك قىلمىسۇن. ئاسمان ۋە زېمىن خۇداـ
سى كىمنى خالاپ ۋە كىمنى ئۇلۇغ قىلىپ بەرسە، شۇلارنىڭ ئەمر -
پەرمانلىرىدىن چىقماي، سەۋر قىلسۇن دېگەنلىكتىن ئىبارەت
ئىكەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ يۇرت سورايدىغان مۇددىئاسى بولسا ئىدىـ
ـدى، پۇقرا - خالايىققا مۇنچىلىك زۇلۇم قىلىشنى راۋا ۋە لايىق
كۆرمەس ئىدى. بەلكى، ئۇلار مۇسۇلمان زالىملىرى ۋە خىتاي
ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ سىياسەت يۇرگۈزـ
گەن بولاتتى. خۇداۋەندە ئۆز رەھىمى ۋە پەزىلەتلىرى بىلەن بۇ
لەنتى زالىملارغا يەنىلا ئىنساپ ۋە ئادالەت ئاتا قىلسا ئەجەب
ئەمەس.»[1]

نەزمە:

يىقىلىپ چۇشسە ئۇجمىدىن،
ئۇجمە تىككەن گۇناھكار.
يىقىلىپ چۇشسە ئۆگزىدىن،
گۇناھكارى بىناكار.

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

---

(1) «تارىخ ھەمىدى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىلى
12 - ئاي 1 - نەشرى، 1988 - يىلى 10 - ئاي بېيجىڭ 2 -
باسمىسى 614 - ، 615 - بەتلەرگە قارالسۇن.

# ئون بىرىنچى باب

## نىياز ھېكىمبەگ

مىلادى 1878 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

نىياز ھېكىمبەگ مەخسۇس ساندۇق، تۇلۇملارغا قاچىلانغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئېلىپ، ئىشەنچلىك مۇلازىم ۋە ياساۋۇللىرى بىلەن مانجۇلاردىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىپ، كىرىيە يولى ئارقىلىق كورلىغا قاراپ قاچتى. ئۇ چاقىلىقتىن ئىككى يۈز سەكسەن چاقىرىم غەربتە چەرچەن دەرياسى بويىدىكى دۆڭئۆلدىمە كۆلىگە بىر قىسىم ئالتۇن قاچىلانغان تۆمۈر ساندۇقلىرىنى چۆكتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، كورلىغا كېلىپ، مانجۇ مەنسەپدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى. مۇشۇ كۈنلەردە مانجۇ مەنسەپدارلىرىنىڭ چوڭلىرىدىن زۇڭتۇڭ دارىن ليۇ جىڭتاڭ ئاقسۇدا، لوشەي دارىن دۇڭ فۇشياڭ بايدا ئىدى. نىياز ھېكىمبەگ كورلىدىكى مانجۇ ئەمەلدارلىرىغا ئاپارغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى بەردى. بۇلار زۇڭتۇڭ دارىن بىلەن لوشەي دارىنلارغا خەۋەر يەتكۈزدى. ئۇلاردىن «كەلسۇن!» دېگەن پەرمان كەلدى. ئاڭغىچە، زۇڭتۇڭ دارىن قەشقەرگە كەتكەنىدى. نىياز ھېكىمبەگ زۇڭتۇڭ دارىن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ قەشقەرگە كەلدى.

زۇڭتۇڭ دارىن ئۇنى گۈلباغدىكى بەدۆلەتنىڭ ئوردىسىدا قوبۇل قىلدى.

نىياز ھېكىمبەگ ئۈچىسىغا تەتىللادىن تون، بېشىغا ئەسلىدىكى دىڭ قالپىقىنى كىيىپ، بېلىنى خوتەن شايىسىدىن قىلىنغان پوتا بىلەن باغلاپ، يا مانجۇ مەنسەپدارلىرىغا ئوخشىمايدى-

غان، يا بەدۆلەتنىڭ مەنسەپدارلىرىغا ئوخشىمايدىغان قىياپەت بى-
لەن، زۇڭتۇڭ دارېننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كەلدى.
— خۇداۋەندىكەرىم ئۇلۇغ خاننىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن، تەختى-
نى زىيادە قىلغاي، ئەنجانلىقلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، خان پۇقرا-
لىرىنىڭ بېشىغا ئاپتاپ چۇشۇرگەن زۇڭتۇڭ دارېن، لوشەي
دارېن باشلىق بارلىق ئەكابىر - ئەشرەپلەرگە ئامانلىق ئاتا قىل-
غاي، — دەپ دۇئا قىلىپ كەينى - كەينىدىن تەزىم بەجا كەلتۈر-
دى نىياز ھېكىمبەگ.
نىياز ھېكىمبەگ ئەسلىدىلا تۇڭچى بولغاچقىمۇ، ئۇلارنىڭ
تىلىدا راۋان سۆزلىيەلەيتتى.
— نىياز ھاكىمبەگ، سەن ھاكىم بولۇشتىن ئىلگىرى نېمە
ئىش قىلغان؟ — دەپ سورىدى زۇڭتۇڭ دارېن.
— مەن، مەن يەكەندە تۆتىنچى دەرىجىلىك ئىشىكئاغا بول-
غان، — دەپ دەرھال قۇللۇق بىلدۈردى نىياز ھېكىمبەگ.
— خوتەندە قانچە ئۇزاق يۇرت سورىدىڭ؟
— مەن خوتەنگە ئون ئىككى يىل ھاكىم بولدۇم. خوتەن
ئۆلكىسىنىڭ ئۇلۇغ خاقانغا بېرىدىغان ئون ئىككى يىللىق غەللە -
پارىقىنى يىغىۋېلىپ، مەخپىي ساقلاپ قويغانىدىم.
— لوپاشاغا بەرمىدىڭمۇ؟
— بەدۆلەتكە پۇقرالاردىن ئارتۇق يىغىۋالغان قىسمىنى بې-
رىپ، ئۇنى ئالداپ كەلگەنىدىم.
— خانغا يىغىپ قويغانلىرىڭنى قانداق ساقلىدىڭ؟
— جانابلىرىغا مەلۇم بولغايكى، ئوردا بېغىمنىڭ كۇنچىقىش
تەرىپىدە ئىگىز - پەس بىر دۆڭلۈك زېمىن بار ئىدى. مەن
خادىملىرىم ئارقىلىق بۇ يەردە شېھىتلەرنىڭ مازىرى بار ئىكەن
دەپ گەپ تارقىتىپ ئەتراپىنى ئىگىز تام بىلەن قورۇققا ئالدۇر-
دۇم. قورۇق تامنىڭ ئىچىگە خانىقا، ئاشخانا، ئاتخانا بىنا قىل-
دۇردۇم. يەنە ئىككى ئىگىز مازار سالدۇردۇم. ئاندىن ھەربىر

قەبرىنىڭ ئىچىگە بىرمىڭ بەشيۈزدىن يامبۇ، بىرنەچچە چارەكتىن كېيەك ئالتۇن قاچىلاپ، ئاغزىنى مەھكەم ئەتكۈزدۈم. قەبرىلەر-نىڭ ئۈستىگە تۇغ - شەددە، ئەلەم - بايراقلارنى قاداپ، ئۇ يەرنى كاتتا ئىبىسىل مازار قىلىپ، شەھەر - ئايماقلارغا جاكارچى چىقار-دىم.

— بۇنداق چوڭ ئىشنى لوپاشادىن قانداق پىنھان تۇتالىدىڭ؟

— بۇ جايغا ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ، يەرنى كولاپ كۆمگەن ھاشارچى - مەدىكار، يىگىت - مەھرەملەر-نىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن قوشۇپ قەبرىگە كۆمدۈرۈۋەتتىم. بۇ سىرنى ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئۇ ئالەم-گە ئېلىپ كېتىشتى. بەلكى، بۇ سىردىن ئازراق خەۋىرى بولغان-لارنىمۇ سۈرۈشتە قىلىپ، تېپىپ يوقاتتىم. شۇبۇ خەزىنىنىڭ ئىس - پۇرىقىنى بەدۆلەت تۇرماق، باشقا ھېچكىممۇ بىلەلمىدى.

— سەن ھەقىقەتەن يامان ئادەم ئىكەنسەن. ئۇچاغدىكى تە-تىللا توننى قاچان ئىكتۈرگەن؟

— بۇ توننى بەدۆلەت ماڭا مۇكاپات تەرىقىسىدە ئىنئام قىل-غان.

— قارا! نىياز ھېكىمبەگ، — دېدى زۇڭتۇڭ دارېن، — مەن ئۇچامغا كەيگەن ئەمەلدارلىق توننى خان ئوردا ئىشخانىسىدا مەخسۇس ئىكتۈرۈپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ساپلا قارا بۆزدىن ئىكىلگەن. لوپاشا ساڭا تەتىللادىن تون - لىباس ئىنئام قىلىپتۇ. ئەمما، مەن ساڭا ئۇنداق قىلالمايمەن. سەن نىيىتىڭ ناھايىتى يامان ئادەم ئىكەنسەن. سېنى بىر چوڭ ئۆلكىگە ئون ئىككى يىل ھاكىم قىلغان، تۇز بەرگەن ئۇلۇغۇڭغا خىيانەت قىلىپسەن...

— نىياز ھېكىمبەگ مانجۇلارنى خوتەنگە ئۆزى باشلاپ بې-رىپ، ھېلىقى «مازار» نىڭ تۇغ - شەددىلىرىنى، ئەلەم - بايراق-لىرىنى يۇلۇپ تاشلاپ، «ئۇلۇغ مازار» دەپ خالايىقنى ئالداپ يۇرگەن قەبرىلەرنى ئېچىپ، ئىچىدىن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى

ئېلىپ، ھەممىسىنى مانجۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى.
نىياز ھېكىمبەگ يەنە بىر بېغىغا مىڭ يامبۇنى كۆمۈپ،
ئۈستىگە ئانار، ئۈزۈم، شاپتۇل كۆچەتلىرىدىن تىكتۈرۈۋەتكەنىـ
دى. بۇ كۆچەتلەرنىمۇ يۇلۇپ قومۇرۇپ، تېگىدىن يامبۇلارنى
ئېلىپ، مانجۇ مەنسەپدارلىرىغا بەردى. باغدىكى كۆلنىڭ تېگىدىن
بىرمۇنچە پاكىز، چىرايلىق قاشتېشىنى سۈزۈۋېلىپ مەنسەپدارلارنىڭ
ئالدىغا قويدى. باغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن يەتتە يۈز يامبۇنى
كولاپ ئەكىلىپ تاپشۇردى. ئۇ، نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشنى
ۋە مانجۇلار ياخشى كۆرىدىغان مەرغۇپ تاشلارنى مۇشۇ تەرىقىدە
يوشۇرۇپ قويغانىدى، ھەممىنى تاپشۇردى. چوڭ - كىچىك مانىـ
جۇلار بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشۇپ، باشمالتاقلىرىنى چىقىرىـ
شىپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىنلار ئوقۇشتى.
نىياز ھېكىمبەگ مانجۇ مەنسەپدارلىرىدىن ئۆزىنىڭ تۆھپىـ
سى باراۋېرىگە ناھايىتى چوڭ مەنسەپ تەمە قىلغان بولسىمۇ،
ئاران يەكەنگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەندى. ھالبۇكى، يەكەن ھاـ
كىملىقىنى نىياز ھېكىمبەگ نەزەرىگىمۇ ئېلىپ قويمىدى. «مەن
ئەقىدە قىلغان ۋە ئارزۇ قىلغان مانجۇلار بۇلار ئەمەس ئىكەن، — دەپ
ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە، — ئەتتەڭەي، ھېچبولمىغاندا بىر قەبرىدىـ
كى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى بولسىمۇ بەرمەي تۇرغان بولسام
بوپتىكەن.»
نىياز ھېكىمبەگ ئەسلىدە يەكەننىڭ كارىۋات دېگەن يېرىدە
بىر ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغانىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارـ
تىپ، مانجۇ مەنسەپدارلىرىنىڭ ئىشىكىدە يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ چاـ
كارلىقىنى قىلىپ كەلگەنلىكتىن، قەدىمكىلەرنىڭ «دوستۇڭ قاـ
رىغۇ بولسا، بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال» دېگەن ماقالىسىنىڭ مەزـ
مۇنىغا مۇۋاپىق، مانجۇلارنىڭ خۇي - پەيلىنى ئۆزىگە ئادەت
قىلغان ۋە كېيىن ئۇلارنىڭ تىلىنى، خېتىنى ئۆگىنىۋالغانىدى.
ئۇ بۇنىڭدىن مەنپەئەت ئېلىپ، مەنسەپ - مەرتىۋىسى دەرىجىمۇـ

دەرىجە ئۆسۈپ، يەكەنگە تۆتىنچى دەرىجىلىك ئىشىكئاغا بولغاندى. يەتتە شەھەردە قوزغىلاڭلار يۈز بەرگەندە، نىياز ھېكىمبەگ يەكەندە ئابدىراھمان ھەزرەتنىڭ ھۇزۇرىدا مۇلازىم بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن، تۇڭگانىيلارنىڭ خىزمىتىدە بولدى. راشىدىن خوجا باشچىلىقىدىكى كۇچالىق خوجىلار يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارغا خىزمەت قىلدى. قەشقەردە ئاتالىق غازى باش كۆتۈرگەندە، ئاتالىق غازىغا خىزمەت قىلدى. ھەممىسىگە ئوخشاش مادارا قىلىپ، ئاشكارا ۋە مەخپىي خىزمەتتە بولدى ھەم خۇشامەت قىلىپ كەلدى. بەزىلەر نىياز ھېكىمبەگنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلگەندىن كېيىن: «سىلى ھەممە دەۋردىكى ئۇلۇغلار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرىدىكەنلا، بىرەر ئۇلۇغنىڭ خىزمىتىدە مۇقىم بولمايدىكەنلا، بۇ ئىشلىرى ئوبدان بولماپتۇ» دېگەندە، ئۇ: «بۇ يۇرتنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا كىمنىڭ قولىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. شۇ سەۋەبتىن، ھەممىسىگە خىزمەت قىلىمەن. ئەگەر سىلى بىلىمەن دېسىلە، جەزىم قىلىپ ئېيتىپ بەرسىلە، مەن شۇ كىشىنىڭ ئىشىكىدىن باشقا ئىشىككە بارمايمەن» دەپ تىلىنى چايناپتىغانىدى.

نىياز ھېكىمبەگ خوتەن ئۆلكىسىنىڭ دۇنيا ـ دەپىنىسى بىلەن مانجۇ مەنسەپدارلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى زادىلا تىنجىيالمىدى. بۇ قېتىمقى ئىشتا، بەدۆلەت ھۇزۇرىدا مەنسەپ تۇتقان ئادەملەر ئارىسىدا ئەڭ پايدا ئالغىنىمۇ نىياز ھېكىمبەگ ئىدى. مانجۇلار بۇ ئەلۋەك زېمىننىڭ بايلىقىغا ئېرىشكەن بولسا، نىياز ھېكىمبەگ بۇنىڭ بەدىلىگە ھەر ھالدا يەكەننىڭ ھاكىمبەگلىكى (7 ـ دەرىجە) مەنسىپىگە ئېرىشكەنىدى.

بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتدارچىلىق ۋە مەئىشەت جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن بۇ ئۇتۇقلىرى بىلەن قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئاغرىقىنى باسالمىدى. ئۆزىنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ تۆھپە بەدەلىگە ئاران يەكەننىڭ ھاكىمبەگلىك مەنسىپىگە ئېرىشىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى.

بەدۆلەت مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئەڭ ئىغىر كۈنلەردە پۈتۈن ئۈمىدىنى ئۇنىڭغا باغلىغانىدى: مانجۇلارمۇ يەتتە شەھىرنى پەتھ قىلىش ئىشىدا ئىچكى جەھەتتىن ھەمدەم بولۇش ئۈمىدىنى ئۇنىڭغا باغلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تاغىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆجۈقتۇردى. كېزىك ئازابىدا تولغىنىپ ياتقان بەدۆلەتنى، چوڭقۇر قۇدۇققا يىقىلىپ بوينى ئۈزۈلۈپ ئېگىراشقىمۇ ئۆلگۈرمەي ئۆلگەن تاغىسىنى، پۈتۈن تۆھپىسى بەدىلىگە، ئۆزىگە ئاران يەكەننىڭ ھاكىمبەگلىكى تەگكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بولۇپ كېتەتتى. ئۇ ئاچچىق يۇتۇۋالغانىدى. ئۇ ئۇخلىغاندا، ئۇنى ھەمىشەم دېگۈدەك قارا باسىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ، چۈشىدە، بەدۆلەتنىڭ پۇشايمان، ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئۆزىگە قولىنى شىلتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى، تاغىسىنىڭ بېشىنى قولىدا تۇتۇپ، ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. . .

نىياز ھېكىمبەگ گەرچە خوتەن ئۆلكىسىنىڭ پۈتۈن دۇنيا دەپىنىسى بىلەن مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن بولىسىمۇ، ئەمما شۇ مەزگىللەردە زۇڭدۇ دارېن بىلەن زۇڭتۇڭ دارېن ئوتتۇرىسىدا نىياز ھېكىمبەگنى ئىشلىتىش ـ ئىشلەتمەسلىك ھەققىدە خېلى تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەنىدى. زۇڭتۇڭ دارېن ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك دەپ ئويلايتتى. ئەمما، يەتتە شەھەر ئەھلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن نىياز ھېكىمبەگدەك ئادەملەرنى ئىشقا سالمايمۇ بولمايتتى. چۈنكى، چەنتۇلار ئىسيانىنى تىنجىتىپ، ئەنجانلىقلارنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، بۇ يەرلەردە ئۇنچىۋالا كۆپ لەشكەر تۇرغۇزۇشنىڭ ئۆزى پايدىسى زىيىنىنى قاپلىيالمايدىغان بىر ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چەنتۇلارنى چەنتۇلار ئارقىلىق ئىدارە قىلىش — مانجۇ خاقانىنىڭ بۇ يۇرتلاردا يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان سىياسىتى بولۇپ، بۇ خىل يول بىلەن، ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورغىلى بولاتتى. ئەمما، نىياز ھېكىمبەگدەك ئادەملەرنى خىزمەتكە كۆپ

قويۇۋەتكەن بىلەنمۇ بولمايتتى، چەنتۇلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇشلىرى مۇمكىن ئىدى، ئاز قويۇپ قويسا، چەنتۇلارنى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇپ كېتەلمەسلىكتىن ئەنسىرەيتتى. مۇشۇ ۋەجىدىن زۇڭتۇڭ دارىن بىر قارارغا كېلەلمەي، ئاخىرى گۈلباغدىكى بۇتخانىنى سەيلى قىلىپ كەلمەكچى بولدى.

گۈلباغ بۇتخانىسى داۋگۇاڭ پادىشاھىنىڭ 14 ـ يىلى سېلىنغان كونا بۇتخانا ئىدى. بەدۆلەت گۈلباغنى پەتھ قىلغاندا، بۇ يەر ۋاقىتلىق جەبخانە[1]قىلىنغان بولغاچقا، ۋەيران بولۇپ كەتمىگەنىدى.

مانجۇ چېرىكلىرى بىلەن بىللە كەلگەن مۇشاۋىر جۇ خۇەن ھەزرەت بۇ بۇتخانىغا شەيخ بولغانىدى. ئۇ زۇڭتۇڭ دارىنىنى كۆرۈپ، ئىتتىك ئېتىكاپتىن تۇردى ـ دە، ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ:

— ئامىتابا، بەندىلىرىڭنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەيسەن! — دەپ دۇرۇت ئوقۇدى ۋە، — دارىن جانابلىرىنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىگە قۇتلۇق بولسۇن، قۇتلۇق بولسۇن! — دېدى.

— يوقسۇ، يوقسۇ، كەمىنىلىرى كەم ئەقىل، ئۇستازدىن ئەقىل تىلەپ، بۇ تەرەپلەرگە ئۆتكەنىدىم.

— قېنى، مەرھەمەت! ھوي، قايسىڭلار بار؟ لۇڭجىن چېيى دەملەپ كەلتۈرۈڭلار! — دېدى جۇ خۇەن ھەزرەت زۇڭتۇڭ دارىنىنى ئۆزىنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەتخانىسىغا باشلىغاچ.

نىياز ھېكىمبەگ باشلاپ بارغان مانجۇ قوشۇنلىرى قەمەرىيە 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى[2]خوتەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھارىبىيە ئىشلىرى ئاساسەن ئاياغلىشىپ

---

① جەبخانە — قورال ـ ياراق ئىسكىلات.

② شەمسىيە 1878 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى.

قالغانىدى. مانجۇ ھاكىمىيىتى بۇ جايلاردا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يېڭىۋاشتىن قارار تاپقۇزدى. زۇڭتۇڭ دارېن ليۇ جىڭتاڭ ئۆزدىنىڭ قارارگاھىنى قەشقەر يېڭىشەھەردىكى گۈلباغ قەلئەسىگە قۇردى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ مۇشاۋىرى جۇ خۇەن ھەزرەت نېمىشقىدۇر تەرىقەتنى خالاپ، راھىبكالان بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ قالدى.

— مۇشاۋىر ھەزرەت، — دېدى ليۇ جىڭتاڭ ئۇنىڭغا، — ئەنجانلىقلار يوقىتىلدى.①جاھان تىنجىتىلدى. ئەمدى، يۇرت سوراپ، دۆلەت سۈرۈشنىڭ پەيزىنى كۆرىمىز دەۋاتقاندا، ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىنى تەرك ئېتىپ، تەرىقەت يولىغا ماڭىمەن دەۋاتقانلىقلىرى نېمىسى؟

— تەرىقەت بىلەن سەلتەنەت ئارىسىدا، — دېدى ئۇ، — قارىماققا، ئاسمان - زېمىن پەرق باردەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنچىۋالا چوڭ پەرق يوق. زۇڭتۇڭ دارېن، سىلى ياش، نەۋقىران چاغلىرىدىلا چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلىغان سەركەردە، سىلىنى پېقىر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مەن قېرىپ قالغان ئادەممەن. بۇ مەككار جاھاننىڭ كۆپ قازانلىرىدا قاينىغان، بۇ رەڭۋاز زاماننىڭ ناز - خۇلقىنى كۆپ

---

① مانجۇلار جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتا ئىگىلىگەندىن كېيىن، يالغۇز قەشقەردىلا «لوپاشاغا خىزمەت قىلغان» دېگەن جىنايەت بىلەن، ياقۇپبەگنىڭ خوتۇن - بالىلىرى، نەۋرىلىرى، جىن شياڭىيىڭ ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى باشلىق خۇيزۇلار ۋە باشقا چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلاردىن بىر مىڭ بىر يۈز ئالتە ئادەمنى دارغا ئاسقان، يەتمىش مىڭ بىر يۈز ئەللىك ئۈچ سەر سەككىز مىسقال ئالتە فۇڭ كۈمۈشنى مۇسادىرە قىلغانىدى. بۇ ھەقتە: «ئىززەتلىك ئاسايىش تۆرە زوزۇڭتاڭنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇبلىرىنىڭ داۋامى»، 72 - جىلد «شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىدىن سۇنۇلغان قاتلاق مەكتۇب» كە قارالسۇن.

كۆرگەنمەن. سەلتەنەت ئىشلىرىنى ئادا قىلىش يولىدا كۆپ ھاردىم. قەددىم پۈكۈلدى. ئەمدى، تەرىقەت كۇرسىدا جىندەك ئولتۇرۇپ، دىمىمنى ئالغاچ، زاماننىڭ رەپتايىنى كۆزىتىپ باقسامىكىن، دەيمەن. مۇبادا، خالىسىلا، قەدىمكى زاماندا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بەرگۈم بار.

— مەرھەمەت!

— رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، جۇ يۈەنجاڭ[1] پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، مىجەزى ئۇساللىشىپ، گۇمانخور، شەپقەتسىز، خاپىغان بولۇپ قاپتۇ. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر تۈركۈم تۆھپىكار ئەركانلىرىغا ئىشەنمەس بولۇپ قاپتۇ. «مۇبادا، مەن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، — دەپ ئويلايدىكەن ئۇ، — ئۇلار خۇددى ماڭا سادىق بولغاندەك، ۋەلىئەھدىگىمۇ سادىق بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ».

شۇنىڭدىن باشلاپ، جۇ يۈەنجاڭ تۆھپىكار ئەركانلىرىنى قانداق قىلىپ ئۇجۇقتۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ، «تارىخىي خاتىرىلەر.[2] گو جيەنىڭ تەرجىمىھالى»[3]دا يېزىلغان: «شىكار تۈگىدى. ئوقيا ـ ساداقنى تاشلاش كېرەك؛ تۈلكە ـ توشقان تۇتۇلدى، تايغاننى سويۇش كېرەك» دېگەن سۆزدىن ئىلھاملىنىپ، ئۇلارنى بىراقلا يىغىشتۇرۇۋېتىش قارارىغا كېلىپتۇ.

ئەتىسى، جۇ يۈەنجاڭ «تۆھپىكارلار راۋۇقى» ياساش ھەققىدە

---

① جۇ يۈەنجاڭ (1328 — 1398) — مىڭ تەيزۇ. مىڭ سۇلالىسىنى قۇرغان كىشى.

② «تارىخىي خاتىرىلەر» — دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر تارىخچىسى سىماچيەن تەرىپىدىن يېزىلغان تۇنجى سالنامە.

③ گۇ جيەن (مىلادىدىن ئىلگىرى 473 — ؟) — دۆلىتىمىزنىڭ ئەمىنىيە دەۋرىدىكى يۆ بەگلىكىنىڭ بېگى.

پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن سارايدىكى ھەربىي، مۇلكىي ئەمەلدارلارنى قاپاقتا سېلىپ كولدۇرلىتىۋاتقانلىقىنى خانىكە — ما خۇاڭخۇ تۇيۇپ قاپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ تۆھپىكار ئەركانلارنى شەپقەتسىزلىك بىلەن يوقاتماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ، تۆھپىكار ۋەزىر، خەلپەتبېگى ليۇ جىنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرمەكچى بوپتۇ. ئەمما، قانداق خەۋەر قىلىشنى بىلمەي، بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قېتىپتۇ. چۈنكى بۇ سىر ئاشكارىلىنىپ قالسا، باش كېتىدىغان ئىش ئىكەن.

خەلپەتبېگى ليۇ جى ۋەلىئەھدىگە ساۋاق بېرىش ئۈچۈن ھەر كۈنى دېگۈدەك ھەرەمگە كىرەتتىكەن. خانىكە ئۆزىنىڭ يېقىن مۇلازىملىرىغا بۇيرۇپ، خەلپەتبېگى ئولتۇرىدىغان تەختىراۋاننىڭ ياغىچىنى پورلىشىپ كەتكەن ياغاچقا ئالماشتۇرۇپ قويغۇزۇپتۇ. نەتىجىدە، خەلپەتبېگى ئولتۇرغان تەختىراۋاننىڭ ياغىچى ئۇشتۇلۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ پۇتى سۇنۇپ كېتىپتۇ.

خانىكە ئۇنىڭدىن ھال سوراپ، ھەرەم ئاغىلىرىدىن سوۋغا ئەۋەتىپتۇ. بۇ سوۋغا — بەرخۇت بىلەن قاپلانغان قۇتىلارنىڭ بىرىنىڭ ئىچىگە سېلىنغان بىر تال سوقا چىلان بىلەن يەنە بىرىنىڭ ئىچىگە سېلىنغان بىر تال توغاچ شاپتۇل ئىكەن. «ئوردىدا نازۇنېمەتلەر شۇنچە مول تۇرسا، خانىكىنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىدۇر؟ — دەپ ئويلاپتۇ خەلپەتبېگى ليۇ جى، — خۇددى باشقا نەرسە تېپىلمىغاندەك، ئاران بىر تال سوقا چىلان بىلەن بىر تال توغاچ شاپتۇل سېلىپ ئەۋەتكىنى نېمىسى؟ . . . » ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەي تۇرسا، مۇلازىم: «ئەمىر لەشكەر شۇي دا قەدەم تەشرىپ قىلدى! » دەپ مەلۇم قىپتۇ.

— خەلپەتبېگى جانابلىرى، ئۇقتىلامسىز، — دەپتۇ شۇي دا، — كەرەملىك پادىشاھ ئالىيلىرى تۆھپىكارلار راۋىقىدا زىياپەت بەرمەكچى بوپتۇ. بۇ زىياپەتكە پەقەت تۆھپىكارلارنىلا چىللاپتۇدەك.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خەلپەتبېگى لىۋ جىنىڭ كۆڭلىدىن بىر نەرسە كەچكەندەك تۇيۇلۇپتۇ ـ دە، تەختىراۋان ياغىچىنىڭ سۇ-نۇپ كېتىشى ۋە خانىكىنىڭ ئۆزىگە بىر تال سوقا چىلان بىلەن بىر تال توغاچ شاپتۇل سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى ئۇستىدە ئويلىنىپ قاپتۇ.

«ھە، ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە، — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — خانىكە ئۇنىڭغا سوقا چىلان بىلەن توغاچ شاپتۇل سوۋغات قىلىش ئارقىلىق ‹بېشىڭغا ئىش كەلمەكچى، دەرھال قاچ!› دەپ بىشا-رەت بەرمەكچى ئىكەن ـ دە!»①

ئەمما ئۇ ئويلىغانلىرىنى ئەمىرلەشكەر شۇي داغا ئاشكارا دېيىشنى بىئەپ كۆرۈپ:

— ئەمىرلەشكەر جانابلىرى، — دەپتۇ، — گېپىمگە ئوبدان قۇلاق سالغايلا: سەلتەنەتكە سادىق بولۇپ، پادىشاھىمىزغا چىك ئەگەشكەيلا، — چۈشەندىلىمۇ؟

— سىلىچە، بۇ زىياپەت بىرەر يامانلىقتىن دېرەك بېرەرمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ يەنىلا چۈشەنمەي.

— كۆپ سورىمىسىلا، ۋاقىت ـ قەرەلى كەلگەندە بىلىلا، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ئەسلىرىدە مەھكەم ساقلىسىلىلا، ھېچ ئىش يۈز بەرمەيدۇ!

تومۇز ئاخشىمى، پادىشاھ جۇ يۈەنجاڭ ئۆزىنىڭ تۆھپىكار ئەركانلىرى بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ بەزمە خۇشاللىقىغا كىرىشىپتۇ. قەدەھ ئۈچ قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، پادىشاھ:

— بۈگۈنكى بۇ زىياپەتكە داخىل بولغان ئەكابىر ـ ئەشرەپ-لەر، ئەمىر ۋۇل ئومرا، ئەركانى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەملى

① خەنزۇچىدە سوقا چىلان — «چېنزاۋ» دېيىلىدۇ؛ توغاچ شاپتۇل — «تاۋزى» دېيىلىدۇ. بۇ ئىككى سۆز «چېنزاۋ تاۋزى» (دەرھال قاچمىساڭ، ئىش چاتاق!) دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش.

ئۈچ دەرىجە ئۈستۈرۈلسۇن، ئۇلار ئۈچ ئەۋلادىغىچە بۇ ئىمتىياز-
دىن بەھرىمەن بولىدىغان قىلىنسۇن! دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.
ئەركانلارنىڭ: «ياشىسۇن! ياشىسۇن! تۇمەنمىڭ يىللار يا-
شىسۇن!» دەپ قىلىشقان تەنتەنە سادالىرى راۋاقنى قاپلاپتۇ.
پادىشاھ جۇ يۇەنجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ:
— بىز شاھىنشىنغا قايتقايمىز، ئەركانلىرىمىز بەھۇزۇر
بەزمە قىلغاي! — دەپتۇ - دە، تۆھپىكارلار راۋىقىدىن چىقىپ
كەتمەكچى بولۇپ مېڭىپتۇ. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ، ھەرەمبېگى
لى تەيجەنگە:
— جانابلارنى ئوبدان كۈتۈپ، كۆپ رازى قىلغايسىلەر! —
دەپ ئالاھىدە تاپىلاپتۇ.
جۇ يۇەنجاڭنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەمىر
لەشكەر شۈي دا دەرھال خەلپەتبېگى لىۇ جىنىڭ «سەلتەنەتكە
سادىق بولۇپ، پادىشاھىمىزغا چىڭ ئەگەشكەيلا!» دېگىنىنى
ئەسلەپتۇ - دە، گەپ قىلماستىن پادىشاھنىڭ كەينىدىن قالماي
ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.
پادىشاھ جۇ يۇەنجاڭ كەينىگە قاراپ، ئەمىر لەشكەر شۈي
دانىڭ تاپ بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خاپا بوپتۇ ۋە:
— ئەركانىم، شۇنداق كاتتا زىياپەتكە داخىل بولماي، نې-
مىشقا كەينىمدىن ماڭىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئاتىھەزرىتىمنىڭ ئوردىغا قايتماقچى بولغىنىنى كۆرۈپ،
پاسىبان بولۇپ ئۇزاتقىم كەلدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شۈي
دا.
ئەمىرلەشكەرنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئاغزى تۇۋاقلانغان پادىشاھ
جۇ يۇەنجاڭ باشقا گەپ قىلالماپتۇ - دە، ئۇنىڭ پاسىبانلىقىدا
ئوردىغا قايتىپتۇ.
بەزمە بىر ھازاغىچە داۋام قىپتۇ. ھەرەمبېگى لى تەيجەن

ئەكابىر ـ ئەشرەپ، ئەركانى دۆلەت، ئەمىردان ئۇمرالارنى داس-
تىخاندىكى مول نازۇنېمەتلەرگە ھېلىدىن ـ ھېلىغا تەكلىپ قى-
لىپ، قەدەھلىرىنى مەي ـ شاراپ بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن
تولدۇرۇپ تۇرۇپتۇ. داستىخاندىكىلەر كەيىپ ئىچىدە ئەقلى خى-
رەلىشىپ، دىلى لال بولۇپ تۇرۇشقىنىدا، بىرسىنىڭ توساتتىنلا
«ۋاي بولمىدى! ئوت كەتتى!» دەپ ۋارقىرىغىنى ئاڭلىنىپتۇ.
ئەمىرۇل ئۇمرا، ئەكابىر ـ ئەشرەپ، ئەركانى دۆلەت، ۋەزىر ـ
ۋۇزرالار ئەقلىنى تېپىشىپ، «ۋاي بۇ نېمە ئىشتۇر؟» دەپ
ئىككى تەرەپكە قاراپ تۇرغان ئارىلىقتا، پۈتۈن تۆھپىكارلار راۋى-
قى ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ. بۇ كىشىلەر جان قايغۇسىدا قاچماق
بولۇپ تاتما تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ بارسا، راۋاقنىڭ تاتمىسى ئاللى-
قاچان ئېلىۋېتىلگەنىكەن. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ جۇ يۈەنجاڭ
بىلەن قان كېچىپ يۇرت ئالغان بۇ تۆھپىكارلار ئاخىرىدا پادىشاھقا
ئۆز جېنىنى «تۆھپە» قىلىشىپتۇ...
بۇ چاغدا، پادىشاھ بىنەپشە ھەرەمدە ئۆزىنىڭ ئايىملىرى
بىلەن كۆڭۈل خۇشى قىلىشىپ تۇرۇشقانىكەن. تۆھپىكارلار را-
ۋىقىغا ئوت كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، پادىشاھ جۇ يۈەنجاڭ دەرھال
ئوت ئۆچۈرۈشكە ئادەم ماڭغۇزغان بوپتۇ. ساقچىلار راۋاق يېنىغا
يېتىپ كېلىشكەندە، تۆھپىكارلار راۋىقى ئاللىقاچان كۆيۈپ كۈل-
گە ئايلانغانىكەن. «قاتتىق غەزەپلەنگەن» جۇ يۈەنجاڭ ھېلىقى
ھەرەمبېگى لى تەيجەننى دەرھال ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ.
خەلپەتبېگى ليۇ جى بۇ ئىش يۈز بېرىشتىن بىر كۈن ئىلگى-
رى، ئەمىلىنى تاشلاپ يۇرتىغا قېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن،
ئامان قاپتۇ.»
— دېمەكچىمەنكى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى جۇ
خۈەن ھەزرەت، — مەن ئۆزۈمنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇر-
چۇمنى ئادا قىلىپ بولدۇم. مۇھارىبىيە ئىشلىرىنىڭ مۇشەققىتى

جېنىمغا پاتتى. ئەمدى ماڭا ھاردۇق يەتتى. شۇڭا، ئۆمرۈمنىڭ
ساناقلىق كۈنلىرىنى بۇددىھاغا تىلاۋەت قىلىپ خاتىرجەم ئۆتكۈ-
زەي دېگەن نىيەتكە كەلدىم. ئەمدىغۇ چۈشەنگەنلا. زۇڭتۇڭ دا-
رىن! سەلتەنەت بىلەن تەرىقەتنىڭ ئارىسىدا بىر غېرىچچىلىكلا
پەرق بار!
زوڭتۇڭ دارىن راھىب بالا ئەپكىرگەن پۇراقلىق كۆك چاينى
بىر ئوتلىۋەتكەندىن كېيىن، سۆزىنى ئەگىتمەي ئۇدۇللا باشلى-
دى:
— كەمىنىلىرىنىڭ سىلىدىن سورايدىغان بىر ئىشى بار
ئىدى ئۇستاز. ئېغىر كۆرمەي يول كۆرسەتكەيلا.
— دارىنىنىڭ سورايدىغىنى بۇددا تەرىقىتىگە ئائىت ئىشلار
بولمىسۇن يەنە؟
— يوقسۇ، پېقىر يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا بىر قىيىن مە-
سىلىگە دۇچكەلگەنىدىم. ئۇستازنىڭ ماڭا يول كۆرسىتىپ،
مۇشكۇلاتنى ئاسان قىلىپ بېرىشىگە ئىنتىزارمەن.
— مەرھەمەت، مەرھەمەت، — دېدى ئۇستاز قولىدىكى
تەسۋىسىنى سىيرىشنى توختىتىپ تۇرۇپ.
— خان لەشكەرلىرى ئەنجانلىقلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، چەن-
تۇلار يۇرتىنى ئەمىن تاپقۇزدى. كونىلاردا: «ئات ئۇستىدە يۇرت
ئالماق ئاسان، ئات ئۇستىدە يۇرت سورىماق قىيىن» دېگەن سۆز
بار. چەنتۇلار يۇرتى ئەمىن تاپقىنى بىلەن، ئوغرى - يالغان
بېسىقمىدى. ھەزرىتىم، ئېيتىپ باقسىلاچۇ، چەنتۇلار يۇرتىنى
تەلتۆكۈس ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن، يەنە نېمىلەرنى قىلماق
زۆرۈردۇر؟
— بۇنى ياخشى دېدىلە، زۇڭتۇڭ دارىن، — دېدى جۆ خۇەن
ھەزرەت سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — مەنمۇ سىلىنىڭ سە-
مىلىرىگە سېلىپ قوياي دېۋىدىم. ئالدىنقى يىللاردا، بۇ يۇرتلار-

نىڭ سەلتەنەتىمىزنىڭ تەسەررۇپىدىن چىقىپ كېتىشىدىكى ئاسا-
سى سەۋەب، بىزنىڭ بۇ يەرگە قويغان ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ ئارى-
سىدا خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، چېرىكلىك ئەۋج ئېلىپ كەت-
كەنلىكتىن بولغان. چۈنكى، پارىخورلۇقنى يىلتىزىدىن قۇرۇت-
مىغاندا، ئەل ئاسايىشلىق تاپالمايدۇ، خىيانەتچىلىكنى يوقاتمى-
غاندا، يۇرتدارچىلىق ئىشى روناق تاپمايدۇ؛ چېرىكلىكنى تۈگى-
تەلمىگەن سەلتەنەتنىڭ نوپۇزى بولمايدۇ. پۇقرالار پارىخورلۇق-
قا، خىيانەتچىلىككە، چېرىكلىككە چىش تىرنىقىدىن ئۆچلۈك
قىلىدۇ. ئۇلارغا بولغان زۇلۇممۇ ئەمەلدارلارنىڭ مانا شۇ ئىللەت-
لىرىدىن كېلىدۇ. تارىختىن ئالىدىغان بولساق، كېيىنكى خەن[1]
پادىشاھلىرى ھەرەمبەگلىرىگە يول قويۇۋېرىپ، ئاپەتنىڭ ئۇرۇ-
قىنى تېرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاخىرى «ئون ھەرەمبېگى توپىلى-
ڭى»[2] يۈز بېرىپ، دۆلەت مۇنقەرز بولدى. تاڭ شۈەنزۇڭ[3]
گەرچە تارىختا دانا پادىشاھ دەپ نام ئالغان بولسىمۇ، ئەمما

---

① سۇلالە نامى. ئادەتتە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

② شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن لىڭدى زامانىسىدا مۇنار-
خىيەنى كونترول قىلىۋالغان ھەرەمبەگلىرى گۇرۇھىنىڭ نامى.
ئۇلار: جاڭ راڭ، جاۋجۇڭ، شيايۇن، گۇ شېڭ، سۇن جاڭ، بى
ليەن، لى سۇن، دۇەن گۇيى، گاۋ ۋاڭ، جاڭ گۇڭ، خەن لى،
سۇڭ دىيەن قاتارلىق ئون ئىككى ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئون
ئىككى ئادەمنىڭ ھەممىسى ئىشىك ئاغىسى بولۇپ، بەگلىك مەرتى-
ۋىسىگە ئېرىشكەن. ئۇلارنىڭ جەددى - جەمەتى ھەرقايسى
ئايماق - ۋىلايەتلەردە ئەمەل تۇتۇپ دەۋر سۈرگەن. ئۇلار تولىمۇ
زالىم، ئۆكتەم بولغاچقا، تارىختا «ئون ھەرەمبېگى» دەپ سېسىق
نامى قالغان.

③ تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى لى لۇڭجى (مىلادى 685 -
يىلىدىن 762 - يىلىغىچە ياشىغان، 712 - يىلىدىن 756 -
يىلىغىچە سەلتەنەت سۈرگەن.

ياتلارغا ھەددىدىن زىيادە كەڭ قورساقلىق قىلغان، ئامراق بانۇسى
ياڭ ئايىمنى تاڭ[1] ئىمپېراتورلۇقىنىڭ پۇجۇ ئايمىقىدىكى يۇڭلۇ
ھەددىدىن زىيادە ئەتىۋارلاپ، قېيىناغىسى ياڭ گوجۇڭ[2] دەك ئىق-
تىدارسىز، پەزىلەتسىز ئادەمنى چوڭ ئىشلارغا قويغان. ئاخىرى
«ئەن لۇشەن — شى سىمىن توپىلىڭى»[3] يۈز بېرىپ، بۈيۈك تاڭ
دۆلىتىنى مۇنقەرزلىككە دۇچار قىلدى؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئا-
خىرقى پادىشاھى چۇڭ جېن يۇرتدارچىلىق[4] ئىشلىرىدا تىرىش-

---

① ياڭ تەيجېن (مىلادى 719 — 756) — ئىمپېراتور تاڭ شۈەنزۇڭ-
نىڭ ئامراق ئادىمى. تاڭ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ پۇجۇ ئايمىقىدىكى
يۇڭلۇ دېگەن يەردىن. ياڭ يۈ خۈەن دەپمۇ ئاتالغان. مۇزىكىغا
ئۇستا. ئوردا ئايىملىقىغا تاللىنىپ، پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ
ئەتىۋارلىشىشىغا نائىل بولغان. 745 - يىلى بانۇلىقىغا تاللىنىپ
«ياڭ گۈيخېي» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئىگىچى - سىڭىللىرىنىڭ
ھەممىسى مەرتىۋە تاپقان. بىر نەۋرە ئاكىسى ياڭ گوجۇڭ سەلتەنەت-
نى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانلىقتىن، تيەنباۋنىڭ 14 - يىلى ئەن
لۇشەن «ياڭ گوجۇڭنى يوقىتىپ، پادىشاھنى قۇتقۇلدۇرىمىز» دې-
گەن نام بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرگەن.

② ياڭ گوجۇڭ — ياڭ گۈيفېينىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى. يۇقىرىقى
ئىزاھاتقا قاراڭ.

③ ئۆڭلۈك — سۆيگىن توپىلىڭى: «بۇ مىلادى 755 - يىلى تاڭ
پادىشاھلىقىنىڭ ھىراۋۇلى لۇكچۇنلۇك ئۇيغۇر ئۆڭلۈك بىلەن ئالىي
سانغۇن، لۇكچۇنلۇك ئۇيغۇر سۆيگىن ئىككىسى قوزغىغان توپىلاڭ-
نى كۆرسىتىدۇ.

④ يەنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ سىزۇڭ خانى — جۇ يۇجيەن (مىلادى
1611 — 1644) ئۇ مىلادى 1627 - يىلىدىن 1644 - يىلىغىچە
سەلتەنەت سۈرگەن. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان يىللاردا لى زىچىڭ
رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن. مىلادى
1644 - يىلى، لى زىچىڭ ئاستانىگە باستۇرۇپ كىرگەندە ئۇ
مېيشەن تېغىدا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان.

چان، پۇقراپەرۋەر بولسىمۇ، ئەمما بىقارار، لىڭتاسما بولغانلىق-
تىن، قاراقچىلارغا كەسكىن تەدبىر قوللىنالمىدى. سەددىچىن-
نىڭ شىمالىدا باش كۆتۈرگەن مانجۇلار ئالدىدا بىچارە بولۇپ
قالدى. نەتىجىدە لى زىچېڭ ئاستانىگە باستۇرۇپ كىردى. ۋۇ-
سەنگۇي چاڭموزا[①] مانجۇلارنى سەددىچىن قوۋۇقىدىن باشلاپ كىر-
گەچكە، ئاخىرى بۈيۈك مىڭ خاندانلىقى مۇنقەرز بولدى.
— ھەزرىتىم ناھايىتى بەلەن مۇلاھىزە قىلدىلا، بۇ سۆزلە-
رىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم پاللىدە يورۇغاندەك بولدى، — دېدى ليۇ
جىڭتاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، — ئېيتسىلاچۇ، يۇرتدار-
چىلىق ئىشىدا يەنە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش لازىمدۇر؟
— بايامقى دېگەنلىرىمدىن باشقا يەنە، ئادەم ئىشلىتىشمۇ
ناھايىتى مۇھىم! — دېدى جۇ خۇەن ھەزرەت.
— مەنمۇ بۇ ئىش ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. ھازىر تازا ئادەم
ئىشلىتىدىغان پەيت. ئەمما، ئىشلەيمىز دەۋاتقانلار ناھايىتى
كۆپ. قايسىنى ئىشلىتىش، قايسىنى ئىشلەتمەسلىك ئىشىدا بىر
قارارغا كېلەلمەي، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ تېشىمۇ قېتىپ، نېمە
قىلارىمنى بىلمەي قالدىم...
— زۇڭتۇڭ دارىن، ئويلىغانلىرىنى ئېيتىپ باقسىلا قېنى،
مەن ئاڭلاپ بېقىپ بىر نېمە دەي.
— كەمىنىلىرى ئوتتۇزدەك ئىت باققانىدىم. ھازىر جاھان
تىنجىپ، يۇرت ئامان، پۇقرالار بىخارامان بولدى. باققان
ئىتلىرىم بىكارچىلىقتىن توخۇ - ئۆردەك قوغلاپ، قوشنا -
قولۇملارغا ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. ئۇستاز، سىلىچە بۇ ئىتلارنى
نېمە قىلسام بولار؟
ئۇستاز ئاڭلاپ سوغۇق كۈلۈپ قويدى - دە:

---

① ۋۇسەنگۇي (مىلادى 1612 — 1678) — لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ
لياۋياڭ دېگەن يېرىدىن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ باش بۇغى.

— دارىن جانابلىرى، بىر بۆلۈكىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، قالغانلىرىنى سويدۇرۇۋەتسىلە.
— كەمىنىلىرى تېخى ھەممىسىنى سويدۇرۇۋەتسەممىكىن دەپ ئويلىغان، — دېدى ليۇ جىڭتاڭ.
— يوقسۇ، يوقسۇ، — دېدى ئۇستاز كەسكىنلىك بىلەن، — مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن نەشتەردەك سوغۇق نۇر چېچىلىپ تۇراتتى، — بىلەمدىلا، ئىت كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ ئىش بۇزۇلىدۇ؛ ئىت بولمىسىمۇ ئىش بۇزۇلىدۇ.
ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. زوڭتۇڭ دارىن مۇشۇ تاپتا ئۆزىنى قىيناپ كېلىۋاتقان ئاشۇ قىيىن مەسىلىگە جاۋاب تاپقانىدى. دېمەك، جو خۇەن ھەزرەت سۆزىنى ئاخىرى شۇ يەرگە ئەكىلىپ، زوڭتۇڭ دارىنىنىڭ مۇشكىلاتىنى ئاسان قىلىۋىدى، زوڭتۇڭ دارىن جو خۇەن ھەزرەتنىڭ بۇ پىلانىغا بارىكاللا دېمەكتىن باشقا ئامال تاپالمىدى.

× ×

مىلادى 1877 - يىلى، سۇنبۇلە ئايلىرىنىڭ ئاخىرى. ئۇ-رۇك ئەمدى پىشقان مەزگىل ئىدى.
يېرىم كېچىدە، چاقىلىقنىڭ ھاكىمبېگى توخسۇن بەگنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئەنسىز تاراقلىدى. توخسۇن بەگ كەچلىك بەز-مىدە كەيپى چاغ بولۇپ نەشىنى تولا چېكىپ، باشلىرى ئېغىرلى-شىپ كەتكەنىدى. توخسۇن بەگ دالان ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان ئوغلى ياسىنغا چىقىپ قاراپ بېقىشنى بۇيرۇدى.
— كىم؟ — دەپ سورىدى ياسىن ئىشىكنى ئاچماي تۇرۇپ.
— بىز! دادىڭىزنى چاقىرىڭ. نىيە تەرەپتىن كەلدۇق، — دېگەن بوم ئاۋاز ئاڭلاندى ئىشىك سىرتىدىن.
ئۇنىڭغىچە توخسۇن بەگ يەكتىكىنى ئۇچىسىغا سالغان پېتى

يېتىپ كەلدى ـ دە، ئوغلىغا ئىشىكنى ئېچىشنى ئىما قىلدى. تالادا نىياز ھېكىمبەگ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا توخسۇن بەگنىڭ بىر مالچىسىمۇ تۇراتتى. توخسۇن بەگ نىياز ھېكىمبەگنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، ئۇ كىرىشكە ئۇنىمىدى. توخسۇن بەگ ھېلىقى مالچىنى ھويلىغا كىرگۈزۈۋېتىپ، نىياز ھېكىمبەگنى باغدىكى راۋاق تەرەپكە باشلاپ ماڭدى. ئۇلار سۆزلىشىپ تۇراتتى، ياسىن-مۇ يېتىپ كېلىپ بىر چەتتە قاراپ تۇردى. نىياز ھېكىمبەگ گەپنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايلا، ياسىننىڭ ئۆزىنى قۇم دەريا تەرەپ بىلەن قۇمۇلغا — مانجۇ ئەسكەرلىرى تەرەپكە باشلاپ بېرىشى لازىملىقىنى ئېيتتى. ياسىن ئانچە ھايالىشمايلا، نىياز ھېكىمبەگ ئېلىپ كەلگەن ئالتە ئات ۋە ئۆزى مىنىدىغان ئىككى ئاتنى جاب-دۇپ، شۇ كېچىسى تاڭ ئاتماستىنلا، ئىككى كىشى سەككىز ئاتلىق بولۇپ يۈرۈپ كەتتى. يولدا ئاتلارنى ھاردۇرۇپ قويماس-لىق ئۈچۈن، ھەربىر سائەتتە ئاتتىن ـ ئاتقا ئالمىشىپ مېڭىش-تى. ئۇلار قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندە، ياسىننىڭ ھارغىنلىقتىن جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، نىياز ھېكىمبەگ يې-شىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىماي تېخى تېتىك ئىدى.

خاننىڭ ئەسكەرلىرى قۇمۇل دىيارىغا بېسىپ كىرىشتىن ئىلگىرى، نىياز ھېكىمبەگ بىر تاغىسىنى لەنجۇ تەرەپكە زۇڭدۇ دارىيېندىن ھال سوراپ، مانجۇلارنىڭ ئەھۋال ـ ۋەزىيەتلىرىنى بىلىپ كېلىشكە، توغرىراقى ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. ئۇ ئادەم نەچچە ئاي يول مېڭىپ، زۇڭدۇ دارىيېن[1] بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن خەت ـ خەۋەر ئېلىپ سالامەت يېنىپ كەلدى. نىياز ھېكىمبەگ زۇڭدۇ دارىيېننىڭ خېتىنى كۆرۈپ، ۋاقىپ بولۇپ ھەم تاغىسىنىڭ ئاغزىدىنمۇ ئاڭلاپ ئوبدان بىلىۋال-غاندىن كېيىن، بىر ئۆينىڭ ئىچىگە قۇدۇق قېزىپ، ئاغزىنى

---

① زۇڭدۇ دارىيېن — زوزۇڭتاڭ.

بىلىنمىگۇدەك قىلىپ يېپىپ، ئۇستىگە كىگىز سېلىپ قويىدى.
تاغىسىنى شۇ ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ قۇدۇق تەرەپكە باشلىدى.
تاغىسى ئۇ يەرگە قەدەم قويغان ھامان ھېلىقى قۇدۇققا تىك
موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ دەرھال زەمبىلدە توپا، قۇم
ئەكەلدۈرۈپ، قۇدۇقنى كۆمدۈرۈۋەتتى. بۇنى بىلىپ قالغان بىر
مەھرىمى ئاتالىق غازىغا ئەرز بېرىپ، بۇ ۋەقەنى مەلۇم قىلدى.
ئاتالىق غازى: «پالانى مەھرەم شىكايىتىڭىزنى قىلىپ ئەرز بەر-
گەندى. مەن قۇلاق سالمىدىم. شۇ مەھرەمنىڭ جازاسىنى بەر-
گەيسىز» دەپ نىياز ھېكىمبەگكە دەرھال ئىنايەتنامە ئەۋەتتى.
بۇ ئىنايەتنامىنى كۆرگەن ھامان، ئۇ ھېلىقى مەھرەمنى يوق
قىلدى.

نىياز ھېكىمبەگ قۇمۇلدا زۇڭتۇڭ دارىن ليۇ جىڭتاڭ بىلەن
كۆرۈشۈپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن دەرھال ئارقىغا ياندى. يىگىرمە
يەتتە كۈن دېگەندە قۇمۇلغا يەنە بىر بېرىپ، چاقىلىققا قايتىپ
كەلدى. بۇ يەردە بىر ھەپتە ئارام ئالغاندىن كېيىن، توخسۇن
بەگلەر نىياز ھېكىمبەگنى چەرچەنگە ئاپىرىپ قويۇپ ئارقىغا
يېنىشتى...

نىياز ھېكىمبەگ: «مەن ئەقىدە ۋە ئارزۇ قىلىپ كەلگەن
مانجۇلار بۇلار ئەمەس ئىكەن» دەپ، يەنە نىيىتىنى بۇزۇپ، كونا
ئادىتىنى تەكرارلىدى. ئۇ يەكەندە مەخپىي جەبخانە قۇرۇپ، يو-
شۇرۇن قورال - ياراق تەييارلىدى. شەھەر - سەھرالاردىن
تونۇش - بىلىشلىرىنى بىر - بىرلەپ قىچقىرىپ مېھمان قىلىپ،
ئۇلارنى ۋەدە - قەسەملەر بىلەن خۇش قىلدى، ئۆزىگە تارتىپ
ئۇمىدۋار قىلدى. ئۆزىچە ۋاقىت - قارارى پىشتى دەپ ئويلىدى
بولغاي، كۆتۈرىدىغان مۆھلەتنى تەيىن قىلدى. ۋەقەنىڭ تەرەققى-
ياتى «ئورىنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشىدۇ» دېگەندەك بولدى.
نىياز ھېكىمبەگدىن كۆڭلى قاتتىق ئاغرىغان مامۇت قونداقچى بۇ

ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى يەكەندىكى خان ئامبال دۇڭ فۇشياڭغا چېقىپ قويىدى. دۇڭ دارېن كىشى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش قىلىۋىدى، بۇ ۋەقە راست بولۇپ چىقتى. دۇڭ دارېن بىر مانجۇ پەنسادنى يىگىرمە چېرىك بىلەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ قورۇسىغا ئەۋەتتى. ھېلىقى مانجۇ پەنساد دۇڭ دارېن بەرگەن خانئوقىنى نىياز ھېكىمبەگنىڭ قورۇسىنىڭ دەرۋازىسىغا قاداپ قويىدى.

يىگىرمە ئۈچ كۈن بولغاندا، قەشقەردىن بىر مانجۇ مەنسەپدارى كېلىپ، نىياز ھېكىمبەگنى كۆشۈك هارۋىغا سېلىپ خار ۋە ئېتىبارسىزلىق بىلەن قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، گۈلباغ زىندانىغا تاشلىدى. ئەتىسى زۇڭتۇڭ دارېن ليۇ جىڭتاڭ ھوشۇر بەگ مەھرەمنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ، زەينىلئابىدىن مەخدۇمنى ئۆز ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلدى.

زەينىلئابىدىن مەخدۇم بەدۆلەتنىڭ ۋاقتىدا مىرزابېشى بولغانىدى. بەدۆلەت ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، ئۇ بەگقۇلبەگنىڭ ھۇزۇرىدا بىر مەزگىل ئىشلىدى. كېيىنكى چاغلاردا، خان لەشكەرلىرى قەشقەر دىيارىغا قاراپ توختاۋسىز بېسىپ كېلىۋاتقاندا، بەگقۇلبەگ موللا زەينىلئابىدىن مەخدۇمنى قىرىق ئاتلىق ئادەم بىلەن ليۇ جىڭتاڭنىڭ ئالدىغا ئاقسۇغا ماڭدۇردى. ئۇلار مارالبېشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خاننىڭ تۇرشاۋۇل قىسىملىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلار ئۆزئارا تىل بىلىشمىگەنلىكتىن، مۇددىئالىرىنى چۈشىنەلمەي قالدى، مانجۇ چېرىكلىرى قوراللىق ئادەملەرنى كۆرۈپ مەڭدەپ قالدى ـ دە، ئۇلارنى دەرھال ئوققا تۇتۇپ، بۇ قىرىق ئادەمنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلدى. زەينىلئابىدىن مەخدۇمغىمۇ ئوق تېگىپ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالدى. شۇ ئەسنادا، ھوشۇربەگ مەھرەم ۋە ئاقسۇلۇق سىدىقبەگلەر زۇڭتۇڭ دارېنغا تۇڭچى بولۇپ كەلگەنىكەن، ئۇلار ھوشسىز ياتقان زەينىلئابىدىن مەخدۇمنى كۆرۈپ تونۇپ، زۇڭتۇڭ دارېنغا: «بۇ كىشى لوپاشانىڭ چوڭ ئادىمى بولۇپ، ئۆزى ناھايىتى

بەلەن، ياخشى كىشى ئىدى» دەپ تونۇشتۇردى. زۇڭتۇڭ دارىن:
«ئۇنداق بولسا ياخشى ئاسراپ، مەن چۈشكەن جايغا تىنچ - ئامان
ئاپىرىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. زۇڭتۇڭ دارىن ئۇستا جەرراھ -
تېۋىپلارنى چاقىرتىپ، زەينىلئابىدىن مەخدۇمنى ئوپېراتسىيە
قىلدۇرۇپ، بەدىنىدە تۇرۇپ قالغان ئوقنى ئالدۇرۇۋەتكەندىن
كېيىن، ئۇ ئاندىن ھوشىغا كەلدى. يارىسى سەل ياخشى بولۇپ
ماغدۇرىغا كەلگەندىن كېيىن، مەقسەت - مۇددىئالىرىنى زۇڭ-
تۇڭ دارىنغا بىر - بىرلەپ بېرىۋىدى، زۇڭتۇڭ دارىن:
«راست گەپ قىلدىڭ» دەپ ئىشەنچ بىلدۈرۈپ: «ئوبدان تەمىنات
بىلەن خەۋەر ئېلىڭلار. ئۇل زاتنىڭ مۇشكۇلىنى ھەر ۋاقىت
ئاسان قىلىپ بېرىڭلار» دەپ، ئۆز ئەئيانلىرىغا ئالاھىدە تاپىلى-
دى. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئوبدان يەردىن جاي - ماكان
تەييارلاپ بەردى. تۆت - بەش كۈندە بىر قېتىم ئالاھىدە تەكلىپ
قىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ، نۇرغۇن ئىلتىپاتلارنى
كۆرسەتتى.

ھوشۇربەگ مەھرەم زەينىلئابىدىن مەخدۇمنى قەشقەر شەھى-
رىدىن گۈلباغ قەلئەسىگە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەندىن كېيىن،
زۇڭتۇڭ دارىننى خەۋەرلەندۈردى. زۇڭتۇڭ دارىن ئۇل زاتنىڭ
ئالدىغا ئالايىتەن چىقىپ، ئۇنى ئۆز خۇپىيەخانىسىغا باشلاپ كىر-
دى. ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ئۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ
قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى زەينىلئابىدىن مەخدۇمغا سۆزلەپ بەر-
دى ۋە ئۇنىڭدىن ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە پىكىر
سورىدى.

— زۇڭتۇڭ دارىن، — دېدى زەينىلئابىدىن مەخدۇم، —
نىياز ھېكىمبەگ ھىيلە - مىكىردە ئوت بىلەن سۇنى بىر - بىرىگە
قوشالايدىغان، تىل ياغلىمىچىلىقتا تاشنى مومدەك ئېرىتىۋېتەلەي-
دىغان ئادەم. ئۇ ئۆزىنىڭ تاغىسىنى سۇيىقەست بىلەن يوق قىل-
دى؛ ئاتالىق غازىغا ۋاپا قىلمىدى؛ ئۇ تۆت ئۇلۇغ كىتاب بويىچە

ئېيتقاندىمۇ قەتلى قىلىنىشى ۋاجىپ بولغان قانخور. ھەركىم يامانلىق قىلسا، ياخشىلىقتىن ئۈمىد كۈتمەسلىكى لازىم. «ھەر-كىمگە ناشكەر لازىم بولسا، ھەنزەل[1]تېرىماسلىقى لازىم.»

— سىز ناھايىتى ياخشى گەپ قىلدىڭىز، — دېدى زۇڭتۇڭ دارىن ۋە ئاندىن مۇلازىملىرىنى نىياز ھېكىمبەگنى دەرھال تەييار قىلىشقا بۇيرۇدى.

زۇڭتۇڭ دارىن زەينىلئابىدىن مەخدۇمنى باشلاپ داتاڭغا چىقىپ، تەپمۇ تەق بولۇپ تۇردى.

نىياز ھېكىمبەگ داتاڭغا ئېلىپ كىرىلدى. ئۇ داتاڭدا ئول-تۇرغانلارغا ئالاق - جالاق قاراشقا باشلىدى. ئۇ داتاڭنىڭ تۆرىدى-كى شىرە ئالدىدا ئولتۇرغان زۇڭتۇڭ دارىننى كۆرۈپ، بېلىنى پۈكۈپ ئېگىلىشكەن پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا باردى - دە، دۇم ياتتى ۋە يەرنى سۆيۈشكە باشلىدى. بىراق، زۇڭتۇڭ دارىن نېمە دەر-كىن؟ دېگەن ئوي بىلەن، ئۇنىڭغا ھېلىدىن - ھېلىغا ئالاق - جالاق قاراۋەردى. زۇڭتۇڭ دارىن ئاخىرى ئۇنىڭغا قارىدى - دە:

— نىياز ھېكىمبەگ، سېنىڭ يەنە دەيدىغان نېمە گېپىڭ بار؟ — دېدى.

— زۇڭتۇڭ دارىن جانابلىرى، سىلى دانا، ئۇلۇغ ئادەم! سىلى تەڭداشسىز، مەردانە ئادەم! شۇڭا، سىلى مېنىڭدەك خاڭ-نىڭ ئىشەنچلىك، سادىق قۇلىغا رەھىم - شەپقەت قىلىشلىرى كېرەك، — دېدى ئۇ كۈچۈكلىنىپ.

— ساڭا زادى قانداق رەھىم - شەپقەت قىلىشىم لازىم؟ — دېدى زۇڭتۇڭ دارىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— مەن خانغا بۇرۇنمۇ خىزمەت قىلغان، ھازىرمۇ داۋاملىق خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن.

نىياز ھېكىمبەگ جىم بولۇپ قالدى - دە، پىسەنت قىلماي

---

[1] ھەنزەل — بىر خىل ئاچچىق تاۋۇز، دورا ئۈسۈملۈكى.

ئولتۇرغان زۇڭتۇڭ دارېننىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى كەلگەندەك، ئۇنىڭغا تەلمۈردى.

— ساڭا زادى نېمە كېرەك؟ قانداق تەلىپىڭ بار؟ — دېدى زۇڭتۇڭ دارېن.

— رۇخسەت بولسا، خانغا يەنە خىزمەت قىلسام!

زۇڭتۇڭ دارېن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي، ئۈن - تىنسىز ئولتۇردى. ئۇنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن نىياز ھېكىمبەگ تېخىمۇ دادىللىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى

— ئىچكىرىدە مېنىڭ سىلىگە كېرىكىم يوقتۇر بەلكىم. بىراق بۇ چەنتۇلار يېرىدە، مېنىڭ سىلىگە، خانغا كەلتۈرىدىغان پايدام ناھايىتى كۆپ. ماڭا رەھىم قىلسىلا! مېنى قەشقەرگە ھاكىمبەگ قىلىپ بەلگىلىسە! ھەرقانچە بولسىمۇ، مەن سىلەر ئۈچۈن، خان ئۈچۈن كۆپ تۆھپە كۆرسەتكەن ئادەممۇ؟

نىياز ھېكىمبەگ سۆز ئارىسىدا «ماۋۇ مېنى قوللارمۇ؟» دېگەندەك زەينىلئابىدىن مەخدۇمغا قاراپ - قاراپ قوياتتى. بىراق، زەينىلئابىدىن مەخدۇم تەتۈر قارىۋالغانىدى.

زۇڭتۇڭ دارېن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۆز پادىشاھىغا خائىنلىق قىلغان ئادەمنى ياخشى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنداق ئادەم بىزنىڭ خانغىمۇ ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ، ئۇنى سېتىۋېتىشتىن يانمايدۇ.

— مەن سىلەرگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغانىدىمغۇ؟ — دېدى نىياز ھېكىمبەگ جىلى بولۇپ يىغلىۋېتىشكە تاس - تاس قېلىپ، — مەن خانغا زور خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەنىدىم. بەدۆلەتنىڭ دەپنە - دۇنياسىنىڭ نەدىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن مەن ئەمەسمىدىم؟...

— شۇنداق.

— مەن سىلەرگە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن كېلىپ خىزمەت قىلغانىدىمغۇ؟ ئەگەر بولمىغاندا، ئاشۇ ئىشنى بولسىمۇ ئېتىبارغا ئالساڭلارچۇ؟

— بىزگە كەلمەي يەنە نەگە بارالايتتىڭ؟ سېنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە ئامالىڭ بار ئىدى؟ دەسلەپ خانغا خىيانەت قىلىپ، كۇچالىق غوجىلار تەرەپكە ئۆتتۇڭ، كېيىن ئۇلارغا خىيانەت قىلىپ لو پاشا تەرەپكە ئۆتتۇڭ، كېيىن لو پاشاغا خىيانەت قىلىپ، بىز تەرەپكە ئۆتتۇڭ، ئاندىن يەنە خانغا خىيانەت قىلماقچى بولۇپ، يوشۇرۇن قورال ـ ياراق تەييارلىدىڭ. . .

— شۇنداقتىمۇ. . . — دېدى نىياز ھېكىمبەگ يىغلامسىراپ.

زۇڭتۇڭ دارىن زەينىلئابىدىن مەخدۇمغا بۇرۇلۇپ:

— مىرزا جانابلىرى، سىلى ماڭا ئۆز ۋاقتىدا نىياز ھېكىمبەگنىڭ لوپاشاغا قانداق خىيانەت قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىمەن دېگەنىدىلىغۇ! — دېدى.

زەينىلئابىدىن مەخدۇم ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بېشىنى ئىتتىك بۇرىدى ـ دە، زۇڭتۇڭ دارىنغا تىكىلىپ قارىدى ۋە خىرىلدىغان ئاۋازى بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— زۇڭتۇڭ دارىن جانابلىرى، بۇ لەنىتى يۇندىخور بەدۆلەتكە خائىنلىق قىلدى. بەدۆلەت بۇ كۇپرانى نىمەت، ئىككى يۈزلىمچى، تۇزكورنىڭ ئىززەت ئىكرامىنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. ھۆكۇمرانلىق، يۇرتدارچىلىق ئىشىدا ۋە پەرمان راۋانلىقتا، ئۇنى بارچىمىزدىن يۇقىرى تۇتقانىدى. ئۇ بەدۆلەت ئالىيلىرىغا ئاخىرى خىيانەت بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇ، بەدۆلەتنىڭ چېپىغا ۋە ئىچىدىغان دورىسىغا ئوغا سالدۇرۇپ، ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۇردى، چوڭ بېگىمنى كىچىك بېگىمگە قارشى دەيدەيگە سېلىپ، چوڭ بېگىمنىڭ قولى بىلەن كىچىك بېگىمنىڭ جېنىنى ئالدى.

— ھەي، نىياز ھېكىمبەگ! — دەپ خىتاب قىلدى زۇڭتۇڭ دارىن، — سەنزە ئۆزۈڭچە مۇشۇنداق قىلسام، خان گۇناھىمدىن كېچىدۇ، ماڭا چوڭ ئەمەل بېرىدۇ، دەپ ئويلاپسەن ـ دە!

لوپاشانىڭ بېشىدىن دۆلەت قۇشى كەتمىگەن، كۆچ ـ قۇدرىتى تېخى بار چاغدا، سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈشكە تەييار ئىدىڭ. ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە، پۇتۇڭنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىپ، يورغىلاپ كېتىدىغان بولغىنىڭ تايلىق؟

زۇڭتۇڭ دارىن لىۋ جىڭتاڭ ئاستا بۇرۇلۇپ نىياز ھېكىمبەگكە قاراپ قويدى ۋە:

— ۋاپاسىز خائىنلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازانىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان نىياز ھېكىمبەگنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. «مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟» دەپ ئويلاپ، يەرگە باش ئۇرۇپ زار يىغلاپ، زۇڭتۇڭ دارىننىڭ ئايىغىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ لاتا خېيىنى سۆيۈشكە باشلىدى. زۇڭتۇڭ دارىن ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ ئەسكى لاتىدەك پۇرۇلۇپ، تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چوقۇر يۈزىگە ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— شۇنچىۋالا ئىشلارنى قىلالىغان ئادەم ئۆلۈمدىن قورقامدۇ؟ — دېدى زۇڭتۇڭ دارىن.

— خۇدا يار بولغاي جانابلىرى، مېنى كەچۈرسىلە. مېنى ئايىسىلا. . . — دەيتتى نىياز ھېكىمبەگ كىچىككىنە ئورۇق قوللىرى بىلەن زۇڭتۇڭ دارىننىڭ بىلەكلىرىگە مەھكەم ئېسىلىپ.

— بولىدۇ. . . ئۇنداق بولسا تىرىك قېلىۋەر. . . سېنى دەرھال ئۆلتۈرمەيلى!

نىياز ھېكىمبەگ بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەن، زۇڭتۇڭ دارىننىڭ قېلىن چەملىك لاتا خېيىنى يەنە چوكۇلدىتىپ سۆيۈشكە باشلىدى.

— ئەمدى كېتىۋەر! بەشاڭ![1] نۆكەرلەرگە ئېيت. ماۋۇ نىياز ھېكىمبەگنى جايىغا ئاپىرىپ قويسۇن، ئۇنى ئوبدان كۈتۈڭلار.

---

[1] بەشاڭ — جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىدىغان داتاڭغا ئەپچىقىدىغان دورغىنىڭ نامى.

نىياز ھېكىمبەگكە شۇ كۈندىن باشلاپ تاماق بېرىلمىدى. ئۈچ كۈندىن بېرى ئاغزىغا بىر بۇردىمۇ نان سالمىغان نىياز ھېكىمبەگ بەشاڭغا: «قورساققا يېگۈدەك بىرنەرسە بېرىڭلار! بولمىسا، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىمەن» دەپ زار - زار قاخشاپ يالۋۇردى.

ئاخشىمى قولىدا پەتنۇس كۆتۈرگەن بەشاڭ بەستىلىك كەلگەن ئۈچ گۈندىپايىنى ئەگەشتۈرۈپ نىياز ھېكىمبەگ ياتقان زىندانغا كىرىپ كەلدى.

— نىياز ئاڭلاپ تۇر، — دېدى ئۇ زەھەرلىك كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۈگۈندىن باشلاپ، ساڭا ئېسىل قورۇما بىلەن شېرىن مەي بېرىلىدىغان بولدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاچلىق ئازابىدا يىلاندەك تولغىنىپ ياتقان نىياز ھېكىمبەگ بېشىنى تېز كۆتۈردى. ئۇنىڭ خۇنى قاچقان كۆزلىرىدە ئازراق ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى پارلىداشقا باشلىدى.

ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىپ تۇرغان بەشاڭ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ھېلىقى گۈندىپايلارغا ئىشارەت قىلدى. ئۈچ گۈندىپايىنىڭ بىرى شاققىدە نىياز ھېكىمبەگنى تۇتۇپ دۈم قىلدى - دە، ئۇنىڭ شىللىسىگە مىنىپ ئىككى قولىنى يەرگە نىقتاپ بېسىپ تۇردى. يەنە بىر گۈندىپاي ئۇنىڭ ئىككى پۇتىدىن چىڭ تۇتۇپ تۇردى. يەنە بىر گۈندىپاي يېنىدىن ئىككى بىسلىق خەنجەرنى چىقاردى - دە، نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئىشتىنىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۇڭ يوتىسىنىڭ سىرتى تەرىپىدىن بىر پارچە گۆشنى شىلىۋالدى ۋە قان تامچىپ تۇرغان گۆشنى بەشاڭنىڭ قولىدىكى پەتنۇسقا تاشلىدى.

دەسلەپتە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي تېڭىرقاپ قالغان نىياز ھېكىمبەگ كېيىن ئىشنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، تىپىرلاپ باققان بولسىمۇ، ئۈستىگە مىنىۋالغان ھېلىقى بەستىلىك گۈندىپايىنىڭ ئېغىرلىقىدىن زادىلا قىمىرلىيالماي قالدى. يوتىسىنىڭ گۆشنى پىچاق بىلەن شىلىغاندا، خۇددى

يۈرىكىگە نەشتەر سانجىلغاندەك بولۇپ، بىرخىل ئاچچىق ئاغرىق سېزىمى ئۆرلەپ چىقىپ، بېشىدىن تۇتۇن چىقىرىۋەتتى. ئۇ خۇد-دى سويۇلۇدىغان تۇڭگۇزدەك قاتتىق بىر چىرقىرىدى – دە، ئۇنى پاتلا ئۆچتى. . .

بەشاك قۇمغاندىكى سوغۇق سۇنى هوشىدىن كەتكەن نىياز هېكىمبەگنىڭ يۈزىگە چېچىۋىدى، نىيا هېكىمبەگ هوشىغا كەل-دى. بۇ چاغدا ئۇ چىلىق – چىلىق قارا تەرگە چۆمۈلگەنىدى.

بەشاك پەتنۇستىكى قاچىدىن بىر چىمدىم تۇزنى ئالدى ۋە ئۇنى نىياز هېكىمبەگنىڭ قان ئارىلاش زەرداپ سۇ تەپچىپ تۇر-غان يارىسىغا تەكشى سېپىپ چىقتى. تۇزنىڭ ئاچچىقىدا، نىياز هېكىمبەگ يەنە بىر قېتىم هوشىدىن كېتىپ قالدى. . .

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، زىنداندا ياتقان نىياز هېكىمبەگ سۇ-نىڭ ئورنىغا هاراق ئىچىشكە، ئوزۇقنىڭ ئورنىدا ئۆزىنىڭ تېنى-دىن شىلىۋېلىنغان گۆشتىن قورۇلغان قورۇمىنى يېيىشكە مەج-بۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، يىگىرمە بەش كۈن بولدى دېگەندە، ئۇنىڭ جېنى كۆپ يەرلىرىنىڭ گۆشى شىلىۋېلىنغان، زەي زىن-داندا سېسىپ، يىرىڭلاپ، قۇرتلاپ، بەدبۇي هىد تارقىتىۋاتقان تېنىدىن جۇدا بولدى. بەشاك ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى مەهبۇسلارغا بورد-غا يۆگەتكۈزۈپ، كۆتەرتىپ، يېڭىشەهەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپى-دىكى بارىن قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىپ، شۇ پېتى كۆمدۈرۈ-ۋەتتى.

نەزمە:

بۇ جاهان توغرىسىدا دەپتۇ ئاقىللار شۇنى:
تېرىمىغىن يامانلىق، ئورارسەن ئاخىر ئۇنى.

— شەيخ سەئدى

# ئون ئىككىنچى باب

## «خان مۆپەتتىش زو زۇڭتاڭ ياق دېدى»

«يولۋاسنىڭ ھىجايغىنى كۈلگىنى ئەمەس!»
— ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن

مىلادى 1879 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى.

«چۇڭخۇ جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن رىۋاكىيە شەرتنامىسىگە قول قويۇپتۇ!» دېگەن خەۋەر پۈتۈن بېيجىڭنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. خان ئوردىسىنىڭ ئىچى ۋە تېشى بىر پەستىلا خۇددى قاينىغان قازاندەك پاراقشىپ كەتتى. ھەممەيلەن دېگۈدەك چۇڭخۇنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ ئەجدادىنى قويماي سۆكۈپ چىقىشتى. چۈنكى ئۇ، روسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىمىغان، جۇڭگو مەغلۇپ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، دۆلەتنىڭ ئابرويىنى تۆكۈپ، مىللەتنى ئاھانەتكە قويىدىغان شەرتنامىگە قول قويغانىدى.

ئەسلىدە، مانجۇ قوشۇنلىرى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى بەدۆلەتنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خانلىقنىڭ خارجى ئىشلىرى يامۇلى چارروسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشقا يېڭىدىن بەلگىلىگەن ۋەكىلى ك. ي. بيۇتزوۋنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشى ھەققىدە سۆزلەشكەنىدى.[1]

---

[1] بۇ ھەقتە بۇ كىتابنىڭ 2 - قىسمىنىڭ «پوچى خوجام» دېگەن بابىغا قارالسۇن.

گەرچە، چارروسىيە ھۆكۈمىتى خانىنىڭ لەشكەرلىرى «قو-ۋۇقنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى قاراقچىلارنى تازىلاپ، ئۇرۇمچى، ماناس قاتارلىق شەھەرلەرنى پەتھ قىلغاندىن كېيىن، (ئىلىنى) دەرھال قايتۇرۇپ بېرىمىز»[1] دەپ ئېنىق ئىپادە بىلدۈرگەن بول-سىمۇ، ئەمما، خۇددى ئەنگلىيىلىك سەيياھ لانسدېئو: «بەزى روسىيە ئەمەلدارلىرى ماڭا: ‹ئۇ كۈن مەڭگۈ كەلمەيدۇ› دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى»[2] دېگىنىدەك، ئۇلار مانجۇ ھۆكۈمىتى-نىڭ شىنجاڭنى تولۇق قايتۇرۇۋېلىش ئىقتىدارىغا ئىشەنمىگەن-دى. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز مۇسۇلمان شەھىرى قايتۇرۇۋېلىنىپ، ئەنجانلىقلار بۇ جايلاردىن پاك - پاكىزە قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، مانجۇ ھۆكۈمىتى چارروسىيە ھۆكۈمىتى-دىن ئەلچى ئەۋەتىپ، زوزۇڭتاڭ بىلەن ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش — قايتۇرۇۋېلىش ئىشى ھەققىدە بىۋاسىتە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى.

شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە يۈز بەرگەن مۇنداق تېز ئۆزگىرىش چار پادشاھ ئالېكساندىر II نى مانجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ دەرھال قۇرۇق-لۇق ئارمىيە مىنىستىرى، گراف مىليوتىن باشچىلىقىدا، مالىيە مىنىستىرى ئا. س. گېرىگ، خارجى ئىشلىرى مىنىستىرىنىڭ ياردەمچىسى ك. ن. گىرس قاتارلىقلار قاتناشقان بىر «پەۋقۇل-ئاددە ھەيئەت» تەسىس قىلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. بۇ «پەۋقۇلئاددە ھەيئەت» قەمەرىيە 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى[3] يىغىن چاقىرىپ، ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىل-

---

① «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىراتى»، 54 - جىلد. «خارجى ئالاقىلەر». 2 - بەت.

② «روسىيىگە قارام ئوتتۇرا ئاسىيا»، لوندون، 1885 - يىلى نەش-رى، 1 - توم، 627 - بەت.

③ شەمسىيە 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى.

دى. بۇ يىغىندا: «روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى-
رىسىدىكى جايلىرىغا بېرىپ سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغاندىلا
ۋە تېكەس ۋادىسىدىكى جايلار بىلەن مۇز داۋاننى روسىيىگە كې-
سىپ بەرگەندىلا، ئاندىن ئىلىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشكە
بولىدۇ.»[①] دەپ قارار قوبۇل قىلىندى.

چۇڭخۇ مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، خاننىڭ ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ خەتمەكەردىلىك دەرى-
جىسىگە ئېرىشكەن كىشى ئىدى. ئۇ، ئىككىنچى قېتىملىق ئەپ-
يۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، گۇڭچىنۋاڭ يىشىن ئەنگلىيە - فرانس-
سىيە ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، «بېيجىڭ شەرتنا-
مىسى» نى ئىمزالىغاندا، ئۇنىڭغا ياردەمچى بولغانىدى. كېيىن
ئۇ ئۆچ پورتنىڭ سودا ۋەكىلى بولغان ھەمدە 1870 - يىلى
«تيەنجىن كاتولىكلار ۋەقەسى» نى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشىپ
خانغا ۋاكالىتەن فرانسىيىگە «ناماقۇل بولۇش ئۇچۇن» بارغانى-
دى. ئۇ مانجۇلارنىڭ ئارىسىدا «ئەجنەبىيلەر ئىشىدا ئالدىنقى
قاتاردا تۇرىدىغان ئىقتىدارلىق كىشى» بولغاچقا، 1878 - يىلى-
نىڭ ئاخىرلىرى خان ئۇنى ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش سۆھبىتىگە
قاتنىشىدىغان خان مۇپەتتىش قىلىپ تەيىنلەپ روسىيىگە ئەۋەتكە-
نىدى.

چۇڭخۇ روسىيىگە بارغاندىن كېيىن چار پادىشاھ ئالېكسان-
دىر II نىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇ خۇشاللىقى-
دىن قىن - قىنىغا پاتماي، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قۇللارغا خاس
پەسكەشلىكىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

— ئىككى ئالەم سەرۋەرىگە ھەمدۇ شۇكرانىكىم، كەرەملىك

---

① «1860 — 1895 - يىللاردا كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ
يىراق شەرقتىكى مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى» ئا. پ. نارچىنى-
چىكى يازغان 1956 - يىل موسكۋا نەشرى، 232 - بەت.

پادىشاھ ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ قوبۇل ۋاقتىدا چار پادىشاھنىڭ
پەلەي سېلىنغان قولىغا سۆيۈپ تۇرۇپ، — مەندەك پەقىر ۋە
ئاجىز بىز ناتىۋاننى سىلى پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك جامالى-
نى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلدى. مېنىڭ بىز
ئىككى دۆلەت سۆھبىتىدە سىلىنىڭ مۇبارەك ناملىرى بىلەن قە-
دەم باسىدىغىنىمغا ئىشەنگەيلا، سىلىنىڭ يوللىرىنى مۇنەۋۋەر
ئەيلەپ، سىلىنىڭ مۇبارەك كۆڭۈللىرىنى شەۋكەت ۋە ھالاۋەتكە
تولدۇرغايمەن!
چۇڭخۇ مۇشۇ تاپتا ئەقەللىسى ئۆزىنىڭ مانجۇ خاقانلىقىنىڭ
ئەئيانى ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتقانىدى. بۇنداق پەسكەشلىك —
چۇڭخۇلار ئۇچۇن ھېچقانداق نومۇس بولۇپ سانالمايتتى. ئۇنىڭ
نەزەرىدە خۇددى مانجۇ خاقانلىقىدا زېمىن، ئالتۇن - كۇمۇش
دېگەنلەر تولا گەپتەك. بۇ چوڭ خاقانلىق بۇنداق چۇكىنەك ئىش-
لاردا مەرد بولمىسا زادى بولمايدىغاندەك ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ
ئۇستىگە، مانجۇ خانى ئۆز پۇقرالىرىنى قىرىشتا باتۇر بولغىنى
بىلەن، ئەجنەبىلەر بىلەن سوقۇشۇشتىن ئۆلگۇدەك قورقاتتى.
روسىيىلىكلەرمۇ دەل مانجۇ خانىنىڭ مۇشۇنداق روھىي ھا-
لىتىدىن پايدىلىنىپ، مانجۇ خاقانلىقىنى تازا بىر قاقتى - سوقتى
قىلىۋالماقچى بولدى. شۇڭا، سانت - پېتىربورگدا چار روسىيە
خارجى ئىشلىرى مىنىستىرى گىرسىنىڭ چۇڭخۇ بىلەن ئۆتكۈز-
گەن سۆھبىتى خېلى «ئوڭۇشلۇق» بولدى.
چۇڭخۇ بىلەن گىرس ئوتتۇرىسىدا ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش - قاي-
تۇرۇپ بېرىش ئۇچۇن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان جۇڭگو - روسىيە ئىككى
دۆلەت سۆھبىتىدە ئاخىرى ئون سەككىز ماددىلىق بىر كېلىشىم
ھاسىل قىلىندى. بۇ كېلىشىمنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا، روسىيە-
نىڭ ئىلىنى جۇڭگوغا «قايتۇرۇپ» بېرىدىغانلىقى قەيت قىلىن-
غان ھەمدە بۇ كېلىشىمنىڭ ئاخىرقى بىر ماددىسىدا بۇ كېلىشىم-
نى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش تەرتىپلىرى بەلگىلەنگەندىن باشقا، قال-
غان ئون ئالتە ماددىنىڭ ھەممىسىدە، جۇڭگو تەرەپ ئادا قىلىشقا

تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەر، جۇملىدىن جۇڭگو تەرەپنىڭ روسىيە تەرەپكە بەش مىليون روبلى (يىگىرمە سەككىز تۈمەن سەركۇ-مۇش) تۆلەم تۆلەيدىغانلىقى؛ قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىدىكى رايونلار بىلەن ئىلىنىڭ جەنۇبىدىكى تېكەس ۋادىسىدىكى جايلارنىڭ روسىيىگە كېسىپ بېرىلىدىغانلىقى؛ «جۇڭگو ـ روسىيە غەربىي چېگ-رىنى ئۆلچەپ ـ ئايرىش خاتىرىسى» دە بەلگىلەنگەن زېمىن كۆلى ئەتراپىي ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسى بولىدۇ دېگەن ماددىغا تۈزى-تىش كىرگۈزۈلىدىغانلىقى ۋە روسىيىگە شىنجاڭ، موڭغۇلىيە ۋە جيايۇگۇەن ئەتراپلىرىدىكى بىرقانچە شەھەرلەردە كونسۇلخانا قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەندى. بۇ شەرتنامە بويىچە بولغاندا، ئىلى نامدا مانجۇ خاقانلىقىغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن-دەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شىنجاڭنىڭ جەنۇبى بىلەن شىما-لىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي بولغان غۇلجا شەھىرى ئۈچ تەرەپتىن تەھدىتكە ئۇچراپ، ئاسان قولدىن كېتىدىغان بىر يېتىم شەھەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلغانىدى.

چۇڭخۇ شەرتنامىنىڭ مەزمۇنىنى خانغا تېلېگرامما بىلەن مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەستىقلىشىنى كۈتمەستىنلا، «ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرسە بولىدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق خان مۇپەتتىش» لىك سالاھىيەت بىلەن، 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، چار پادىشاھ ئالېكساندىر II نىڭ قارا دېڭىز ساھىلىدىكى ئارامگا-ھى بولغان يالتادىكى رىۋاكىيە ئوردىسىدا، روسىيە خارجى ئىش-لىرى مىنىستىرى گىرس بىلەن بۇ شەرتنامىگە ئىمزا قويدى. مانا بۇ — «رىۋاكىيە شەرتنامىسى» ئىدى.

چاررۇسىيىنىڭ بۇ شەرتنامە ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈۋالغان مەنپەئەتى ئۇنىڭ ئۇرۇش خەۋپىگە قارىماي ساقلاپ قالغان مەنپەئە-تىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى!»[①]

---

① چارلىس ۋە بابارا. يېرىۋىچ بىرلىكتە يازغان «روسىيە شەرقتە (1876 — 1880)» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

«رىۋاكىيە شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالانغانلىقى ھەققىدىكى
خەۋەر خاقانلىققا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قارا دىۋاندىكىلەر:
«چۆڭخۆ بالانىڭ چوكىنى تېرىپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئوردىنىڭ ئىچى
ۋە سىرتىدا باشقىلارنىڭ مالامەت ئوقىغا دۇچ كەلمىگەنلىكىنى
كۆرۈڭ!» دېيىشتى. ئەمما، چۆڭخۆ ھېچ ئىش بولمىغاندەك،
گېدىيىپ قايتىپ كەلدى! مانجۇ خاقانى ئەجدادلىرىنىڭ باش
كۆتۈرگەن يىللىرىدىكى سەلتەنەت كىبىرىنى ئاللىقاچان يوقاتقان-
دى. شۇڭا ئۇ، «خىزمەت ئورنىدىن ئۆز ئىختىيارىچە ئايرىلىپ،
دۆلەتكە قايتقان» دېگەن نام بىلەن، چۆڭخۇنى ۋەزىپىسىدىن ئې-
لىپ تاشلىدى، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق، جامائەتنىڭ ئاغزى-
نى تۇۋاقلىماقچى بولدى.
چۆڭخۇنىڭ ساتقىنلىق قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تارقال-
غاندىن كېيىن، ئوردىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەر بىردەك «سات-
قىن چۆڭخۇنى ئۆلتۈرمىگىچە، ئاۋامنىڭ غەزىپىنى پەسەيتكىلى
بولمايدۇ» دېيىشتى. خان ئاۋامنىڭ غەزىپىنى پەسەيتىش ئۈ-
چۈن، چۆڭخۇنى دەرھال قاماققا ئېلىپ، ئۇنى «ئۆلۈم جازاسىغا
ھۆكۈم قىلىنىدىغانلار زىندانى» غا قاماش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى.
بۇ چاغدا، لەنجۇ ئۆلكىسىنىڭ زۇڭدۇسى، خان مۇپەتتىش
زو زۇڭتاڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال ئوردىغا قاتلاق مەكتۇپ
سۇنۇپ، چۆڭخۇنى قاتتىق سۆكۈپ، ئۇنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق
قىلىپ، مانجۇ سەلتەنەتىگە ئېغىر ئاھانەتلەرنى كەلتۈرگەنلىكىنى
ئەيىبلىدى. «... ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەر
كېسىپ بېرىش ھېسابىغا سۇلھ تەلەپ قىلىنسا، — دەپ يازدى
ئۇ ئۆزىنىڭ قاتلاق مەكتۇبىدا، — بۇنى ھەر ھالدا چۈشىنىش
مۇمكىن. ئەمما، ھازىرقى ئەھۋال قانداق؟ بۇ رۇسلار بىر پايمۇ
ئوق ئاتمىغان ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ تويماس نەپسىنى قاندۇرۇش
ئۈچۈن، سەلتەنەتىمىزنىڭ زېمىنىنى ئۇلارغا كېسىپ بېرىشكە
ئالدىراپ كەتكەنلىك بولماي نېمە؟ بۇ خۇددى ئاچ قالغان غالجىر

ئىتقا بىر پارچە سۆڭەك تاشلاپ بەرسە، ئۇ قانائەتلەنمىگەندەكلا بىر ئىش. ھېلىتىن بېشىمىزغا بۇنچىۋالا بالالار كەلگىلى تۇرسا، بۇنىڭدىن كېيىن، يەنە مۇنداق بالا - قازالىق قىسمەتكە دۇچار بولمايمىز دېيىش مۇمكىنمۇ؟ ئىسىت! ئىسىت، شۇنچە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىم ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە بىكارغا كېتەرمۇ؟ »[1] ئۇ ئۆزىنىڭ چارروسىيىگە قارشى قەتئىي ئىرادىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «روسىيە بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، غەلىبىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش»[2] نى تەلەپ قىلدى ھەمدە گۇاڭشۈينىڭ 6 - يىلى قەمەرىيە 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى[3] ھىماتچى قوشۇنلارنىڭ قارارگاھىنى تيەنشۈي دېگەن يەردىن قۇمۇلغا يۆتكەپ چىقىشنى قارار قىلدى ۋە ئۆزى مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى ئېلىپ، جيايۈگۈەن ئارقىلىق قوۋۇقتىن چىقتى.

بۇ چاغدا، پۈتۈن مەملىكەتتە غايەت زور ۋەتەنپەرۋەرلىك دولقۇنى كۆتۈرۈلگەنىدى. خان ئوردىسىدىكىلەردىن لى خۇڭجاڭ قاتارلىق ئاز سانلىق ۋەزىر - ۋۇزرالارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك «رىۋاكىيە شەرتنامىسى» نى ئۆزگەرتىپ، باشقىلەتتىن تۈزۈشنى تەلەپ قىلىشتى. ئەمما، لى خۇڭجاڭ بۇ ھەقتە باشقىچە پىكىردە ئىدى. «چۇڭخۇنى روسىيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندە، — دېگەنىدى ئۇ، — پەرمان بويىچە ئۇنىڭغا ئىشلارنى ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىدىغان تولۇق ھوقۇق بېرىلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ شەرتنامىگە قول قويىدىغان نېمە ھوقۇقى بار ئىكەن؟ دېسەك بولماس. مۇبادا، باشتا ماقۇل دەپ،

---

① «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. نامەلەر» 55 - جىلد، 3 - بەت؛ 56 - جىلد، 10 - بەت.

② «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. نامەلەر» 55 - جىلد، 3 - بەت؛ 56 - جىلد، 10 - بەت.

③ مىلادى 1880 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى.

ئاخىرىدا لەۋزىمىزدىن يېنىۋالىدىغان بولساق، ئىنتايىن نامەردلىك قىلغان بولمامدۇق؟»[1]

ئۇ، زو زوڭتاڭنىڭ قومۇلغا ئەسكەر باشلاپ ماڭغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى «قېرىغىنىغا باقماي، نام ـ ئاتاق قازانماقچى بولغان ئۆلەرمەن» دەپ مازاق قىلدى.

زو زوڭتاڭ قومۇلغا قاراپ ئاتلانغاندا، ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىرادىسىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، مېيىتىنى سالىدىغان ساندۇقنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ چاغلاردا، ئۇ ئۆتكۈر ئۆت ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقتىن، ئاتقا قولتۇقىدىن ئىككى ئادەم يۆلەپ مىندۈرۈپ قويمىسا، ئۆزى مىنەلمەيتتى. شۇڭا، لى خۇڭجاڭ تەئەددى قىلىپ:

— ئۆلۈمتۈك قېرى، ئىككى ئادەم قولتۇقىدىن يۆلىمىسە، ئاتقا ئوڭلاپ مىنەلمەيدۇ. يەنە تېخى رۇسلار بىلەن سوقۇشمەن دەۋاتقىنىنى قارىمامدىغان ئۇنىڭ! — دېگەنىدى.

لى خۇڭجاڭنىڭ تەئەددىسىدىن خەۋەر تاپقان زوزوڭتاڭ:

— ئۇ راست ئېيتىدۇ. مېنى ئاتقا مىندۈرگىلى دەرۋەقە ئىككى ئادەم كېرەك. ئەمما، مېنى ئاتتىن يىقىتقىلى بولسا، مىڭ ئادەم كېرەك، — دەپ تەنە بىلەن جاۋاب بەرگەنىدى.

قەمەرىيە 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى،[2] زو زوڭتاڭ قومۇلغا يېتىپ كەلدى ھەمدە يول ئازابىدىن قوزغىلىپ قالغان كېسىلىگىمۇ قارىماستىن، دەرھال ھەربىي كېڭەش چاقىرىپ، ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشىنى مەسلىھەتلەشتى.

ھەربىي كېڭەشنىڭ قارارى بويىچە، خاقانلىقنىڭ شىنجاڭدا

---

① «ساداقەتلىك، مەرىپەتلىك لى خۇڭجاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. خانىغا يوللانغان مەكتۇبلار»، 35 ـ جىلد، 15 ـ بەت.

② شەمسىيە 1880 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرى
تۇرۇشلۇق ھەرقايسى جايلاردىن ئۈچ تارامغا بۆلۈنۈپ ئىلگىرىلەي-
دىغان بولدى:
شەرقىي تارامدىكى ئىلى جياڭجۈنى جىن شۇننىڭ قارمىقىدى-
كى بىر تۈمەن لەشكەر چارروسىيە قوشۇنلىرىنىڭ شەرققە قاراپ
ئىلگىرىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، جىڭ ئەتراپلىرىدا ئىستىھكام
قۇرۇپ مۇداپىئەدە تۇرىدۇ. ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، جىن
يۈڭچاڭنىڭ «غالىپ قوشۇنى» دىن ئىككى مىڭدەك ئاتلىق - پىيا-
دە چېرىك يۆتكەپ بېرىلىدۇ؛ ئوتتۇرا تارامدىكى قىسىملار ئاساس-
لىق ھۇجۇم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ قىسىم ئەنخۇي
قوشۇنلىرىنىڭ تۇڭلىڭى، گۇاڭدۇڭ پىيادە چېرىكلىرىنىڭ باش
بۇغى جاڭ ياۋنىڭ قوماندانلىقىدىكى بەش مىڭ كىشىلىك پىيادە،
ئاتلىق قىسىم (تۆت مىڭ بەش يۈز پىيادە چېرىك، بەشيۈز ئاتلىق
چېرىك) ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ، مۇزداۋان ئارقىلىق تېكەس
دەرياسىنى بويلاپ ئىلىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، ئۇنىڭغا ياردەم
ئۈچۈن يەنە ئىككى مىڭ پىيادە، ئاتلىق چېرىك يۆتكەپ بېرىلى-
دۇ؛ غەربىي تارامدىكى قىسىم — خۇنەن قوشۇنلىرىنىڭ باش
بۇغى ليۇ جىڭتاڭ قوماندانلىقىدىكى ئون مىڭ پىيادە، ئاتلىق
چېرىك (سەككىز مىڭ بەش يۈز يەتمىش پىيادە چېرىك، بىر مىڭ
بەشيۈز ئاتلىق چېرىك) تىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئۈچ-
تۇرپان ئارقىلىق ئىلىغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. زو زۇڭتاڭ ئۆزىنىڭ
قارارگاھى بىلەن يەنىلا قۇمۇلدا تۇرۇپ بۇ ئۇرۇشقا قوماندانلىق
قىلىدۇ ۋە ھاكازالار.

× ×

چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ «رېۋاكىيە شەرتنامىسى» نى ئىمـ-

ـزالاش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈۋالغان غايەت زور مەنپەئەتى مانا
مۇشۇنداق قىلىپ كۆپۈككە ئايلاندى.

مانجۇ خاقانلىقىنىڭ لەۋزىدىن يېنىۋالغانلىقىغا قاتتىق غەـ
زەپلەنگەن چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ بېيجىڭدا
تۇرۇشلۇق ۋەكالەتچىسى ئا. ئى. كىياندىپنى خاقانلىقنىڭ خارجى
ئىشلىرى يامۇلىغا ئەۋەتىپ، ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ پوپۇزا قىلدـ
ـسا، يەنە بىر تەرەپتىن، چېگرىغا ھەدەپ ئەسكەر يۆتكەپ ھەربىي
ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى. چاررۇسىيىنىڭ مانجۇ خاقانلىقى بىلەن
چېگرىلىنىدىغان جايلارغا يۆتكىگەن ئەسكەرلىرى بىرنەچچە تۈمەنـ
ـگە يەتتى. يالغۇز ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئەسكىري كۈچىنى بىراقلا
ئالتە ـ يەتتە ھەسسە كۆپەيتىپ ئون ئىككى مىڭغا، توپ ـ
زەمبىرەكلىرىنى ئەللىككە يەتكۈزدى. زەيسان كۆلى ئەتراپىدىكى
جايلارغا ئون ئىككى مىڭ بەشيۈز پىخود ئەسكەر، ئالتە مىڭ
ئىككى يۈز ئەللىك ئاتلىق ئەسكەر، ئاتمىش ئىككى دانە توپ ـ
زەمبىرەك ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە پەرغانە ئۆلكىسىدىن ئۇدۇل
قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرىش ئۈچۈن بەش مىڭ كىشىلىك بىر
قىسىمنى يۆتكەپ كەلدى ۋە بۇ قىسىمغا ئوتتۇز دانە توپ ـ
زەمبىرەك سەپلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇرۇش پارتلاپ
قالسىلا، خېيلۇڭجياڭ، جىلىن ئۆلكىلىرىگە بېسىپ كىرىش ئۈـ
ـچۈن، ئامۇر دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە ئۇسسۇرى دەرياسىنىڭ شەرـ
ـقىدىكى جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملىرىنى كۆپەيتتى.
ئۇنىڭدىن باشقا، مانجۇ خاقانلىقىنى دېڭىزدىن قامال قىلىش ئۈـ
ـچۈن، يىگىرمە نەچچە ھەربىي پاراخوتتىن تەشكىل قىلىنغان
فلوتنى (بىرونلانغان پاراخوت، كىرەيسىر، مۇداپىئە تىرالى قاـ
ـتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قارا دېڭىزدىن ياپونىيىنىڭ خىدـ
ـرۇسىما شەھىرىگە يۆتكەپ كەلدى. دېمەك، تېگىپ كەتسىلا
ئۇرۇش پارتلايدىغان ھالەت شەكىللەندى.

قەمەرىيە 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى[1] خاننىڭ بېيجىڭدىكى ئوردىسىدا جىددىي سارايى كېڭەشى چاقىرىلدى. بۇ چاغدا، تەسلىمچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان لى خۇڭجاڭ سارايى كېڭەشىنى كونترول قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭغا دارىلئۇلۇمنىڭ يانداش مىرزىسى چۈەنچىڭ، تەمىرات پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى ۋېن تۇڭخې، شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى شۈي دۇڭ ۋە شۇنىڭدەك نەنياڭ ۋەزىرى، قوشۇمچە جېجياڭ، جياڭشى ئۆلكىلىرىنىڭ زۇڭدۇسى ليۇ كۈنيى قاتارلىقلار دوست تارتىشىپ بەردى. ئۇلار: ئار - نومۇسقا چىداپ، روسىيە بىلەن سۈلھ قىلىشنى قۇۋۋەتلەپ چىقىشتى ھەمدە يىغىننىڭ قارارلىمىسىنى خانغا سۇندى.

مانجۇ خانى بىر تەرەپتىن چار روسىيە ۋە ھەرقايسى جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەتلەر (ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر چۇڭخۇنى جازالىغانلىق مەسىلىسى ھەققىدە مانجۇ ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق ئۇلتىماتومى تاپشۇرغانىدى) نىڭ بېسىمىغا تېز پۈكۈپ، چۇڭخۇنى «ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلار زىندانى» دىن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى كەچۈرۈم قىلىشقا يارلىق چۈشۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خاقانلىقنىڭ ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەدە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى، زېڭ گوفەننىڭ ئوغلى زېڭ جىزېنى سانت - پېتېربورگقا ئىلى مەسىلىسى ھەققىدە روسىيە بىلەن يېڭىۋاشتىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى.

× ×

1880 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى. زېڭ جىزې سانت - پېتېربورگقا يېتىپ كەلدى. 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئۇ رەسمىي

---

① شەمسىيە 1880 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى.

سۆھبەت ۋەكىللىك مانداتىنى تاپشۇرۇۋالدى.

ئەتىسى، زېڭ جىزې روسسىيە خارجى ئىشلىرى مىنىستىرلىكىگە بېرىپ، خارجى ئىشلىرى مىنىستىرى گىرس، روسسىيىنىڭ مانجۇ خاقانلىقىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بيۇتزوۋ ۋە ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچى رېمىن قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈش مۇراسىمىدا، ئۇ ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇققا بىنائەن، جۇڭگو - روسسىيە ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش - قايتۇرۇپ بېرىش شەرتنامىسى — «رىۋاكىيە شەرتنامىسى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئىزھار قىلدى. ئەمما گىرس تولىمۇ ھاكاۋۇر، تولىمۇ ئۆكتەم بىر ئادەم ئىدى.

روسسىيىلىكلەر زېڭ جىزېنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ، مۈرىلىرىنى قىسىپ قويۇشتى - يۇ، ھېچقايسىسى لام - جىم دېيىشمىدى.

زېڭ جىزېنىڭ ئالدىدا تۇرغان بيۇتزوۋ دېگەن رۇسنىڭ ئىككى كۆزى چاناقلىرىدىن چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە پولتىيىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ يا خاپا بولغىنىنى، يا خۇشال بولغىنىنى ئاسانلىقچە ئۇققىلى بولمايتتى، ئۇ مۇغەمبەر، شەپقەتسىز، تاقابىل تۇرۇش تولىمۇ قىيىن بولغان كاززاپ بىر ئادەم ئىدى. زېڭ جىزېنىڭ دىققەت - نەزەرى ئۇنىڭدىن يۆتكىلىپ خارجى ئىشلىرى مىنىستىرى گىرسنىڭ ئۈستىگە ئاغدۇرۇلدى. بۇمۇ ئۆتۈپ كەتكەن تۈلكە، كاززاپ، ھىيلىگەر بىر ئادەم ئىدى.

زېڭ جىزې خارجى ئىشلىرىنىڭ قائىدە - رەسمىيىتى بويىچە، ئۆزىنىڭ چار پادىشاھقا دۆلەت خېتى تاپشۇرماقچى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلدى.

— جانابىي زېڭ جىزې تۆرە، سىلى مانجۇ خانىنىڭ ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى ئىكەنلا، ھالا بۈگۈن يەنە بۈيۈك روسسىيە ئىمپېراتورلۇقىمىزدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولۇپ تەيىنلىنىپتىلا، بىلىدۇقكى، جانابلىرىنىڭ نەچچىنچى

دەرىجىلىك ۋەكىل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىلا، — دېدى گىرس چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن.

ئۇ زېڭ جىزېنى قەستەنگە كولدىرلىتىۋاتاتتى. مانجۇ خاقانلىقىنىڭ خارجى ئىشلىرى يامۇلىنىڭ نوتىسىدا ئۇنىڭ ئەھۋالى روسىيە خارجى ئىشلىرى مىنىستىرلىكىگە تونۇشتۇرۇلغانىدى.

زېڭ جىزې قائىدە - يوسۇن يۈزىسىدىن يەنىلا ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى.

— ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋەكىل بولۇپ ھېسابلىنىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ چىرايىنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتمەي.

— ئۇنداق بولسا، سىلەردىن كەلگەن چوڭ دارېن، — نەچچىنچى دەرىجىلىك ۋەكىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؟ — دەپ يەنە سورىدى گىرس زەھەرخەندىلىك بىلەن.

— بىرىنچى دەرىجىلىك ۋەكىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

— سىلى ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋەكىل بولسىلا، — دېدى گىرس تۇيۇقسىزدىنلا، — ئۇنداق بولسا، سىلى بۇ قېتىم كەلگەندە تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل مانداتىنى ئېلىپ كەلگەن ئوخشىمامىلا؟ ئىلگىرى، خاقانلىقىڭىزلارنىڭ چوڭ دارېن دېگەن ئۇ ۋەكىلىمۇ بىرىنچى دەرىجىلىك پوسۇل، تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەزىرلىك مانداتىنى ئېلىپ كەلگەن، ئۇ كىشى مانجۇ خانىنىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن، ئۇنىڭ مۇددىئاسىغا ئەڭ ۋەكىللىك قىلالايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىمگە كەلگەندۇق. ئەمما، بۇ كېلىشىمنىڭ سىياسى تېخى قۇرىماي تۇرۇپلا، لەۋزىڭلاردىن يېنىۋالدىڭلار. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، سىلى بۇ كېلىشىمگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئۈچۈن كەلدىم دەۋاتىلا، ھالبۇكى، بىرىنچى دەرىجىلىك ۋەكىل، تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەزىر ئىمزا قويغان كېلىشىمنى بىردەم تۈزۈپ، بىردەم ئۆزگەرتىپ، لەۋزىڭلاردىن يېنىۋېلىپ تۇرساڭلار، ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋەكىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تولۇق ھوقۇقلۇق مانداتىغا ئىگە بولمىغان سىلىدەك

بىر ئادەمنىڭ قولىدىن قانچىلىك ئىش كېلىدۇ؟

تەرجىمان گىرىسنىڭ تەنە ـ تەئەددىلىرىنى زىلىڭ جىنزېغا ئۆرۈپ بەرگەندىن كېيىن، زىلىڭ جىزىي قىلچىمۇ تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا:

— مۇھتىرەم گىرىس، بىيۇتزوۋ جانابلىرىغا مەلۇم بولغايكى، — دېدى، — مەن سىلەر ئىككىيلەننى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خارجى ئىشلىرى مىنىستىرلىكىدە ئىشلەپ، ھەرقايسى ئەللەر بىلەن كۆپ مۇئامىلە قىلىپ، خېلى قائىدە ـ يوسۇن ئۆگەنگەن دېسەم، ئەقەللىسى ئۆيۈڭلەرگە كەلگەن مېھمانغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنىمۇ بىلمەيدىغان ئوخشايسىلەر! غەربلىكلەرنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلغان قائىدە ـ يوسۇنلىرى بويىچە بولغان تەقدىردىمۇ، دۆلەت تەرىپىدىن چەت ئەللەرگە ئەۋەتىلگەن ۋەكىل مەيلى بىرىنچى دەرىجىلىك بولسۇن، ئىككىنچى دەرىجىلىك بولسۇن ۋە ياكى تولۇق ھوقۇقلۇق مانداتىغا ئىگە بولغان ياكى بولمىغان بولسۇن، تۇزگەن كېلىشىملىرىنى ئاۋۋال ئۆز پادىشاھىغا مەلۇم قىلىدۇ. بۇ كېلىشىملەر پادىشاھ تەستىقلىغاندىن كېيىن ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇنى بىلىسەڭلار كېرەك؟ ئالدىنقى نۆۋەت، چۇڭخۇ دارىن سىلەر بىلەن كېلىشىم تۇزگەندە، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، خاقانىمىزنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئىش قىلىپ قويدى. غەربتىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ۋە مانجۇ خاقانلىقىنىڭ ئەمرۇ ـ مەرۇپلىرى پۇتۇلگەن رىسالە ـ دەستۇرلارنى ئوقۇغان بولساڭلارلا، بۇ دەستۇرلاردا بۇنداق ئىشقا شىپى كەلتۇرگىلى بولىدىغان بىرەرمۇ ماددىنىڭ يوقلۇقى ئۆزۈڭلەرگىمۇ مەلۇم بولىدۇ. دۆلەتنىڭ زېمىن پۇتۇنلىكىگە بېرىپ چېتىلىدىغان بۇنداق ئىشنى چوقۇم خاقانىمىزنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش لازىملىقى ھەممىگە ئايان بىر ئىشقۇ؟

باياتىن زىلىڭ جىزېغا يەۋەتكۇدەك قىلىپ تىكىلىپ تۇرغان بىيۇتزوۋ ئەمدى كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئەپقېچىشقا مەجبۇر بولدى.

— ئۇنداق بولسا، چاتاق بولىدىغۇ بۇ ئىش؟ — دەپ غۇدۇڭشىدى گىرس، — يا بىرىنچى دەرىجىلىك ۋەكىل، تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەزىرنىڭ دېگىنى ھېساب بولمىسا، يا ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋەكىلگە تولۇق ھوقۇقلۇق مانداتى بېرىلمىگەن تۇرسا، بۇ قانداق بولغىنى؟

بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن، گىرس يەنە مۇنداق دېدى:

— دۆلىتىڭلارنىڭ بىز بىلەن شەرتنامە تۈزىدىغان مۇددىئاسى بار ئىكەن ھەمدە بۇ شەرتنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزسەك دەپ تۇرۇۋغلۇق، نېمىشقا غەربكە ئەۋەتىلگەن قوشۇنىڭلارنى كۆپەيتىسىلەر؟ بۇ بىزنىڭ بۈيۈك روسىيە ئىمپېراتورلۇقىمىزغا قىلىنغان قىپ-قىزىل ئىغۋاگەرچىلىك ئەمەسمۇ؟ بىزگە مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلساڭلار، بىز سىلەرنىڭ شەرتنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەققىدىكى تەكلىپىڭلارغا قانداقمۇ ماقۇل بولىمىز؟

— خاقانلىقىمىزنىڭ ھۇدۇتلۇقىمىزنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە شىنجاڭغا ئەسكەر چىقارغانلىقىنى ئىغۋاگەرچىلىك دېسەڭلەر تولىمۇ كۈلكىلىك ئىش ئەمەسمۇ؟ مەن گىرس دارېننىڭ شەرتنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەققىدە بىز بىلەن مەسلىھەتلىشىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆپ خۇرسەن بولدۇم ھەمدە بۇ ئىشنى چار پادىشاھ ئالىيلىرىغا چوقۇم يەتكۈزىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل!

بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن، گىرنس مۇنداق دېدى:

— بولىدۇ، ئەمىسە، مەن ۋەكىل جانابلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى پادىشاھ ئالىيلىرىغا يەتكۈزەي. سىلىنىڭ دۆلەت خېتى تاپشۇرىدىغان ۋاقىتلىرى ھەققىدە ئۇل جانابىي ئالىيلىرىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئالاي!

روسىيە خارجى ئىشلىرى مىنىستىرلىكىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن زىڭ جىزېننىڭ كۆڭلى سەل ئورنىغا چۈشكەندەك

بولدى.
8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، زېڭ جىزې سانت ـ پېتربورگدىن پويىزغا ئولتۇرۇپ سارسىك ۋوگزالىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئۇ يەردىن ئۇدۇل چار پادىشاھ ئالېكساندىر Ⅱ نىڭ يازلىق سارىيىغا كەلدى. ئۇ قوبۇل زالىدا بىر سائەتتەك ئولتۇرغاندىن كېيىن، روسىيە دۆلىتىنىڭ شىغاۋۇل مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى دا- ۋىدوۋ زېڭ جىزېنى باشلاپ قوبۇلخانىنىڭ چوڭ زالىنى كېسىپ ئۆتتى ـ دە، ئۇنى چار پادىشاھنىڭ كابىنېتىغا باشلاپ كىردى.
چار پادىشاھنىڭ كابىنېتى سانت ـ پېتر زالىنىڭ ئوڭ تەرد- پىدىكى بىر ياسىداق ئۆيدە ئىدى. بۇ چاغدا، چار پادىشاھى ئالېكساندىر Ⅱ ئىشىككە قاراپ ئۆرە تۇرغانىكەن. زېڭ جىزې ئۇنىڭغا ئارقىمۇئارقا ئۈچ نۆۋەت تەزىم بىجا كەلتۈرگەندىن كې- يىن، دۆلەت خېتىنى قوش قوللاپ ئۇنىڭغا سۇندى ۋە ئۆزىنىڭ خانىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، «رىۋاكىيە شەرتنامىسى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئىزھار قىلدى. چار پادىشاھ ئالېكساندىر Ⅱ زېڭ جىزې تاپشۇرغان دۆلەت خېتىنى قوبۇل قىلىپ ئالدى ۋە ئۇنى قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئېغىز ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، شاھنىشىنغا كىرىپ كەتتى.
مۇشۇ قىسقىغىنە كۆرۈشۈش مۇراسىمىدا، چار پادىشاھ ئا- لېكساندىر Ⅱ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىلى مەسىلىسى ھەققىدىكى سۆھ- بەتنى يېڭىۋاشتىن باشلاش ھەققىدىكى تەلىپىگە ئاخىر ماقۇل بولدى.
8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، زېڭ جىزې گىرس بىلەن كۆرۈشتى. گىرس ئۇنىڭدىن ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىشكە تېگىشلىك بولغان ھۆججەت ـ ئالاقىلەرنىڭ ھەممىسىنى تېزلىكتە روسىيە تەرەپكە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. زېڭ جىزې يېنىدىن دەرھال ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان «رىۋاكىيە شەرتنامە-

-سى» غا تۇزىتىش كىرگۈزۈشكە ئائىت نوتىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا
تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ نوتىدا مۇنداق ئالتە مەزمۇن قەيت قىلىنغا-
نىدى: روسىيە ئىلىنى مانجۇ خاقانلىقىغا چوقۇم تولۇق تاپشۇرۇپ
بېرىشى كېرەك؛ تارباغاتاي بىلەن قەشقەرنىڭ چېگرىسى يەنىلا
«جۇڭگو - روسىيە غەربىي چېگرىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش شەرتنا-
مىسى» بويىچە بولىدۇ؛ روسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا بېجىنى
تامامەن كەچۈرۈم قىلىشقا بولمايدۇ؛ روسىيە تەرەپ ئىلىنى مانجۇ
خاقانلىقىغا تولۇق قايتۇرۇپ بەرگەندىلا، خاقانلىق ئىچكىرىسىدىكى
قۇبدۇ سودا يولىنى ئېچىپ، ئۇنى جيايۈگۇەن بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ
ۋە ھاكازالار.

زېڭ جىزېنىڭ روسىيە تەرەپكە تاپشۇرغان بۇ نوتىسىدا خان
تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ۋە رەت قىلىنىشقا تېگىشلىك ماددىلار
بىراقلا تىلغا ئېلىنماستىن، بەلكى «بۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى
كىچىك نۇقتىلار ئىككى تەرەپ ئورتاق كېڭەشكەندىن كېيىن،
ئاندىن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغانىدى.
گىرس جۇڭگو تەرەپنىڭ نوتىسىنى كۆرۈپ بولغاندىن كې-
يىن:

— زېڭ دارېن سۆنغان بۇ ھۆججەتتە ئۆزگەرتىلىدىغان جايلار
بەك كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئەمدى مادارا
قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغان ئوخشايدۇ، — دەپ توڭ تەگدى.
شۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىملىق سۆھبەت مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز-
لىك كەيپىياتى ئىچىدە ئاياغلاشتى.

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، چارروسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە
مىنىستىرى مىليوتىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، خارجى ئىشلىرى،
قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيە دائىرىلىرى قاتناشقان بىرلەشمە يى-
غىن چاقىرىلىپ، زېڭ جىزې تاپشۇرغان نوتا مۇھاكىمىگە قويۇل-
دى. يىغىن ئاخىرىدا: «جۇڭگو - روسىيە سۆھبىتىنى يېڭىۋاش-
تىن ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ، ئەمما ئاۋۋالقى شەرتنامىدىكى ئاساس-

لىق مەزمۇنلارنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ» دەپ قارار قوبۇل قىلـ
دى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گىرس روسىيە بىلەن جۇڭگو ئىككى
تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يېڭىۋاشتىن ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەتنىڭ
ئورنى بېيجىڭدا بولۇشى شەرت دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى ۋە بيۇتزوۋ-
نى بېيجىڭغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. مانجۇ ھۆكۈمىتىگە بېسىم
ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئادمىرال ليۇزوۋسكىي قوماندانلىقىدىكى بىر
فىلوت جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىلىرىغا ئەۋەتىلىدىغان بولدى.

بيۇتزوۋ روسىيە تەرەپنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى بولۇپ تەيىنلەنـ
گەندىن كېيىن، ئۇدۇل مانجۇ خاقانلىقىغا قاراپ يولغا چىقماي،
بەلكى «ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئاندىن
بارىمەن» دېگەن باھانە بىلەن، «قېنى، ۋەزىيەتتە نېمە ئۆزگىـ
رىش بولىدۇ؟ قاراپ باققاندىن كېيىن بىر نېمە دەرمىز» دېگەنـ
دەك قىلىپ، شىۋېتسىيىدە يېتىۋالدى.

زېڭ جىزې روسىيە تەرەپنىڭ جاۋاب نوتىسىنى تاپشۇرۇۋالـ
غاندىن كېيىن، بيۇتزوۋنىڭ شەرتنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش
ئىشىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن خاقانلىققا بارماقچى بولۇۋاتقانلىـ
قىنى تېلېگرامما ئارقىلىق خانغا مەلۇم قىلدى. تېلېگراممىنى
تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن خاننىڭ پۇشقىقىغا پىت چۈشتى ـ دە،
«بۇنداق بولىدىغان بولسا، ۋەزىيەتنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولماسـ
مىكىن؟» دەپ ئەنسىرەپ، سەراسىمىگە چۈشۈپ قالدى ھەمدە
زېڭ جىزېغا: «ھەرقانداق زىيان تارتىدىغان ئىش بولسىمۇ،
سۆھبەتنى روسىيىدە ئۆتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈر!» دەپ تېلېگـ
رامما ئەۋەتتى.

زېڭ جىزې خاننىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېـ
يىن، دەرھال روسىيە خارجى ئىشلىرى مىنىستىرلىكىگە كېلىپ
رېمىن بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا، چار پادىشاھ
ئالېكساندىر II گىرىس قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، دەم ئېـ
لىش ئۈچۈن قارا دېڭىز ساھىلىدىكى يالتاغا كەتكەنىدى.

— بىز سۆھبەتنى شەرتنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدىغان
ۋاقىتلار بويىچە ئۆتكۈزۈش تەلىپىمىزدىن ياندۇق، — دېدى زېڭ
جىزې، مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى، —
بىراق، بىز يول قويغان بولغاندىكىن، سىلەرمۇ ئازراق ئىنساپ
قىلساڭلار بولارمىكىن؟

ئۇ شۇ ئارقىلىق روسىيە تەرەپكە جۇڭگو تەرەپنىڭ يول
قويۇشقا رازى بولغانلىقى ھەققىدە بىشارەت بەردى. ئەمما ئۇ
ئارقىدىنلا: «ناۋادا سىلەر ئىككى تەرەپ سۆھبىتىنى بۇ يەردە
ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلمايدىغان بولساڭلار، بىزمۇ سۆھبەتنى بېيە-
جىڭدا ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر ئىك-
كى تەرەپ سۆھبىتى بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولسا، ئۆكتىچى-
لەر يېغى قوپۇپ، سۆھبەتنى پايدىسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ -
دە، سۆھبەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يېتىدۇ.
شۇڭا، ئىككى تەرەپ سۆھبىتىنى روسىيىدە داۋاملاشتۇرۇش ئۇ-
چۇن، روسىيە تەرەپ بېيۇتزوۋنى دەرھال چاقىرتىۋالمىسا بولماي-
دۇ!» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

ئاخىرى، روسىيە تەرەپ بېيۇتزوۋنى چاقىرتىۋالدى. ئۇ سانت -
پېتىربورگقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، زېڭ جىزې مانجۇ ھۆكۈ-
مىتىنىڭ نوتىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇ نوتىنى تاپشۇ-
رۇۋېلىپ:

— بولىدۇ، دۆلىتىڭلارنىڭ مۇددىئاسىنى پادىشاھ ئالىيلى-
رىغا يەتكۈزەي، — دەپ سوغۇق جاۋاب بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن، روسىيە تەرەپ ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە
لام - جىم دېمەي تۇرۇۋالدى. زېڭ جىزې روسىيە تەرەپنىڭ بۇ
ھەقتە ئېنىق جاۋاب بېرىشىنى سۈيلەپ رېمىن بىلەن بىرقانچە
قېتىم كۆرۈشتى. رېمىن:

— نېمىگە ئالدىرايلا، دەم ئالماملا. بۇ ئىشنى ھەل قىلىش
خارجى ئىشلىرى مىنىستىرلىكىمىزنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. مۇ-

بادا، دۆلەتلەر ئالدىراپ كېتىدىغان بولسا، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىمىزدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ باقاملا - يا؟ ئۇلار دۆلەتلەرغا ئۇرۇش ئېلان قىلىش خېتى تاپشۇرسا ئەجەپ ئەمەس! — دەپ پوپوزا قىلدى.

— ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلايدىغان بولسا، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەرمىز، — دېدى زېڭ جىزې سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇپ، — مۇبادا، سۆھبىتىمىزدىن بىرەر نەتىجە چىقماي، ئۇرۇش پارتلاپ قالسا، زىياننى يالغۇز بىزلا تارتمايمىز - دە؟ سىلەرگىمۇ زىيان بولار؟ خاقانلىقىمىز بىلەن روسىيىنىڭ ئورتاق چېگرىسى بىر تۈمەن چاقىرىمغا يېتىدۇ. مۇبادا، سىلەر بىز بىلەن بولغان ئىككى يۈز يىللىق ئىناق قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلماي، ئۇرۇش قوزغىماقچى بولساڭلار، ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈپ قالارمىكىن؟ مۇبادا مۇشۇنداق بولۇپ قالىدىغان بولسا، بىزدىن يامانلاپ يۈرمىسەڭلارمۇ بولىدۇ.

زېڭ جىزېنىڭ بۇ گەپلىرى روسىيە تەرەپنىڭ يېغىرىنى ئېچىپ قويدى. چۈنكى «تۆگە قانچە يولغان بولسا، يېرىغىمۇ شۇنچە بولىدۇ» - دە.

— مۇبادا روسىيە تەرەپ چۆچۈخۇ بىلەن تۈزگەن شەرتنامىنى بىكار قىلىشقا ماقۇل بولىدىغان بولسىلا، — دېدى زېڭ جىزې رېمىننىڭ يۇمشىغانلىقىنى كۆرۈپ، — ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشىنى ئەھۋالغا قاراپ كېچىكتۈرۈشنى ئويلىشىشىمىز مۇمكىن.

رېمىن خۇددى خوخىغا ئولتۇرۇۋالغاندەك دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى - دە، دەرھال:

— ئۇنداق بولسا، سىز دەرھال تىلىڭىزدىن روسىيە تەرەپ چۆچۈخۇ بىلەن تۈزگەن شەرتنامىنى بىكار قىلىشقا قوشۇلسىلا، بىزمۇ ئىلىنى قايتۇرۇۋالىمىز دەپ خەت پۈتۈپ بېرىڭ! — دەپ لوقما تاشلىدى.

— ئىلى خاقانلىقىمىزنىڭ زېمىنى. ئۇنى سىلەرگە نېمىشقا

ئۆتۈنۈپ بېرەلەمسىلەر؟ — دەپ رەددىيە بەردى زېڭ جىزې ئىمىنىڭ سۆزىگە.

رېمىننىڭ يىلى چىقتى.

مۇشۇ مەزگىللەردە، مانجۇ خانى مەملىكەت ئىچىدىكى قاتتىق قۇللۇقلارنىڭ جاسارىتىنى بېسىش ئۈچۈن، قەمەرىيە 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى[1] زو زۇڭتاڭنى «مۇشاۋىر ئەزەم قىلىپ تەيىنلىگەن» لىكى ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنى قۇمۇلدىن بېيجىڭغا چاقىرتتى. 24 - كۈنى[2] يارلىق قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى. زو زۇڭتاڭ يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دىلى قاتتىق ئازار يەپ، روھىي چۈشۈپ كەتتى.

قەمەرىيە 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى[3] روسىيە تەرەپنىڭ باش ۋەكىلى، روسىيە خارجى ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى گىرىس زېڭ جىزېدىن:

— ئاڭلىشىمىزچە، خان مۇپەتتىش زو زۇڭتاڭ جانابلىرى ھازىر پايتەختتىكىلەردا خاقانىڭلار بىلەن ئەسكەر چىقىرىشنى مەسلىھەتلىشىۋېتىپتۇدەك. بۇ گەپ راستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، گىرىس، يۇتزوۋ قاتارلىقلار بۇ ئىشنى قايتا تىلغا ئالدى:

— ئاڭلىشىمىزچە، خاقانىڭلار ئەسكەر چىقىرىش مەسلىسىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن، زو زۇڭتاڭ دارىننى بېيجىڭغا چاقىرتىپتۇ - دەك، بىز ئىككى تەرەپ سۆھبىتىنى تېزرەك ئاياغلاشتۇرساق دەپ قارايمىز. بولمىسا، يوق يەردىن پۇتاق چىقىپ يۈرمىسۇن يەنە؟

زو زۇڭتاڭنىڭ ئاكتىپ ھالدا ئۇرۇش تەييارلىقى قىلغانلىقى ئىككى تەرەپ سۆھبىتىدە زېڭ جىزېغا ئارقا تىرەكلىك رول

---

① شەمسىيە 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى.
② شەمسىيە 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى.
③ شەمسىيە 1880 - يىل 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى.

ئوينىدى.

ئەسلىدە، زو زوڭتاڭ قومولدا چېغىدىلا، خارجى ئىشلىرى يامۇلىغا ئارقا ـ ئارقىدىن خەت سۇنۇپ، ئوردىنىڭ باشقىلارغا تېز پوكوپ، سۇلھ تەلەپ قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرغانىدى. «ئەھۋالدىن قارىغاندا، — دەپ يازغانىدى ئۇ خېتىدە، — زادى ئۇرۇشماي بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇرۇش — ئەرنىڭ قولىدىكى قامچىغا ئوخشايدۇ. مۇبادا ياخشىلىقچە گەپ ئاڭلىمىسا، قامچا بىلەن ساۋاپ قويغانىنىڭمۇ پايدىسى بار!»[①]

ئۇنىڭ يېنىدىكى مۇشاۋىرلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا: «خاننىڭ چىشىغا تېگىپ قويمىسىلا. چۇڭخۇ مىڭ قىلغان بىلەن يەنىلا خاقاننىڭ ئۆز پۇشتىدىن. سىلە بىلەن بىز مىڭ قىلغان بىلەن يەنىلا يات سانىلىمىز. ‹گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن› دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ سىلى؟» دەپ نەسىھەت قىلىۋىدى. ئۇ:

— «لەببەيچى تولغان بۇ جەننەتتىن ۋاپادار ئەر چۈشكەن دوزاق ئەلا!» دەپ جاۋاب بەردى.

× ×

گۇاڭشۈيىنىڭ 7 ـ يىلى قەمەرىيە 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى[②]. مانجۇ خاقانلىقى بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا «تۈزىتىلگەن شەرتنامە» — «ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالاندى.

بۇ شەرتنامە بويىچە، چارروسىيە تۆۋەنكى ئىلىنى پۈتۈنلەي يۇتۇپ كەتتى، ئەمما يۇقارقى ئىلىنى جوڭگوغا قايتۇرۇپ بەردى. يەنە تېكەس ۋادىسى (تەخمىنەن يىگىرمە نەچچە مىڭ كۋادرات

---

① «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزوڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى، خەت ـ چەكلەر»، 24 ـ جىلد، 74 ـ بەت.

② مىلادى 1881 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى.

كىلومېتىر كېلىدۇ) بىلەن مۇز داۋاننى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. بۇنىڭ ھېسابىغا جۇڭگونىڭ روسىيە تە-رەپكە تۆلەيدىغان ھەربىي تۆلەم پۇلى ئەسلىدىكى بەش مىليون روبلىدىن توققۇز مىليون روبلى (تەخمىنەن بەش مىليون توقسان مىڭ سەر كۈمۈشكە تەڭ) غا كۆپەيتىلدى.

بۇ شەرتنامىگە بىنائەن، ئىككى تەرەپ ئىلى خەلقىدىن رو-سىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنى «خالىغۇچىلار» نىڭ بىر يىل سۈرۈك ئىچىدە روسىيىگە تەۋە بولغان تۆۋەنكى ئىلىغا كۆچۈپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ دەپ پۈتۈشتى. مانجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن رو-سىيە ھۆكۈمىتى بىرلىكتە چىقارغان بۇ قارار ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى كېيىنكى چاغلاردا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئاۋات يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، تېخى ئېچىلمىغان جايلاردىكى ئەسكى تاملىقلاردا سەر-سان بولۇپ يۈرۈشتەك ئېغىر پاجىئەلىك قىسمەتكە دۇچار قىل-دى.

مانجۇ خاقانلىقى شىنجاڭنى قايتا ئىگىلىگەندىن كېيىن، خاقانلىقنىڭ شىنجاڭدىكى تەسەررۇپىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، زو زوڭتاڭ خانغا شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى-گە قارىتا ئومۇمىي قاراشلىرىم ھەققىدە» دېگەن قاتلاق مەكتۇبىدا «شىنجاڭدا ئۇزاققىچە ئاسايىشلىق ئورنىتىش پىلانى» نى ئوتتۇرىغا قويدى: شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلگەن «ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى» نى بىكار قىلىپ، «ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئىنالچىلىقنى ناھىيە تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىپ»، مانجۇ خاقانلىقىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ «بۇ قېتىم چوڭ قوشۇنىمىز مۇسۇلمان قاراقچىلىرىنى تازىلاپ، مۇستەھكەم شەھەر - قەلئەلەرنى ئارقا - ئارقىدىن تارتىۋالدى، — دەپ يازدى ئۇ ئۆزىنىڭ خانغا يوللىغان قاتلاق

مەكتۇبىدا، — ھالبۇكى، سانجى، قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق
جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ئۆز جىنايىتىدىن قورقۇپ، تەڭرى تېغى-
نىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا قېچىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ جايلاردا
ئاھالە ئازىيىپ كەتتى. بىز بۇ جايلارنى بېسىۋالغاندىن كېيىن،
ئەمىنلىك ئورنىتىپ، پۇقرالارنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېلىپ
ئۆز تېرىكچىلىكىنى داۋاملاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۇردۇق. ھالا بۇ-
گۈنگە كەلگەندە، ئادەم بارا - بارا كۆپىيىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ
ئۈرۈمچى ئايمىقىدا بۇنىڭ ئۈنۈمى ئالاھىدە بولدى. . . مورىدىن
جىڭغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى يەرلەر چۆل - جەزىرىنى ھېسابقا
ئالمىغاندا ھەممىسى دېگۈدەك ئۈنۈمسىز يەرلەر ھېسابلانسىمۇ،
ئەمما، بۇ يەرلەردە قاش قوۋۇقنىڭ ئىچىدىن كۆچمەنلەرنى كۆچۈ-
رۈپ كېلىش ۋە يەرلىك ئاھالىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەمدە چېرىك-
لەرگە يەر تەقسىم قىلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، ئۆزلەشتۈرۈلگەن
تېرىلغۇ يەرلەر تەدرىجىي ئاۋۇشقا باشلىدى. شۇڭا، بۇ يەرلەردە
ئىدارە قىلغۇدەك ئاھالە يوق دېگىلى بولمايدۇ. . . تۇرپانغا قارايدى-
غان ئاۋۇل - قىشلاقلاردا، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدە بوز يەرلەر كۆپ
ئەمەس. . . جەنۇبتىكى سەككىز شەھەر ئىچىدە يېڭىسارنىڭ زې-
مىنى كىچىك، ئۇچتۇرپاننىڭ تۇپرىقى ئۈنۈمسىز بولغانلىقىنى
ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان جايلارنىڭ ھەممىسىلا تۇرپانغا ئوخ-
شاش يەر بايلىقى مول جايلاردۇر. قەشقەر، خوتەن، يەكەن،
ئاقسۇ قاتارلىق جايلار تولىمۇ باياشات، ئەلۋەك يۇرتلاردىن ھېساب-
لىنىدۇ. ليۇ جىڭتاڭ، جاڭ ياۋلار ھازىر بۇ جايلارنى تۈجۈپلەپ
باشقۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ئېرىق - ئۆستەڭ قازدۇرۇپ، يەرلەرنى
ئۆلچەپ، ۋەيران قىلىۋېتىلگەن شەھەرلەرنى ياساپ، كۆل -
ھاۋۇزلارنى كولىتىپ، رابات - ئۆتەڭلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان بولساقلا،
- ئاقچا قۇيدۇرۇپ، ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان بولساقلا،
ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كەتمەمدۇ؟ . . . ھازىر تەڭرى تېغىنىڭ
شىمالى بىلەن جەنۇبىدىكى جايلارنى ئۆلكە تۈزۈمى بويىچە ئىدارە

قىلىدىغان پەيت پىشىپ قالدى. مۇشۇنداق قىلساق، بۇ ئىشىمىز-
نى ئاسمان خۇداسىمۇ، زېمىن خۇداسىمۇ، پۇقرالارمۇ راۋا كۆرىـ
دۇ. مۇبادا ھازىر بۇنداق قىلماي، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدىـ
غان بولساق، تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش يۈز بېرىدۇ!»[①]

زو زۇڭتاڭ شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، خا-
قانلىقنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق مۇئەسسەسىلىرىنى تېخىمۇ
كۈچەيتىشكە پايدىسى زور بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ
قارىشىچە، ئەسلىدىكى ئىلى جياڭجۈنى، يەكەن خان ئامبىلى،
باش بۇغ، مەسلىھەتچى ئامبال، خان ئامبال، ئاغلاقچى ئامبال
قاتارلىق مەنسەبدارلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئېنىق ئەمەس،
«ئوغرى - يالغاننى تەپتىش قىلىشتا، ھەر قايسىسى مەسئۇلىيەت-
نى بىر - بىرىگە ئىتتىرىشىپ، ئىشنى ئاقسىتىشماقتا»، بۇ
ئادەملەر «ئۇزاققىچە داتاڭدىن چىقماي» ياكى «لەشكەركەشلىك
بىلەنلا شۇغۇللىنىپ كەلگەچكە»، پۇقرالارنىڭ ھال - مۇڭىغا
يەتمىدى. (ئۇلار) «يۇرتدارچىلىق ئىشىغا خام ئاقنانچىلاردۇر.» ئۇنىڭ
ئۈستىگە، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ بولغاچقا، «ھەربىي ئەمەلدار-
لار كۆپ، مۇلكى ئەمەلدارلار يېتىشمەيدىغان» ھالەت شەكىللىـ
نىپ قالدى. ئۇلار «يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرۇشنى
ئويلىسىمۇ» ئەمما، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ باققان ئە-
مەس. مۇبادا ئۆلكە تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىغان بولسا، مۇلكى
ئەمەلدارلارنى كۆپلەپ ئىشقا سېلىپ، پاشاپلىقنى كەڭ يولغا
قويغىلى بولىدۇ - دە، «ئۇزاققىچە ئاسايىشلىق ئورنىتىش» تەلى-
پىگە يەتكىلى بولىدۇ.

زو زۇڭتاڭ شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا، يەنە

---

① ئاسايىشلىق تۆرە زو زۇڭتاڭنىڭ قاتلاق مەكتۇبلىرى» (داۋامى) 72 - جىلد، «شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىدىن خانغا يوللانغان قاتلاق مەكتۇب».

ھەربىي خىراجەتنى كۆپلەپ ئازايتقىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى.
ئۇنىڭ نەزەرىدە، ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا تۇرۇش-
لۇق قارا چېرىكلەرنى يىلدىن - يىلغا تەدرىجىي ئازايتقىلى،
قوشۇنلارنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنى توختاتقىلى بولاتتى. ھەربىي-
لەرنىڭ ئايلىق مائاش تۈزۈمىنى لەڭ يېيىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرت-
كەندە، يىلىغا بىر مىليون سەر كۈمۈشنى تېجەپ قالغىلى،
قىسىملارنىڭ يىللىق خىراجىتىنى ئۈچ مىليون سەر كۈمۈش
ئەتراپىدا كونترول قىلغىلى بولاتتى. ئۇنداق بولسا، ھەربىي
خىراجەتنى نەدىن ھەل قىلىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە زو زوڭتاڭنىڭ
پىلانى مۇنداق ئىدى: بىرىنچىدىن، سۇ سېلىقىنى ئاشۇرۇش؛
ئىككىنچىدىن، چازا - جۇجۇق قۇرۇپ، ئۆتكەل - گۈمرۈكلار-
دىن ئېلىنىدىغان ئۆتكەل بېجىنى كۆپەيتىش؛ ئۈچىنچىدىن، خان
تەرىپىدىن مونوپولىيە قىلىنىدىغان دورا ماتېرىياللىرى، تېرە -
تەسەك، پاختا - يۇڭ قاتارلىق ئەشيالاردىن كىرىدىغان سودا
پايدىسىنى ئۆزىگە قالدۇرۇش؛ تۆتىنچىدىن، خان تەرىپىدىن
كونترول قىلىنىدىغان خوتەن قاشتېشى، ئالتاينىڭ ئالتۇنى،
قەشقەرنىڭ كۈمۈشى، كۇچانىڭ مىسى، ئۇلۇغچاتنىڭ قوغۇشۇ-
نى، كانسۇنىڭ تۆمۈرى، ياغبۇلاقنىڭ يەر يېغى قاتارلىق مەدەن
بايلىقلىرىدىن كىرىدىغان پايدىنى ئۆزىگە قالدۇرۇش ۋە ھاكازا-
لار. قىسقىسى، پۇقرالارنىڭ قان - تەرىدىن پايدىلىنىپ مانجۇ
خاقانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش —
زوزوڭتاڭنىڭ شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى پىلا-
نىنىڭ تۈپ نىگىزى ئىدى.

زوزوڭتاڭ يەرلىك پۇقرالارنىڭ «ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆز-
گەرتىپ، خاقانلىق بىلەن ئوخشاش قىلىپ چىقىش» ئۈچۈن،
ئۆزىنىڭ پۈتۈن يۈرەك - قېنىنى سەرپ قىلىپ بىر يۈرۈش
تەدبىرلەرنى باش قاتۇرۇپ تۈزۈپ چىقتى. ئۇ تۈزگەن پىلان
مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلاردا

شۆتاڭلارنى ئېچىشنى كۆچەيتىپ، بۇ شۆتاڭ (مەكتەپ) لەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىش؛ شۆتاڭلاردا «مىڭ خەتلىك دەستۇر»، «ئۈچ خەتلىك دەستۇر»، «شەجەرى فامىلە»، «چاھار قاپىيە»، «ئالتە دەستۇر»، كۆڭزى يازغان «مۇھاكىمە ۋە بايان» قاتارلىق كونا كىتاب ـ نامىلەرنى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇش ۋەھاكازالار...

نەزمە:

سۆزلىمىسەڭ، يوقتۇر كىشىنىڭ كارى،
سۆزلىگەنىكەنسەن، دەلىللە ئارى.

— شەيخ سەئىدى

## ئون ئۈچىنچى باب

# قاشنىڭ[1] قانلىق يېشى

«دوستلار زىنداندا ئەسقاتىدۇ، داستىخان ئۈستىدە
ھەممە ئادەم دوست كۆرۈنىدۇ.»
— شەيخ سەئىدى

مىلادى 1881 - يىلى روزا ئېيى.

ئىلىنىڭ تىنىق ئىسسىقلىرىدا بۇغدايلار سارغىيىشقا باشلىدى. يىراقتىكى ئابرال تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئەگىپ ئاقىدىغان قاش دەرياسىنىڭ بويلىرىدىكى چەكسىز كەتكەن يانباغىرلارغا تېرىلغان ياپيېشىل زىرائەتلەرنىڭ خېلى كۆپ جايلىرى سارغايدى. دەريا ياقىسىدىكى سايازلىقلاردا بولۇق ئۆسكەن يېكەنلەر باش چىقىرىشقان، سۇ ياقىلىرىدا بولسا، ساپسېرىق ئېچىلغان، دانە - دانە بولۇپ چاقناپ تۇرغان گۈللەر ياپيېشىل مايسىلار ئارىسىدا ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئابرال تاغلىرىنىڭ چوققىلىرى خۇددى بۇلۇتقا ئوخشاش كۆك ئاسماننىڭ چېتىگە يېپىشىپ تۇراتتى. قارلىغاچلار ۋىچىرلاپ سايراپ، بەزىدە سۇ يۈزىنى چېكىپ، گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسلەپ، ئۇياق - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى، ئارقىدىن، يانباغىرلاپ سېلىنغان، ئۇ يەردە - بۇ يەردە چۇقچىيىشىپ تۇرۇشقان پاكار - پاكار تارانچى ئۆيلىرىنىڭ پېشايۋانلىرىنىڭ ئاستىغا قونۇپ، تۈكلىرىنى تارىشاتتى. بۇ ئەتراپلاردا يام-

---

① قاش دەرياسى — ئىلى ۋادىسىدىكى بىر دەريانىڭ نامى.

غۇر كۆپ ياغىدىغانلىقتىن، يانباغىرلاردىكى ئېتىزلىقلار زادىلا سۇغۇرۇلمايتتى.

بۇ ياز پەسلىدە بۇرۇلۇش هاسىل بولىدىغان مەزگىل بولۇپ، بىر يىللىق هوسۇلنىڭ قانداق بولۇشى ئاشۇ مەزگىلدە مەلۇم بولاتتى. ئادەتتىكى يىللاردا بولسا، تارانچىلار كېلەر يىللىق تېرىقچىلىق ئۈستىدە باش قاتۇرۇشاتتى، ئاندىن چالغا بىلەن ئوت - چۆپ ئورۇشقا دەرهال كىرىشىپ كېتەتتى. بۇغدايلىقنىڭ چېتىدىكى بىر پارچە بىنەمگە تېرىلغان قارا بۇغدايمۇ تولۇق دان تۇتقان بولۇپ، ئىسسىق شامالدا يېنىك دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. يانباغىرنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قاش دەرياسى بويىدىكى ئوتلاقلاردا بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر چالغا كۈتۈپ تۇراتتى.

روزى ئېيىنىڭ 15 - كۈنى، بۈگۈن غۇلجىدىكى خەنزۇلار بازىرى باشقىچە مەنزىرىگە كىرگەنىدى. بازاردا ئادەملەر نۇرغۇن بولۇپ، تاشلەپكىدىكى دۇكانلارنىڭ هېچقايسىسى ئېچىلمىغانىدى. ئادەملەر دەگدەرۋازىسى، دولاندەرۋازىسى، بەيتۇللا مەسچىتى تەرەپلەردىن توپ - توپ بولۇشۇپ، خەنزۇلار بازىرى تەرەپكە ئاقماقتا ئىدى. هەممە يەردە هاياجانلانغان چىرايلار كۆرۈنەتتى، گۇرۇلدىگەن ئاۋازلار ئاڭلىناتتى.

— ئىسسىق ماكانلىرىمىزنى تاشلاپ، نەگە كۆچمەكچىمىز؟ — دېگەن ئاۋازلار خۇددى هۇركىگەن قۇشلارنىڭ شاۋۇلدىغان ئاۋازىدەك هېلىدىن هېلىغا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، خالايىقنىڭ باش ئۈستىدە ياڭرايتتى. بىر پارچە تامنىڭ ئۈستىگە بېشىغا ساغىرىپ كەتكەن نېپىز سەللە ئورىغان، ئۈستىگە كىرلىشىپ كەتكەن ئاق يەكتەك كىيگەن بىر ئادەم چىقىۋالغانىدى. ئۇ غۇلجىدىكى هارۋىكەشلەرنىڭ بوتۇڭى زوغرۇل كارۋان دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ ئورۇق، ئىنچىكە بويلۇق بىر ئادەم بولۇپ، تېخى يېقىندىلا قەشقەر، ئۈرۈمچى تەرەپلەردىن هارۋىسىنى هەيدەپ قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، خالايىققا مۇراجىئەت قىلى-

ـماقتا ئىدى:
— مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. قۇلاق سىلىڭلار قېرىنـ
ـداشلار. مەن يىراق قەشقەر، ئۇرۇمچى دېگەن يەرلەردىن كېلىۋاتـ
ـىمەن. ئۇ يەرلەرگە ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئۇرۇس خوجايىنىنىڭ
مېلىنى توشۇيمەن دەپ بارغانىدىم، يول توسۇلۇپ قېلىپ، ئەمدى
قايتتىم. پايانسىز چۆللەرنى كەزدىم، ئېگىز تاغ ـ ئېدىرلارنى
ئاشتىم، خەتەرلىك تەلكە داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ ئاران كەلدىم.
چېكەتكىدەك ھەددى ـ ھېسابسىز قارا چېرىكلەرنى كۆردۈم.
ھەممىلا يەردە بۇلاڭ ـ تالاڭ، ئېتىش ـ چېپىش، دارغا ئېسىش
ھۆكۈم سۈرۈۋېتىپتۇ. زۇلۇم ـ ستەملەر ھەددىدىن ئېشىپتۇ.
پۇقرالارنىڭ ئاھۇ ـ زارى پەلەكتىن ئېشىپتۇ. قارا خان ئەلى
خەلقىنى ئاق پاشاغا سېتىپتۇ. ئەمدى ئاق پاشانىڭ سولداتلىرى
ھەممىمىزنى ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن يەرلەرگە ھەيدەپ
كەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ.
— بۇ ئورۇسلار دەسلەپتە كەلگەندە: «يۇرتۇڭلاردا ياخشىـ
ـلىق، ئادالەت ئورنىتىمىز» دېمىگەنمىدى؟ ئۇلار بىزنى بۆرىلەرـ
ـنىڭ يىرتقۇچ چىشلىرىدىن ھىمايە قىلىمىز دېمىگەنمىدى؟ ھالا
بۇگۈن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بىزنىڭ جىگەر ـ باغرىمىزنى پارچە ـ
پارچە قىلغۇچى يىرتقۇچ بۆرىلەردىن بولۇپ چىقتىمغۇ؟ قېنى بۇ
جاندىراللار؟[1] ئۇلار ئىسسىق مەھكىمىلىرىدە ئولتۇرۇۋېلىشىپ،
بىز تارانچىلارنىڭ مېھنەت تەرىدىن كەلگەن پۇللارنى ساناۋاتىدۇ.
قېرىنداشلار، قارارغا كېلىڭلار، ھەممىمىز بىرلىشىپ بۇ ياردـ
ـماسلارنى يۇرتىمىزدىن قوغلاپ چىقىرايلۇق! . . .
شۇ ئەسنادا، كۆرە دەرۋازىسى تەرەپتىن ئاتلارنىڭ تاراقلىغان
ئاۋازى ئاڭلاندى. رۇس ژاندارمىلىرى يالىڭاچلانغان قىلىچلىرىنى

---

[1] «گېنېرال» سۆزىنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى.

باش ئۇستىدە ئوينىتىپ، ئاتلىرىنى ئۇدۇل پېتىلا ئادەملەرنىڭ ئۇستىگە چاپتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئاياللارنىڭ قىيا - چىياسى، باللارنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— تارقال! ھەممىڭ تارقىلىش! بولمىسا، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈشىسەن! — رۇس ژاندارمىسىنىڭ تىلماچى باقى تۇڭچىنىڭ ئاچچىق قىلىپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئادەملەرنىڭ قىيا - چىيالىرىنى بېسىپ چۈشتى. خالايىقنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى خۇددى ئۇستىدىن سۇ قۇيۇپ ئۆچۈرۈلگەن ئوتتەك دەررۇ بېسىلىپ قالدى. تامنىڭ ئۇستىدىكى زوغرۇل كارۋان مەڭدەپ قالغانىدى.

— شتو كتو[1]؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن رۇس ناچالنىكى.

— مەن كىم بولاتتىم، زوغرۇل كارۋان دېگەن بولىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ باقى تۇڭچىغا قاراپ.

— سەن بۇ يەردە ئۆسەك گەپ تارقىتىپ، ئادەملەرنى قايمۇقتۇرماقچىمۇ؟ ئادەملەرنى رۇس مەمۇرىيىتىگە قارشى قۇتراتماقچىمۇ؟

— قانداقچىسىگە ئۆسەك گەپ بولىدىكەن؟ مېنىڭ دەۋاتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى مەن تاغ ئارقىسىدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، قولىقىم بىلەن ئاڭلىغان ئىشلار تۇرسا؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئۇ رۇس ناچالنىكىغا.

ژاندارما ناچالنىكى باقى تۇڭچىغا قاراپ بىر ھازاغىچە كالدىرلاپ سۆزلىدى.

— جانابىي ناچالنىك ئېيتۇدۇلەركى، رۇس يېرىگە كەتسەڭلەر نېمىسى يامان ئىكەن؟ بىزنىڭ ئۇ يەرلەردە ئېرىقلاردا سۇ

---

① روسچە: كىم سەن ئۆزۈڭ؟

ئورنىدا ماي ئاقىدۇ. زاغرا ئورنىغا سۈت بىلەن پىشۇرۇلغان بولكا يەيسىلەر، دەرەخلىرىدە سىلەرنىڭ مۇقەددەس مەككە مۇ- كەررەمەڭلەردىكىدەك شېرىن خورمىلار ساڭگىلىشىپ تۇرىدۇ.① ئۆگزىگە چىقىپ قارايدىغان بولساڭلار، سىلەرنىڭ خۇدايىڭلارنىڭ مۇقەددەس ئۆيى — بەيتۇل ھەرەم كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ! — دېدى باقى تۇڭچى.

— ناچالنىك جانابلىرى، — دېدى زوغرۇل كارۋاننىڭ يېنى- دا تۇرغان تۇرسۇن گەلەنتىر② دېگەن كىشى، — بىز تارانچىلار ھالال مېھنىتىمىز بىلەن باللىرىمىزنى بېقىپ، روزىغارىمىزنى تۇزۇتماي كەلگەن خەقمىز. باللىرىمىز چوڭ بولۇشتى، يىگىت بولۇشتى، بىر - بىرىدىن چاققان ۋە باتۇر بولۇپ يېتىشىپ چىقىشتى. بىراق ھەممىسى غازاتتا مانجۇلار بىلەن ئېلىشىپ، كېيىن سىلەرنىڭ ئوقۇڭلاردا ئۆلۈشتى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ساناپ باقىدىغان بولسام، ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز قېتىم كۈن چىقىپ ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز قېتىم پېتىپتۇ. ئەمما، سىلەر دەسلەپ كەلگەندە بىزگە لەۋزە قىلغان ئۇ ئاسايىشلىق قېنى؟ ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، ئانام بىچارە مېنى ئىنسان دەپ تۇغۇپتىكەن. ئەمدى ھېچكىم ئەمەسمەن. ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن تېخىچىلا يو- رۇق دۇنيادا مۇدۇرۇلۇپ، سۆرۈلۈپ يۈرۈپتىمەن. زۇلۇم - سىتەم تارانچىلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ خۇنىنى قۇرۇتتى. ئۇلارنىڭ

---

① بۇ ھەقىقەتەن بولغان ئىش. ئالمۇتالىق ئالىم ساۋۇت موللا ئابدۇۋ ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە، شۇ يىللاردا كىشىلەر تۈركمەنىستاندىكى بەيرەم ئەلى دېگەن يۇرتقا بارغاندا، خورما كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، باقى تۇڭچىدىن: «قېنى، سەن دېگەن خورمىلار؟» دەپ سوراش- قان. ئۇ قوڭغۇراق تىكەننى كۆرسىتىپ: «مەن مۇشۇنى دېگەن- دىم» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. شۇڭا، كىشىلەر قوڭغۇراق تىكەنگە «باقى خورمىسى» دەپ ئىسىم قويۇشقانىكەن — مۇئەللىپتىن.

② روسچە «تەنزىكەش» دېگەنلىك بولىدۇ.

يۆرەكلىرى ئازابتىن ئۆرتىنىپ، پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. ھالا بۈگۈن سىلەر بىزنى يۇرتىمىزدىن ھەيدەپ، ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن جايلارغا ئېلىپ بارماقچى. بىز بېرىپ كۆرمىگەن ئۇ يەرلەر ئۆز يۇرتىمىزغا يېتەمدۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تارقىلىپ كەتكەن خالايىق يەنە گۇررىدە پەيدا بولۇشتى ـ دە، زوغرۇل كارۋان بىلەن تۇرسۇن گەلەنتىرنى ئورىۋېلىشتى.

رۇس ناچالنىكى دەرھال ژاندارمىلارغا زوغرۇل كارۋان بىلەن تۇرسۇن گەلەنتىرنى تۇتۇشنى بۇيرۇدى. ژاندارمىلار بۇ ئىككىسىنى تۇتۇپ، قول ـ پۇتلىرىغا كويزا ـ كىشەن سېلىپ، ئۇلارنى سۆرىگەن پېتى ئېلىپ كەتتى. خالايىقنىڭ بېشى ئۈستىدە رۇس ژاندارمىلىرىنىڭ قىلىچلىرى يەنە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى...

«ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، رۇس ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرى: «ئىلى خەلقىدىن رۇس يېرىگە كېتىشنى خالىغانلار بىر يىل سۈرۈك ئىچىدە كۆچۈپ ماڭسا بولىدۇ» دەپ، يۇرت ـ يۇرتلاردا ئېلان چىقىرىپ جاكارلاتقۇزغانىدى. ئەمما، بەش ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىلىدىن روسىيىگە كۆچىدىغانغا بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. مانجۇ ھاكىمىيىتى ئىلى دىيارىدىكى گەدەنكەش تارانچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆچۈپ كېتىپ، ئۇ يەردىكى زېمىن بايلىقىنى بىكارلاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. چار پادىشاھىمۇ يەتتە سۇ تەۋەسىدە يەر كەڭ، ئادەم شالاڭ، ئەمگەك كۈچى ئاز بولغانلىقتىن، ئۇ يەرگە ئىلىدىن كۆپلەپ ئاھالە كۆچۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىپ، بوز يەر ئېچىپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، سۇ باشلاپ، بۇ ئۆلكىنى ئاۋات قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئەمما كۆچ ـ كۆچ ئىشى تارانچىلارنىڭ قارشىلىق قىلىشى نەتىجىسىدە سۇغا چىلىشىۋاتاتتى. شۇڭا، ئىككى تەرەپ تولۇق كېڭەشكەندىن كېيىن، مانجۇ

هۆكۈمىتى ئىلىدىكى رۇس ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىگە قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، ئىلى ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك يەتتە سۇ تەرەپكە مەجبۇرى كۆچۈرۈش ھەققىدە تولۇق ھوقۇق بەردى.

چاررۇسىيە گەرچە «جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى»نى ئىمزالاش ئارقىلىق، «ئىلى، قەشقەر، ئۈرۈمچى ۋە قوۋۇقنىڭ سىرتىدىكى، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە سودا - سېتىق قىلغاندا، باج تۆلىمەيدىغان»[1] ئىمتىيازلارغا ئېرىشۋالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇرۇنقىدەك، ھەربىي سانائەتكە كېرەكلىك تۆمۈر، مىس رودىسى، تېرە قاتارلىق خام ئەشيالارنى ئىلىدىن روسىيىگە بىۋاستە يۆتكەپ كېتەلەيدىغان ئىمتىيازدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ چاغدا چارروسىيىنىڭ تۈركىيىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى ئاياغلاشقان بولۇپ، مالىيىسى قۇرۇغدىلىپ قېلىپ، ئەللىك مىليون رۇبلىلىق قىزىل رەقەم كۆرۈلگەنىدى[2]. شۇڭا، چار پادىشاھ مانجۇ خاقانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قوزغاش ئارقىلىق، ئىلىنى مەڭگۈ يۇتۇپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مالىيە كۈچى چەكلىك بولغانلىقتىن، بۇ نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. چارروسىيە خارجى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئالى مەسلىھەتچىسى رېمىنىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى بۇنىڭغا ئىسپات بولالايتتى: «... ئۇلارنى[3] تازا ئەدەپلەپ قويۇش ئارقىلىق، تامامەن باش ئەگدۈرۈش مۇمكىن ئىدى. بىراق، مەن شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەنكى، بىزنىڭ قۇرۇغدى-

---

① «تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى»نىڭ 12 - ماددىسىغا قارالسۇن.

② «مىليۇتىن خاتىرىلىرى» 3 - توم. 287 - بەت.

③ مانجۇلارنى دېمەكچى.

لىپ قالغان مالىيىمىز بىزنى بۇنداق قىلىشقا يول قويمىدى! »[1]

چارپادىشاھ ئالېكساندىر II نىڭ يارلىقىغا بىنائەن، يەتتە سۇ گوبېرناتورى ئىلىدىكى رۇس ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىغا: «ئىلىنى مانجۇ دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن ئىلگىرى، ئۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى يەتتە سۇ گوبېرنىيىسىگە كۆچۈرۈش كېرەك. بۇ ئىشقا گېنېرال شىمشىرووۋ ۋە غۇلجا ئىشلىرى جۇجۇقىنىنىڭ ناچالنىكى نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتىسوۋ كونكرېت مەسئۇل بولسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

1881 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئىلىدىكى رۇس ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ شتابىدا يىغىن چاقىرىلدى. بۇ يىغىنغا قاتناشقانلار ئىچىدە غۇلجىدىكى بايلار، دىنىي ئەربابلار ۋە ھەرقايسى يۈزلۈكلەرنىڭ يۈز بېگى قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى.

يىغىندا، رۇس ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ چوڭلىرىدىن شىمشىرووۋ تارانچىلارنىڭ چوڭلىرىغا: «ئىلى شەرتنامىسى» غا ئاساسەن، ئىلى مانجۇ خاقانلىقىغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئىلى ئاھالىسى يەتتىسۇغا چوقۇم كۆچۈرۈلىدۇ دەپ ئېلان قىلدى ۋە بۇ ھەقتە بىر ھازاغىچە كالدىرلاپ چۈشەنچە بېرىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، نىكولاي پانتىسوۋ ئورنىدىن تۇرۇپ يىغىن ئەھلىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— چار پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ۋەكىلى بىلەن مانجۇ خاقانلىقى ۋەكىلىنىڭ سانىت - پېتربورگدا ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ نەتىجىسىگە بىنائەن، — دېدى ئۇ، — ياركەنت — بۇرغۇچىدىن تاكى قورغاسقىچە، كەتمەن تەرەپ — ئۇزۇن تامدىن تاكى غالجاتقىچە، يەنى پۈتۈن ياركەنت ئويىزدى روسىيە ئىمپېراتورلىقىغا

[1] «روسىيە شەرقتە (1876 — 1880) » 118 - بەت.

تەۋە بولىدىغان بولدى. بۇنىڭ ھېسابىغا بىز غۇلجىنى مانجۇلارغا
ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدۇق. مانجۇلار ئىلىنى يېڭىۋاشتىن ئۆز
تەسەررۇپىغا ئالغاندىن كېيىن، ھەممىدىن ئاۋۋال سىلەر تارانچى-
لارنى، بولۇپمۇ تارانچىلارنىڭ چوڭلىرى بولغان سىلەرنى جازالى-
ماي قويمايدۇ. ئۇلاردا: «ئەركەك ئادەم ئۈچىنى ئون يىلدىن
كېيىن ئالسىمۇ كېچىككەن بولمايدۇ» دېگەن سۆز بار. مانجۇلار
سىلەر تارانچىلارنىڭ ئۇلارنى بۇ زېمىندىن قوغلاپ چىقارغانلىقىڭ-
لارنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇلۇپ قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ قولىغا قالساڭ-
لار، سىلەرنى تىرىك تۇرغۇزۇپلا سويۇپ تاشلايدۇ! شۇڭا، سىلەر
ئۆز بولۇسلىرىڭلارنى[1] نى باشلاپ رۇس يېرىگە كۆچۈپ كېتىڭلار.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، مانجۇ ھۆكۈمىتىمۇ سىلەرنىڭ مۇشۇنداق قى-
لىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنداق قىلساڭلارلا، سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار
ئاندىن تولۇق كېپىللىككە ئىگە بولالايدۇ!

بۇ گەپنى قىلغان نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتىسوۋ ئەسلىدە
چارروسىيە ئوخرانكىسى[2] يەتتىسۇغا ئەۋەتكەن خادىم بولۇپ، ئۇ-
نىڭ ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى كاۋكازدا ۋە قىرىمدىكى تاتارلار
ئارىسىدا ئۆتكەنىدى. ئۇ تاتارچىنى خۇددى بەئەينى تاتارلارنىڭ
ئۆزىدەكلا سۆزلىيەلەيتتى.

— جاندىرال جانابلىرى، — دېدى ئىلىدىكى داڭلىق بايلار-
نىڭ بىرى بولغان يولداش ئاخۇن ئوغلى ۋېلىباي، —
ھۆكۈمەتچىلىك ئۇدۇمىدىن قارىغاندا، ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى تە-
رەپ ئەزەلدىن تىنچ پۇقراغا دەخلى - تەرۇز قىلمىغان. بىلمى-
دۇقكى، ئۆزىمىزنىڭ ئانا يۇرتىمىزنى تاشلاپ، ياقا يۇرتقا باش

---

① بولۇس — رۇسچە «يېزا، ئاۋۇل، قىشلاق» دېگەنلىك بولىدۇ.
② چارروسىيىنىڭ چەت ئەللەرگە تاجاۋۇزچىلىق قىلىش ۋە كېڭەيمى-
چىلىك قىلىشىدىكى قورالى، چارروسىيە مەخپىي ساقچىسىنىڭ
نامى.

ئېلىپ چىقىپ كېتىش زادى قانچىلىك زۆرۈرىيەتتىن بولۇۋاتقان
ئىش ئىكىن؟
— سىلەرنىڭ تەقدىر تونۇڭلار پىچىلىپ بولۇنغان، — دېدى
پانتىسوۋ بىرئاز سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىپ. ئۇ ئۆزى بىلىدىغان بەزى
ئەھۋاللارنى ئىلى تارانچىلىرىنىڭ بۇ چوڭلىرىغا بىلدۈرۈپ قو-
يۇشنى لازىم تاپتى، — مانجۇ خاقانلىقىنىڭ قاش قوۋۇقتىن چىق-
قان قوشۇنلىرى بەدۆلەتنىڭ يەتتە شەھەر خانلىقىنى يوقاتتى.
ئۇلار ئەمدى ئون يەتتە يىل بۇرۇنقى ئار - نومۇسنى قان ۋە
ئوت بىلەن يۇيۇپ ئاقلىمىغۇچە زادى بولدى قىلمايدۇ. دېمەك،
بۇ سىلەرنىڭ يۇرتىڭلاردا بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى تىنچلىق،
ئاسايىشلىق بولمايدۇ، دېگەن گەپ. بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىرىپ،
ئاپەتنىڭ شۇم قەدىمى تېخى بۇ يەرلەرگە يېتىپ كەلمىگەن چاغدا،
خەلقىڭلارنى باشلاپ، يەتتىسۇغا كەتسەڭلار، تولىمۇ ئاقىلانىلىق
قىلغان بولىسىلەر. ھەم ئۆزۈڭلارنى ساقلاپ قالىسىلەر، ھەم چار
پادىشاھ ئالدىدا تۆھپە ياراتقان بولىسىلەر.
يىغىندا پانتىسوۋغا سۇئال تاشلىغان كىشى — يولداش ئوغ-
لى ۋېلىبايىنىڭ ئاتا - بوۋىسى ئەسلىدە قەشقەر تۆشۈك دەرۋازىسى-
لىق بولۇپ، جىگدە يېغىلىقىدا ئىلىغە سۈرگۈن قىلىنغان. ۋېلى-
باي ئىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، چوڭ بولغانىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا
زېرەك بولغاچقا، ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ بېيىپ كەتكەنلەر-
نىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. 1871 - يىلى، روسىيە ئىلىغا ھەربىي
ئىشغالىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن ئۇ ھەم زېمىندار، ھەم سودى-
گەر، ھەم رۇس ئىشغالىيەتچى مەمۇرلىرىنىڭ خىزمەتچىسى بو-
لۇش سۈپىتى بىلەن، ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھەممىگە تونۇل-
غان ئىناۋەتلىك، پائالىيەتچان كىشىلەردىن بولۇپ قالغانىدى.
ئۇنىڭ رۇس ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى
بولغاچقا، ئىشغالىيەتچى ھاكىمىيەت تەمىنلىگەن شەرت - شارا-
ئىتلاردىن كۆچنىڭ بارچە پايدىلىنىپ كەلمەكتە ئىدى.

× ×

كاڭشى زامانىسىدا، مانجۇ خاقانلىقى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇ-
بى بىلەن شىمالىدىكى كەڭ جايلارنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىش
نىيىتىگە كەلگەن چاغلاردىلا، چەنلۇڭنىڭ ئىستىلاچىلىق ھەرد-
كەتلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغان يەكەنلىك خوجىلارنىڭ
ئەۋلادىدىن بولغان تۇرپانلىق ئىمىن ۋاڭ[1] خاقانىنىڭ سانغۇنى ئا-
گۈي بىلەن بىللە ئىلى دىيارىغا كەلگەنىدى. بۇ چاغدا، ئىلىدا
يەر ـ سۇ كۆپ، ئادەم ئاز بولغاچقا، ئۇلار تەڭرى تېغىنىڭ
جەنۇبىدىكى ھەرقايسى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىن كۆپلەپ ئادەم كۆچۈ-
رۈپ كېلىپ، ئىلىنى ئېچىش پىلانىنى تۈزۈپ، بۇ پىلانىنى خانغا
يوللىغان، چەنلۇڭ بۇ ئىشنى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى،

---

① مولла بىلال نازىمى يازغان «غازات دەرمۈلكى چىن» دېگەن ئەسەردە
ئىمىن ۋاڭنىڭ ئەسلى يەكەنلىك خوجا ئەۋلادلىرىدىن ئىكەنلىكى
ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن؛ «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 12 ـ جىلد-
تا: «كاڭشىنىڭ 18 ـ يىلى (مىلادى 1679 ـ يىلى) ئىمىن خوجا
پىچانغا ھاكىم بولغان. ئۇ جۇڭغارلارنىڭ زۇلمىغا چىدىيالماي،
ئۆز قوۋمىنى باشلاپ، قوۋۇقتىن كىرىپ خاقانلىقىمىزغا بەيئەت
قىلدى» دەپ يېزىلغان. ئەمما بۇ قاراشقا ياپونىيىلىك ئالىم ساكۇ-
چى تورۇ ئەپەندى قوشۇلمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «18 — 19 ـ ئەسىر-
لەردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائى ئەھۋالى» دېگەن ئەسىرىدە: «بۇ
خاتىرە ئاساس قىلغان تارىخى پاكىتلار ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ
بەيئەت قىلغان ۋاقتىمۇ ئېنىق ئەمەس. ‹چىڭ ئوردىسىنىڭ ھەقىقى
خاتىرىلىرى› دە: ‹كاڭشىنىڭ 59 ـ يىلى (1720 ـ يىلى) پىچاند-
لىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقساقىلى ئۇچپۇز ئادىمى بىلەن كېلىپ تەس-
لىم بولدى، دېيىلگەن. ئەمما، بۇ ئاقساقالنىڭ كىملىكى يېزىلمى-
غان. مېنىڭچە، بۇ كىشى ئىمىن خوجا بولسا كېرەك» دەپ يازغا-
نىدى.

كېيىن ئۈچتۇرپان جىگدە يېغىلىقىنى باستۇرغان جاللاتلارنىڭ بىرى بولغان مۇساگۇڭ[1] نىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ پەرمان چۈشۈرگەنىدى. ئۇ، خاننىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، تۇنجى تۇركۇمدە، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچتۇرپان، سايرام، باي، شايار ۋە دولان قاتارلىق يۇرتلاردىكى ئۇيغۇر خەلقىدىن بەشيۈز تۇتۇننى ئىلىغا ھەيدەپ چىقىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلار دەسلەپتە ئىلىدىكى قاينۇق، خونىخاي، غۇلجا ۋە بايتوقاي قاتارلىق جايلاردا ماكانلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدۇ. كېيىن ئۇلار غۇلجا كۆرە سېپىلىنى سوقۇشقا سېلىنىدۇ. غۇلجا سېپىلى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سوقۇلۇپ، چەنلۇڭنىڭ 32 - يىلى[2] قەمەرىيە 8 - ئايدا پۈتۈپ چىقىدۇ.

مىلادى 1762 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، مانجۇ خاقانى شۇ چاغدىكى ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىلىدا «ئىلى قاتارلىق جايلارنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش جۇڭقۇرىدىغان جاڭجۈن» («قىسقارتىلىپ «ئىلى جياڭجۈنى» دەپ ئاتالدى) مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، سانغۇن مىڭرۇينى تۇنجى ئىلى جياڭجۈنلىكىگە تەيىنلەيدۇ.

ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى بىلەن يەكەن خان ئامبال مەھ-

---

① مۇساگۇڭ — ئىمىن ۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمان بىلەن بىللە مانجۇلارنىڭ خوجىلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان (1759 - يىلى). كېيىن ئۈچتۇرپان ھاكىمبېگى ئەبەيدۇللا بىلەن ئۈچتۇرپان جىگدە يېغىلىقىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان. بۇ تۆھپىلىرى ئۈچۈن، مانجۇ خانى ئۇنى ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىكى بىلەن تارتۇقلاپ، «گۇڭ» (تۆرە) لىق مەرتىۋە - ئۇتىغاتمۇ بەرگەن. بۇ ھەقتە «چىڭ ئوردىسىنىڭ ھەقىقى خاتىرىلىرى» گە قارالسۇن. ئۇنىڭغا يەنە «پۇگۇڭ» (تايانغۇچ تۆرە) لىق مەرتىۋە - ئۇتىغاتمۇ بەرگەن.

② مىلادى 1767 - يىل.

كىمىسى خانغا ۋاكالىتەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىننى ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىنلارنى ھەربىي - مەمۇرى جەھەتتە بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ھوقۇقلۇق ئورگانلار ئىدى.

شۇ يىلى، مانجۇ خاقانى يەنە، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىشىنى جۇڭقۇرىدىغان مەھكىمە — «ئىلى گۇڭ (تۆرە) مەھكىمىسى»نى قۇرۇش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپ، مۇسا گۇڭنى ئىلى مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى. خۇييۈەن غۇلجا كۇرەسى ئىلى جياڭجۈنى تۇرۇشلۇق ئورۇن بولغاچقا، ھاكىمبەگ مەھكىمىسى ئۇچۇن يېڭىدىن ئورۇن تاللاشقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇشۇ مەزگىللەردە، مانجۇ خاقانلىقى ئىلىدا تۇرۇشقا ئەۋەتكەن چېرىكلەرنىڭ سانى ھەدەپ كۆپىيىۋاتقاچقا، ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىشى بىر مەھەل ئاقساپ قېلىشقا باشلىدى. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۇچۇن، ئىلى جياڭجۈنى مىڭرۈي ۋە ئىلى ھاكىمبېگى مۇساگۇڭ ئىلىغا جەنۇبتىن يەنە كۆپلەپ ئاھالە يۆتكەش قارارىغا كەلدى ھەمدە ھازىرقى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئورنىنى ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - سېتىق قىلىدىغان ۋە ھاكىمبەگ مەھكىمىسى تۇرىدىغان ئورۇن قىلىپ بەلگىلەپ، ئۇ يەرنى شەھەر سېلىشقا تاللىدى.

غۇلجا شەھىرىنىڭ سېپىلى 1760 - يىلىدىن ئېتىۋارەن سوقۇلۇشقا باشلىدى. بۇ سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىدە تۆت قوۋۇق بولۇپ، يەرلىك خەلق تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا «كۇرە دەرۋازىسى»، «دەڭ دەرۋازىسى»، «دولان دەرۋازىسى» ۋە «سۇ دەرۋازىسى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغانىدى.

غۇلجا سېپىلى شەھەرنى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە ئوراپ تۇراتتى. شەھەر ئىچىدە پىلان بويىچە ئالدى بىلەن تۆت قوۋۇقنى بىر - بىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان «+» شەكلىدىكى توغرا كوچىلار ئېلىنغاندىن كېيىن، يان كوچىلار ئېلىنغان.

شۇڭا، شۇ چاغلاردا غۇلجىغا كەلگەن چەت ئەللىك سەيياھلار غۇلجىنىڭ كوچىلىرىنى تۈز، بىر - بىرىنى كېسىشىپ ئۆتىدۇ، دەپ يازغانىدى.

غۇلجىنىڭ ھەرقايسى كوچىلىرىنىڭ نامى شۇ كوچىلارغا ئۆي - جاي سېلىپ ئورۇنلاشقان يۇرت چوڭلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىدى. مەسىلەن، ئەسلىدىكى «موللا روزى ئەلەم كوچىسى»[①]نىڭ نامى شۇ زامانلاردا شەرئىي مەھكىمىگە خاتىپ بولغان موللا روزى دېگەن ئادەم نامىغا قويۇلغانىدى؛ جۈمە نامازلىرى بىلەن ھېيت نامىزى ئوقۇلىدىغان مەسچىت چۈشكەن كوچىنىڭ نامى «ھېيتكار كوچىسى»[②] دەپ ئاتالغانىدى؛ شۇ چاغلاردا مەھەممەتيار يۈزبېگى دېگەن كىشىنىڭ قورۇ - جايى جايلاشقان كوچا «مەھەممەتيار يۈزبېگى كوچىسى»[③] دەپ ئاتالغان بولسا، مۇسا گۇڭنىڭ خەزىنىچىسى ئىسھاق خەزىنىچىبەگ قورۇ سالغان كوچا ئۇنىڭ نامى بىلەن «ئىسھاق خەزىنىچىبەگ كوچىسى» دەپ ئاتالدى ۋە ھاكازالار.

چەنلۇڭنىڭ 31 - يىلى[④]، ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى مۇسا گۇڭ تەپ كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پەرزەنتى بولمىغانلىقتىن، مانجۇ خاقانى ئىمىن ۋاڭنىڭ تۆتىنچى ئوغلى ئەۋرەڭزىپ تەيجىنى 1 - دەرىجىلىك تەيجى مەرتىۋىسى بىلەن ئىلىغا ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بۇ مەزگىلدە، ئۇچتۇرپان جىڭدە يېغىلىقى مەغلۇب بولۇپ، خاقانلىق جەنۇپتىن سەككىز مىڭ تۈتۈن ئۇيغۇرنى يانچى قىلىپ ئىلىغا پالىغانىدى. شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدا بارغانسېرى كۆپ ئاھالە ئۆي - جاي سېلىپ ماكانلىشىشقا باشلىدى. ئىلى ھاكىم-

① ھازىر بۇ كوچا شىنخۇا غەربىي يولى دەپ ئاتىلىدۇ.
② ھازىرقى غۇلجا 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى يان كوچا.
③ ھازىرقى نامى «ئەركىن كوچا»
④ مىلاددى 1766 - يىلى.

بېگى ئەۋرەڭزىپ تەيجى شەھەرنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى سۇ بىلەن تەمىنلەپ، باغ - ۋارانلارنى كۆكەرتىش ئۈچۈن، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ساسلىقتىن ئىككى ئۆستەڭ ئېلىشنى پىلانلاپ، غۇلجا شەھرىنى ۋە شەھەر ئەتراپىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولدى.

بۇ ئۆستەڭلەرنىڭ بىرى «ھېكىم ئۆستەڭ» دەپ ئاتالدى. بۇ ئۆستەڭ ھازىرقى لەڭزە بېشىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى قارادۆڭ قاپتىلى ئارقىلىق ئۆتۈپ، ھاكىمبەگنىڭ جىرغىلاڭدىن تاكى تاش كۆۋرۈككىچە بولغان ئارىلىقىدىكى بەش مىڭ خولۇق يېرىنى سۇغىراتتى؛ يەنە بىرى، «شاغىلىق ئۆستەڭ» دەپ ئاتالدى. بۇ ئۆستەڭ ھازىرقى غۇلجا شەھرىدىكى خەنزۇلار بازىرى، قازانچى، ئايدۆڭ، ناغرىچى دېگەن مەھەللىلەرنى ئارىلاپ ئېقىپ، تاش كۆۋرۈكتىن تاكى ئايدۆڭ ئاستىغا قەدەر بولغان شاغىبەگ يەرلىرىنى سۇغىراتتى.

چەنلۇڭنىڭ 40 - يىلى[①]، ئەۋرەڭزىپ تەيجى ئىلى جياڭجۇنىنىڭ تەستىقى بىلەن، زىندان مەھكىمىسى ۋە زىندان سالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كوچا «زىندان كوچىسى»[②]دەپ ئاتالدى.

كېيىنكى چاغلاردا، ئىلى ھاكىمبەگ مەھكىمىسگە قارايدىغان ئون يەتتە بەگنىڭ مائاشى بىلەن شەرئىي مەھكىمىدە ئىشلەيدىغان دىنىي زاتلارنىڭ تەمىناتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھاكىمبەگ ئەۋرەڭزىپ تەيجى شاغىلىق ئۆستەڭدىن يەنە ئۈچ تارماق ئېرىق يارغۇزدى. بۇ ئېرىقلارنىڭ بىرى «ئاخۇن ئېرىق» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ھازىرقى «تۆت دۇكان»، «نامەتمەن مەھەللىسى»، «بەشكېرەم مەھەللىسى» دېگەن مەھەللىلەردىن ئېقىپ ئۆتەتتى؛ يەنە بىر ئېرىقنىڭ نامى «بەگئېرىق» بولۇپ، ھازىرقى

---

① مىلادى 1775 - يىلى.

② ھازىرقى شەھەرلىك دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى جايلاشقان كوچا.

تاش كۆۋرۈك، «جىگدىلىك»، «قارىۋاي مەھەللىسى» دېگەن مەھەللىلەردىن ئېقىپ ئۆتەتتى؛ ھاكىمبەگ ئەۋرەڭزىپ تەيجى يەنە بىر ئېرىق سۇنى ھازىرقى قازانچى مەھەللىسى تەرەپ بىلەن ئاققۇزۇپ، يۈز يانچىنى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى، بۇ يۈز تۇتۇنىڭ بېگى — روزى دەپ ئاتالغانلىقتىن، يېزىمۇ شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن «روزىيۈزى» دەپ نام ئالدى. بۇ يېزىنىڭ دائىرىسى شىمالدا «تېرەك مازار»، «سۇ دەرۋازىسى» قاتارلىق جايلاردىن تارتىپ، جەنۇبتا ئىلى دەرياسىغىچە بولغان يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

روزى ھېيتى، قۇربان ھېيتى ۋە نورۇز بايرىمى مەزگىلىدە، شەھەردە ناغرا چېلىناتتى. بايراملىق پائالىيەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن، ناغرىچىلار ئۆز يېزىلىرىغا قايتىپ كېتىشەتتى. كېيىن، ھاكىمبەگ ئەۋرەڭزىپ تەيجى يىگىرمە تۈتۈن ناغرىچىنى يېزىدىن كۆچۈرۈپ كېلىپ، «شاغىلىق ئۆستەڭ» بويىدىن ئازراق يەر ئايرىپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەھەللە — «ناغرىچى مەھەللىسى» دەپ ئاتالدى.

كېيىنكى مەزگىللەردە، ئىلىدا كۆپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. چاررۇسىيە كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، ئەسلىدە ئىلى زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولغان يەتتە سۇ ئەتراپلىرىدىن جەمئىي تۆت يۈز قىرىق مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى بېسىۋالدى. 1857 ـ يىلى، چاررۇسىيە مانجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن «ئىلى ـ تارباغاتاي سودا كېلىشىمى»نى ئىمزالاپ، ئىلى دىيارىدا سودا ۋەكالەتخانىلىرىنى بەرپا قىلدى ۋە كۆپلىگەن تاتارلارنى سودا ۋەكىلى قىلىپ ئىشقا سالدى. شۇنىڭ بىلەن، غۇلجىدا تاتارلار پەيدا بولۇپ، ئۆي ـ ماكان سېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىدى. ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جاي كېيىنكى چاغلاردا «نوغاي مەھەللىسى»[1]دەپ ئاتالدى. بۇ تاتارلاردىن مىرشانوپ دېگەن كىشى خەنزۇلار بازىرىغا ماڭىدىغان يول

---

① ھازىرقى ياشلار مەيدانى يېنىدىكى بازار بولىدىغان كوچا.

ئۇستىگە ئاستىنى تاش، ئۇستىنى پىشىشىق خىش بىلەن قوپۇ-
رۇپ، يىگىرمە ئېغىز ئەينەكلىك دۇكان ۋە بالىخانىلىق مېھمان
ساراي سالغۇزدى. بۇ كوچا كېيىنكى چاغلاردا «تاش لەپكە»[①]
دەپ ئاتالدى ۋە بارا - بارا شەھەرنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ
قالدى. ئادەتتە، ھاكىمبەگ ياكى ئىلى جياڭجۈنىنىڭ پەرمانلىرى
ۋە رۇس ئىشغالىيەتچىلىرى بېسىپ كىرگەن ئون يىل ئىچىدە
رۇس دائىرىلىرىنىڭ تۈرلۈك ئېلان - جاكارلىرى مۇشۇ تاش
لەپكىدە جامائەتكە جاكارلىنىدىغان بولدى.

× ×

ئابرال تاغلىرىنىڭ ئىچىدىن ئېقىپ چىقىدىغان قاش دەرياسى
قاپقارا قىيا تاشلار بىلەن تولغان تىك ۋە تار جىلغىنىڭ ئىچىدە
شارقىراپ ئاقاتتى. ئابرال تاغلىرىنىڭ ئۈچلۈق چوققىلىرى،
چۇقچىيىپ تۇرغان قىيا تاشلار ئارىلاپ - ئارىلاپ قۇياشنىڭ
سىلجىشىغا ۋە ھاۋادىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ نۆۋەت بىلەن
پارقىرايتتى، گاھ سېرىق، گاھ بېغىررەڭ، گاھ توق قىزىل
ياكى ئاچ قىزىل، گاھ تۇتۇق كۆل رەڭ كۆرۈنۈپ توختىماي
ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مەنزىرە ھاسىل قىلىپ تۇراتتى. قىيا تاشلار-
نىڭ ئۇستى ۋە ئاستىدىكى ئاراشلاردا ئىرماش - چىرماش ئوت - چۆپلەر
ئۈنگەنىدى. قاش دەرياسى ئىلى دەرياسىنىڭ مۇھىم كېچىكلىرد-
نىڭ بىرى بولغان ياماتۇنىڭ سەل ئۇستىدە ئىلى دەرياسىغا كې-
لىپ قۇيۇلاتتى. بۇ يەرگە بىر قەدىمكى قەلئە جايلاشقان بولۇپ،
دەريا قاش تەرەپتىكى قىرغاقنى بويلاپ ئاقىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ
قەلئەدمۇ «قاش قەلئە» دەپ ئاتىلاتتى.
بۇ ئەتراپتىكى ئوقارلىق، چاغان ئۇسۇ، قارا خاتۇ، موگەي-

① «تاش دۇكان» دېگەن مەنىدە.

تۇ، ئالماتۇ، ياماتۇ ۋە قاش قاتارلىق جايلاردىن تاشكۆمۈر بىلەن
مىس چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىلى جياڭجۈنى مىڭرۇي بۇ يەرگە
چەنپەنلەرنى يۆتكەپ تاشكۆمۈر قازدۇرغان، مىس ئېرىتكۈزگەن-
دى. بۇ چەنپەنلەرنىڭ يەيدىغان ئاشلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن،
تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردىن كۆچۈرۈلگەن يانچى
ئۇيغۇرلاردىن ئىككى يۈز تۈتۈننى قاش قەلئەسىنىڭ سىرتىغا
ئورۇنلاشتۇرغانىدى. كېيىن، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاش دەريا-
سى بويىدا بەرپا قىلغان ئىگىلىكى كۈندىن - كۈنگە راۋاجلاندى.
شۇنىڭ بىلەن قاش — ئىلى دەريالىرىنى بويلاپ ئولتۇرغۇن ئۇيغۇر
مەھەللىلىرىمۇ پەيدا بولدى. دەريا قىرغىقىدا كۈنگە نەچچە ئونلى-
غان سال، كېمە توختايدىغان، سودا - سېتىق قىزىپ كېتىدىغان
بولدى. يەنە كېيىنچە بۇ يەردە بەختىيار يۈزى، تۇردىيۈزى،
سامىيۈزى، ئاۋاكىيۈزى، سۇلتانشاھىيۈزى قاتارلىق چوڭ - كىچىك
يېزىلا بەرپا بولدى. 1864 - يىلىدىكى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مانـ-
جۇ ئىستىبداتىغا قارشى قوزغىلىڭىمۇ ئەڭ دەسلەپتە مۇشۇ قاشتا
پارتلىغانىدى.

ئىلى دىيارىدىكى رۇس ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ غۇلجى-
دىكى باش شتابىدا چاقىرىلغان يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە، ئىلىدىن
يەتتىسۇ ئۆلكىسىگە كۆچۈرۈلمەكچى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ
دەسلەپكىلىرىمۇ مۇشۇ قاشتىن يولغا چىقىشقا باشلىدى...

× ×

روزى ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى. قاش دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى
توقايلىقتا بىر توپ ئادەملەر سال باغلىشىۋاتاتتى. دەريادا بىر سال
توختاپ قالغان بولۇپ، يالىڭاچلىنىپ سۇغا چۈشۈۋالغان يەتتە -
سەككىز ئادەم سالنى ئىتتىرمەكتە ئىدى. ئەمما، تاشقا مىنىپ

قالغانمۇ ـ قانداق، سال ئورنىدىن زادىلا قوزغالمايۋاتاتتى. توقايلىقتا سال باغلىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە، ئېگىز بويلۇق، تەمبەل بىر يىگىت: «توختاپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆزۈم بېرىپ قاراپ باقاي، بولمىسا، سالنىڭ چېتىقلىرىنى بوشىتىۋېتىسىلەر! » دەپ ۋارقىرىدى. ئاندىن، دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ، بىر ـ ئىككى غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپلا، سالنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى.

ئەسلىدە، سال تاشقا مىنىپ قالغان بولماستىن بەلكى، سايازلىقتا چىقىپ پاتقاقتا ئولتۇرۇپ قالغانىكەن. ھېلىقى ۋارقىرىغان كىشى بىر ـ ئىككى چۆرۈپلا سالنى پاتقاقتىن چىقاردى ـ دە، سۇدا ئىتتىرگىنىچە، ئۇنى تېز ئېقىنغا سېلىۋالدى ھەمدە سالنىڭ رول ياغىچىنى سالنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى موما ياغاچقا چىڭ بېكىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن سال دەريا قىنىنى بويلاپ پەسكە قاراپ تېز يۈرۈپ كەتتى.

ئاق خان بىلەن قارا خان،
ئىنتىماق ئىكەن باشتا.
كەتمەكنى خىيال ئەيلەپ،
سالنى باغلىدۇق قاشتا.

بىز ئىلىدىن كۆچكەندە،
روزىغا ئالتە ئىدى.
بۇ دەھشەتلىك كۈنلەردە،
ئاتا ـ ئانا بولسىدى.
. . . . . . . . . . . . . .

سالچىنىڭ پىغانلىق ناخشا ساداسى ئىچىدە، سال ئۈستىدىكى يەتتە ـ سەككىز ئادەمنى ئېلىپ دەريا ئىچىدە بارغانسېرى يىراقلىشىپ كۆزدىن يىتتى. . .

بۇگۈن ئاخىر كەچ بولدى. كېتەلمىگەنلەر توقايلىقتا ئەتىكى كۈننى كۈتۈپ گۈلخان يېقىپ، قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

ھېلىقى ئىگىز بويلۇق، تەمبەل يىگىت قىزىق پاراڭ سېلىپ بېرىۋاتقانىدى. باشقىلار ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ گاھ كۈلدۈرۈپ، گاھ يىغلىتىپ، سورۇننى ناھايىتى قىزىتىۋاتقانىدى. بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى روسۇل بولۇپ، ئادەتتە سال ھەيدەيدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «روسۇل سالچى» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ ناخشىنى بەك ئوبدان ئېيتىدىغانلىقى ئۈچۈن، «روسۇل ۋاي دادەي» دەپمۇ ئاتىشاتتى. ئېغىر مېھنەت ئۇنىڭ قامەتلىك بەستىنى زادىلا پۈكەلمىگەنىدى. ھاياتقا بولغان پۈتمەس ـ تۈگىمەس مۇھەببەت، قىزىقچىلىق ـ شوخلۇق، زىرەكلىك — پەم ـ پاراسەتلىك ئۇنىڭ مىجەزىدە مۇجەسسەم ئىدى.

— روسۇلكا، بىلى سۇنۇپ كەتكەن ئادەمدەك ياتقىچە، تىك ئولتۇرۇپ پاراڭ سالساڭچۇ؟ — دەپ بىرەيلەي ئۇنىڭ ئاغزىنى چۇقچىلىدى ئۇنىڭ يانپاشلاپ يېتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ.

— ھە، ئەمدى نېمە ئاڭلىغىڭلار بار؟

— ئەمدى، سېنىڭچە بۇ قاراخان راستىنلا ئاق خاندىن يامانمىدۇر؟ قاراخاننى ئاق خان تولا يېگىنىۋالىدىكەن دەپ ئاڭلايدىغان. ئەمدى ئاق خان نېمىشقا بىزنى ياقا يۇرتقا ھەيدەپ، ئىلىنى قاراخانغا بوشىتىپ بېرىدىكەن؟

— بۇنىڭ نېمىشقا شۇنداق ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بەك چۈشىنىپ كەتمەيمەن، ئەمما، ئىشقىلىپ قاراخاننىڭ ئاق خاندىن يامان ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

— قانداقچىسىغا ئەمدى؟

— مەن سىلەرگە «چاشقان بىلەن مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى» نى سۆزلەپ بېرەي. بەلكىم، بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ بىرنەرسىنى ھېس قىلىۋالساڭلار ئەجەپ ئەمەس.

— قېنى، سۆزلە، ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتىمىز!

— بىر كۈنى، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى روسۇل سالچى، — بىر كىچىك چاشقان «مۈشۈك شىر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپتۇ!» دەپ ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ خۇش خەۋەرنى چوڭ چاشقانغا يەتكۈزۈشكە ئالدىراپتۇ.

— ئالدىراپ خۇشال بولۇپ كەتمە! — دەپتۇ چوڭ چاشقان كىچىك چاشقانغا، — ئەگەر مۈشۈك بىلەن شىر تۇتۇشۇپ قالسا، جەزمەن شىر يېڭىلىدۇ. نېمىشقا دېمەمسەن؟ چۈنكى، دۇنيادا مۈشۈكتىن ياۋۇز ھايۋان يوق!

— ھا... ھا... ھا...

— يىگىتلەر ئەمدى ئۇخلايلى، ئەته مەخپىر شاڭيۇغا سال باغلايمىز. شۇڭا بالدۇرراق ئۇخلايلى! — دېدى روسۇل سالچى ۋە گېپىنى تۈگىتىپلا چاپىنى بىلەن بېشىنى يۆگەپ يېتىۋالدى.

روسۇل سالچىنىڭ ياخشى ئۆتۈك، يېڭى چاپان كېيىپ، ياخشى مالخايلارنى قىرلاپ، بۇرۇتىنى تولغاپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمۇ بولغان. ئۇ كۈچلۈك، چەبدەس يىگىت بولغاچقا، سال ھەيدىمىگەن بىكار ۋاقىتلىرىدا، قاشلىقلارنىڭ ئىككى - ئۈچ كۈنگە سوزۇلىدىغان مەشرەب - ئايەملىرىدە تىنماي دېگۇدەك «ۋاي دادەي»گە ناخشا توۋلاپ، ئۇسسۇل ئويناپ، قىز - چوكانلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمۇ بولغان؛ ئوتتۇز ئوغۇل ئولتۇرۇشلىرىدا قىزىقچىلىق قىلىپ يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچقان چاغلىرىمۇ بولغان. ئەمما، ئۇ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچالىغىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى نېمىشقىدۇر ئاچالماس بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ دەردىنى بىر ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئۇ ساميۇزىدىكى مەخپىر شاڭيۇنىڭ قىزىغا — قۇربانبۇۋىگە ئاشىق ئىدى!

قاش خەلقى ۋېلىباينىڭ باشلامچىلىقىدا كۆچۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، مەخپىرشاڭيۇمۇ ئۆز يېزىسىدىكىلەرنى باشلاپ يەت-

تىسۇ تەرەپكە كۆچۈش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى ھەم-
دە ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئولتۇرىدىغان سالنى ھەيدەشكە روسۇل
سالچىنى تالىلىۋالدى. شۇڭا، روسۇل ئالدىنقىلار بىلەن كەتمەي،
سال ياساۋاتقانلار بىلەن بىللە توقايلىقتا قالغانىدى.

قۇربانبۇۋى سامىيۇزىدە ئۆتكۈزۈلگەن نورۇز بايرىمى مەشرى-
پىدە روسۇل سالچىنى دەستلەپتە كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالغانىدى.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قانچىلىغان كېچىلەرنى شېرىن خىياللار
ئىلكىدە بىدار ئۆتكۈزگەن قۇربانبۇۋى ئۆزى ياخشى كۆرگەن
يىگىتىنىڭ ئۆز كۆچى بىلەن بىللە كەتمەي، توقايلىقتا ئۆزلىرىنى
ساقلاپ قالغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى.

ئاتىسىنىڭ «ئەڭ كېچىككەندىمۇ ئەتە كەچقۇرۇن سال بىلەن
يولغا چىقمىساق بولمايدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغان قىز بۈگۈن كېچە
تاكى ئۈچىنچى توخۇ چىللىغانغا قەدەر كىرپىك قاقماي چىقتى.
قاچانكى ئۈچىنچى توخۇ چىللىدى. قىزمۇ ئاستا ئانىسىنىڭ يېنى-
دىكى ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ، قولىغا قاپاقنى ئالدى ــ دە، توقايغا
قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئامراق ئالا بويناق ئىتى بېشىنى كۆتۈرۈپ
قاراپ ئىگىسىنى تونىدى ــ دە، بېشىنى يەرگە يەنە قويۇپ يېتى-
ۋالدى. ئاسماندا يارقىن يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى. ئەتراپ
تولىمۇ جىمجىت ئىدى. دەريا بىر خىلدا تىنچ ئاقماقتا ئىدى.
قىز ئۇدۇل توقايلىقنىڭ چېتىدىكى بىر تۈپ قارىياغاچنىڭ يېنىغا
كەلدى ــ دە، يارىنى كۈتۈپ تۈنىنى بىدار ئۆلتۇرۇپ ئۆتكۈزگەن
روسۇل سالچىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

مۇشۇ تاپتا قىزنىڭمۇ، يىگىتنىڭمۇ يۈرەك تارىلىرى بىر خىل
شېرىن تۇيغۇ ئىچىدە جىغىلدىماقتا ئىدى. قىز ھارارەت تەپتىدە
قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى يىگىتنىڭ بەقۇۋۋەت كۆكسىگە يېقىپ
خېلىغىچە لام ــ جىم دېمەي، ئەركىنى يىگىتنىڭ ئىختىيارىغا
بەرگەن ھالدا يىگىتكە يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈ-
رۈپ، ياشقا تولغان كۆزلىرىنى ئېچىپ، يىگىتكە تەلمۈرۈپ قارى-

ـدى. قىزنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرىگە قاراپ، روسۇلنىڭمۇ كۆز ـ چاناق-
لىرىدىن ياش ئەگىپ، دېمەكچى بولغان سۆزلىرى بوغۇزىغا قاپ-
لىشىپ قالدى ـ دە، قىزنىڭ كۆڭلىنى ئالالىغۇدەك بىرەر ئې-
غىزمۇ سۆز قىلالمىدى.

ئانا يۇرت ئىشقى، شۇ ئەزىم ماكانغا تۇكۇلگەن كىندىك
قان، يۇرتىنىڭ ساپ ھاۋاسى، ئانىنىڭ ئوغۇز سۇتى، ئىللىق
قۇياش نۇرى، بۇ زېمىنغا تۆككەن ھالال مېھنەت تەرى بۇ ئىككى
ياشنىڭ قەلبىنى خۇددى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئۆرتىمەكتە ئى-
ـدى. راست، ئۇلار بۇ ئەلۋەك ماكانى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا
سەرسان بولۇپ كەتمەكچى. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمۇ ئۆزلىرى-
ـنىڭ يۇرت ـ ماكانىنى تاشلاپ، تاغ ئاتلاپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ
ئورۇنلاشقان، بۇ يەرلەرنى ئاچقان ۋە گۈللەندۈرگەنىدى. ھالا
بۈگۈن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاشۇ ئېچىنىشلىق
قىسمەت خۇددى جۇدالىق بۇ ئەلدىكى خەلقنىڭ پېشانىسىگە تەقدى-
ـرى ئەزەل بولۇپ پۈتۈلگەندەكلا، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭمۇ بې-
ـشىغا كەلگەنىدى. . .

ئېغىر ئەمما شېرىن سۈكۈنات ئىچىدە ئۇلار ۋاقىتنىڭ تېز
ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيمايلا قېلىشتى. شەرق تەرەپتە ئۇپۇق
ئاقىرىشقا باشلىدى، نېپىزلەپ كونا ئورغاقتەك بولۇپ قالغان ئاي
ئاسماننىڭ چېتىدە ئۆڭۈپ تۇراتتى.

قۇربانبوۋى يىگىتنىڭ ھارارەتلىك قوينىدىن خالار ـ خالى-
ماس يۇلقۇنۇپ چىقتى ـ دە، قارىياغاچ تۈۋىگە قويۇپ قويغان
قاپىقىنى ئېلىپ، ئۇدۇل بۇلاق ياقىسىغا قاراپ كەتتى.

ئەتىگەنلىك قۇياش ئابرال ئۈستىدە پارلاپ، خۇددى تۇز
يەردە سەكرىگەندەكلا بالقىپ چىقتى. بىر دەمدىن كېيىن ئەتراپنى
روسۇل سالچىنىڭ ناخشا ساداسى چاڭ كەلتۈردى:

كۆچ ـ كۆچ بولۇپ قوزغالدۇق،
قالدى باغۇ ـ بوستانلار.
يۇرتىمىزدىن ئايرىلدۇق،
يۇرەكتە مىڭ ئارمانلار.

چۆللەرگە چىقىپ كەتسەك،
چۆلنىڭ بورىنى باردۇر.
كۆچمەن كۆچكەن ئەللەرنىڭ،
قېرى ـ چۇرىسى باردۇر.

روزىنىڭ 25 ـ كۈنى، مەخپىر شاڭيۇ بىر قىسىم تەئەللۇ-قاتلىرىنى هارۋا بىلەن ئۆسەك تەرەپكە ماڭغۇزۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزى خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرى بىلەن روسۇل سالچى باغلىغان ئىككى چوڭ سالغا ئولتۇرۇپ، دەريا بىلەن جەنۇبقا قاراپ ئۈزۈپ كەتتى.

روسۇل سالچى مەخپىر شاڭيۇلار چۈشكەن سالنى باشقۇ-رۇشنى خەمىت نوغايغا بېرىپ، ئۆزى قۇربانبوۋۇلەر چۈشكەن سالنى باشقۇرۇپ ماڭدى.

بۇ مەزگىللەردە قاش دەرياسىدا تاشقىن بولۇۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، دەريادا سۇ نەچچە كۈندىكىدىن ئۇلغىيىپ قالغانىدى. شۇڭا، روسۇل سالچىغا سالنى باشقۇرماق ئانچە قىيىنغا توختىمىدى. ئادەتتە يۇقىرى ئېقىندا سۇ شارقىراپ ئاققىنى بىلەن، ياما تۇدىن ئۆتكەندىن كېيىن، دەريا قىنى بارا بارا كېڭىيىپ، سۇ يېيىلىپ ئاقاتتى.

دەريانىڭ ئىچىنى روسۇل سالچىنىڭ ناخشاساداسى ياڭراتتى:

ياركەنتنىڭ يولى ئۆسەڭ،
ئۆسەڭنى يېرىپ كۆرسەڭ.
ئۆسەڭتىكى دوستلارنى،
قۇچاقلاپ تۇرۇپ سۆيسەڭ.

ئۆسەڭكە بارۇرمىز دەپ،
تارانچى خىيال قىلدى.
ياركەنت دېگەن يەرلەرگە،
كۆچۈپ بارغانلار بولدى.

كۆچمەكچى بولۇپ قالدۇق،
بىللە كېتىلى دوستلار.
ئارىدا قونۇپ يېتىپ،
چاپسان يېتىلى دوستلار.
. . . . . . . . . . . . . .

روسۇل سالچىلار خۇنۇخاي مازىرى[1] ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەندە، كەچ كىرىپ كەتتى. ئۇ، مەخپىر شاگىيۇغا «قىرغاقتا قونۇپ ئەتە ماڭساق» دېۋىدى، مەخپىر شاگىيۇ: «قاراڭغۇ چۈشكەندە بىرنېمە دەرمىز» دەپ ماقۇل بولمىدى.

ئىلى دەرياسى خونۇخاي، غولىنىڭ ئاغزىغا يېتىپ كەلگەندە، بىردىنلا تېزلىشىپ شارقىراپ ئېقىشقا باشلايتتى. شۇڭا، ئادەتتە سالچىلار بۇ جايغا يېتىپ كەلگەندە، كېچىسى ھەرگىز ماڭمايتتى.

[1] ئىلى دىيارىدىكى مەشھۇر زىيارەتگاھلارنىڭ بىرى. مەۋلان يۇسۇپ سەككاكىنىڭ (1160 — 1228) مازىرى شۇ يەردە.

روسۇل سالچى رولنى ھېچكىمگە تۇتقۇزماي ئۆزى باشقۇرۇپ
كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئاسمانغا قاراپ قويدى. ئاسماندا كۇندۇزدىكى
تۇمان تارقاپ كەتكەن، لېكىن، بۇلۇت بار. يۇلتۇز شالاڭ ئىدى.
دەريا ئاسماننى بېشىغا كىيىپ شارقىرايتتى. كېچىدە خونۇخاي
غولىنىڭ ئۇستى تەرىپى قارىيىپ ھەيۋەتلىك كۆرۇنەتتى. دەريا-
نىڭ جەنۇبىي قىېتىدىكى تۆپىلىك ئۇستىگە دۆڭ مەھەللە، سال-
دات، دولاتا، چوڭبوغۇز، كىچىكبوغۇز، سوپۇمبولاق، تىۋىلغا
مەھەللە، خونۇخاي قاتارلىق سەككىز يېزا جايلاشقانىدى. ھازىر
خونۇخاي باغرىغا جايلاشقان بۇ تارانچى يېزىلىرىدىمۇ كۆچ - كۆچ
باشلانغانىدى.

— بۇ زاماندا بىزگە بەخت - سائادەت كۇلۇپ چىراي ئاچماي-
دىغان ئوخشايدۇ، — دەپ خۇرسىنىپ قويدى روسۇل سالچى
ئىچىدە، — ئەلا سۇلتاندەك باھادىرلار دۇنياغا كۇنگە بىردىن
كېلىۋەرمەيدۇ - دە! ئەتتەڭەي. . . قاغۇرلارنىڭ زۇلمىدىن قان
يىغلىغان ئەل - يۇرت ئۇنىڭدەك سەركەردىگە تەشنا. لېكىن،
تەتۇر زامان يۇرتنى مانجۇلارغا بېرىپ، يۇرتنىڭ ئىگىسى بولغان
بىزنى ۋەتەندىن جۇدا قىلىۋاتىدۇ. ئىلاھىم، بىزنىڭمۇ قەددىمىز
كۆتۇرۇلىدىغان ياخشى كۇنلەر كېلەر!

روسۇل سالچى بارغانسېرى يىراقتا قېلىۋاتقان، قاپقارا بو-
لۇپ كۆرۇنگەن ئابرال تاغلىرىغا تىكىلىپ قارىدى. كۆچ يولغا
چىققان ئاشۇ توقايلىق ئېسىگە كەلدى. «ئابرال تەرەپتە ھەممە
تىرىكچىلىك يوللىرى ئېتىلگەن بۇ ئەل، — دەپ ئويلىدى ئۇ،
— ئەمدى، يەتتىسۇ تەرەپلىرىدە باشقىلارنىڭ ئالدىغا كۆز ئېچىپ
چىقالامدىكىن؟ نېرىقى تەرەپلەردە قايتىدىن ئىگىلىك تىكلەش
ئۇچۇن قانچىلىك زور كۇچ - قۇۋۋەت كېرەك - ھە؟!»

نىھايەت، تاڭ سۇزۇلۇشكە باشلىدى. كۇنچىقىش تەرەپتە
ئۇپۇقنىڭ يۇپقا پەردىسى ئارقىسىدا — كۆز ئىلغا قىلالمايدىغان
ئاشۇ يىراقلاردا ياپيېشىل ئابرال تاغلىرى، قاش بوستانلىقى بار،

ئەركىن ئويناقشىپ ئاقىدىغان شوخ قاش دەرياسى بار. ئۇ، بىر چاغلاردا ئۆزىنىڭ شۇنداق كەڭ دەريا ساھىلىدا دولقۇن بىلەن چېلىشىپ، ئادەمنى پۈتۈن يۇتىدىغان ئىلى دەرياسىنىڭ خەتەرلىك دولقۇنلىرى ئارىسىدا خاتىرجەم، ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن چاغلىرىنى ئەسلەپ قالدى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى ئازابتىن پۇچۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەل كۆچسە، تاغ كۆچىدۇ» دېگەندەك، ۋەتىنىدىن ئۈمۈرۋايەت ئايرىلىدىغىنى ئۇنىڭغا بەشقولدەك ئايان. ئىلگىرى ئۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى قاشتا بىمالال كېزىپ يۈرگەندە ئانچە تۇيۇلمايدىغان ئانا ۋەتەن تۇيغۇسى ئەمدىلىكتە ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ يىراقلارغا كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغانىدى. ئۇ مانا شۇ قاش بويلىرىنى، قاش دەرياسىنى، ئىلى دەرياسىنى ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە نەچچە - نەچچە مەرتىۋە ئۈزۈپ، كېزىپ چىقمىغانمىدى؟ ئۇنىڭ پۈتۈن باللىق چاغلىرى، پۈتۈن ياشلىق دەۋرى، پۈتۈن بارلىقى مانا مۇشۇ ئانا زېمىنغا يىلتىز تارتمىغانمىدى؟ ئەمدى بۇ يىلتىزنىڭ ھەممىسىنى يۇلۇۋېلىپ كېتىش مۇمكىنمۇ؟ بىر ئۇچى يۈرەككە بېرىپ چېتىلىدىغان ئاشۇ يىلتىزلارنىڭ ئاغرىقىغا چىداش مۇمكىنمۇ؟

روسۇل سالچىنىڭ بېشى ئايلانغاندەك بولدى. ئۇ خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ، سالنىڭ قايىنامغا كىرىپ قالغانلىقىنى سەزمىگەنىدى.

ئىلى دەرياسى ئېقىپ خۇنۇخاي غولى ئەتراپىغا كەلگەندە، قىنىغا پاتماي، خۇددى بويىنىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، مۆڭگۈپ چاپچىۋاتقان توسۇن تايدەك شىددەت بىلەن ئېقىپ تۇراتتى. كەينى - كەينىدىن قوغلىشىپ كېلىۋاتقان دولقۇنلار يارغا كېلىپ قاتتىق ئۇرۇلغاندىن كېيىن ئەتراپقا ئاپئاق بۇژغۇن چېچىپ كەينىگە ياناتتى - دە، شىددەتلىك قايىنام ھاسىل قىلاتتى. بۇ قايىنام چۆرگىلەپ - چۆرگىلەپ، ئېقىپ كەلگەن ئوت - چۆپلەرنى،

ياغاچ پارچىلىرىنى، ھەتتا پۈتۈنسۈرۈك ياغاچلارنىمۇ خۇددى يو-
ھادەك دەم تارتىپ يۇتۇپ كېتەتتى.

ھازىر روسۇل سالچى ھەيدىگەن سالنىڭ تەقدىرىمۇ دەل ئاشۇ ئوت - خەستەك بولۇپ قالدى. شىددەتلىك دولقۇن بىردەم سالنى ئاسمانپەلەك يۇقىرىغا ئىرغىتىپ تاشلىسا، بىردەم تەكتى ئەسراغا تاشلىغاندەك، دولقۇننىڭ ئاستىغا ئەپكىلىپ تاشلايتتى. سالنىڭ تۇمشۇقىنى بىردەم ئوڭ قول تەرەپكە ئايلاندۇرۇپ بۇراپ تاشلى-سا، بىردەم سول قول تەرەپكە ئايلاندۇرۇپ، زادىلا جىم تۇرغۇز-مايۋاتاتتى. پۈتۈن سالنىڭ ئۈستىنى، ياق، پۈتۈن دەريا ساھىلى-نى ئايالىلارنىڭ ۋە بالىلارنىڭ قىيا - چىيالىرى قاپلاپ كەتكەن-دى. دەھشەتلىك قايىنامغا كىرىپ قالغان سال قاتتىق لەپەڭشىپ كېتىپ باراتتى. «قارس!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا، روسۇل سالچىنىڭ قولىدىكى رول ياغاچ سۇنۇپ ئىككى نىمتە بولۇپ كەتتى. رولسىز قالغان سالنى ئەمدى ئاشۇ دەھشەتلىك دولقۇن ھەر تەرەپكە تاشلاشقا باشلىدى. دولقۇننىڭ شاۋۇلدىغان ئاۋازى روسۇل سالچىنىڭ «جايىڭلاردا چىڭ ئولتۇرۇڭلار! بولمىسا دول-قۇنغا غەرق بولىسىلەر!» دېگەن ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى. سال-نىڭ چېتىقلىرى شىددەتلىك سۇ دولقۇنىنىڭ توختاۋسىز ئىرغى-تىپ تاشلاشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي چىرسىلداپ ئۈزۈلۈشكە باشلىدى...

نىھايەت، روسۇل سالچى ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى!

سال قاپ ئوتتۇرىدىن ئىككى بۆلەك بولۇپ كەتتى. سالنىڭ ئۈستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قايىنامغا چۈشۈپ كەتتى. «ئانا! ۋاي، مېنى قۇتقۇزۇڭلار!» قۇربانبوۋىنىڭ ئاخىرقى ئاۋازىنى سۇ دولقۇنلىرى يۇتۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قاپقارا سومبۇل چاچلىرى تاڭ يورۇقىدا خۇددى سۇ بۈژغۇنلىرىدەك سۇ يۈزىدە يېيىلىپ تارالدى - دە، ئۇنى سۇ يۇتۇپ كەتتى!

— قۇربانبۇۋى! بەرداشلىق بېرىڭ! سىزنى قۇتقۇزغىلى
كەلدىم! — دەپ ۋارقىرىغان پېتى ئۆزىنى دەريانىڭ ئاشۇ ئادەمخور
قاينىمىغا ئاتقان روسۇلنىمۇ سۇ دولقۇنلىرى يۇتۇپ كەتتى! . . .
ئىخ، ئىلى دولقۇنلىرى! سەن ياشنىمۇ، قېرىنىمۇ، ئوتنى-
مۇ، خەسنىمۇ يۇتۇپ كېتىشكە قادىرسەن. سەن نى - نى بىغۇبار
ئاشىق - مەشۇقلارنى ۋىسالىغا يەتكۈزمەي يۇتۇپ كەتتىڭ! بى-
راق، سەن بۇ زېمىندىكى زۇلۇمنى، تەڭسىزلىكنى، مەزلۇم
خەلقىڭنىڭ ئاھ - زارلىرىنى، سان - ساناقسىز كۆزلەردىن
ئەسىر بويى تۆكۈلۈپ كەلگەن ئاچچىق ياشلارنى يۇتۇپ كېتىشكە
قادىر بولالمىدىڭ - دە!

× ×

يولداش ئوغلى ۋېلىباي باشلىغان كۆچنىڭ ئالدى روزى
هېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنى رۇس يېرىنىڭ چېگرىسىغا، ئاندىن
ئۆسەك بويىغا يېتىپ كەلدى. كۆچ ئەھلى ئېگىز يار ئاستىدىكى
سۇزۇك سۇلۇق كۆكۈلمەيدان، تاللىق، قارىياغاچلىق بىر كەڭرى
توقايلىققا چۈشكۈن قىلدى.
— خۇش كېلىپسىلەر، ئەزىز قېرىنداشلار! — دەپ قامەت-
لىك بىر چال كۆچنىڭ ئالدىغا قۇچاق ئېچىپ كەلدى. ئۇ بۇنىڭ-
دىن ئوننەچچە يىل ئىلگىرى چار روسىيە گېنېرالى، ئىشغالىيەت-
چى كولپا كوۋسكىينىڭ سولداتلىرى تەرىپىدىن ئىلىدىن ئالمۇتا-
دىكى سۇلتان قورغانغا يالاپ ئېلىپ كېتىلگەن سابىق سۇلتان — ئەلا
پالۋان ئىدى.
يەتتىسۇ ئۆلكىسى گوبېرناتورىنىڭ غۇلجا ئىشلىرى بويىچە
ياردەمچىسى نىكولاي پانتسوۋمۇ كۆچ ئەھلىنىڭ ئالدىغا چىقىپ،
ۋېلىباي باشلىق يۇرت چوڭلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ مۇشۇ
جايدىكى رۇس مەمۇرىيىتىنىڭ كۆچ ئەھلىنى ئورۇنلاشتۇرۇش

ئىشىغا مەسئۇل ئىدى. ئۇ سابىق سۇلتان — ئەلا پالۋاننىڭ ئىلتىجاسىغا بىنائەن، بىر بۆلۈك كۆچ ئەھلىنى سۇلتان قورغانغا بېرىشقا بۇيرۇدى. قالغان يۈزلۈكلەرمۇ ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، يەتتىسۇدىكى ئاقسۇ ـ كەتمەن تاغلىرى بىلەن چېلەك دەرياسىدىن تاكى ئالمۇتاغىچە سوزۇلغان كەڭ چۆللەرگە — غۇلجا يولى ئۈستىدىكى قاراسۇ بويىغا ئورۇنلىشىدىغان بولدى. كۆچنىڭ بېشى چارىن دەرياسى بويىدىكى ئۆتەڭگە بېرىپ يەتكەندە، يەنە ئىككى ياققا بۆلۈنەتتى ـ دە، يەنە بىر قېتىم يىغا ـ زارە بىلەن ئايرىلاتتى.

كۆچ ئەھلى مۇشۇ توقايلىقتا، ماغدۇرىغا كېلىشۇالغىچە بىر ـ ئىككى كۈن دېمىنى ئېلىپ، ئاندىن ماڭىدىغان بولدى. پۈتۈن توقايلىقنىڭ ئۈستىنى كۆچ ئەھلىنىڭ ماڭغاللىرىدىن[①]كۆتۈرۈلگەن نېپىز بىر قەۋەت ئىس ـ تۈتەك قاپلىدى. يىراقتىن بىرسىنىڭ يېقىملىق نەي ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلاندى:

كۆچ ـ كۆچ بولۇپ قوزغالدۇق،
قالدى باغۇ ـ بوستانلار.
يۇرتىمىزدىن ئايرىلدۇق،
يۈرەكتە مىڭ ئارمانلار.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
يۇرتىمىز ئابرال تېغى.
ئەجەپمۇ يامان ئىكەن،
تىرىك ئايرىلىش دېغى.

تۇخۇم كۆمدۇم ئوچاققا،

---

① ماڭغال — ئۈچ پۇتلۇق تۆمۈر ئوچاق.

ئېتىلغاندۇر بۇ چاغقا.
ئىلىدىكى تۇغقانلار،
سېغىنغاندۇر بۇ چاغقا؟
. . . . . . . . . . . . .

ئۇزاققا قالماي، مىگېبشى ۋېلىباي باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە يۈزلۈك ئاھالە ئۆسەك بويىدىكى ئېگىز يارنى بويلاپ ماكانلىششقا باشلىدى.

ۋېلىباي تاغ باغرىدىكى بىنەم يەرلەردىن تاللاپ، تېرىلغۇ يېرى قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ پىلانى بويىچە، ئاستا - ئاستا بىرقانچە جاڭزا قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا يان باغىرلاردا ئېرىق - ئۆستەڭ، مەھەللە، كوچا ۋە ئۆيلەرنىڭ ئىزنالىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. . .

ئىلىدىن يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىقىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈل-مەيۋاتاتتى. كۆچۈپ چىققان خەلقنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەمبە-غەل - نامرات بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ئات - قارىسى ھەتتا ئېشىكىمۇ يوق ئىدى. تۇنجى تۈركۈمدە يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىققانلار ئورۇنلىشىپ ماكان تۇتۇپ بولغۇچە، قىش چۈشۈپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ زىمىستان سوغۇقتا كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى.

يۇرتتىن يىرتقا كۆچمەك، بولۇپمۇ ئۆز ئېلىدىن يات ئەلگە كۆچمەك ھەقىقەتەن ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. خۇسۇسەن، كۆ-چىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلغان نامرات تارانچىلار ئۈچۈن، بۇ كۆچ تولىمۇ ئېغىر توختىغانىدى. شائىر سېيت مۇھەممەت ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ يەتتىسۇغا كېلىپ قانداق ئې-غىر ئەھۋالدا قالغانلىقىنى مۇنداق ئەينەن تەسۋىرلىگەنىدى:

قۇتى بار ئادەملەر تېنىمەس ئۇندا بارىپ،

قىلغۇسىدۇر ئۆي ـ ئىمارەت، باغۇ ـ بوستان، تېرەك.
پېقىر ـ پەقىرالار خىجالەت، تەڭگەسى يوق قولىدا،
ئايلىنىپ باشى قېتىپ ھەر كۈندە يۈزمىڭ غەم يېمەك.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

«ئۆڭكۈر بولسىمۇ، ئۆيۈڭ ياخشى» دېگەندەك، بۇ قارا قىش ئىسسىق ئۆي ـ ماكانىنى تاشلاپ چىققان ئۇيغۇر يوقسۇللىرى ئۇچۇن ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى.

ئاشۇ كۈچمەنلەرنىڭ ئىچىدىكى شائىر سىيىت مۇھەممەتمۇ مۇشۇنداق يوقسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق دەپ تەسۋىرلىگەنىدى:

مەن پېقىر بىچارىمەن دىلىم شىكەستە ھەم غېرىپ،
رەنجۇ ـ ئەلەم، دەرد ـ پىغاندا چىرايىم سارغىيىپ.
نە ئاجايىپ ئىش كۆردۇق كۆرمىگەن يەرگە بېرىپ،
ئايرىلىپ بىز ئىلىدىن كېتەرمىز ئەمدى قول سالىپ.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

ھەممىمىز قالماي كېتۇرمىز خالىي قالماس بۇ ئىلى،
ھەرنە بولساق تەڭ بولايلى مۇشۇ كەتكەن يۇرت ئەھلى.
ئاۋۇلغا يەتمەك ئاسان ئەمەس، يول جاپالىق، دەرد ئەلەم بىللە،
ھەر يەرگە بارساقمۇ ئەمدى، تىنچ ـ ئامانلىقنى تىلە.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

مىلادى 1881 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ، يەتتىسۇدا كەتمەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇيغۇر يېزىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

كەتمەن ئەسلىدىنلا ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەن بىر جاي بو-لۇپ، مانجۇ خاقانلىقىنىڭ ۋەكىلى چوڭخۇ چار پادىشاھىنىڭ

ۋەكىلى گىرس بىلەن ئىمزالىغان «تۈركىيە شەرتنامىسى» بويىـ
چە، ئىلى ۋىلايىتىدىن روسىيە تەۋەسىدىكى يەتتىسۇغا ئايرىپ
بېرىلگەن يەر ئىدى.

ئىلىدىن تۇنجى تۈركۈمدە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى
ئۆسەك دەرياسى بىلەن قورغاس دەرياسى ۋادىسىدىكى جايلارغا
ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1882 ـ يىلى ياركەنت شەھىرى بىنا بولدى؛
ئىككىنچى تۈركۈمدە 1881 — 1882 ـ يىل ئارىلىقىدا ئىلىدىن
كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار ئاقسۇ يېزىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
كېيىنكى چاغلاردا بۇلارنى ئاساس قىلىپ كىچىك ئاقسۇ، چوڭ
ئاقسۇ — دولاتا، سەككىزئون ۋە بايانقازاق يېزىلىرى پەيدا بول-
دى. ئەمما، بۇ جايلاردا سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن، 1883 ـ يىلى،
ئۇلاردىن ئىككى يۈز ئوتتۇز تۈتۈن ئادەم ئاقسۇ يېزىسىدىن چارىن-
غا كۆچۈرۈلدى؛ ئىلىدىن ئۈچىنچى تۈركۈمدە كۆچۈپ چىققان
ئۇيغۇرلار مالىباي يېزىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كېيىنكى چاغ-
لاردا، ئۇلارنى ئاساس قىلىپ، مالىباي، بايسېيىت، ماساقباي،
قاينۇق قاتارلىق يېزىلار پەيدا بولدى؛ تۆتىنچى تۈركۈمدە ئىلىدىن
كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار قورام يېزىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
1881 — 1882 ـ يىل ئارىلىقىدا، ئۇلارنى ئاساس قىلىپ
تۈرۈپ، قورام، ئاسى، ئونئوي، كېيىكباي يېزىلىرى پەيدا بول-
دى؛ 1883 ـ يىلى ئاقسۇ يېزىسىدىن يەنە بىرقانچە يۈز تۈتۈن ئادەم
قورام يېزىسىغا كۆچۈپ كەلدى ۋە 1883 — 1885 ـ يىل ئارىلىقىدا
قارا تورۇق يېزىسى پەيدا بولدى؛ 1883 ـ يىلى، ئىلىدىن
بەشىنچى تۈركۈمدە كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار قاراسۇ يېزىسىغا
ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كېيىنچە ئۇلارنى ئاساس قىلىپ، ساز، جا-
رىلقاپ، ماناپ، تاشتىقارا، تەشكەنباي، پالتىباي قاتارلىق يېزىلا-
ر پەيدا بولدى. ئۇلاردىن باشقا، چار پادشاھنىڭ مەلىكىسىنىڭ
ئىمىنىيىسىنى كۆكەرتىش ئۈچۈن يەنە بىرقانچە يۈز تۈتۈن ئۇيغۇر

تۈركمەنىستاندىكى بەيرەمئەلى دېگەن جاينىڭ ئاقتام يېزىسىغا كۆچۈرۈلدى.[1]

ئىلىدىن يەتتىسۇغا ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە بىر مىڭ بىر يۈز قىرىق يەتتە تۈتۈن — توققۇز مىڭ تۆت يۈز سەكسەن توققۇز جان تۇڭگانىيمۇ كۆچۈپ چىققان بولۇپ، ئۇلارمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ياركەنت، چارىن، ئالمۇتا، پىشپەك[2]، توقماق، قورام ۋە قاراسۇ يېزىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

مىلادى 1884 - يىلىغا كەلگەندە، ئىلىدىن يەتتىسۇغا جەمئىي توققۇز مىڭ يەتتە يۈز ئەللىك ئىككى تۈتۈن ئۇيغۇر كۆچۈپ چىقتى. بۇ ئۇيغۇرلاردىن ياركەنتكە ئىككى مىڭ تۆت يۈز يەتمىش توققۇز تۈتۈن — توققۇز مىڭ تۆت يۈز سەكسەن توققۇز ئادەم ئورۇنلاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە بەش مىڭ ئىككى يۈز يىگىرمە يەتتە نەپەر ئەر، تۆت مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش ئىككى نەپەر ئايال بار ئىدى؛ ئاقسۇ - چارىنغا بىرمىڭ ئىككى يۈز ئوتتۇز تۆت تۈتۈن — بەش مىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز ئۈچ ئادەم ئورۇنلاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز يىگىرمە ئالتە نەپەر ئەر، ئىككى مىڭ يەتتە يۈز يەتتە نەپەر ئايال بار ئىدى؛ كەتمەندە يەتتە يۈز ئاتمىش تۈتۈن — ئۈچ مىڭ يەتتە يۈز سەكسەن يەتتە ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى مىڭ بىر يۈز ئوتتۇز يەتتە نەپەر ئەر، بىر مىڭ ئالتە يۈز ئەللىك نەپەر ئايال بار ئىدى؛ مالىبايغا بىر مىڭ تۆت يۈز قىرىق ئىككى تۈتۈن — يەتتە مىڭ سەككىز يۈز ئاتمىش ئىككى ئادەم ئورۇنلاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ مىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز بىر نەپەر ئەر، ئۈچ مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز بىر نەپەر ئايال بار ئىدى؛ قاراسۇغا بىر مىڭ بەش يۈز قىرىق سەككىز تۈتۈن — بەشمىڭ

---

① مەن 1985 - يىلى، تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلار بەيرەمئەلى شەھىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ يۈز يىللىقىنى خاتىرىلىدى دەپ ئاڭلىدىم.

② ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى پىشپەك شەھىرى.

بەش يۈز توقسەن سەككىز ئادەم ئورۇنلاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى مىڭ توققۇز يۈز ئەللىك ئۈچ نەپەر ئەر، ئىككى مىڭ ئالتە يۈز قىرىق بەش نەپەر ئايال بار ئىدى؛ قورامغا ئىككى مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن بەش تۈتۈن — ئون ئۈچ مىڭ ئۈچ يۈز تۆت ئادەم ئورۇنلاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەتتىمىڭ بىر يۈز ئەللىك تۆت نەپەر ئەر، ئالتىمىڭ بىر يۈز ئەللىك نەپەر ئايال بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ تۆت يىلغا يەتمىگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئىلىدىن يەتتىسۇغا جەمئىي قىرىق بەش مىڭ ئۈچ يۈز يەتمىش ئۈچ جان ئۇيغۇر مەجبۇرىي كۆچۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر يىگىرمە تۆت مىڭ ئالتە يۈز يىگىرمە سەككىز نەپەر، ئايال يىگىرمە مىڭ يەتتە يۈز قىرىق بەش نەپەر ئىدى. بۇنىڭغا يەنە تۇڭگانىيلارنى قوشقاندا، جەمئىي ئون مىڭ سەككىز يۈز توقسەن توققۇز تۈتۈن — ئەللىكمىڭ ئەللىك بەش جان ئادەم بولىدۇ.

روسىيە مەمۇرلىرى ئىلىدىن يەتتىسۇغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانىيلارنى ئۇنۇملۇك ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، ياركەنت، ئاقسۇ - چارىن، مالىباي، قورام ۋە قاراسۇ قاتارلىق بەش رايون تەسىس قىلدى. ئەسلىدىكى كەتمەن رايونى بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي ئالتە رايون تەشكىل قىلىندى.

ئىلىدىكى يۇزلۇكلەرنىڭ ئەسلىدىكى يۈز بەگلىرى ئىلى ئۇيغۇرلىرى يەتتىسۇغا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ يەنە ئۆز يۇزلۇكلىرىگە بەگ بولۇپ قېلىۋەردى. مەسىلەن، غۇلجىلىق قاسىم يۈزبېگى ياركەنتكە بەگ بولدى؛ خونۇخايلىق خۇدابەردى يۈزبېگى ئاقسۇ — چارىنغا بەگ بولدى؛ تاشئۆستەڭنىڭ يۈزبېگى ئابابەكرى قورامغا بەگ بولدى؛ غۇلجىلىق جامالىددىن قاراسۇغا بەگ بولدى؛ مالىبايغا ناسىر دېگەن بىرەيلەن بەگ بولدى. ئۇلاردىن باشقا ئىلىدىكى چاغدىلا سايلانغان ئاقساقال، ئەللىكبېشى، قازى - قۇززات دېگەنلەرمۇ يەتتىسۇغا يېنىپ چىققاندىن كېيىنمۇ يەنە ئۆز ئورنىدا ئۆزگەرمەي قېلىۋەردى.

يەتتىسۇغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار تاكى 1886 ـ يىلىغىچە گەمە كولاپ، كەپە سېلىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلدى. بۇ جەرياندا ئۇلار تۈرلۈك كۈلپەتلەرنى يەتكىچە تارتىپ، ئىلىدىن كۆچۈپ چىققىنىغا جاق ـ جاق تويۇپ كېتىشتى. 1881 — 1883 ـ يىللىرى پەيدا بولۇپ، كېيىنچە خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان ئۆسەك ناخشىلىرىدا يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى زۇلمەتلىك كەچۈرمىشلىرى مۇنداق دەپ ئەينەن تەسۋىرلەنگەندى:

كەتمەيمىز دېگەن بىلەن،
بۇ ئىشقا نېمە چارە؟
زالىملارنىڭ دەستىدىن،
يۈرەك بولدى سەكپارە.

ياركەنتكە كېلىپ دوستلار،
يار بويىدا كۆپ ياتتۇق.
ئەسلا تارتمىغان دەردنى،
ياركەنتكە كېلىپ تارتتۇق.

ياركەنت بويىدا ئۆسەك،
ئۆسەكتىن ئۆتۈپ تۆرگىن.[1]
بىر جەبرىنى قىلدىڭ سەن،
ئاخىرى ئۆزۈڭ كۆرگىن.

ئۆسەككە بارۇرمىز دەپ،
ئەسكى تام ئارا ياتتۇق.

---

[1] تۆرگىن — جاي ئىسمى.

ئۆي - جايىمىز پۇتكىچە،
تۇپراق - توپىدا ياتتۇق.

ئۆسەككە بارغان خەقلەر،
ئەسكى تامنى ئۆي قىلدى.
ئۇندا خوتۇن ئالغانلار،
ئەسكى تامدا توي قىلدى.

كۆچ - كۆچ دېسە بىلمەيدۇ،
كۆچۈپ كۆرمىگەن ئەللەر.
ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ،
بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر؟
. . . . . . . . . . . . .

چار روسىيە ھۆكۈمىتى باشتا ۋەدە قىلغىنىدەك ئىلىدىن يەتتىسۇغا كۆچۈرۈلگەنلەرگە ئۇنداق ئوڭايلىق يارىتىپ بەرگىنى يوق. ئۇيغۇر يوقسۇللىرىنىڭ ئەھۋالى ئىلىدىكىدىن ياماللاشسا ياماللاشتىكى، ھەرگىزمۇ ياخشىلانمىدى. يەتتىسۇغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىگە بەش مودىن يەر تەقسىملەپ بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇ يەرلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تېرىلغۇغا يارىمايدىغان ئۇنۇمسىز يەرلەردىن ئىدى. يەتتىسۇنىڭ يەرلىرى ئىلىنىڭ يەرلىرىدەك ئۇنداق چىلان تۇپراق، مۇنبەت ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردە سۇ ئاز بولغاچقا، يەر كۆپ ئەجرە - مېھنەت سىڭدۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما ئاز ھوسۇل بېرەتتىكى ياكى ھوسۇل بەرمەي قوياتتى. دېمەك، ئۆزلىرىگە بېرىلگەن يەرلەرنىڭ ئاز ۋە ئۇنۇمسىزلىكىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زىممىسىدىكى جەبىر - زۇلۇم تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. بۇ ئەھۋالمۇ ئۆسەك ناخشىلىرىدا مۇنداق

دەپ سۆرەتلەنگەن:

يېڭى مايور يەر بەرمەس،
يول ئۈستىنى تەردۈرمەس.
باشقا قاتتىق كۈن چۈشتى،
بەش مولۇقتىن يەر بەرمەس.

× ×

«غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار؟ غېرىبقا غېرىب يىغلار» دېگەندەك، قاشتىن تۈنجى رەتتە كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار يولداش ئوغلى ۋېلىباينىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆسەك بويىنى ئۆزگە ماكان تۇتۇپ، ئۆز روزىغارىنى مۇشكۇللۇك ئىچىدە يېڭىۋاشتىن تىكلەشكە باشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا يۇرتى — قاشنىڭ يېقىن جايىدا قالغانلىقىنى بىلەتتى. «خۇدايىم بۇيرىسا، — دېيىشەتتى ئۇلار، — بۇ يەرلەرمۇ كەلگۈسىدە ئەزىم يۇرتىمىز قاش قەلئەسىدەك قەد كۆتۈرۈپ، يىراق - يېقىنغا تونۇلىدۇ. چۈنكى، كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس! »

شۇنداق، كىشىلىك ھايات — ئايلىنىپ يۈرىدىغان يولغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭ ئاخىرقى پەللىسى بولىدۇ. چۈنكى، كېلەچەك — ھازىرقى كۈننى توغرا كۆرەلىگەن، توغرا چۈشىنەلىگەن ئادەملەرنىڭكىدۇر. دەرۋەقە، ھايات ئۆز ئېقىنىدىن چىقىپ كەتسە، بۆلاقچا ئوخشاش سان - ساناقسىز تارامىلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھاياتىدىمۇ ئەنە شۇنداق تاسادىپىي ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇكى، ئۇ خۇددى ئەتىياز، ياز كۈنلىرىدىكى ھاۋادەك، كىشىنى گاھ ئىللىتىپ، گاھ مۇزلىتىپ شۈركەندۈرىدۇ. ئادەم بالىسى جاپاغا ھېچنېمە بولمايدۇ. شۇڭا، ئادەملەر كۆپىنچە مىسكىنلىكتە كۈلۈشىدۇ ۋە

خۇرسەن بولۇشقىنىدا يىغلىشىدۇ. ئادەم ھاياتىدىكى بۇ مەككار، ۋاپاسىز ئېقىننىڭ قايسى تارامىلارغا بۆرۈلۈشىنى ئالدىنئالا بىلى-ۋېلىشى قىيىن، شۇڭا، ئادەملەر گاھ تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەت-تىن كۆرەڭلەپ ئالچاڭلاپ كېتىشىدۇ؛ گاھ قىسمەتنىڭ ئادالەت-سىزلىكىدىن ئاغرىنىپ، ھەممىدىن ۋاز كېچىشىدۇ. ھايات بۇ-گۈن سايازلىقتا ئوخشاش تېيىزلىشىپ، تېگىدىكى پۈتۈن چېر-كىن - مەينەتچىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى مانا دەپ ئاشكارىلاپ قويسا، ئەتىسى يەنە دەريادەك تاشقىن بولۇپ، ھەممىنى سۇ ئاس-تىغا يوشۇرۇپ، بىر خىل ئېقىپ كېتىۋېرىدۇ. شۇڭا، ھاياتنىڭ ئۆزى بىر ئارىلاشما: شاد - خۇراملىق بىلەن ئازاب - ئوقۇبەت، مېھىر - شەپقەت بىلەن قەبىھلىك، بەخت بىلەن بەختسىزلىك، چىنلىق بىلەن رەزىللىك، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك، راستلىق بىلەن ساختىلىق بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بەزىدە ھەتتا ئۇنى پەرقلەندۈرۈش قىيىن بولىدۇ.

× ×

ئىلىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى شۇنداق قىلىپ ۋېلىبايىنى پاناھ تارتىپ ياركەنتتە ماكانلىشىپ قالدى. ياركەنت شەھەر قىياپىتىگە كىرىشكە باشلىغاندا، ۋېلىبايمۇ يار-كەنتنىڭ مەركىزىدىكى چارسۇدا بىر مەدرىسە بىنا قىلىپ، ئۆزىنىڭ غۇلجىدا ئەمەلگە ئاشۇرالماي قالغان ئارزۇسىنى بۇ يېڭى شەھەردە — ياركەنتتە ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى.

ۋېلىباي ئىنتايىن ئىدىتلىق ھېسابچى، سودىغا ماھىر، يۇرتدارچى-لىق ئىشلىرىغا قابىل بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ياركەنتكە كەلگەندىن كېيىنكى مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە بىراقلا قەد كۆتۈرۈپ، تېرىلغۇ ۋە چارۋىدىن زور كىرىم ئالىدىغان، يېتىم - يېسىر، غېرىب - غۇرۋالارغا، ئەھلى ئىلىملەرگە غەمخورلۇق قىلىدىغان،

يىراق - يېقىندا داڭقى بار ساخاۋەتچى كاتتا بايغا ئايلاندى.

ئۇ، چارسۇدىكى مەيداندا سېلىنىدىغان بۇ كاتتا قۇرۇلۇشقا خۇاڭ پىڭ دەيدىغان بىر خەنزۇ بىناكار بىلەن توختى مۇجاڭ دەيدىغان بىر ياغاچچى ئۇستىنى سەركار قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئۇلارغا قۇرۇلۇشنىڭ لايىھە - پىلانىنى سىزدۇرۇپ، ياغاچ - تاش تەييارلاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، سەمەرقەند قاتارلىق داڭلىق شەھەرلەردىن پىششىق خىش، گەنج بوياق قاتارلىق بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىشقا كارۋانلارنى ماڭغۇزدى.

شۇنداق قىلىپ، ۋېلىباي ساقمۇ ساق بىر يىل تەييارلىق كۆرۈپ، ھەممە ئىشنى پۇختا ئىدىتلىۋالغاندىن كېيىن، مەدرىسە بىناسى بىلەن دەرۋازا ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنى تامچىلارنىڭ پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ تۇرۇپ، تېزلا پۈتتۈردى. ئەمدى قالغان ئىش خۇاڭ پىڭ دېگەن ھېلىقى خەنزۇ بىناكار بىلەن توختى مۇجاڭنىڭ ئىستېداتىغا باغلىق بولۇپ قالدى. بۇ ئىككىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ياغاچچى، تۈنىكىچى، سىرچى، خۇيلامچى قاتارلىق ئۇستىلار بىنانىڭ تۈۋرۈك - لىملىرىنى، خەر - جەگىلىرىنى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە ياپسالاپ بېكىتىپ چىقىشقا باشلىدى. مەدرىسە سارىيىدىكى ئاساسىي تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان لىم، جەگە - چەگزىلەر ئۇستىلارنىڭ قولىدىكى پالتىسىنىڭ چۇلدۇسى بىلەن «تاڭ، تۇڭ» قىلىپ بىر - ئىككى ئۇرۇلۇپلا، ئىزنا - جىپسىلىرىغا دەل چۈشەتتى - دە، زادىلا بولجىماس بولۇپ ئۇيۇپلا قالاتتى. كېيىن، بىنانىڭ لەمپە - چېدىر ياغاچلىرىغا مەخسۇس رەندىلەنگەن چەگزە - جەگە ياغاچلار يېپتەك تارتىلىپ پۇختىلاندى؛ تۈنىكىچىلەر قولىدىكى ياغاچ بولقىلىرى بىلەن تۈنىكە - قاڭالتىرلارنى بۇ چەگزە - جەگىلەرنىڭ ئۈستىگە جىپسىلاشتۇرۇپ، بىنانىڭ ئۈستىنى ھىم قىلىپ يېپىپ چىقتى؛ سىرچىلارمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئىشىك - دېرىزە، لىم - تۈۋرۈك-

لەرنى رەڭگارەڭ سىرلار بىلەن سىرلاپ ۋالىلدىتىۋەتتى؛ نەققاش-
لار مەدرىسە بىناسىنىڭ تاملىرىنى، مېھراب - مۇنبەر ئەتراپىدى-
كى تاملارنى ۋە گۈمبەزگە ئوخشايدىغان تورۇسنى نەقىشلەشكە
كىرىشىپ، قارا سەھەردىن باشلاپ ئىشلىگىلى تۇرسا تاكى خۇپ-
تەنگىچە ئىشلەپ، مەدرىسە بىناسىنىڭ ئۆگزە، پەشتاقلىرىدىن
زادىلا چۈشۈپ باقمىدى. ئۇلار ھەتتا تاماقلىرىنىمۇ جازا ئۈستىدە
يېيىشتى. . .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، كىشلەر چارسۇ مەيدانىدا قاناتلى-
رىنى لاچىندەك يېيىپ تۇرغان، بالىخانىلىق، ياغاچ - تاش - خىش
قۇرۇلمىلىق كاتتا بىر ئىسلام بىناسى بىلەن ئىسلام مۇنارىنىڭ
ئاسمان - پەلەك قەد كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈشتى. بۇ ئىسلام
پاسۇنى بىلەن مانجۇ - موڭغۇل پاسونىنىڭ قوشۇلمىسىدىن ھا-
سىل بولغان ئۆزگىچە ئۇسلۇب، ئۆزگىچە شەكىلگە ئىگە كۆر-
كەم، ھەيۋەتلىك بىر ئىمارەت ئىدى!

ئەمما، بۇ ئىمارەت ياركەنتتىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە خۇراپات-
لىقنى ياقىلايدىغان بىر قىسىم موللا - ئىشانلارنىڭ قاتتىق قار-
شىلىقىنى قوزغىدى. ئۇلارچە بولغاندا، بۇ ئىمارەت دىنىي ئىس-
لامغا مۇخالىپ دەھرىيلىكنىڭ سىمۋولى ئىدى.

— ۋايەي، بىلمىز ئۇ كالتە قۇيرۇقنى! — دېيىشەتتى بۇ
پوشكالچىلار ۋېلىبايغا ھەسەت قىلىپ، — ھەرقانچە بېيىپ ئۆي-
نىڭ تاپىسىنى ئالتۇن - كۈمۈشتىن قىلسىمۇ، يەنىلا ئاشۇ
تۆشۈك دەرۋازىلىق[1] ياماقچىنىڭ ئوغلىغۇ ئۇ؟ ئازراق پۇل تېپىپ-
تىكەن، ئەمدى ئاسمانغا غادىيىپ، زېمىنغا پاتماي قاپتىمۇ؟
«قەلەندەر ئىككى نان تاپسا، بىرىنى داپ چالىدۇ» دېگەن مانا شۇ - دە!
مەدرىسە دېگەننىچۇ ئاكىسى، ئۇنداق سالمايدۇ! يا مانجۇنىڭكىگە

---

① قەشقەردىكى مەشھۇر قوۋۇقلارنىڭ بىرىنىڭ نامى. قەشقەرنىڭ
شەرقىگە جايلاشقان.

ئوخشمايدۇ، يا ئۇيغۇرنىڭكىگە ئوخشمايدۇ. ۋېلىباي بۇ مەدرىسىگە ئورۇستىن موللام تەكلىپ قىلىپ بالا ئوقۇتماقچى بولسا كېرەك. شۇڭا، بۇنداق مەدرىسنى تۆگەتكەنلەر ئۆزىگە ئوخشاش كالتە قۇيرۇق دەھرىي بولۇپ چىقماي، بىزدەك موللا بولۇپ چىقاتتىمۇ؟

— قوتۇر بېسىپ ھالىدىن كەتكەن ئىتنىڭ يالاق يالاۋېتىپمۇ قاۋىغىنىنى كۆرگەنمەن، — دېگەنىدى ۋېلىباي مىيىقىدا كۈلۈپ، — ئۇلار داتلىمايدىغان ئىش يوق. ئۇلار داتلىمايدىغان ئادەم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار بىر سولكىۋايغىمۇ ئەرزىمەيدىغان تۇترۇقسىز ئادەملەردۇر. ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ھەرقانداق ئىشتا ئەقىل ئىشلىتىپ، مۇشكۇلاتنىڭ چارىسىنى قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان! ئەمما، شۇنى ئەستە تۇتۇش لازىمكى، بىز بۇ دۇنياغا ھەممىدىن داتلاپ، شىكايەت قىلىپ ياشىغىلى ئەمەس، بەلكى، پايدىلىق بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ ياشىغىلى كەلگەن. شۇڭا، دادام رەھمەتلىك: «ئاتالمىغان ئەردىن ئاتالغان دۆڭ ياخشى» دەيدىغان. مانجۇ خاننىڭ زامانىسىدا، پۇلىمىز يوق قولىمىز قىسقا، پۇلىمىز يوق تىلىمىز قىسقا، پۇلىمىز يوق يولىمىز قىسقا، پۇلىمىز يوق ئەقلىمىز قىسقا بولۇپ كەلگەندۇق. ھالا بۈگۈن پۇلىمۇ تاپتۇق، يولىمۇ تاپتۇق، ئەقلىمۇ تاپتۇق، قولىمىزمۇ ئۇزاردى. ئەمدى بۇ پۇلنى مازارغا خەجلەپ، قىمارغا تۆلەپ، بەڭگە يۆگەپ چېكىپ بىھۇدە بۇزۇپ - چاچقىچە، ئەھلى يۇرتقا، ئەھلى خەلققە، ئەۋلادلىرىمىزغا ياخشى ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا سەرپ قىلساق، ئىلىم - مەرىپەت يولىدا خەجلەپ مەكتەپ - مەدرىسە سالساق، يول ياسىساق، كۆۋرۈك سالساق، بۇنىڭ نېمىسى يامان ئىكەن؟...

× ×

سۇلتان قورغاندا ئۆز يۇرتلۇقلىرىغا ئاغىلىق قىلىۋاتقان سا-

بىق تارانچىلار سۇلتانى ئەلا پالۋان ياركەنتتىكى ۋېلىبايىنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ، ئاغزىغا ئىلىم سالىدىغان كاتتا مەدرىسە ئىمارىتى سالدۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولدى:

— ئاپىرىن ساڭا! — دەپ ماختاپ كەتتى ئۇ، — ۋېلىباي مەن قىلىشنى ئويلىغان، ئەمما قىلالمىغان ئۇلۇغ ئىشتىن بىرنى ئاخىرى ۋۇجۇدقا چىقىرىپتۇ. ھۇشتەرە!

ئەلا پالۋان يۇرتداشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى سۇلتان قورغانغا باشلاپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئەتراپنى ئاچقۇزۇپ، ئېتىز - ئېرىق بەرپا قىلىپ كۆكەرتىپ يېڭىدىن يۇرت - ماكان قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ، كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن، بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشنىڭ ئېپىنى تاپالماي، بۇرۇختۇم بولۇپ ياتقانىدى. ئۇ ۋېلىبايىنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تولىمۇ ئىلھاملىنىپ، قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى، يەنە بىر تەرەپتىن، موللا - ئىشانلارنىڭ يەتتىسۇ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ يەنە تەبرىقچىلىق ئۇرۇقىنى تېرىپ، ھە-سەت قىلىشىپ، پىتنە قويۇشۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن غە-زەبلەندى. «يېتىپ ئۇسۇرسا، كۆتى ئاغرىماپتۇ، دېگەن مۇشۇ ئەمدى؟!

» دەپ ئۇزاق كايىدى. ئاندىن چاپارمەنلىرىگە بۇيرۇدى:

— ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئالدىمغا توغرىلاش ئۇ پوشكالچىلار-نى! ھوي، بۇ ئاللانى دەستەك قىلىپ، ئاق كۆڭۈل خەلقنىڭ قېنىنى شورايدىغان چۈچۈن سۇپەت، ھەسەتخور موللا - ئېشانلار-نىڭ پىتنىسىدىن قاچانغىچە قۇتۇلالمايمىز - ھە! خەپ، دىنىي ئىسلامنى شىپى كەلتۇرۇپ، خەلقىمىزنى ئاسارەتتە قالدۇرغان ئاشۇ بىر توپ ئىمانى سۇس، نائىنسابلارنى قانداق قىلىۋەتسەم-كىن؟!

چىقىپ كېتىۋاتقان چاپارمەنلەرنى كۆرۈپ، ئەلا پالۋان بايە-

قى قارارىنى ئۆزگەرتتى ـ دە: «توختاڭلار!» دېدى. ئاندىن:
— ئاتنى توقۇپ كەلتۈرۈڭلار. مەن زادى ئۇ ياز[1]نىڭ ئالدى-
غا بېرىپ زوكۇنلىشمەن! — دېدى ۋە باياتىن بەدەشقان قۇرۇپ
ئولتۇرغاندا تىزىغا توغرا قويۇپ ئولتۇرغان كۇمۇش دەستىلىك
قىلىچىنى ئوڭ قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى، — بۇ ئانا
يۇرتىدىن جۇدا بولغان تارانچى ئەھلىگە بىر ئادىل ئىگە چىقمايدى-
غانلىقىغا ئىشەنمەيمەن!
ئۇ شۇ دەقىقىلەردە ئۆزىنىڭ، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرى ئۈس-
تىدە ئويلاپ، ئويىنىڭ باش ـ ئايىقىغا چىقالماي، ئۆرتىلىپ
كېتىۋاتاتتى.
سابىق سۇلتاننىڭ يېقىنلىرى:
— سۇلتان بېگىم، ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە، بۇ پوشكال-
چى لومودىلارنىڭ ناشايان ئىشلىرىنى دەپ ئۆزلىرىنى كايىتىۋال-
مىسىلا، — دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلا پالۋاننىڭ ئاچچىقى
بېسىلغاندەك بولدى ـ دە، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.
يېقىندىن بۇيان، ئەلا پالۋان نېمىشقىدۇر ئاز ئۇخلايدىغان
بولۇپ قالدى.
— ئىھ، ئىلى، ئەزىم يۇرت ئىلى! — دەپ پىغان بىلەن
ئۇپرىناتتى ئۇ كېچە ـ كېچىلەپ بىدار ئولتۇرۇپ، —
ئەجدادلىرىمىنىڭ قان ـ تەر، ئەجىر ـ مېھنەتلىرى سىڭگەن،
بىزنىڭ-كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئەزىز ماكان، شېھىتلەرنىڭ
قېنى بىلەن بويالغان ئانا تۇپراق! سېنىڭ تۇتىيا توپاڭنى قايتا
كۆزىمىزگە سۇرەرمىزمۇ؟ ئوغۇز سۇتىدەك ئاق ئاقىدىغان ئەزىم
دەريا — ئىلى دەرياسى، سېنىڭ باغرىڭدا يەنە ئاشۇ مەسۇم چاغلى-
رىمىزدىكىدەك قانغىچە، بەھۇزۇر چۆمۈلۈپ ئۈزەرمىزمۇ؟ ئاق
ئۆستەڭ. ئارابوز ئۆستەڭلەر، سىلەرنىڭ سۆگەتلىك قاشلىرىڭلار-

---

[1] ئۇياز — روسچە: «هاكىم» دېگەنلىك بولىدۇ.

غا يەنە باغرىمىزنى يېقىپ ياتارمىزمۇ؟ مەۋلانە سەككاكى ھەزرەت-
لىرى بۇزۇرۇكۋارىمىزنىڭ مازار - شەرىپلىرىنىڭ تۇغ شەددى-
لىرىنى يەنە قاقارمىزمۇ؟ توغلۇق تېمۇر خاننىڭ مەقبەرىسىنى
يەنە تاۋاپ قىلارمىزمۇ؟ . . . ئەي، قەدىردانلىرىم، بۇ يات ئەلدە
تۇتقۇنلۇقتا ياشىغىچە، نېمىشقا شەۋكەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ
قېنى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئاشۇ جەڭگاھتا شېھىت بولمىدىم؟ !
قەدىمكىلەر: «ئۆز قەدىر - قىممىتىنى چۈشەنگەن ئادەم
ھالاك بولمايدۇ» دەپ ياخشى ئېيتقان. ئەلا پالۋان بۇنىڭدىن
يىگىرمە يىل ئىلگىرى، مانجۇ چېرىكلىرى يامغۇردەك ياغدۇرۇ-
ۋاتقان ئوقلارغا پىسەنتمۇ قىلماي، باھادىر تارانچىلارنى باشلاپ،
ئەجەل مۇئەككەللىرىنىڭ ئالدىغا ئېتىلغان قاپلان ئىدى؛ ئۇ —
ئۆز ئېلىنىڭ ئازادلىقىنى، ئۆز خەلقىنىڭ ئىنسانىي قەدىر -
قىممىتىنى دەپ، مانجۇ زالىملىرى بىلەن جەڭ مەيدانىدا باتۇرلار-
چە ئېلىشقان. خەلق تەرىپىدىن پالۋان دەپ تونۇلغان مەشھۇر
سەركەردە بولغان، ئۇ ئۆز ئېلىنى موللا - ئىشانلارنىڭ پىتنە - خۇسۇ-
مەت، ھىيلە - مىكىر كاشكۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەجدادلىرى-
نىڭ يولى بويىچە، مەردلىك، ئادىللىق بىلەن سورىغان ۋە باش-
قۇرغان سۇلتان ئىدى. ئەمدىلىكتە ئەل - يۇرتنىڭ بېشىغا كەل-
گەن دەرد - ئەلەملەردىن بۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ قەددى پۈكۈلۈۋاتات-
تى. . .

نەزمە:

نە پايدا گۈلدىن ئالساڭ بىر تاۋاق؟
گۈلىستانىمدىن ساقلا بىر ۋاراق.
گۈلنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ،
بۇ گۈلىستان مەڭگۈ سولمايدۇ.

— شەيخ سەئىدى.

ئون تۆتىنچى باب

# قىرىق ياشلىق ئۆگۈتچى ئامبال

«بىر دانىشمەندىن سوراشتى:

— ئوڭ قول شۇنچىلىك ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ئۈزۈكنى سول قولنىڭ بارمىقىغا سالىدۇ؟

— بىلمەمسەن؟ — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — پەزىلەت ئىگىلىرى ھەمىشە مەھرۇملۇقتا بولىدۇ.»

مىلادى 1882 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى.

مانجۇ خاقانلىقىنىڭ مەنسەپ ـ تۇتۇق پىرقىسى بىلەن تۇتۇن ـ سېلىق پىرقىسى ليۇ جىڭتاڭنىڭ «شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لايىھەسى» نى تەستىقلاپ ئىجرا قىلىشقا چۈشۈردى.

× ×

زوزۇڭتاڭنىڭ قوماندانلىقىدىكى مانجۇ قوشۇنلىرى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ جايلارنى پەتھ قىلغاندىن كېيىن، ئىلىنى رۇسلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلماقچى بولغاندا، خان ئۇنىڭغا دەرھال بېيجىڭغا قايتىپ كېلىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. بۇ يارلىقتا مۇنداق دېيىلگەندى:

«... ۋەزىر ئەزەمگە مەلۇم بولغايكى، مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، رۇسلار بۈيۈك مانجۇ خاقانلىقىمىزغا دېگىز تەرەپتىن باستۇرۇپ كىرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. ئاستانە زور خەۋپ ئاستىدا قالدى. ئۇردا مۇھاربىيە ئىشلىرىدا سىز ۋەزىر ئەزەمگە ئوخشاش پىشقان ئادەمگە تولىمۇ موھتاج بولماقتا. شۇ ۋەجىدىن، قوۋۇقنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قابىل ئادەملەرنى تاللاپ، ئۇلارغا سەلتەنەتىمىزنىڭ مۇددىئا ـ مەقسەتلىرىنى چۈشەندۈرگەيسىز. ئاندىن ۋەزىپىڭىزنى ئۇل ئادەملەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، دەرھال ئاستانىمىزگە قايتقايسىز، ھەرگىز ھايال بولمىغايسىز. بولمىسا، ئۇۋالى ئۆزىڭىزگە. گەپ تامام. نامە ۋەسسالام. گۇاڭشۈي دەۋرانىنىڭ ئالتىنچى يىلى، قەمەرىيە 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.»[1]

زوزۇڭتاڭ بۇ يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ئۇنىڭ قۇمۇلغا يېتىپ كەلگىنىگە ئەمدى ئىككى ئاي بولغانىدى. خاننىڭ بۇ يارلىقى ئۇنىڭغا خۇددى ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەك، يازدا قار ياغقاندەك تاسادىپىي تۇيۇلدى. ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن ئەجرە ـ تۆھپىسىنىڭ بىر يارلىق بىلەنلا شامالغا سورۇلغانلىقىغا زوزۇڭتاڭ نارازى بولدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ خاننىڭ خارجى ئىشلىرى يامۇلىغا يازغان بىر مەكتۇبىدا بۇ نارازىلىقنى ئاز ـ تولا ئاشكارىلاپ قويغانىدى:

«... بىز ئەجنەبىلەر بىلەن دېڭىزدا ئۇرۇش قىلغاندىن بۇيان، — دەپ يازغانىدى ئۇ، — داۋاملىق مەغلۇپ بولۇپ كېلىۋاتىمىز. ئەمدى ئويلاپ باقىدىغان بولسام، بۇنىڭ سەۋەبى خارجى ئىشلىرىدىن قىلچىمۇ خەۋىرى يوق ئادەملەرنىڭ بۇ ئىشلارنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىدا ئىكەن. ئۇلار ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ پەقەت چۈشەنمەيدىكەن. ئۇلار تاسادىپىي غەلىبە قازىنىش كويىدىلا بولغاچقا، قىلغانلا ئۇرۇشتا مەغلۇپ

---

① مىلادى 1880 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى. «چىڭ دېزۇڭ دەۋرانىغا ئائىت ئوردا خاتىرىلىرى»، 15 ـ جىلد، 6 ـ بەت.

بولۇۋېتىپتۇ. ھالا بۈگۈن، خارجى ئىشلىرىدىن خەۋەردارمەن دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرگەن ئاشۇ ئادەملەرمۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئۆزىنىڭلا غېمىنى يېگەچكە، سەلتەنەتىمىزنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا بەك دەخىل قىلماقتا! . . .»①

چارروسىيىنىڭ قارا دېڭىز فىلوتىنىڭ خاقانلىقىنىڭ دېڭىز بويلىرىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، مانجۇ خانى قورقۇپ كەتكەنىدى. ئۇ، چارروسىيىنىڭ كۈنچىقىش تەرەپتىن مانجۇ خاقانلىقىنىڭ ئاستانىسىگە باستۇرۇپ كىرىشىدىن قورقۇپ، زوزۇڭتاڭنى دەرھال بېيجىڭغا چاقىرتىپ يارلىق چۈشۈرگەنىدى.

نىھايەت. قۇشقاچنىڭ تۇمشۇقىغىچىلىكلا ئارىلىقنى كۆرەلەيدىغان بۇ مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىگە ئەقىل ئۆگىتىپ بولالمىغان زوزۇڭتاڭ نائىلاج خانغا ئۆزى ئاستانىگە قايتقاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ مۇھارىبىيە ئىشلىرىغا ليۇ جىڭتاڭدىن باشقا مۇۋاپىق ئادەم يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەۋسىيە قىلىپ، قاتلاق مەكتۇب سۇندى. خانمۇ زوزۇڭتاڭنىڭ تەۋسىيىسىگە ئاساسەن، دەرھال جىن شۈن بىلەن ليۇ جىڭتاڭنى شىنجاڭنىڭ مۇھارىبىيە ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان. مۇۋەپپەق خان مۇپەتتىش قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، جاڭ ياۋنى ليۇ جىڭتاڭغا ياندىش قىلىپ بەلگىلىدى.

بۇ چاغدا، ليۇ جىڭتاڭ قەشقەردە ئىدى. ئۇ ئوردىنىڭ پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن دەرھال يولغا چىقتى ۋە 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى.

ليۇ جىڭتاڭ ئەسلى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭشياڭ دېگەن يېرىدىن بولۇپ، تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى بىلەن نيەنجۈن قوزغىلاڭچىلىرىنى

① «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. نامىلەر» 24 ـ جىلد. 66 ـ بەت.

باستۇرغان، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيالاردىكى تۇڭگانىيلارنى قىرغان ليۇ سۇڭسەن دېگەن سانغۇننىڭ جىيەنى ئىدى. مەزكۇر ليۇ سۇڭسەن خاننىڭ شەنشى ئۆلكىسىگە ئەۋەتكەن شىمالىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ باش بوغى بولۇپ، ۋەزىر زېڭ گوفەننىڭ قول ئاستىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنىدى. تۇڭجىنىڭ 9 ـ يىلى① 2 ـ ئايدا، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ماچەي دېگەن يېرىدە، قوزغىلاڭچى تۇڭگانىيلار بىلەن سۇلھ ئۆتكۈزگەندە، ئۇ تۇڭگانىيلارنى ھاقارەتلىگەنلىكى ئۈچۈن، غەزەپلەنگەن تۇڭگانىيلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ليۇ جىڭتاڭ تاغىسىنىڭ بارگاھىدا ئىشلەپ سۇڭىكى قاتقان. كۆپ قېتىم تۇڭگانىيلارنى قىرىشقا قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەمەلى تەدرىجىي ئۆرلەپ بارغانىدى.

خان ليۇ جىڭتاڭنىڭ بۇ تۆھپە ـ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇنى ئۈچىنچى دەرىجىلىك جەركە ـ ئۇنىۋان بىلەن تارتۇقلىغانىدى. ئۇ كېيىنكى چاغلاردا زوزۇڭتاڭنىڭ قول ئاستىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يارامىلىق قولچومىقى بولۇپ قالدى. . .

1876 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ليۇ جىڭتاڭ زوزۇڭتاڭ تەرىپىدىن خاننىڭ قاش قۇۋۇقتىن چىققۇچى قوشۇنلىرىنىڭ تۇرشاۋۇل سانغۇنى، باش بوغى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، جىيايۇگۇەندىكى ھېلىقى تاش ئابىدە ئالدىدا زوزۇڭتاڭ بىلەن خوشلاشقاندىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەنىدى.

ليۇ جىڭتاڭ قۇمۇلغا كەلگەندىن بۇيان، بەش ـ ئالتە كۈنگىچە زوزۇڭتاڭنىڭ خابگاھىدىن تالا ـ تۈزگە زادى چىقىپ باقمىدى.

قەمەرىيە 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى،② تۈن نىسپى بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، زوزۇڭتاڭنىڭ خابگاھىدا چىراغ ئۆچمىگەنىدى.

---

① مىلادى 1870 ـ يىلى.

② شەمسىيە 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى.

ئىنىم يېجەي[1] ، — دېدى زوزۇڭتاڭ، — سىز ئويلاپ باقتىڭىزمۇ ـ قانداق؟ رۇسلار بىلەن زادى بىر تۇتۇشماي بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. مەن بۇ ئۇرۇشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ قويدۇم. يېڭىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ، چەنلۇڭ دەۋرىدىن تارتىپ بىزگە تەۋە بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ زېمىننى[2] رۇسلارنىڭ قولىدىن زادى قايتۇرۇۋالماي بولمايدۇ. سەلتەنەتىمىز بىلەن رۇسلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ماجرامۇ مانا مۇشۇ ئىشتىن كېلىپ چىققان. رۇسلارنىڭ لياۋخەينى كونسىسيە قىلىپ كېسىپ بەرمەيدىغان بولساڭلار، كورىيىنى تارتىۋالىمىز دېيىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبمۇ مانا مۇشۇنىڭدا. ئىلگىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە غەليان تىنجىماي كەلگەنلىكتىن چەنلۇڭ خان ھەربىي ھەرىكەتلەردە قولىغا كىرگۈزگەن مۇشۇ نەچچە مىڭ چاقىرىملىق جايلارغا قارىيالمىغاندۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرلەر قولدىن كەتتى. بۇ ھەقتە شاھزادە گۇڭدې[3] خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ: ‹خەرىتىگە تەپسىلىي قارىماپتۇق› دەپ ھەسرەت چەككەنىدى. ھالا بۇگۈن رۇسلار بىزگە تەۋە ئەيخۇچۇ دېگەن يەرنى بېسىۋالدى. مۇبادا، بىز شەنخەيگۇەندىن ئەسكەر چىقارغان بولساق، قولدىن كەتكەن ئاشۇ يەرلەرنى تارتىۋالغان، رۇسلارنىڭ بۇ ئەتراپتىكى تايانچى بازىلىرىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىغان بولاتتۇق. ئۇلار يېڭىدىن قۇرغان خۇيجۇن قەلئەسىنى قومۇرۇپ تاشلىغان بولساق، رۇسلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ماكانسىز ئاتلىق كۆچمەنلەرگە ئايلىنىپ، ئاسانلا تارمار بولاتتى![4] ئاڭلىشىمچە، خان ئالىيلىرىنىڭ بۇ قېتىم زو دارېننى ئاستانىگە جىددىي چاقىرتىشىدا، ۋەزىر لى جۇڭتاڭ — لى خۇڭجاڭ دارېن ئالاھىدە كۆچەپتۇدەك. خان مۇپەتتىش، بۇنى ئۇقتىلامىكىن؟ — دەپ سورىدى ليۇ

---

① يېجەي — ليۇ جىڭتاڭنىڭ لەقىمى.

② ئىلىنى دېمەكچى.

③ يېشىن.

④ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ئەسەرلىرى، نامىلەر» ، 24 ـ جىلد، 75 ـ بەت.

جىڭنالڭ ئېھتىيات بىلەن.
— بۇنىڭدىن تولۇق خەۋرىم بار، — دېدى زوزۇڭتالڭ سەل قىزىشىپ، — سەلتەنەتىمىزنىڭ ئىستىقبالىمۇ دەل ئاشۇنداق كاززاپلارنىڭ قولىدا نابۇت بولماقتا. دەسلەپتە مېنىڭ شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىش تەشەببۇسىمغا ھەممىدىن ئاۋۋال ئاشۇ لى خۇڭجاڭ قارشى چىققانىدى. بىزنى تەمىناتتىن قىسقانمۇ شۇ ئىدى. ھالا بۈگۈن بىزنىڭ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانمۇ يەنە شۇ بولۇۋاتىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ زېمىنىمىزنى ئەجنەبىلەرگە سوڭلاپ بېرىۋېتىپ، سەلتەنەتىمىزنى خۇددى ئۈچكە غاجىۋەتكەن شاپتۇلدەك قىلىۋەتمىگۈچە، كۆڭلى زادى ئىمىن تاپمايدىغان ئوخشايدۇ.
— جوڭتالڭ دارىن نېمىشقا مۇنداق قىلىدىكىنا؟
— بۇ ئۇنىڭ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىۋاتقىنى بولماي نېمە؟ — دېدى خاپىچىلىقتا زوزۇڭتالڭ ئۆزىنى بېسىۋالالماي، — بىز غەربىي يۇرتتا نەچچە يىلدىن بۇيان قان كېچىپ جەڭ قىلىپ يۈرگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ شىمالىي دېڭىز ئارمىيىسىنى خۇددى بوۋاق بالىنى پەپىلىگەندەك پەپىلەپ چىقتى. ئەمدى بۈگۈن رۇسلارنىڭ قارا دېڭىز فىلوتى ئۇنىڭ دېڭىز ئارمىيىسگە خىرىس قىلىۋىدى، ئۇ بىزنى غەربىي سەپتىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشكە مەجبۇرلاش ئارقىلىق رۇسلارغا ياخشىچاق بولماقچى بولۇۋاتىدۇ. مۇبادا، راستىنلا دېڭىز سوقۇشى بولۇپ قالسا، ئۇ قۇرغان شىمالىي دېڭىز ئارمىيىسى رۇسلارنىڭ بىر پەشۋاسىغا يارامدۇ؟ مۇبادا، مەن خان ئالىيلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇشەررەپ بولالىسام، كۆڭلۈمدىكى بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا تۆكۈپ، قەلبىمنى ئىزھار قىلىۋالغان بولاتتىم. مۇبادا، خان: «مەن ئەجەپ بىلمەپتىمەن، ئەمدى بىلدىم، ئەئىيانىم ئەمدى ئىزتىراپ بولۇپ يۈرمىگەي، بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى ئۆزىمىز قىلغايمىز» دېسە، مەنمۇ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى خاقانلىقىمىزنى قوغداشقا تىكىپ قويىدۇم؛ مۇبادا، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇشەررەپ بولالمىسام، بۇمۇ مەيلى، ئۆزۈمنىڭ قېرىغىنىمغا باقماي چوڭ ئىشقا بەل باغلاپ ماڭا نېمە

كەپتۇ؟ ئويلىسام، ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسىنى قان كېچىپ ئۆتكۈزۈپتىمەن. ۋادەرىخا، بۇ دۇنيادا ئەمدى تالاشقۇدەك نېمە قالدى؟ ئىستىپا سورايمەن - دە، يۇرتۇمغا كېتىپ، ئۆمرۈمنىڭ ساناقلىق كۈنلىرىنى ئۆز ئۆيۈمدە ئەركىن - ئازادە ئۆتكۈزىمەن![1] . . .

— كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ زو دارېن، بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى ليۇ جىڭتاڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى زوزۇڭتاڭ ئېغىر بىر تىنىپ قويغاندىن كېيىن، — قەدىمكىلەر: «بۇ دۇنيانىڭ راھىتى چاقماقنىڭ روشەنلىكىدەك قىسقا؛ مېھنىتى بولسا بۇلۇتنىڭ قاراڭغۇلىقىدەك ئۇزۇن» دەپتىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ نېمىتىگە شاد، ئەلىمىگە خاپا بولغىچىلىكى يوق. ئۆرە تۇرغانىكەنسەن. مەڭگۈ يىقىلىپ چۈشمەيمەن دېيەلەمسەن؟ ياتقان ئادەملا مەڭگۈ يىقىلمايدۇ. قەدىمكى زاماندا، بىر مۇنەججىم ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا بېقىۋېتىپ، يەردىكى ئورەكنى كۆرمەي يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر چالا موللا:

— مۇنەججىم، سىلى ئادەتتە دۇنيانىڭ سىرىنى بىلىپ بولدۇم، دەيتتىلاغۇ؟ مانا ئەمدى ئالدىلىرىدىكى ئورەكنى كۆرمەي يىقىلىپ چۈشكەنلىرى نېمىسى؟ — دەپ ئۇنى گەپتە چېقىۋاپتۇ.

— ھەي نادان، بىلەمسەن؟ — دەپتۇ ھېلىقى مۇنەججىم، — ئۆرە تۇرغان ئادەمگىلا ئورەككە يىقىلىپ چۈشۈش نېسىپ بولىدۇ. ساڭا ئوخشاش نادان، بىلىمسىزلەرگە بۇ ھەرگىزمۇ نېسىپ بولمايدۇ. چۈنكى، نادان كىشى ئورەككە چۈشۈپ كەتسە، قانداق چىقىپ كېتىشنى بىلمەيدىغان گەندە قۇرتىغا ئوخشايدۇ. شۇنداق ئىكەن، سەن يىقىلغانىنىڭ لەززىتىنى قانداق بىلگەيسەن؟

دېمەك، شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار جاھاننىڭ ئىشلىرىنى

---

[1] «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. نامىلەر» . 24 - جىلد، 67 - بەت.

چۈشەنمەيدۇ ـ يۇ، ئەمما، «ئۆزۈن ـ قىسقا»، «پەلەن ـ پەشمەت» دەپ باھا بېرىشكە ئۇستا. ئۇلار ئازراق ئىش قىلىپ قويسا، خۇددى «ئاينى چىپىپ ئېرىق ئالغان، مۈزنى چېقىپ بېلىق تۇتقان» دەك كۆرەڭلەپ، جاھانغا پاتماي كېتىشىدۇ. ئۇنداق ئادەملەر: «باشقىلارغا گۇناھ ئارتقاندا، ئۇلارنىڭ تېرىسىنى شۇلۇۋالمىغۇچە بولدى قىلىشمايدۇ؛ شەپقەت قىلغاندا بولسا، ئۆزىنىڭ ئىشتانىسىز قالغىنىغا قارىماستىن، يېڭى كىيىم تىكىپ بېرىشىدۇ!

— يېجەي ئىنىم! — دېدى ئۇ سەل تىنىۋېلىپ، — شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇن، جاھاننىڭ ئىشلىرى شۇنداقكى: ئەنسىزلىكتىن ئاسايىشلىققا يۈزلىنىدۇ، ئاسايىشلىقتىن ئەنسىزلىككە يۈزلىنىدۇ. بۇ تارىخ مەڭگۈ دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ. «جاھاننىڭ ئەنسىز بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب — ئەمەلدارلارنىڭ ساپاسىز بولغانلىقىدا. ساپاسىزلار جاھاننى قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، ئەھلى پازىللار باش كۆتۈرەلمەيۋاتىدۇ. چۈنكى، ساپاسىزلار ئىستېداتلىقلارنى كۆرەلمەيدۇ ـ دە! جاھاننى تۈزەش ئۈچۈن، قابىلىيەتلىك، ئىستېداتلىق ئادەملەرنى ئىشقا قويۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، جاھاندىكىلەرنىڭ قەلبىنى مايىل قىلغىلى بولىدۇ. سەلتەنەتىمىزدە ئادەملەرنى ئاقارتىشقا سەل قارالغانلىقتىن، قالايمىقانچىلىق ئۆكسىمەي كەلدى!»[1] شۇڭا، ئادەملەرنى ئىشلەتكەندە، بۇ ئىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلۇرسىز!

— چۈشەندىم. دارىن! مۇھارىبىيە ئىشلىرىدا قايسى تەرەپلەرگە دىققەت قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئاگاھلاندۇرغان بولسىڭىز! — دېدى لىيۇ جىڭتاڭ ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇپ.

— ئەمدى مۇھارىبىيە ئىشلىرىغا كەلسەك، قول ئاستىڭىزدىكى سەركەردە ـ سەردارلارغا قوشۇننى ياخشى يېتەكلەش ھەققىدە تەلەپ

---

[1] «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. خەت ـ چەكلەر»، 3 ـ جىلد، 37 ـ بەت.

قويۇشنى ئۇنۇتمىغايسىز. ياخشى قوشۇننىڭ ئۆلچىمى نېمە؟ مېنىڭچە، «داۋاملىق ئالغا ئىنتىلىدىغان بولۇش، ۋاپادار، رەھىمدىل، ئاق كۆڭۈل، ساداقەتمەن بولۇش، ھەرۋاقىت، ھەرجايدا قائىدە ـ يوسۇن، دىيانەت ـ ئەخلاقنى تەكىتلەيدىغان بولۇش. شۇنداق بولغاندىلا كۆڭۈل يورۇق بولىدۇ ـ دە، ئىشتا سەۋەنلىك ئاز سادىر بولىدۇ. سانغۇنلار ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى مىڭبېشى، يۈزبېشى، ياساۋۇل، نۆكەرلەرگە شۇنداق تەلەپ قويۇشى، مىڭبېشى، يۈزبېشى، ياساۋۇل، نۆكەرلەرمۇ چېرىكلەرگە شۇنداق تەلەپ قويۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا قوشۇندىكىلەرنى ئىرادىلىك، غەيرەتلىك، شجائەتلىك، قورقماس قىلىپ تەربىيىلەپ چىققىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلالىسىڭىزلا، خاننىڭ تۇز ھەققىنى ئاقلىغان بولىسىز!»①

زوزۇڭتاڭ ئۆزىمۇ ئۆزى ئېيتقاندەك، خان ئۇچۇن قولچۇماق بولىدىغان ئىنتىزاملىق، جەڭگىۋارلىققا ئىگە بىر قوشۇن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش يولىدا ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئەجىر سەرپ قىلمىغان. «خاننىڭ تۇز ھەققىنى ئاقلاش» ئۇنىڭ «ياخشى قوشۇن» تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشىدىكى ئاخىرقى نىشانى ئىدى.

زوزۇڭتاڭنىڭ يۈرىكىنىڭ قات ـ قېتىدىن چىقىۋاتقان بۇ پىغان ـ نادامەتلىرىنى ئاڭلاپ، ليۇ جىڭتاڭنىڭ قەلبىمۇ قاتتىق ئازابلاندى. . .

ئەتىسى ئەتىگەندە، زوزۇڭتاڭ خوشلىشىپ، جيايۈگۈەن تەرەپكە قاراپ ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆت ياللۇغى كېسىلى تېخى سەللىمازا بولۇپ كەتمىگەنىدى. ليۇ جىڭتاڭ ئۇنى ئىككى ـ ئۈچ مەنزىل ئۇزىتىپ بىللە كەلدى. ئاخىر

① «مەرپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. تەستىقلار»، 7 ـ جىلد، 7 ـ بەت.

ئۆلار بىر ـ بىرىگە قىيىشمىغان ھالدا ئايرىلىشتى[1] . . .

1881 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئاستانىگە قاراپ يولغا چىقىپ، 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى ۋە خارجى ئىشلىرى يامۇلىنىڭ ۋەزىرى بولۇپ، قوشۇمچە لەشكىرىي پىرقىنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولدى. كېيىن يەنە سۇ ئىنشائاتلىرى تەمىراتىغا مەسئۇل بولدى. 1884 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى. خاقانلىق فرانسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغاندا، زوزۇڭتاڭ ئوردا تەرىپىدىن فۇجيەندىكى مۇھارىبىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل خان مۇپەتتىش بولۇپ تەيىنلەندى. 1885 ـ يىلى ئۇنىڭ ئۆت كېسىلى يامانلىشىپ، 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جياڭنىڭدا يەتمىش ئۈچ يېشىدا ئۆلدى.

× ×

مۇۋەققەت خان مۇپەتتىش، شىنجاڭنىڭ مۇھارىبىيە ئىشلىرىنىڭ باش نازارەتچىسى ليۇ جىڭتاڭ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدى:

شىنجاڭ بىلەن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مۇناسىۋىتى چىش بىلەن كالپۇكنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، لەشكەرلەرنىڭ مائاش ـ تەمىناتى، لەشكەر تولۇقلاش، لەشكەر يۆتكەش، يېڭىدىن يەر ئېچىپ، شەھەر ئەھيا قىلىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئىچكىرىسىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، شەنشى، گەنسۇ زۇڭدۇسىغا بىۋاسىتە قارايدىغان شىنجاڭ ئۆلكىسىنى قۇرۇپ، ئۆلكىگە ئۇگۇتچى ئامبال تەيىنلەش لازىم؛

---

① زوزۇڭتاڭ مىلادى 1880 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قومۇلدىن يولغا چىقىپ، 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى لەنجۇغا يېتىپ كەلدى.

ئۇگۇتچى ئامبالنىڭ قول ئاستىدا تۆت ۋىلايەت تەسىس قىلىش، ۋىلايەت ئاستىدا يەنە مەھكىمە، نازارەت، ئايماق ۋە ناھىيە تەسىس قىلىش كېرەك؛ ئىلى جياڭجۈنى ئۆز ۋەزىپىسىنى ساقلاپ قالسا بولىدۇ. ئەمما، ئىلى جياڭجۈنى پەقەت ئىلى — تارباغاتايلارنىڭلا چېگرا مۇداپىئە ئىشىغا مەسئۇل بولىدۇ. يەرلىكنىڭ ئىشىغا قول تىقسا بولمايدۇ ۋەھاكازالار.

1882 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، خان ليۇ جىڭتاڭنىڭ بۇ تەساۋۋۇرىنى قوبۇل كۆرۈپ رەسمى تەستىقلىدى. 1883 ـ يىلىدىن باشلاپ، ليۇ جىڭتاڭ خاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، مەھكىمە، نازارەت، ئايماق ۋە ناھىيىلەرنىڭ ئەمەلدار ـ مەنسەپدارلىرىنى خىزمەتكە تەيىنلەشكە باشلىدى.

مىلادى 1884 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، مانجۇ خانى يارلىق چۈشۈرۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنى قۇرۇشنى رەسمىي تەستىقلىدى ھەمدە گەنسۇ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئۇگۇتچى ئامباللىقىغا ۋە پەرمانبەردارلىقىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىردىن ئادەم تەيىنلەپ، ئەسلىدىكى يەكەن خان ئامبىلى ۋە باشقا مەسلىھەتچى ئامبال، خان ئامباللارنى ۋە شۇنىڭدەك ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ھاكىمبەگ، بەگلەرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى ۋىلايەت، مەھكىمە، نازارەت، ئايماق ۋە ناھىيە تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى:

گەنسۇ، شىنجاڭ ئۇگۇتچى — شىنجاڭ ئۇگۇتچى ئامبىلى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇگۇتچى ئامبال — خاننىڭ شىنجاڭدىكى ئەڭ ئالىي ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارى ھېسابلىناتتى. ئۇ ھەم لەشكىرىي پىرقىنىڭ يانداش ئامبىلى، باش تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئوڭ قول چۆبدارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ قوشۇمچە ئۆتەيتتى. ئۇگۇتچى ئامبال شىنجاڭنىڭ ھەربىي،

مەمۇرىي، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە مەسئۇل ئىدى.

ئۈگۈنچى ئامبال يۇقىرىدا خاقان ئوردىسى بىلەن شەنشى، گەنسۇ زۇڭدۇسىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلسا، تۆۋەندە ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى دوتەي، ئامبال، نازىر، زوراغا ۋە ھاكىملارنى ۋە شۇنىڭدەك شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق مانجۇ - خەنزۇ چېرىكلىرىنى باشقۇراتتى. ئۈگۈتچى ئامبال يامۇلى ئۆلكە مەركىزى — دىخۇا[1] دا ئىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى شىمالدا ئىلىدا، جەنۇبتا يەكەندە بولۇشتىن قېلىپ، ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، مانجۇ خانىنىڭ يارلىقى بويىچە، ليۇ جىنتاڭ شىنجاڭنىڭ مۇھارىبىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل خان - مۇپەتتىش ۋە گەنسۇ، شىنجاڭ ئۆلكىلىرىنىڭ ئۈگۈتچىسى قىلىپ تەيىنلەندى. بۇ چاغدا ئۇ قىرىق ياشقا كىرگەنىدى.

ۋېي گۇاڭتاۋ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پەرمانبەردار[2] لىقىغا تەيىنلەندى.

مىلادى 1885 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ليۇ جىنتاڭ قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، ئۈگۈتچى ئامبال يامۇلىغا[3] كىرىپ ئورۇنلىشىپ، رەسمىي ئىش باشلىدى.

شىنجاڭ ئۈگۈتچى ئامبىلىنىڭ قول ئاستىدا بىر نەپەر پەرمانبەردار،

---

① دىخۇا — مانجۇلار شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردىكى ئۈرۈمچىنىڭ نامى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بۇ نام، كەمسىتىش خاراكتېرىنى ئالغان دەپ قاراپ تارىختىكى ئەسلى ئاتىلىشى — ئۈرۈمچىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

② پەرمانبەردار — ئۆلكىنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار، ھازىرقى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرىغا تەڭ.

③ شىنجاڭ ئۈگۈتچى ئامبال يامۇلى — ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئورنىدا ئىدى.

بىر نەپەر مۇپەتتىش خەلپەتبېگى[1] ، بىر نەپەر تەپتىش بەگ[2] ، بىر پاششاببېگى[3] ئىشلەيتتى.

ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە دوتەي، مەھكىمىلەرگە ئامبال، نازارەتلەرگە نازىر ياكى دادخاھ، ئايماقلارغا زوراغا، ناھىيىلەرگە بولسا ھاكىم قويۇلغانىدى. شۇ چاغدا شىنجاڭ بويىچە تۆت ۋىلايەت، ئالتە مەھكىمە، توققۇز نازارەت، ئۈچ ئايماق، 23 ناھىيە (تارماق ناھىيىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەسىس قىلىنغانىدى.

ئۈرۈمچى ۋىلايىتى — مەركىزى ئۈرۈمچىدە بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئەدلىيە - جازا ۋە جام - رابات، پوچتا - ئالاقە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى؛ ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ قارمىقىدا يەنە دىخۇا مەھكىمىسى بار ئىدى. دىخۇا مەھكىمىسىگە تۇرپان، قۇمۇل، جىنشى[4] ، گېرقارائۇسۇ[5] قاتارلىق تۆت نازارەت قارايتتى. بۇ نازارەتلەرنىڭ ئاستىدا يەنە دىخۇا ناھىيىسى، سانجى ناھىيىسى، قۇتۇبى ناھىيىسى، سۇيلەي ناھىيىسى[6] ، فۇكاڭ ناھىيىسى. فۇيۈەن ناھىيىسى[7] ، گۇچۇڭ ناھىيىسى، پىچان ناھىيىسى بولۇپ سەككىز ناھىيە بار ئىدى.

ئىلى - تارباغاتاي ۋىلايىتى — مەركىزى نىڭيۈەن[8] كۈرەسىدە بولۇپ، سۇۋاستىنە ئىلى جياڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇناتتى. ۋىلايەت

---

(1) ماڭارىپقا مەسئۇل ئەمەلدار. ھازىرقى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرىغا تەڭ.

(2) ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەپتىش قىلىشقا مەسئۇل ئەمەلدار. ھازىرقى رېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نازىرىغا تەڭ.

(3) ئۆلكىنىڭ ئامانلىق - ساقچى ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار. ھازىرقى ج خ نازارىتىنىڭ نازىرىغا تەڭ.

(4) ھازىرقى بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى.

(5) ھازىرقى شىخو شەھرى.

(6) ھازىرقى ماناس ناھىيىسى.

(7) ھازىرقى جىمسار ناھىيىسى.

(8) ھازىرقى غۇلجا شەھرى.

ئاستىدا بىر مەھكىمە — ئىلى مەھكىمىسى بار ئىدى. مەھكىمە ئاستىدا ئىككى نازارەت — جىڭ نازارىتى بىلەن تارباغاتاي نازارىتى بار ئىدى. بۇ نازارەتلەرگە سۈيدۈڭ، نىڭيۈەن ناھىيىلىرى قارايتتى.

ئاقسۇ ۋىلايىتى — مەركىزى ۋېنسۇ[1] دا بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ ئاستىدا ئىككى مەھكىمە — قاراشەھەر[2] مەھكىمىسى بىلەن ۋېنسۇ مەھكىمىسى بار ئىدى. مەھكىمىنىڭ ئاستىدا بىر نازارەت — ئۇچتۇرپان نازارىتى بار ئىدى. بىر بىۋاستە قاراشلىق ئايماق — كۇچا ئايمىقى بار ئىدى. شىڭخا ناھىيىسى[3] ، كەلپىن ناھىيىسى، باي ناھىيىسى، شەھرىيار ناھىيىسى[4] ، بۇگۇر ناھىيىسى، شىنپىڭ ناھىيىسى چاقىلىق ناھىيىسى قاتارلىق يەتتە ناھىيە بار ئىدى.

قەشقەر ۋىلايىتى — مەركىزى كونىشەھەردە[5] بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا، ئىككى مەھكىمە — يېڭىشەھەر مەھكىمىسى بىلەن يەكەن مەھكىمىسى ۋە ئىككى نازارەت — يېڭى ھىسار[6] نازارىتى بىلەن پۇلى[7] نازارىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاستىدا ئىككى ئايماق — بارچۇق[8] ئايمىقى بىلەن خوتەن ئايمىقى بار ئىدى. كونىشەھەر ناھىيىسى[9] پەيزاۋات ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسى، گوما ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى، كىرىيە

---

① ھازىرقى ئاقسۇ شەھرى.
② ھازىرقى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى.
③ ھازىرقى شايار ناھىيىسى.
④ ھازىرقى لوپنۇر ناھىيىسى.
⑤ ھازىرقى قەشقەر شەھرى.
⑥ ھازىرقى يېڭىسار ناھىيىسى.
⑦ ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى.
⑧ ھازىرقى مارالبېشى ناھىيىسى.
⑨ ھازىرقى توققۇزاق.

ناھىيىسى قاتارلىق ئالتە ناھىيە بار ئىدى.

ئۈگۈتچى ئامبالنىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلاردىن:

قۇۋۇقتىن چىققان خەنزۇ قوشۇنلىرىدا باش بۇغ[1] ، ئوكۇرداي[2] ، ياندااش سانغۇن[3] ، مەسلىھەتچى سانغۇن[4] ، كىچىك سانغۇن[5] ، ياساۋۇل بېگى[6] ، باقاۋۇل[7] ، لاۋازبېگى[8] ، ياندااش ياساۋۇلبېگى[9] ، كىچىك ياساۋۇلبېگى[10] قاتارلىق ئوفىتسېرلار بار ئىدى: ھەربىر خەنزۇ قوشۇندا بىر نەپەر مەسلىھەتچى سانغۇن، بىر نەپەر كىچىك سانغۇن، بىر نەپەر ياساۋۇلبېگى، بەش نەپەر باقاۋۇل، ئون نەپەر لاۋازىمبېگى، ئون توققۇز نەپەر ياندااش ياساۋۇلبېگى، يىگىرمە توققۇز نەپەر كىچىك ياساۋۇلبېگى، تۆت نەپەر نەسەبىي چەۋەنداز نۆۋكەر، بىر نەپەر كاندىدات چەۋەنداز نۆۋكەر، بىر چەۋەنداز ياساۋۇل، بىر مىڭ بەش يۈز ئاتلىق چېرىك، 1500 نەپەر پىيادە چېرىك بار بولۇپ، جەمئىي 102 نەپەر ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېر، 3000 نەپەر چېرىك بولاتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرى ئۈچ ئويرۇت قوشى، تۆۋەن ئۈچ ئويرۇت قوشى، جۇڭغار ئويرۇتلىرىنىڭ تۆۋەن بەش قوشى قاتارلىق مۇڭغۇل قوشلىرى ۋە مانجۇ، سولۇن، چاخار، شىبە قوشلىرى بار ئىدى.

ھەربىر يۇقىرى ئويرۇت قوشىدا بىر نەپەر ئوكۇرداي، ئىككى نەپەر ياندااش ئوكۇرداي، ئون ئالتە نەپەر سۇمۇن زەڭگى، ئون نەپەر شىرمەت

---

[1] ھازىرقى بىرگادا كوماندىرىغا تەڭ.
[2] ھازىرقى بىرگادا شتاب كوماندىرىغا تەڭ.
[3] ھازىرقى مۇئاۋىن بىرگادا كوماندىرىغا تەڭ.
[4] ھازىرقى مۇئاۋىن بىرگادا كوماندىرىغا تەڭ.
[5] ھازىرقى ئالىي دەرىجىلىك شتاب ئوفىتسېرىغا تەڭ.
[6] ھازىرقى پولك كوماندىرىغا تەڭ.
[7] ھازىرقى گارنىزۇن كوماندىرىغا تەڭ.
[8] ھازىرقى پولك شتاب كوماندىرىغا تەڭ.
[9] ھازىرقى باتالىيون كوماندىرىغا تەڭ.
[10] ھازىرقى ئوتتۇرا دەرىجىلىك شتاب كوماندىرىغا تەڭ.

چەۋەنداز نوۋكەر، بىر نەپەر نەسەبىي چەۋەنداز نوۋكەر، بىر نەپەر نەسەبىي چەۋەنداز ياساۋۇل. ئون ئالتە نەپەر ينداش ياساۋۇل، ئالتە نەپەر قۇبىسىز كوك ياقىلىق ئوفىتسىر. قىرىق سەككىز نەپەر سۇيلەكچى، 16 نەپەر قىزىل قۇبىلىق سۇيلەكچى، 1714 نەپەر قارا چېرىك بولۇپ، جەمئىي 38 نەپەر ھەردەرىجىلىك ئوفىتسىر، 1800 نەپەر چېرىك بولاتتى.

ھەربىر توۋەن ئويرۇت قوشىدا: بىر نەپەر ئوكۇرداي، بىر نەپەر ياندىاش ئوكۇرداي، ئالتە نەپەر سۇمۇن زەڭگى، ئالتە نەپەر شىرمەت چەۋەنداز نوۋكەر، بىر نەپەر كاندىدات سۇمۇن زەڭگى، بىر نەپەر بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجى، ئىككى نەپەر توتىنچى دەرىجىلىك تەيجى، ئالتە نەپەر ياندىاش ياساۋۇل، ئۇچ نەپەر قوبىسىز كوك ياقىلىق ئوفىتسىر، ئون سەككىز نەپەر باش سۇيلەكچى، ئالتە نەپەر قۇبىسىز ياندىاش سۇيلەكچى، ئېيىغا بىر سەر كۇمۇش مائاش ئالىدىغان قۇياقلىق چېرىكتىن توت تۇز ئاتمىش يەتتىسى، ئېيىغا بەش مىسقال كۇمۇش مائاش ئالىدىغان قۇياقلىق چېرىكتىن ئالتە يۇز ئاتمىش بەشى بار ئىدى؛

ھەر بىر جۇڭغار ئويرۇت توۋەن قوشىدا: بىر نەپەر ئوكۇرداي، ئىككى نەپەر ياندىاش ئوكۇرداي، ئون نەپەر سۇمۇن زەڭگى، ئون نەپەر شىرمەت چەۋەنداز نوۋكەر، بىر نەپەر نەسەبىي چەۋەنداز نوكەر، بىر نەپەر نەسەبىي چەۋەنداز ياساۋۇل، ئۇچ نەپەر قۇبىسىز كوك ياقىلىق ئوفىتسىر، ئون نەپەر سۇيلەكچى، ئون نەپەر قۇبىسىز باش سۇيلەكچى، ئېيىغا بىر سەر كۇمۇش مائاش ئالىدىغان قۇياقلىق چېرىكتىن توت يۇز سەكسەن يەتتە، ئېيىغا بەش مىسقال كۇمۇش مائاش ئالىدىغان قۇياقلىق چېرىكتىن 1077 سى بار ئىدى.

ھەربىر مانجۇ قوشىدا: ئادەتتە سەككىز ياندىاش سانغۇن، قىرىق نەپەر سۇمۇن زەڭگى، قىرىق نەپەر باقاۋۇل، قىرىق نەپەر شىرمەت چەۋەنداز نوكەر، ئىككى نەپەر نەسەبىي شىرمەت چەۋەنداز ياساۋۇل، توققۇز نەپەر كاندىدات چەۋەنداز ياساۋۇل، ئىككى نەپەر كاندىدات سۇمۇن زەڭگى، ئىككى نەپەر كاندات باقاۋۇل، ئىككى نەپەر نەسەبىي چەۋەنداز ياساۋۇل، قىرىق نەپەر تۇرشاۋۇل ياساۋۇل، قىرىق نەپەر باش سۇيلەكچى، بىر يۇز يىگىرمە

نەپەر يانداش سۆيلەكچى، قىرىق سەككىز نەپەر تۈغچى، ئىككىيۈز ئوتتۇز ئىككى نەپەر ھۆجۈمچى، ئىككى يۈز نەپەر كاندىدات ھۆجۈمچى، ئىككى مىڭ ئالتە يۈز نەپەر چېرىك، تۆت يۈز نەپەر قۇياقلىق ئوقچى، ئالتە يۈز نەپەر پىيادە قۇياقلىق چېرىك، قىرىق نەپەر توپچى، سەكسەن نەپەر داقاقچى، ئىككى يۈز قىرىق نەپەر شەپقەتچى چېرىك بولاتتى. جەمئىي بىر يۈز ئاتمىش ئىككى نەپەر ئوفېتسىر، تۆت مىڭ ئالتىيۈز قىرىق نەپەر چېرىك، ئېيىغا بىر سەر كۈمۈش مائاش ئالىدىغان بىر يۈز ئاتمىش نەپەر بىكارچى، يىگىرمە ئىككى مىڭ جان ئائىلە - تاۋابىئات بولاتتى.

ھەربىر شىبە قوشىدا ئادەتتە بىر نەپەر ئوكۇرداي، بىر نەپەر يانداش ئوكۇرداي، سەككىز نەپەر سۇمۇن زەڭگى، تۆت نەپەر باقاۋۇل، سەككىز نەپەر شىرمەت چەۋەنداز نۆۋكەر، تۆت نەپەر نەسەبىي چەۋەنداز ياساۋۇل، بىر نەپەر كاندىدات سۇمۇن زەڭگى، سەككىز نەپەر خادىم، ئالتە نەپەر قۇبىيسىز كۆك ياقىلىق ئوفىستېر، تۆت نەپەر تۇرشاۋۇل نۆۋكەر، ئوتتۇز ئالتە نەپەر تۇرشاۋۇل، يىگىرمە تۆت نەپەر سۆيلەكچى، سەككىز نەپەر قۇبىيسىز سۆيلەكچى، قىرىق سەككىز نەپەر ياردەمچى سۆيلەكچى، بىر مىڭ ئىككى يۈز ئون تۆت نەپەر چېرىك بولۇپ، جەمئىي يىگىرمە ئالتە نەپەر ھەردەرىجىلىك ئوفىتسېر، بىر مىڭ ئۈچ يۈز نەپەر چېرىك، ئون سەككىز مىڭ جان ئائىلە - تاۋابىئات بولاتتى.

ھەربىر سولۇن قوشىدا ئادەتتە بىر نەپەر ئوكۇرداي، بىر نەپەر يانداش ئوكۇرداي، سەككىز نەپەر سۇمۇن زەڭگى، تۆت نەپەر باقاۋۇل، سەككىز نەپەر شىرمەت چەۋەنداز نەۋكەر، تۆت نەپەر نەسەبىي چەۋەنداز ياساۋۇل، بىر نەپەر كاندىدات سۇمۇن زەڭگى، بىر نەپەر كاندىدات نەسەبىي چەۋەنداز ياساۋۇل، سەككىز نەپەر خادىم، توققۇز نەپەر قۇبىيسىز كۆك ياقىلىق ئوفىتسېر، تۆت نەپەر تۇرشاۋۇل نۆۋكەر، ئوتتۇز ئالتە نەپەر تۇرشاۋۇل، ئون ئالتە نەپەر كاندىدات تۇرشاۋۇل، يىگىرمە تۆت نەپەر باش سۆيلەكچى،

سەككىز نەپەر قوبىيسىز كاندىدات سۆيلەكچى، بىر مىڭ ئوتتۇز بەش نەپەر قارا چېرىك، ئىككى يۈز نەپەر شەپقەتچى چېرىك بولۇپ، جەمئىي يىگىرمە يەتتە نەپەر ھەردەرىجىلىك ئوفىتسېر، 1340 نەپەر چېرىك بولاتتى[1].

چاخار[2] قوشىدىكى ھەربىيلەرنىڭ سانى ئاساسەن يۇقىرىقىلارغا ئوخشىشىپ كېتەتتى.

ئىلىدا تۇرۇشلۇق يېشىل تۇغلۇق قوشۇن ئىلى جياڭجۇنىگە بىۋاستە قاراشلىق بولغاندىن سىرت يەنە، ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى مانجۇ، شىبە، سولۇن، چاخار، ئويرۇت قوشلىرىمۇ ئۇنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىغا بويسۇناتتى ۋە مۇشۇ ئەتراپتىكى موڭغۇل، قازاق، قىرغىز ئۇلۇسلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە يېقىندىن كۆز - قۇلاق بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقانىدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇگۇتچى ئامبال مەھكىمىسى بىلەن ئىلى جياڭجۇنى مەھكىمىسى بىر - بىرىگە بويسۇنماي، پات - پاتلا ھوقۇق تالىشىپ ماجىرالىشىپ قالاتتى. بۇ ئىش تاكى مىلادى 1914 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىلى چېگرا باسقاقبېگى مەھكىمىسى چېگرا باقاۋۇلبېگى مەھكىمىسى بولۇپ ئۆزگەرتىلىپ، ئىلى رايونى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن تەلتۆكۈس ھەل بولدى. مىلادى 1916 - يىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى دوتەي بولۇپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنلا، تارباغاتاي رايونىمۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتە باشقۇرۇشىغا تولۇق بويسۇندىغان بولدى. بۇ كېيىنكى چاغلاردىكى گەپ ئىدى، ئەلۋەتتە.

---

① سولۇن قوشىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ھەققىدە سان ئېنىق ئەمەس.

② چاخار قوشىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس.

مىلادى 1820 ـ يىلىلا مانجۇ خاقانلىقىدىن چىققان گۇڭ زىجىن[1] دەيدىغان بىر ئەرباب ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرتتا ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھەققىدە تەكلىپ» دېگەن ماقالىسىدىلا شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇپ، ۋىلايەت ـ ناھىيە تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئەمما، خان ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىگە قۇلاق سالمىغانىدى.

مىلادى 1864 ـ يىلى، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلار مانجۇ خاقانىغا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەسلىدىن يۈرگۈزۈلۈپ كېلىنىۋاتقان خان ئامبال، ھاكىمبەگ ۋە ۋاڭ ـ گۇڭ، بەگ ـ جاساقە تۈزۈمى بويىچە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرغاندا، تۆھپىسىدىن مېھنىتى كۆپ بولىدىغانلىقىنى تونۇتقۇزدى. چۈنكى، خاننىڭ سەلتەنەتى كۆپەيگەندە، بۇ خان ئامبال، ھاكىمبەگ ۋە ۋاڭ ـ گۇڭ، بەگ ـ جاساقلار خاننىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، پۇقرالارنى قاڭشىتىشاتتى. بۇ ھەقتە گەنسۇ تايىپىلەر مەھكىمىسىگە ئامبال بولغان جاڭ جىشىڭ مۇنداق دەپ ئەينەن يازغانىدى: «بۇ قېتىم مۇسۇلمانلار يۇرتىدا يۈز بەرگەن غەلىيانلارغا خان ـ ئامباللارنىڭ زۇلۇم ـ شەملىرى سەۋەبچى بولدى. ھەرقايسى شەھەرلەردىكى خان ـ ئامباللارنىڭ تەگدىن تولىسى سامان قورساق نائىپىي بىرنېمىلەر ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى خالىغانچە ئاياغ ـ ئاستى قىلىشاتتى، يامۇللىرىغا بىر ئەكىرىۋالغىنىچە، ئۇزاققىچە خوتۇن قىلىشىپ قايتۇرۇپ بېرىشمەيتتى ياكى ئالۋان ـ ياساقنى خالىغانچە چېچىپ، پۇقرانى قاڭشىتىشاتتى. ھاكىمبەگلەر بولسا، پارىغا ئۆگىنىۋالغان بولۇپ، نەپسى بىلەكچىلا يوغىناپ كېتىشكەنىدى. خان ـ ئامبال بىر چارەك ئاشلىق ئالۋان ئېلىش كېرەك دېسە، بەگلەر نەچچە يۈز چارەك ئاشلىق ئالۋان چاچاتتى. خان ئامبال بىر

---

[1] گوڭ زىجېن (1792 — 1841) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى مۇتەپەككۇر. جېجياڭ ئۆلكىسىدىن، مانجۇ ئوردىسىنىڭ شىغاۋۇل پىرقىسىدا باش مىرزا بولغان. ئۇ: «ھىدايەت، ئاقارتىش، تۈزىمەك بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئۈچ تەرەپ» دېگەننى تەشەببۇس قىلغان. لىن زېشۈي ئەپيۇننى مەنئىي قىلغاندا، ئۇ ئىنگلىزلار بىلەن قەتئىي مۇرەسسەلەشمەسلىكنى تەشەببۇس قىلغانىدى.

تەڭگىلىك دېيەك سېلىق سېلىش كېرەك دېسە، بەگلەر يۈز تەڭگىلىك دېيەك سېلىق چاچاتتى. شۇڭا، ھەرقايسى يۇرتلاردىكى مۇسۇلمان چەنتۇلار غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، لىۋىنى چىشلەپ، خەپ دەپ يۈرۈشەتتى. ئاستانىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۆز ئەجىر - تۆھپىلىرىگە چۇشلۇقلا مائاش - تەمىنات ئالاتتى. لېكىن بۇ خان ئامباللار ئەمەلىدىن چۈشۈپ يۇرتىغا قايتقاندا بولسا، ھارۋا - ھارۋىلاپ ئالتۇن - كۈمۈش، دۇنيا - دەپىنىلەر بىلەن قايتىشاتتى. . . »①

مۇبادا، خاننىڭ سەلتەنەتى ئاجىزلاشسا، بۇ ھاكىمبەگ، ۋاڭ - گۇڭ، بەگ - جاساقلار تەپرىقچىلىق دۈمبىقىنى چېلىشىپ، ئوردىغا مۇشت كۆتۈرۈپ چىقىشاتتى. ھەتتا، چەت ئەل بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ مانجۇ سەلتەنەتىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇناتتى.

بۇ مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، مىلادى 1872 - يىلى، خان مۇپەتتىش، لەنجۇ سىلىڭىنىڭ زۇڭدۇسى زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنىڭ مۇھارىبىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغاندا، شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىپ، ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پىلانىنى كۆتۈرۈپ چىققانىدى. مىلادى 1877 - يىلىدىن كېيىن، ئۇ خانغا جەمئىي تۆت قېتىم قاتلاق مەكتۇپ سۇنۇپ، شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇپ، خان ئامبال، ھاكىمبەگ ۋە ۋاڭ - گۇڭ، بەگ - جاساق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلۇپ، ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ جايلاردا خان ئامبال ۋە ھاكىمبەگلىك تۈزۈمى بىكار قىلىندى. ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ھاكىمبەگلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى دەرىجىسى بويىچە ھەرقايسى ۋىلايەت، مەھكىمە، نازارەت، ئايماق ۋە ناھىيىلەرنىڭ يامۇللىرىدا مۇناسىپ ئىشقا قويۇلدى. ئۇلارنىڭ مائاش، تەمىناتىمۇ ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىلدى. خىزمەت قىلىشنى خالىمىغانلار ئۆيىگە قايتۇرۇلدى. ھەرقايسى يېزا - قىشلاقلاردا ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئىجرا

---

① «داۋگۇاڭ، شيەنفېڭ خان يىللىرىدا ئەمەلدارلىق سورۇنىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى. 1981 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 228 -، 229 - بەتلەر.

قىلىشقا مەسئۇل شاڭيۇ، باۋجاڭ، جاجاڭ، ئەللىكبېشى، مىرابېشى قاتارلىقلارغىمۇ ئەھۋالغا قاراپ لايىقىدا مائاش ـ تەمىنات بېكىتىپ بېرىلدى.

ۋاڭ ـ گۇڭ، بەگ ـ جاساق، بېلى، بەيسى قاتارلىق سابىق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدىكى ھاكىمىيەت ھوقۇقى تارتىۋېلىندى، ئۇلارنىڭ پەقەت جەركە ـ ئۆتىغانتقىلا ۋارىسلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

تۇرپان ۋاڭى[1] تۇرپاندىكى ئوردىسىدىن لۇكچۇنگە كۆچۈرۈۋېتىلدى ھەمدە ئۇنىڭ ۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىغىلا رۇخسەت قىلىنىپ، ئەسلىدە ئۇنىڭغا قارايدىغان يەر ـ سۇ بىلەن پۇقرالار تۇرپان نازارىتىنىڭ قول ئاستىدىكى پىچان ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

---

① تۇرپان ۋاڭى — مانجۇ خاقانى چەنلۇڭ زامانىسىدا تۇرپاندىكى ئىمىن خوجىغا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا بېرىلگەن نام. مىلادى 1759 ـ يىلى تۇرپانلىق ئىمىن خوجا چوڭ ـ كىچىك خوجىلار يېغىلىقى بىلەن ئۇچتۇرپاندىكى جىگدە يېغىلىقىنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، چەنلۇڭ خان ئۇنىڭغا ۋاڭلىق مەرتىۋىسىنى بەردى. ئىمىن خوجىدىن باشلاپ تاكى 1951 ـ يىلى زەھەر تاشلىغانلىق، چەت ئەلگە قاچماقچى بولغانلىق جىنايىتى ئۈچۈن پىچان ناھىيىلىك خەلق سوتى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئېتىلغان ئاخىرقى ۋاڭ مەھەممەت سايىتقا قەدەر ئۆتكەن ئون ئەۋلاد ۋاڭنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار: ئىمىن خوجا (1759—1777 ـ يىللىرى تەختتە)، سۇلايمان ۋاڭ (1777 — 1798 ـ يىللىرى تەختتە، تۇرپان مۇنارىنى ياساتقان كىشى)، ئىسكەندەر ۋاڭ (1798— 1811 ـ يىللىرى تەختتە)، يۇنۇس ۋاڭ (1811—1814 ـ يىللىرى تەختتە)، فىرىدۇن ۋاڭ (1815 ـ يىلى تەختتە ئولتۇرغان، كېيىنكى يىلى قەشقەرگە ھاكىمبەگلىككە يۆتكەپ كېتىلگەن)، مەھەممەت سايىت ۋاڭ (1816 — 1827 ـ يىللىرى تەختتە)، ئاقلايدۇ ۋاڭ (1827 ـ 1873 ـ يىللىرى تەختتە)، مامۇت خوجا (؟— 1881 ـ يىللىرى تەختتە)، ئىمىن خوجا (؟— 1932 ـ يىللىرى تەختتە)، مەھەممەت سايىت ۋاڭ (1932 — 1951 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان. كېيىن باستۇرۇلغان).

قۇمۇل ۋاڭى[1] تورغات، خۇشۇت مۇڭغۇللىرى جۇڭغارىيىدە

---

[1] قۇمۇل ۋاڭلىرى — 1605 ـ يىلى، نەمەنگانلىق ئىشان شاھمۇھەممەت خوجا قۇمۇلدىكى قارا دۆۋە دېگەن جاينىڭ لاپچۇق كۆۋرۈكىدە مىڭدەك لەشكەر بىلەن جۇڭغارىيە موڭغۇللىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەندىن كېيىن، قۇمۇلغا تارخان بەگ بولدى. مىلادى 1668 ـ يىلى، شاھ مۇھەممەت خوجا ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئوغلى ئەبەيدۇللا خوجا تارخان بەگ بولدى. بۇ چاغدا مانجۇلار تېخى پۈتۈن جۇڭگونى ئۆز ئىشغالىيىتىگە ئېلىپ بولالمىغانىدى. جۇڭغار خانى غالدان سىبىرىن بوشۇكتۇنىڭ زۇلۇمىغا چىدىغۇچىلىكى قالمىغان ئەبەيدۇللا تارخان بەگ مانجۇ خاقانى كاڭشى خانغا نامە يوللاپ، ئۆزىنىڭ مانجۇلارغا بەيئەت قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە مىلادى 1697 ـ يىلى، غالداننىڭ ئوغلى سەمپىل بالجىرنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى مانجۇ خاقانىغا تاپشۇرۇپ بەردى. كاڭشى خان بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن ئەبەيدۇللا تارخان بەگكە «قۇمۇل جاسىقى، 1 ـ دەرىجىلىك تارخان» دەپ رەسمىي جەركە ـ ئۇنۋان بەردى. قۇمۇل ۋاڭلىرى مۇنۇ كىشىلەر بولغان: ئەبەيدۇللا (1668 — 1709 ـ يىللىرى جاساق تارخان بەگ بولغان)، گۇپاق (1709 — 1711 ـ يىللىرى جاساق تارخان بەگ بولغان)، ئىمىن خوجا (1711 — 1740 ـ يىللىرى بەيزى بولغان)، يۇسۇپ خوجا (1740 — 1761 ـ يىللىرى ئىنالچى دەرىجىسىدىكى بېيلى بولغان)، ئىسھاق خوجا (1766 — 1780 ـ يىللىرى ئىنالچى دەرىجىسىدىكى بېيلى بولغان)، ئەردەشىر (1780 — 1813 ـ يىللىرى ئىنالچى دەرىجىسىدىكى بېيلى بولغان)، بېشىرۋاڭ ـ مېھرىبانۇ پۇجۇڭ خېنىم (1813 — 1867 ـ يىللىرى چىڭۋاڭ دەرىجىدىكى ئىنالچى بولغان، بېشىرۋاڭ پالەچ بولغانلىقتىن، مېھرىبانۇ پۇچۇڭ خېنىم مۇۋەققەت چىڭۋاڭ بولغان، كېيىن بېشىر ۋاڭ قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، مېھرىبانۇ رەسمىي چىڭۋاڭ بولغان)، شاھ مەھمۇت (1867 — 1882 ـ يىللىرى چىڭۋاڭ دەرىجىسىدىكى ئىنالچى بولغان)، شاھ مەخسۇت (مېھرىبانۇ پۇجۇڭ خېنىمنىڭ كۈيئوغلى، 1882 — 1930 ـ يىللىرى قوش چىڭۋاڭ دەرىجىسىدىكى ئىنالچى بولغان).

توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، چېرىك ئەۋەتىپ، ئاشلىق يۆتكەپ مانجۇ خاقانىنىڭ جۇڭغار مۇڭغۇللىرىنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇشىغا ياردەم بەرگەنىدى. مانجۇ خاقانى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆز تەۋەلىكى بىلەن ئۆز پۇقرالىرىنى جۇلدۇرجاساق قىلىپ ئوڭچە سوراپ يېيىشىگە بەخشەندە قىلىپ بەرگەنىدى ھەمدە ئۇنىڭ مەرتىۋە - ئۇتىغاتىنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە مىراس قىلىنىشىغا رۇخسەت قىلغان. مىلادى 1930-يىلى 6-ئايدا، ئاخىرقى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭ شاھ مەخسۇت ئۆلگەندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جىن شۇرېن «زېمىننى ئۆزگەرتىپ، ھۆكۈمەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش»نى قارار قىلىپ، نەزەر ۋاڭنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى دېگەن ئاتاقنى بېرىپلا، مىرزا قاماققا ئالدى - دە، ئۇنى ئۈرۈمچىدىن كەتكۈزمەي قويدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ 233 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى شاھ مەخسۇتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۈزۈل كېسىل يوقالدى.

شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، خان تەرىپىدىن شىنجاڭغا تۇنجى ئۇگۇتچى ئامبال قىلىپ تەيىنلەنگەن ليۇ جىڭتاڭدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ۋېي گۇاڭتاۋ، تاۋمۇ، راۋ يىڭچى، ليەن كۇيى قاتارلىق كىشىلەر ئۇگۇتچى ئامبال بولدى.

جىن شۇن، شى لۇن، چاڭ گېڭ، ما لياڭ قاتارلىق كىشىلەر ئىلى جياڭجۇنى بولۇپ تەيىنلەندى.

شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مانجۇ خاقانلىقى شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش نامى بىلەن ئىچكىرىدىن يەر بىلەن ئادەم بىرلەشتۈرۈلگەن باج - سېلىق تۈزۈمىنى ئەينى پېتى كۆچۈرۈپ كەلدى. بۇنداق تۈزۈم پۇقرالارنىڭ زىممىسىدىكى ئېغىر ئالۋان - ياساقلارنى يەڭگىللەشتۈرمەيلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

مانجۇ ھاكىمىيىتى شىنجاڭدا يولغا قويغان باج ـ سېلىقلار-
نىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى: دېھقانچىلىق بېجى، سۇ بېجى،
يەر بېجى، جان بېجى، تۇياق بېجى، تىجارەت بېجى، ئۆي ـ جاي
بېجى، دەللاللىق بېجى، باغۋاران بېجى، كان بېجى، ياغاچ
بېجى، قان بېجى، چاي بېجى، باشقۇرۇش ھەققى ۋەھاكازالار.
تۈرلۈك باج ـ سېلىقلار مانجۇلار شىنجاڭدىن قوغلانماستىن بۇ-
رۇنقى مەزگىلدىكىدىن ئېشىپ كېتىپلا قالماستىن، ھاتتە بەدۆ-
لەت ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكىدىنمۇ كۆپ ئېشىپ كەتتى.
جايلاردىكى دوتەي، ئامبال، ھاكىملارنىڭ خىيانەت قىلغان باج
پۇللىرى يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان باج پۇلىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە
يەتتى! گۇاڭشۈينىڭ 4 ـ يىلى، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە
شىمالىدىكى جايلاردىن جەمئىي ئىككى يۈز ئاتمىش مىڭ توققۇز
يۈز تاغاردىن كۆپرەك غەللە ـ پاراق يىغىۋېلىندى[①]. بۇ يىگىرمە
ئالتە مىليون بىر يۈز توقسان مىڭ جىڭ ئاشلىق ئىدى؛ گۇاڭ-
شۈينىڭ 6 ـ يىلىغا كەلگەندە[②]يۇقىرىلاردىن يىغىۋېلىنىدىغان غەل-
لە ـ پاراق بىردىنلا كۆپىيىپ، ئۈچ يۈز قىرىق يەتتە مىڭ ئىككى
يۈز تاغاردىن ئېشىپ كەتتى[③]. بۇ ئوتتۇز تۆت مىليون يەيۈتتە
يۈز يىگىرمە جىڭغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن مىسلىسىز كۆپ
سان ئىدى: چۈنكى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا يىلىغا ئوتتۇرا
ھېساب بىلەن ئاران 143 مىڭ تاغاردىن كۆپرەكلا غەللە ـ پاراق
يىغىۋېلىناتتى[④].

مانجۇ خاقانلىقى شىنجاڭدا يولغا قويغان بۇنداق زالىم سىيا-

---

① «مەربىيەتلىك، مەدەتكار زوزوڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. نامە-
لەر» 56 ـ جىلد، 21 ـ بەت.

② مىلادى 1880 ـ يىلى.

③ «مەربىيەتپەرۋەر، پىداكار ليۇ جىڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى.
نامىلەر»، 3 ـ جىلد، 21 ـ بەت.

④ «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەپسىراتى»، 31 ـ جىلد، 4 ـ بەت.

سەت نەتىجىسىدە، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى جايلاردا يۇقىرىلار: «يىل بۇيى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ، ئەمگەك قىلىسى-مۇ، يىل ئاخىرىدا ئۇنى چىشلەپ قېلىشتى. شۇڭا، دېھقانلار دائىم دېگۈدەك ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتەتتى. يەرلەر تېرىلماي ئاق تاشلىنىپ قېلى-ۋەرگەچكە، يېڭىۋاشتىن بوز يەرلەرگە ئايلىنىپ كەتتى...[1]»

مانجۇلار ھاكىمىيىتىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىما-لىغا يېڭىۋاشتىن قايتىپ كېلىشى بۇ زېمىندىكى ھەر مىللەت يۇقىرىلىرىغا ئۇلار ۋەدە قىلغان نىجاتلىقنى بېرەلمىدى. زۇلۇم ـ زورلۇق ۋە تالان ـ تاراج تېخىمۇ كۈچەيدى. ھۆكۈمران تېخىمۇ ئورۇقلىدى، ئەمما ياغاچ بويۇنتۇرۇق تۆمۈر بويۇنتۇرۇققا ئالماش-تى. بۇنىڭ بىلەن، قۇللۇققا چۈشكەن، كۈلپەت چەككەن بۇ زېمىن يېڭىدىن ـ يېڭى قارشىلىقلارغا ۋە قوزغىلاڭلارغا ھامىلدار بولدى...

[1] تەن جۇڭلىن: «شەنشى، گەنسۇ توغرىسىدا ئومۇمىي تەدبىر» 319 ـ جىلد، 24 ـ بەت.